مۇھەممەت نىياز ( ماڭلاي ) جەمەتىنىڭ

# ئائىلە تەزكىرىسى





ھۆرمەتلىك ____________ گە:

______________________________

______________________________

______________________________

______________________________

____________ دىن

- يىلى - ئاينىڭ - كۈنى



مۇھەممەت نىياز ( ماڭلاي ) جەمەتىنىڭ

# ئائىلە تەزكىرىسى

# 穆罕穆德·尼亚孜（梦来）家史

























# كىرىش سۆز

بىز ئۇچۇن، ئەڭ مېھرىبان، دانا پىكىرلىك، ئالىي پەزىلەتلىك شائىرانە ئوتلۇق قەلبكە ئىگە، ھۆرمەتلىك دادام مۇھەممەت نىياز (ماڭلاي) نىڭ ۋاپاتىغا 12 يىل،جاپاكەش مېھرىبان، رەھىم ـ شەپقەتلىك سۆيۈملۈك ئانىمىز زەينەپخان توختى (چاڭگىلار) نىڭ ۋاپاتىغا بىر يىل كەم 10 يىل بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولغان بىز بەش ئوغۇل بىر قىز ۋە كېلىن نەۋرىلەرمۇ ئالدىمىز 60 تىن ئېشىپ باللارنىڭ كەنجىسى 50 كە يېقىنلىشىپ قاپتۇ. جەننەت ماكان دادام ۋە ئاپامنىڭ ۋاپاتىنى خاتىرلەۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە بىز ئالدى بىلەن بۇ دۇنياغا بىزنى ئاپىرىدە قىلىپ بەختلىك ھايات ـ رىسقلىرىگە ئېرىشتۈرگەن، ئۇلۇغ ئاللاھقا، ئۇنىڭدىن قالسا جەننەت ماكان مېھرىبان ئاتا ـ ئانىمىزغا يۈز مىڭلاپ رەھمەت شۈكرى ـ سانالار ئېيتىمىز! ئۇلارنى ئەبەدى سېغىنىپ مەڭگۈ ياد ئېتىمىز! ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگەم ئۇلارنىڭ روھىنى جەننەتتە قىلغاي! ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ روھ پەزىلىتى بىزگە غايىۋى مەدەتكار ۋە پاسىبان بولغاي! ئۇلۇغ ئاللاھ ھەممىمىزگە رەھمەت ئاتا قىلسۇن !

دادام ئاپامنىڭ ۋاپاتىنى خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن دادام ھايات ۋاقتىدا يېزىپ قالدۇرغان تەزكىرە خاراكتىرلىك ئەسلىمىسىنى باسمىغا تەييارلىدىم. بۇ يەردە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغىنى: دادامنىڭ يازغان ئەسلىمىسىنى بىز نەشىر قىلىپ بازارغا سالمايدىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇنى ئەسلى پېزىلىشىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي ياكى تەھرىرلىمەي باسمىغا

ئالدۇق، شۇڭا ئۇنىڭدا گىراماتىكىلىق ۋە مەتبەئەتچىلىك تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن تەرەپلىرى بار بولىشى مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىزنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا سادىق بولۇشتەك سەمىمىي مۇددىئايىمىزنى توغرا چۈشۈنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

جەننەت ماكان دادام مۇھەممەت نىيازنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئەسلىمىسى ئازاتلىقتىن ئىلگىرى، ئازاتلىقتىن كېيىن ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى مەزگىللىرىدىكى كەچۈرمىشلىرى بولۇپ، بۇنى ئوقۇش ئارقىلىق بىز شۇ دەۋرلەردىكى سىياسى،ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھالەتلەرنى چۈشۈنىۋالالايمىز. ھەمدە چوڭقۇر تەربىيەۋى ساۋاققا ئىگە بولىمىز. بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانا بولۇشنىڭ قانچىلىك مۇشكۇللىكى، ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقى ۋە يۈكسەكلىكىنى ھەقىقى تونۇپ يېتىمىز!

دېمەك، «ئاتا ـ ئانا» دېگەن بۇ سۆزنىڭ تۈپكى مەنىسى —— «تاغ ـ دەريا، دېڭىز ـ ئوكيان» بولۇش دىگەندىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ھەقىقەتنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ ئۆتىمىز. يەنە قەيت قىلىپ ئۆتۈدىغىنىمىز: دادام مۇھەممەت نىياز (ماڭلاي) نىڭ بوۋىسى مۇسا ئاخۇن تىۋىپ بولۇپ ئۇلارنى كىشىلەر «ماڭلاي چاقالىق»، موما ئىخلىمىخاننى كىشىلەر «چاڭگالار» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ناملار ، ئەينى چاغلاردا بىر جەمەت ياكى بىر قەۋىم ۋە مەھەللىگە قارىتىپ قويۇلغان بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن جەمەت نامى ۋە فامىلىسى بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئىستەكتە مۇھەممەت نىياز جەمەتىگە «ماڭلاي» دېگەن تەخەللۇسنى قويۇشنى لايىق تاپتىم. ئالللاھ مۇھەممەت نىياز ۋە زەينەپخان توختى جەمەتىنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ مەڭگۈ كۆكلەتكەي !

ئابلىمىت مۇھەممەت (ماڭلاي )

2012 ـ يىلى 30 ـ دىكابىر. ئۈرۈمچى.

# مۇندەرىجە

ئاللا ئەۋەتىپتۇ بىر پەرىشتىنى ........ 1
تولۇن ئاي كۆرۈنسە ئانامكەن دەيمەن ........ 4
بىرىنچى قىسىم تارىخى ئەسلىمىلىرىم ........ 7
1. بالىلىق چاغلىرىم ........ 7
2. دادامنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ........ 30
3. مەكتەپتىكى كەچۈرمىشلىرىم ........ 40
4. جۈپ سايە ........ 52
5. ماتەم زارى ........ 61
6. ئۆگەي ئانا ........ 76
7. مەنمۇ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولدۇم ........ 104
8. بېيجىڭغا قىلغان تۇنجى سەپەر ........ 130
9. ئۆز يۇرتۇمغا قايتىش ........ 134
10. ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىش ........ 139
ئىككىنچى قىسىم، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى جەريانىدىكى كەچۈر-
مىشلىرىم ........ 156
12. مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلىش تەييارلىق ھەيئ-
تى ........ 166
13. تالىمش يانۋار بورىنى ........ 172
14. ھەربىي ئىدارە قىلىش ........ 177
15. كاندىن ۋاقىتلىق چېكىنىش ھەم قايتارما ھوجۇمغا ئۆتۈش
........ 181
16. ئەلەم كۆرۈشنىڭ رەسمىي باشلىنىشى ........ 191

17. بىيجىڭدىكى ئۆگۈنۈش كۇرسىغا قاتنىشىش ·········· 199
18. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە 2 ـ قېتىم ئوقۇشۇم ································ 213
19. «بىرگە زەربە بېرىش، 3 كە قارشى تۇرۇش» ھەركىتىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىم ······························ 217
20. 12 ـ ئايدا مەن ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىگە يۆتكۈلۈپ كېلىشىم ······························ 241
21. دادام ، ئاكام ۋە ئېنىمنى مەڭگۈ ئەسلەيمەن ·········· 248
22. ئۇكام مەخمۇتخاننىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلايمەن ·········· 253
23. ۋەھىمىلىك خەۋەر ································ 254
ئۈچىنچى قىسىم، ئائىلە ۋە بالا ـ چاقىلىرىمدىن پەخىرلىنىمەن ································ 256
24. ۋاپادارلىق قەسىدىسى — رەپىقەم ۋە مەڭگۈلۈك ھەمرا جۈپ-تۇم زەينەپخانغا بېغىشلايمەن ························ 256
25. خوشاللىقىم تاغدەك مېنىڭ (1994 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.) ································ 258
26. تۇنجى ئوغلۇم ئابدىلئەھەتكە بېغىشلايمەن. (1985 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى) ································ 263
27. بالام ئابلىمىت شاڭخەيگە ئۆگىنىشكە بارغاندا خوشلىشىش ھارپىسىدە قالدۇرغان خاتىرە ························ 265
28. ئوغلۇم ئابلىمىتتىن كەلگەن بىرىنچى قېتىملىق خەتنى كۆرگەندە. (9 . 1984) ································ 266
29. ئابلىمىت بالامدىن كەلگەن خەتنىڭ مەزمۇنى ········ 266
30. بالام ئابلىمىتنىڭ خېتىگە جاۋابەن يازغان خېتىمنىڭ كو-پىيەسى ································ 266
31. ئوغلۇم ئابلىمىتقا 2 ـ قېتىم يازغان سالام خەتنىڭ كوپى-يەسى ································ 267

32. بالام ئابلىمىتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق بىزگە يازغان جاۋاپ سالام خېتى ·························· 270
33. ئوغلۇمغا نەسىھەت ······························ 271
34. قىزىم دىلبەرگە بېغىشلاپ ······························ 272
35. قىزىمغا قاراپ ······························ 274
36. قىزىم دىلبەرنىڭ تويىغا بېغىشلاپ ························ 275
37. ئوغلۇم پەرھاتجانغا بېغىشلاپ ························ 277
38. ئوغلۇم ئەنۋەرجانغا بېغىشلايمەن ························ 280
39. كەنجى ئوغلۇم ئەركىنجانغا بېغىشلايمەن ·················· 283
40. نەۋرىلىرىم ······························ 289
41. ئارزۇ قىلدىم نەۋرە كۆرسەم دەپ ························ 290
42. ئەرسلانغا بېغىشلايمەن ······························ 291
43. سېغىندىم ئەجەپ مەن سېنى ························ 292
44. سالام خەت: ئەرسلان يوپۇرغىغا كەتكەندە يازغان سالام خەت ······························ 293
45. نەۋرەم باتۇرغا بېغىشلاپ ······························ 294
46. 3 ـ نەۋرەم گۈزەلنۇرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە بېغىشلاپ··· 295
47. 4 ـ نەۋرەم دىلدارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە بېغىشلاپ ··· 296
48. دىلدار قىزنىڭ 8 ياشقا كىرگەنلىكىگە بېغىشلاپ ······ 297
49. قىزىم دىلدارنىڭ مەكتەپكە كىرگەنلىكىگە بېغىشلاپ··· 297
50. دىلدار قىزنىڭ 10 ياشقا كىرگەنلىكىگە بېغىشلايمەن··· 298
51. نەۋرەم جۇشقۇنجاننىڭ 8 ياشقا توشقان كۈنىگە بېغىشلاپ 298
52. نەۋرەم پەرۇھنىڭ 7 ياشقا كىرگەن كۈنىگە بېغىشلاپ ··· 300
54. پەرۇھنىڭ خەتمە تويىغا بېغىشلاپ ························ 300
55. نەۋرە قىزىم ئەقىدەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە بېغىشلاپ (95.8.14) ······························ 301
56. نەۋرە قىزىم ئەلنۇرغا بېغىشلايمەن ························ 302

57. نەۋرە قىزىم گۈلبانۇنىڭ يەسلىگە كىرگەنلىكىگە بېغىشلاپ ........................................ 303
58. نەۋرىلىرىم دىلشات ، دىلنارلارنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى خاتىرلەپ ........................................ 304
59. نەۋرىلىرىم دىلشات، دىلنارلارنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىغا بېغىشلاپ ........................ 304
60. كەنجى نەۋرەم ئەنھارجاننىڭ تۇغۇلغانلىقىغا بېغىشلاپ ··· 306
61. دادام ۋە ئانام توغرىسىدا داستانلار ..................... 312
62. مۇسىبەت ........................................ 314
63. «داستان» ........................................ 319
64. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى كەچۈرمىشلەر ھەققىدە داستان........................................321

# ئاللا ئەۋەتىپتۇ بىر پەرىشتىنى

(دادام مۇھەممەت نىياز ۋاپاتىغا مەرسىيە)
مۇھەممەت نىياز ئوغلى ئابلىمىت مۇھەممەت

ئاللا ئەۋەتىپتۇ بىر پەرىشتەمنى،
مۇھەممەت ئىسىملىك ئەزىز دادامنى.
بىر كېچە قونۇپ ئۇچۇپ كەتتىغۇ؟!
تاشلاپ بىزلەرنى يالغۇز ئانامنى.

تۇنۇگۈن ئاخشام مۇڭداشقان ئىدۇق،
ئاتا ـ بالىنىڭ مېھرىنى سۆزلەپ.
سىزمۇ ئاجايىپ خوشال ئىدىڭىز،
دۇئايىڭىزدا بەختىمىز تىلەپ.

ھۆرمەت تاپقانسىز ئەل ـ جامائەتتىن،
مېھرىڭىز ئۇلۇغ خىزىر سۈپەتلىك.
نەدىن تاپقۇلۇق سىزدەك ئاتىنى،
پەيغەمبەر كەبى مېھرى ـ شەپقەتلىك!

يارانقانىكەن ئاللا بىر سىزنى،
تاپقىلى بولماس بۇندىن ئۆزگىنى.
چىن ئىمان بىلەن تەقۋادار بولۇپ،
ئاللا يولىدا ئۆمۈر سۈرگىنىنى.

ھەر بىر بارسامەن خوشال ئىدىڭىز،
رەخمەت جان ئوغلۇم كەپتۇر دەيتىڭىز.
كىچە ھەم كۈندۈز دۇئالار قىلىپ،
بەختىم ھەم ئۆمرۈمنى كۆپ تىلەيتىڭىز.

نەۋرىلەر سىزگە شۇنچە بەك ئىجىل،
قىز ۋە كېلىنلەر ئۇندىن بىجاندىل.
خوشنا جامائەت چۆرىدەپ كەلسە،
كۆكتىكى يۇلتۇز بولاتتى خىجىل!

بۇلبۇل سايرىغان تاڭ سەھەردىلا،
جاھان ئويغۇنۇپ تەۋرىگەندىلا.
ماڭغان ئىدىڭىز بامدات نامازغا،
چولپان يۇلتۇزمۇ خوش دېگەندىلا.

خوش دادا ئاۋايلاڭ دېگەن ئىدىممەن،
يەنە بىر كېلىڭسىز ئۆيدە كۈتىمەن.
نە بولدى مەسچىتتىن كەتتىڭىز بىراق،
ئەلۋىدا ئىكەننى نەدىن بىلىمەن!

مەن سىزنى پەقەت ئۇچتىغۇ دەيمەن؟
ئانا دىدارىنى كۆرمەكچى دەيمەن.
جەننەتتە تۇرۇپ بىر مەزگىل يەنە،
قايتىپ كېلىدۇ بىر كۈنى دەيمەن!

قايتىپ كېلىڭسىز ئەي جېنىم دادا،
شېرىن سۆزىڭىز بىز ئۈچۈن دورا.
ھازىرمۇ خۇددى گويا يېنىمدا،
نىمە يېزىۋاتىسىز؟ ـــ دېگەندەك تۇۋا.

ئۆزەمگە خەنجەر سالغۇم كېلىدۇ!
ئۆزەمنى يەرگە كۆمگۇم كېلىدۇ!
نەكەتتىم شۇ چاغ غەپلەتلەر بېسىپ؟!
پۇشايمان ئوغىسى ئىچكىم كېلىدۇ!

پۇشمىنىم پاتمايدۇ بارچە ئالەمگە،
يۇرەكنى تىلىغان قايغۇ ئەلەمگە.
نېمىشقا يالغۇزلا يولغا سالدىمەن،
بېشارەتمۇ يوق نەچۇك قەلبىمگە!

يوللاردا قالدۇرۇپ سوغدا توڭدۇرۇپ،
شۇنچە يېقىندا ئۆيدە ئولتۇرۇپ.
نە ئۇچۇن تاڭ سەھەر تۇرمىدىم شۇ كۇن ؟!
دەرمانسىز ئاجىزلىغىڭىزنى ھەم بىلىپ تۇرۇپ.

نەقىلاي تەغدىرگە غايىپ ئەجەلگە،
ئۆزەمنىڭ بىر مەھەل گالۋاڭلىغىمغا.
تۇرۇپمۇ يېنىڭىزدا ئايرىلدىم سىزدىن،
نىمە دەي ئاتىنىڭ جۇدالىغىغا؟

قەبرىڭىز گوياكى جەننەتنىڭ يولى،
گۇل - چىچەك پۇركەنگەن ئۇ دۇنيا يولى.
ھەمرادۇر تاغ سىزگە چولپان يۇلتۇزمۇ،
ئەتراپقا تولغۇسى پەرزەنتنىڭ گۇلى.

خاتىرجەم يېتىڭسىز ئەي ئۇلۇغ دادا،
ئاللا رەھمىتى بولغاي خوشناۋا
ئانىڭىز كۇتىدۇ كەڭ قوچاق ئېچىپ،
بولىمىز بىز سىزگە ھەر كۇنى ھەمرا.
(2001. 6. 16 كۇنى كېچە دادام ياتقان ئۆيدە يېزىلدى.)

# تولۇن ئاي كۆرۈنسە ئانامكەن دەيمەن

«مەرھۇم ئانامغا مەرسىيە»
(مەرھۇم زەينەپخان ئوغلى ئابلىمىت مۇھەممەت)

(1)

بىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جاپا چېكىپسىز،
يېمەستىن، ئىچمەستىن بىزگە بېرىپسىز،
پەرزەنتىنىڭ بەختىگە كۆپ ئەجىر قىلىپ،
بەش ئوغۇل، بىر قىزنى گۈلدەك بېقىپسىز.

(2)

كەتتىڭىز بىز بىلەن ئەلۋىدا بولۇپ،
پەرزەنت ھەم نەۋرىنى پىغاندا قويۇپ،
ئانىنىڭ مېھرىگە تويمىغان ئىدۇق،
يۈرەكلەر تىلغاندى ھەسرەتكە تولۇپ.

(3)

ئويلىسام شۇ تارتقان جاپايىڭىزنى،
ئەللەيدە شۇ مۇڭلۇق ئاۋازىڭىزنى.
قەلبىمدە ئۆرلەيدۇ ئوتلۇق بىر نىدا،
سېغىندىم مېھرىبان رۇخسارىڭىزنى.

(4)

تۇغۇلغان ئىدىڭىز تارىم بويىدا،
پوسكامنىڭ شۇ گۈزەل گۈلباغلىرىدا.
بالىنى، ئۆينى دەپ ئۆتتى ئۆمرىڭىز،
قەرزىڭىز قالدى كۆپ ئوغلانىڭىزدا.

(5)

ياندۇرماق تەس ئىكەن ئانا مېھرىنى،
باشقىدىن تاپماق تەس-ئانا چېھرىنى.
ئاتا ھەم ئانىدىن قالدۇق بىز يېتىم،
يەشمەكمۇ تەس ئىكەن ئەجەل سېھرىنى.

(6)

ئېخ! ئانا! ماڭدىڭىز شىرىن سۆھبەتتە،
ئاللاھنىڭ بەرگەن ھەم ھىممەتلىرىدە.
ئوغلىڭىز، كېلىنىڭىز ئۇزاتقان گويا،
جەننەتكە ماڭغاندەك خاتىرجەملىكتە.

(7)

خوش ئوغلۇم! جان قىزىم دېدىڭىز گويا،
كەتكەندە چېھرىڭىز بولبۇلدەك گويا.
دادامنىڭ يېنىغا كەتتى دەپ قالدىم،
راسمىكىن خىيالىم دەيمەنكى تو ۋا؟!

(8)

باردىڭىز ھەقاچان دادام يېنىغا،
جېنىڭىز قوشۇلدى دادام روھىغا.
بارمۇ سىز مۇسۇلمان، دېدىڭىز چوقۇم!
مېھرىڭىز ئۇلاشتى دادام دىلىغا!

(9)

قىز-ئوغۇل يىغلايدۇ نىدالار قىلىپ،
كېلىنلەر ئاھ چېكەر پىغانلار سېلىپ.
نەۋرىلەر سورايدۇ مومام قېنى دەپ،
داغلانغان يۈرەكنى داغلارغا بېسىپ.

(10)

كۆندۈزى كۈن چىقسا دادامكەن دەيمىز،
تولۇن ئاي كۆرۈنسە ئانامكەن دەيمىز.

يۇلتۇزلار گوياكى پەرزەنت سىماسى،
سىز تۇرغان چوڭ ئۆينى جەننەتقۇ دەيمىز.

(11)

ئەلۋىدا ئەي ئانا، ئەي ئۇلۇغ ئاتا،
بۇ دۇنيا سىزلەرگە بولغايمىز ۋاپا.
سىز ياققان چىراقلار ئۆچمەيدۇ ھەرگىز،
ۋەدىگە ۋاپانى قىلغايمىز ئادا.

2003 - يىلى 31 - دېكابىر

# بىرىنچى قىسىم

# تارىخى ئەسلىمىلىرىم

## 1. باللىق چاغلىرىم

1934 ـ يىلى مەن ئەمدىلا 5 ياشقا كىرگەن ۋاقتىم بولۇشى مۇمكىن، دادام بىلەن ئانام مېنى قاق سەھەردە ئويغۇتۇپ كىيىملىرىمنى كەيگۈزۈپ، ئۇكام مەخمۇتجان بىلەن ئىككىمىزگە تاماقلارنى يىگۈزگەندىن كېيىن، ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان يوتقان ـ كۆرپە ۋە ئۆي سايمانلىرىنى ئېشەكلەرگە ئارتىپ، ئۇكام بىلەن ئىككىمىزنى ئېشەككە ئارتىلغان نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ جانگىلەسكى دېگەن يۇرتتىن پوسكام ناھىيەسىنىڭ ئارشۇ دېگەن يۇرتقا قاراپ يولغا چىقتۇق. دادام، ئانام ھەم دادامنىڭ ئىككى شاگىرتى توخسۇن ئاخۇن بىلەن داۋۇت ئاخۇنلارمۇ ئېشەكلەرنى ھەيدەپ پىيادە بىز بىلەن بىرگە ماڭدى. بىز جىگگىلەسكىنىڭ بىر نەچچە كەنتلىرىدىن ئۆتۈپ، تىرناپ دېگەن (زەرەپشان) دەريانى كېچىپ ئۆتۈپ تاكى ناماشام بولدى ـ دىگەندە ئارانلا دادام ئېيتىپ بەرگەن ئارشۇ دېگەن يەردىكى بۇرۇنقى ئۆز ئۆيىمىزگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەر زەيلىك، قۇمۇشلۇق، ئۆيلەرمۇ تارقاق جايلاشقان بىر جاي ئىكەن، كىچىككىنە بىر ھويلىغا كېلىپ توختىغاندىن كېيىن، دادام: ھە ....! مانا ئۆز ئۆيىمىزگە يېتىپ كەلدۇق ـ دەپ، ئېشەكلەرنى توختىتىپ يۈك ـ تاقلارنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ئاگغىچە ھېلىقى ھويلىدىن قارامتۇل، ئوتتۇرا بوي، 40 ياشلار

ئەتراپىدىكى بىر ئەر كىشى، چىرايى پاكىزە، ئەمما كىيىملىرى رەتلىك بولمىغان 25 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئايال، يەنە يالاڭ ئاياق، كۆڭلەكچان بۇدۇرۇققىنا بىر ئوغۇل بالا،تىغى ئەمدىلا ئايىقى چىققان بىر قىز بالا چىقىپ، بىزنى قارشى ئالدى. ھېلىقى ئەر ـ ئايال ئىككەيلەن بىزدىن قىزغىنلىق بىلەن ھال ئەھۋال سوراپ، ئاكا ـ يەڭگە ھارماي ـ تالماي تېنچ ـ ئامان كەللىمۇ؟ ئاكا ـ يەڭگە ئۆزلىرىمۇ ياخشى تۇرۇپلا، باللارمۇ چوڭ بولۇپ قاپتۇ ، دەپ تۇرۇشىغا، دادام ھېلىقى ئىككى شاگىرتىنى تونۇشتۇردى. ئاندىن ھەممەيلەن ئولاش ـ چولاش يۈك ـ تاقلارنى چۇشۇرۇپ ئۆيگە ئەكىرىپ قويغاندىن كېيىن، بىزنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. بىز ئۆيگە كىرىپ پەتە قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، دەستۇرخان سېلىپ نان ـ چاي كەلتۇردى، بىز چاي ئىچىۋاتقاندا، ئۇلار بىزنىڭ يولىمىزغا قاراپ تەققەزا بولۇشقانلىقىنى، بەكمۇ سېغىنغانلىقىنى، يول يىراق بولغانلىقى ئۇچۇن يوقلاپ بارالمىغانلىقىنى، ھاتتا كۆچۈشكىمۇ ياردەم بېرەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ خىجىللىقىنى بىلدۇردى. دادامۇ ئۇلارغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۇرۇپ ئۇلارنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىزگە تۇققان ئىكەنلىكىنى، ئۆي، يەرلەرگە قاراپ ئوبدان ياردەملەشكەنلىكىنى ئېيتتى. ھېلىقى ئەرنىڭ ئىسمى قادىرئاخۇن بولۇپ، سىرتقا چىقىپ كېتىپ ئىشىك ئالدىدىكى قوغۇنلۇقتىن 4 ـ 3 قوغۇننى ئەكىرىپ تىلىپ، بىزنى قوغۇن يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. بىز ئۇنى ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتۇق. شۇ ئارىدا ھېلىقى ئەرنىڭ ئايالى رەناخان بىر قازان سۇيۇقئاش ئەتكەن ئىكەن، ئۇنىمۇ ئەكىردى، ئۇنىمۇ بىزگە زورلاپ ئىچكۈزدى. ھەممەيلەن تاماق يەپ بولۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، چوڭلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇكام بىلەن ئىككىمىز بەك چارچاپ كەتكەنلىكىمىز ئۇچۇن تېخى تېگىقى يېشىلمىگەن يوتقان ـ كۆرپىلەرگە يۆلۈنۈپ ئۇخلاپ قاپتۇق. ئۇلارنىڭ پارىڭى

تۈگىگەندىن كېيىن، بىزلەرنى ئويغۇتۇپ ئورۇن سېلىپ بەردى. بىز مېھمانخانا ئۆيىدە دادام، ئاناملار بىلەن يېتىشتۇق. ھېلىقى ئىككى شاگىرت ئايۋاندا ياتتى، قادىرئاخۇن ئاكام ئايالى، باللىرى بىلەن ساراي ئۆيدە ياتتى. ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرسام كۈن چىقىپ خېلى بىر ۋاق بولۇپ قاپتۇ. دادام - ئاناملار ئورنىدىن تۇرۇپ بىز ئېلىپ كەلگەن ئېشەكلەرگە ئوت - سامان بېرىپ، بىزنىڭ ئورنىمىزدىن تۇرۇشىمىزنى كۈتۈپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىكەن. بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزىمىزنى يۇيۇپ بولغىچە، تۇققىنىمىز رەناخان ئاچام دەرستۇرخانا سېلىپ نان - چاي ئەكەلدى. ئاپامۇ يوللۇق ياققان نانلىرىنى ئەكىرىپ دەستۇرخانغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز چاي ئىچىشتۇق. قادىرئاخۇن ئاكام بىلەن رەناخان ئاچام ئالۋاڭ - ياساق دەستىدىن يۇرتتىكى كەمبەغەللەرنىڭ تېخىمۇ گادايلىشىپ كەتكەنلىكىنى، يۇتتىكى ئەمەلدارلار ۋە بايلارنىڭ نەپسى بارغانسېرى يوغىناپ خەلقنى زار - قاخشىتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئارانلا جان بېقىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ھال - ئەھۋالىنى ئېيتىشتى. دادام بىلەن ئانام ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ : ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولغىنىدەك يامان كۈنلەرنىڭ ياخشىلىنىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ، خۇدايىم بىز كەمبەغەللەرگىمۇ ياخشى كۈن بېرىدۇ، بۇ دۇنيادا بەرمىسە ئۇ دۇنيادا بېرىدۇ، ھازىر سەۋر - تاقەت قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ، دەپ بىر مۇنچە ياخشى گەپلەر بىلەن تەسەللى بەردى.

دادام بىلەن ئانام ۋە شاگىرتلاردىن توخسۇنئاخۇن، داۋۇتئاخۇنلار بىزگە تەييارلاپ قويغان ئۆيلەرنى تازىلاپ، نەرسە - كېرەكلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى.

بىز ئۇكام بىلەن سىرتقا چىقىپ، ئۆي ئەتراپىنى ۋە دادامنىڭ بىزگە دەپ كۆرسەتكەن يەرلەنى كۆزىمىزدىن كەچۈرۈپ، بۇ يەرنىڭ بەكمۇ زەي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتۇق.

بىز بۇ يەرگە كەچ كۈزدە كۆچۈپ كەلگەن بولغاچقا ، تېرىغان ئاشلىقىمىز يوق ئىدى. پەقەت ئۆزىمىز ئېلىپ كەلگەن ئازغىنە ئاشلىق بىلەن بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزدۇق. ئاڭغىچە دادام خام توقۇيدىغان دوكانلارنى سېلىپ باشقىلارنىڭ خىمىنى توقۇپ، ئۇنىڭغا بەرگەن ئاشلىقلارنى يىدۇق. ئاناممۇ توقۇقانلار ئەكىلىپ بەرگەن پاختىلارنى ئىگىرىپ بازارلىق خام توقۇشقا بەردى، بۇنى سېتىپ ئۆينىڭ ئۇششاق - چۈششەك سودىلىرىغا ئىشلىتەتتى. دادام بىلەن ئانامنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى ئىچىدىكى ھال - ئوقىتى ياخشىراق بولغانلارمۇ ئاشلىق، مايلىق دان، پاختىلارنى ئەكىلىپ ياردەم قىلىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن كېلەر يىللىق مەھسۇلاتنى ئالغۇچە سىرىقتال كۈن ئۆتكۈزدۇق. قادىرئاخۇن ئاكام بالا - چاقىلىرىنى بۆلۈمە ئېرىق دېگەن يەردىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ كۆچۈرۈپ كەتتى. ئەتىياز بولغاندا ئۆزىمىزنىڭ 15 مودەك يېرىنى قوناق، بۇغداي، زىغىر ۋە سەي كۆكتاتلارنى تېرىغاندىن باشقا يىلدا باشقىلاردىن 10 مودەك يەر ئىجارىگە ئېلىپ شال، (گۈرۈچ) ۋە قوغۇن تېرىدۇق. بۇ ئائىلىدە دادام، ئاكام بىلەن 2 شاگىرىت بىر تەرەپتىن بازارلىق ۋە كاسىنا خاملارنى توقۇپ بەرسە يەنە بىر تەرەپتىن يەر تېرىپ جاپالىق ئىشلىگەن بولسىمۇ تىرىغان يەرلەر زەي بولغانلىقى ئۈچۈن يەردىن چىققان ئاشلىق ئائىلىدىكىلەرنىڭ يېيىشىگىمۇ يەتمەيتتى. چۈنكى ئۇ چاغدا ھاشار كۆپ، يەر بېجى، ئىجارە ھەققىنى تۆلەپ بىزگە ئارانلا بىر نەچچە تاغار ئاش قالاتتى. شۇڭا كۈنىمىز يەنىلا سىرىق تال ئۆتتەتتى. لېكىن بۇ يۇرتتىكى بىر قىسىم كەمبەغەللەرگە سېلىشتۇرغاندا كۈنىمىز خېلى ياخشى. بۇنىڭغىمۇ خۇداغا مىڭ شۈكۈر قىلاتتۇق. بىز چەڭگىلەسكىدىن كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن يۇرت چوڭلىرىمۇ بىزنىڭ ئۆيگە پەتە قىلىپ كېلىپ بىزنى ئالاھىدە يوقلاپ تۇرىدىغان ھەم دادامنى ئۆيلىرىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ خوشامەت قىلىدىغان، توي - مەرىكە

قىلسا بىزنى ئايرىپ قويماي چاقىرىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرىگە بىزمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلاتتۇق. بىر كۈنى 2 ئادەم كېلىپ سىلىنى يۇرت چوڭلىرى چاقىرىدۇ دەپ ئېلىپ كەتتى. دادام كەچتە قايتىپ كەلدى. ئانام نىمە ئۈچۈن چاقىرتقانلىقىنى سورىغاندا، دادام مەن قانچە قىلساممۇ ئۇنىماي مۇشۇ يۇرتنىڭ يۇز بېشلىقىغا سايلاپ قويدى ئامالسىز ماقۇل بولدۇم دەپ ئېيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانام بۇ ئىش ياخشى بولماپتۇ، بىز ئۆز ئەمگىكىمىزگە تايىنىپ تېنچ ئامان تۇرمۇش ئۆتكۈزسەك بولاتتى، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ھامان ياخشى بولمايدۇ، ئۇلار سىزنى مەخسەتلىك ھالدا يۇز بېشى قىلىپ قويۇپتۇ، نەچچە يىلدىن بېرى تۆگىتەلمىگەن «خۇن داۋاسى » نى سىز ئارقىلىق تۆگىتمۇېلىپ سىزنى كېرەك قىلمايدۇ، سىز يۇز بېشى بولدۇم دەپ يۇرتقا ماڭىسىز، بايلار ئالۋان ـ ياساق تۆلىمەيدۇ، يەنىلا كەمبەغەللەر تۆلەيدۇ، تۆلىيەلمىسە دوغا ـ بايلار (دوغا ـ بەگلەرنىڭ ئالۋاڭ ـ ياساق ئىققۇچى چاپارمىنى، باي ـ يامۇلنىڭ چاپارمىنى) ئۆيمۇ ـ ئۆي ئارىلايدۇ، ئۇ چاغدا كەمبەغەللەر ھەممە بالانى سىزدىن كۆرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خەلقتىن ئايرىلىپ قالىسىز، بايلار بولسا سىزنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپ ئۆزلىرى ياخشىچاق بولىۋالىدۇ، ئىلگىرى يۇز بېشى بولغانلارنىمۇ شۇنداق ئالدىغانغۇ، ھالال بىر كۇنلەردە ئۆز بېشىدىكى «خۇن داۋاسى»نى ساقايتىۋالسا، ھەممە گۇناھنى سىزگە ئىشتىرىپ قويۇپ سىزنىمۇ ھەيدەپ چىقىرىپ«يىگەن ـ ئىچكەننى تۆلە» دەپ بويىنىڭىزغا بىر مۇنچە قەرزنى يۇكلەپ قويسا ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلىسىز، «پۇشايمان ـ ئۆزىگە دۈشمەن»دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز دەپ كۆپ تاپا قىلدى، دادام مەن ئامالسىز ماقۇل دەپتىمەن، قېنى بىر مەزگىل قىلىپ باقاي دەپ يەرگە قاراپ ئولتۇردى. ئاناممۇ قايتا گەپ قىلمىدى. بىز ئانامنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دادا سىز ھەرگىز يۇز بېشى بولماڭ دەپ يالۋۇردۇق. دادام ماقۇل دەپ

قويۇپتىمەن ئەمدى ئامال يوق دەپ خىجالەت بولغاندەك ئوڭايسىزلانغان ھالدا يەرگە قاراپ ئولتۇردى.

ئەمدى يوقىرىدا ئېيتىلغان «خۇن داۋاسى» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بىر ئاز توختۇلۇپ ئۆتەي، دادامنىڭ 2 ـ ئاچىسى سانىخان دېگەن، شۇ يۇرتنىڭ زومىگىرى مەمتىلى ساراڭ دېگەن بىلەن توي قىلغان ئىكەن، ئۇ ئۇنىڭ 7 ـ خاتونى ئىكەن، شىنجاڭدا مالىمانچىلىق بولىۋاتقاندا مەمتىلى ساراڭ دېگەن«جاھان بۇزۇلدى، يامان ئىشلارنى قىلغانلارنى سوراشتۇرغىلى ھۆكۈمەت يوق» دەپ بىر كۈنى كېچىدە ئوغلى ئەمەت، كۈيئوغلى ئىلى ئاخۇن دىگەنلەر بىلەن كالتەك، چوماقلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ يۇرتتىكى بايلارنىڭ ئۆيىگە بۇلاڭچىلىققا بېرىپ، ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ، «مېلىڭغا تۇرامسەن،جېنىڭغىمۇ» دەپ قورقۇتۇپ ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى بۇلاپ كېتىپتۇ، ئەتىسى ھېلىقى بۇلانغان بايلار يۇتتىكى ئاممىنى قورقۇتۇپ، مەمتىلى باي دېگەن ساراڭ كېچىدە كالتەك ـ توخماق ئېلىپ كېلىپ پۇل ـ ماللىرىمىزنى بۇلاپ كەتتى. ئەگەر ھەممىمىز قوزغۇلۇپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمىسەك سىلەرنىمۇ بۇلاپ كېتىدۇ دەپ ئاممىنى كالتەكلەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ مەمتىلى باي ساراڭنىڭ ھويلىسىغا باستۇرۇپ بارغاندا ئۇ ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسۈتۈپ يېقىن كەلتۈرمىگەنلىكتىن مەمتىلى باينىڭ ھويلىسىغا ئوت قويۇپ ئۇلارنى ئۆگزىدىن چۈشۈرۈپ ، مەمتىلى باي بىلەن بالىسى ئەمەت دىگەننى ئۇرۇپ، بوينىدىن باغلاپ يۇرت ـ ئىچىدە سازايى قىلىپ ئولتۇرۋەتكەن ئىكەن، كۈيئوغلى ئىلى ئاخۇن دىگەننى ئېغىر زەخمىلەندۈرگەن بولۇپ، نەچچە ئايدا ساقايغان ئىكەن. مەمتىلى باينىڭ ھايات قالغان خوتۇن بالا ـ چاقىلىرى ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىپ «خۇن دەۋاسى» قىلىپ، «قانغا ـ قان، جانغا ـ جان ئالىمىز» دەپ دەۋا قىلغان يېزىدىكى

بايلار ناھايىتى كۆپ «ئاشلىق، پۇل بەرسىمۇ بۇ «خۇن داۋاسى» دىن ئۆتكىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالغان ئىكەن. دەۋاگەرنىڭ كۆپ قىسىم بالىلىرى دادامنىڭ ئاچىسى سانىخاننىڭ بالىلىرى بولغانلىقتىن جاۋاپكار بولغۇچى بايلار مەسلىھەت قىلىشىپ، نىياز ئاخۇننى چاڭگىلەسكىدىن قايتۇرۇپ كېلىش، يۇز بېشى قىلىپ قويساق ئاچىسىنىڭ بالىلىرىغا، نەسىھەت قىلىپ، سىزنى«خۇن دەۋاسى» دىن ساقلاپ قالىدۇ، كېيىن ئۇنىمۇ بىر بانالاردا ھەيدەيمىز دېگەن مۇددىئا بىلەن دادامغا توزاق قۇرغان ئىكەن، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە دېگەندەك دادام ئۇ مۇناپىقلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى بىلمەي يۇز بېشى بولۇشقا ماقۇل بولۇپتۇ.

دادام بىزنىڭ ھەم ئانامنىڭ يۇز بېشى بولماسلىق توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۇرت چوڭلىرىغا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى قويۇپتۇ: ① ھازىر ئالۋاڭ ـ ياساق ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇنى كەمبەغەللەرگە ئىتتىرىپ ئۆزىمىزگە تىگىشلىك ئالۋاڭ ـ ياساقنى تۆلىمىسەك ئۇلارنىڭ ماڭا قارىتا نارازىلىقى كۈچىيىپ ھەممە گۇناھنى مېنىڭدىن كۆرىدۇ، شۇڭا يوقىرىدىن چۈشكەن ئالۋاڭ ـ ياساقنى ئوخشاش تۆلىسەك؛ ② يوقىرىدىن چۈشكەن سېلىقلارنى كۆپەيتىپ دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويمىساق، ھەممىدە ئادىل ديانەتلىك ئىش قىلساق، بۇنىڭغا يۇرت چوڭلىرى قوشۇلسا مەن بۇ خىزمەتنى ئالاي، بولمىسا مەنمۇ بىر كىشىلىك پۇقرالىقىمنى قىلاي، ھەمدە «خۇن داۋاسى» دېگەن ئىشقىمۇ قول تىقماي دىگەندە ھەممىسى بىردەك سىزنىڭ دىگىنىڭىزدەك بولسۇن دەپ قوشۇلۇپتۇ. دادامىمۇ يۇز بېشى بولۇشقا قوشۇلۇپتۇ.

دادام يۇز بېشى بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ماجۇڭيىنىڭ جەنۇبى شىنجاڭغا ئالدىن يېتىپ كەلگەن ـ مافويەن، ماجەنساڭنىڭ

قىسىملىرى قەشقەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن پوسكام، قاغىلىق قاتارلىق جايلارنى توسالغۇسىز بېسىۋېلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش، ئاياللارغا كۆرگەن جايدىلا باسقۇنچىلىق قىلىشتەك ھەرىكەتلەر ئەۋج ئېلىپ كېتىپتۇ، ھەمدە ئات ، ئاشلىق، بىدە ، سامان ھەتتا بۆرگە[1] ئالۋاڭلارنى سېلىپ خەلقنى جېنىدىن جاق تويغۇزۇپتۇ. بۇ ئالۋاڭ ـ ياساقلارنى بېرەلمىگەن كەمبەغەللەرنى بولسا ئۇرۇپ، باغلاپ، ئازاپلاپ ھالىدىن كەتكۈزۈپتۇ، بۇنىڭ بىلەن بەزىلار ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ چەت ناھىيە، يېزىلارغا قېچىپ كېتىپتۇ.

دادام ئاتالمىش كەنت باشلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆيىمىزدىن دوغا، باي ۋە ھەر خىل كەسىپلەرنىڭ ئاقساقاللىرى كەم بولمايتتى، دادام ئىلگىرى دېھقانچىلىق ھەم باپكارلىق كەسىپ بىلەن، ئانام كۆندۈزى ئېتىز ئىشلىرى بىلەن بولسا ئاخشىمى يىپ ئىگىرىش بىلەن شۇغۇللانغان بولسا كېيىن دادام يۇرت ئىشى بىلەن، ئانام كەلگەنلەرگە تاماق ئېتىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىگىمۇ ۋاقتى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن تېرىغان ئاشلىقلارنى ئوت ـ چۆپ بېسىپ كېتىپ مەھسۇلاتىمۇ كەملەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشىمىز ئىلگىرىكىدىنمۇ ناچارلىشىپ كەتتى.

دادام ئاچىسى سانىخانغى ۋە قىزلىرى سارىخان، ھەمراخان، سامىخان، دانىخانلارغا نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنىڭ «خۇن دەۋاسى» نىمۇ ساقايتىپ، 2 ـ دەۋا قىلماسلىققا ھۆججەت ئېلىپ يۇرت چوڭلىرىنىڭ بېشىنىمۇ ساقايتىپ قويىدى. بۇ كەنتتىكى بايلار ئۆز بېشىدىكى «خۇن دەۋاسى» نى ساقايتىۋالغاندىن كېيىن يوقۇرىدىن چۈشكەن ئالۋاڭ ـ ياساقلارنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش كەمبەغەللەر بىلەن ئوخشاش تۆلەشتىن باش تارتىپلا قالماستىن

---

[1] «بۆرگە ئالۋىڭى»ـــ كېچىسى ئادەم چاقىدىغان بۆرگە بولۇپ،ئۇنى ئات يىسە شوخلىشىپ كېتىدىكەن.

يوقۇرىدىن چۈشكەن ئالۋاڭنى بىرنى ئىككى قىلىپ كەمبەغەللەرگە چاپلايدىغان، ئۇششۇق قىپقالغان ئاشلىق، پۇللارنى ئۆز- ئارا بۆلۈشۈپ ئالىدىغان بولىۋالغاچقا كىيىن دادام بۇ ناھەقچىلىققا چىدىيالماي كەلگەن ئالۋاڭ ياساقلارنى ئېگىلىگەن يەرگە قاراپ كەمبەغەللەرگە ئوخشاش تۆلەشنى، ئۇنى كۆپەيتىپ ئالماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇلار دادامغا سىز بىز بىلەن كېلىشىپ ئىش قىلىسىڭىز قىلىڭ، بولمىسا ئورۇن بىكارلاپ ئۆز ئىشىڭىزنى قىلىڭ دەپ تەھدىت ساپتۇ، دادام ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ ئۇلارنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كىيىن خىزمەتلىرىدىن ئىستىپا بەرمەكچى بولغاندا، ئۇ مۇناپىق ئالدامچىلار دادامغا «سىز 3 يىل يۇز بېشى بولدىڭىز بۇ جەرياندا يىگەن - ئىچكىنىڭىز ئۈچۈن 3000 سەر كۆمۈش تۆلەڭ، بولمىسا يۇرت خەلقىنى يىغىپ سىزنى ئوتتۇرىغا چىقىرىمىز، خەلق ئالدىدا ھېساپ بېرىسىز» دەپ تەھدىت ساپتۇ. دادام ئۇلارغا پوزىتسىيە بىلدۈرمەي ناھايىتى خاپا ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئۆيگە كېلىپ بىر كۈنگىچە ھېچ كىمگە گەپمۇ قىلماي، تاماق يىگىلىمۇ ئۇنىماي خام دوكىنىغا كىرىۋېلىپ خام توقۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئانام ناھايىتى تىت - تىت بولۇپ دادامغا، نىمىدىن خاپا بولغانلىقىنى سوراپ بىر مۇنچە تەسەللى سۆزلەرنى قىلغاندىن كىيىن دادام ئۆزىنىڭ يۇرتتىكى ئالدامچىلارنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھازىر نىمە قىلىشنى بىلەلمەيۋاتقانلىقىنى، ئىلگىرى ئانامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانلىقىنى، ھازىر مىڭ قېتىم پۇشايمان قىلىسىمۇ ئورنىغا كەلمەيۋاتقانلىقىنى، بايلار ئۆز بېشىنى ساقلايتىۋېلىپ ئالۋاڭ - ياساق تۆلەشتىن باش تارتىپ، كەمبەغەللەرگە ئىتتىرىپ قويغانلىقىنى ھەتتا يوقىرىدىن كەلگەن سېلىقنىمۇ بىرنى ئىككى قىلىپ خەلققە چېچىپ ئاشقىنىنى دوغا - بايلارغا پايدا بېرىپ قالغىنىنى چۈنتەككە سېلىۋالغانلىقىنى، دادام قوشۇلمىسا 3000 سەر تۆلەپ ئورۇن

بىكارلاشنى بولمىسا، خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىرىپ ھېساپ ئالىدىغانلىقىنى، بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ ئىنتايىن بېشى قاتقانلىقىنى ئېيتىپ ئاھ خۇدا ئەمدى قانداق قىلارمەن دەپ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا جىم ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئانام قىلىدىغان ھەممە ئەسكىلىكنى ئۆزلىرى قىلىپ ئەمدىلىكتە سىزگە ئىتتىرىپ قويامدىكەن، سىزنى خەلقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويسا سىزمۇ ئۇلارنىڭ قىلمىش ئەتمىشلىرىنى پاش قىلىپ، 3000 سەر كۆمۈشنى بەرمەيمەن دەپ چىڭ تۇرۇڭ دەپتۇ. دادام مەن يالغۇز تۇرسام، ئۇلار بىر نەچچە كىشى تىل بىرىكتۈرۈۋالغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈز بېشىلىق ئەمەلنى مەن تۇتۇپ، ئالۋاڭ ـ ياساقنى مەن يىققان تۇرسام، ئىچكى جەھەتتىكى ئۇلارنىڭ يامان ئىشىنى مەن بىلمىسەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچ ـ يالىڭاچلىق ئازابىدىن غەزىپى تېشىپ تۇرغان ئەمما ئۇ ھېيلىگەر بايلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ماڭا ئېسىلىۋالىدۇ، ئۇ مۇناپىقلارنىڭ كەمبەغەل قىياپىتىگە كىرىۋالغان بىر مۇنچە يالاقچىلىرى خەلقنى قۇترۇتۇپ ماڭا ھوجۇم قىلىدۇ. ئۇ چاغدا مېنى ئۇرۇپ ئولتۇرۇپ قويۇشتىن يانمايدۇ. مەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلاپ يۈز بېشى بولمىغان بولسام مۇنداق ۋىجدان ئازابىمۇ تارتمىغان بولاتتىم دەپ بىر ھازا جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئانام ئىنسان دېگەن خام سۈت ئەمگەن مەخلۇق دۇنيادا ئازمايدىغان ئادەم يوق. ئەمدى پۇشايمان قىلغانىنىڭ ھېچ قانداق پايدىسى يوق. بىزنىڭ تارتمىغىنىمىز قالمىدى، ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر كۈنلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق. «بېشىمىز ئامان بولسا قولىمىز ساق، تېنىمىز ساغلام »بولسا پۇلمۇ تېپىلىدۇ، ئەمدىكى مەسىلە شۇ پۇل تۆلەشكە ماقۇل بولۇپ ئۇ قۇرۇق جازىنى ئەنە شۇ ھېلىگەر مۇناپىقلارغا تاشلاپ بېرىڭ. بۇنىدىن كېيىن ئادەتتىكى پۇقرا بولۇپ خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزەيلى؟ دىدى. دادامنىڭ بېشىنى ئېگىپ ماقۇللىقىنى بىلدۈردى. بۇندىن كېيىن يۇرتقا ئارىلاشمايمەن دەپ

ھېچ يەرگە بارمىدى.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندە يۇرت چوڭلىرى دېگەن مۇناپىقلار بىر ئادەمنى دادامنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ، دادام بارغاندىن كېيىن ئۇلار: بىزنىڭ دىگىنىمىز بويىچە ئىش قىلىپ يۈز بېشى بولامسىز؟ ياكى ئىستىپا بېرىپ ئۆز ئىشىڭىزنى قىلامسىز؟ دىگەندە، دادامۇ بوش كەلمەي سىلەرگە غالچىلىق قىلىپ خەلققە يامان بولۇشنى خالىمايمەن، سىلەردەك پۇلنى تۆلەپ پۇقرا بولۇپ ياشاشنى خالايمەن، بۇندىن كېيىن سىلەرنىڭ تۇزىقىڭلارغا ھەرگىز چۈشمەيمەن دەپ بىر مۇنچە يامان گەپلەرنى قىلىپ قۇرسىقىنى بوشۇتىۋالغاندىن كېيىن قايتىپ كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن دادام ئانام مەسلىھەتى بىلەن 5 مو شال تېرىدىغان يەرنى سېتىپ، قالغىنىغا كالا، قوي، ئىشەكلەرگىچە سېتىپ ھەم ئۇرۇق ـ تۇققانلاردىن قەرز ئېلىپ يۇتتىكى ئىككى يۈزلىمچى مۇناپىقلارنىڭ بىزگە قويغان جەرىمانىسىنى تۆلەپ تۈگەتتى.شۇندىن كېيىن خۇدايا شۈكرى دەپ غەمدىن خالاس بولدۇق، دادام، ئاكام، 2 شاگىرتى دۇكاندىن چىقماي كېچىسى خام توقىدى، كۈندۈزى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. يەردىن چىققان ئازغىنە ئاشلىق يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن يەنە بىر تەرەپتىن كاسناخامىلارنى توقۇپ ئۇنىڭدىن ئالغان ئاشلىقلارنى يىدۇق. ئانامۇ كۈندۈزى ئېتىزدا ئىشلىسە، كېچىسى چاق ئىگىرىپ، دادامنىڭ بازارلىق خام توقۇپ سېتىشىغا ياردەملەشتى. شۇنىڭ بىلەن كونىمىز سېرىق تال (ئاچ ـ توق) ئۆتسىمۇ خاتىرجەم تۇرمۇش ئۆتكۈزدۇق. يوقىرقىدەك قېيىنچىلىقلارنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزىۋاتقاندا ئانام ئابدۇل ئېزىزخان دېگەن ئۇكامنى تۇغۇپ ئۇ بالىمۇ بىر ياشقا كىرگەندە چېچەك چىقىپ تۆگەپ كەتتى.

بىز ھېلىقى قەرزنى تۈگۈتۈپ غەم ـ ئەندىشىدىن خالى بولۇپ تۇرۇشىمىزغا ئانام بىر قىز پەرزەنت يەڭگىدى. بۇ قىز بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ خۇددى ئانامغا قويۇپ قويغاندەك

ئوخشايتتى. ئۇ ئانامنىڭ دادامدىن بولغان تۇنجى قىزى بولغىنى ئۈچۈن ئانام بالىغا قاراپ ئۆزىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنۇتقان ھالدا مېيىقىدا كۈلۈپ قويىدى. دادامۇ دەرھال بالىنى قوچىقىغا ئېلىپ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ بۇ بالامنىڭ پېشانىسى ئوڭ ئوخشايدۇ، بىز چوڭ بىر بالايى ـ ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ ئەمدىلا تۇرمۇشىمىزنى قايتىدىن باشلىغان چېغىمىزدا تۇغۇلدى، خۇدايىم ئۇمۇرىنى ئۇزۇن قىلغاي دەپ بەك خوشال بولدى، گەرچە تۇرمۇشىمىز ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، ئانامنىڭ ئامان ـ ئېسەن بوشانغانلىقتىن ھەممىمىز بەك خوشال بولۇشتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇكام مەخمۇت بىلەن ئىككىمىز چوڭ دادام توختى ئاخۇم ئىمام، چوڭ ئانام مەرەمخان قۇشناجىم، ئانامنىڭ سىڭلىسى مەستۇرىخان، مەختۇمخان، گۈلۈم ئاشىخان، گۈلمەرەمخان ئاچاملارغا خەۋەر قىلدۇق. ئۇلارمۇ ئانامنى گۆرگىلى كەلدى، ئانام ۋە ئانامنىڭ سىڭلىلىرى، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن كېلىپ ئۇكامنىڭ ئېتىنى قويۇشقا قاتناشتى. تۇرمۇشىمىز ئانچە ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر قازان پولۇ ئېتىپ مېھمان قىلدۇق. چوڭ دادام توختىئاخۇن ئىمام بالىنى قولىغا ئېلىپ «ئەزان» توۋلاپ ئىسمىنى گۈل جىمىلىخان دەپ قويۇپ قويىدى.

بىز چوڭ ـ كىچىك ھەممىمىز ئۇكامنى مۇبارەكلەشتۇق. سىڭلىم گۈلجىمىلەخان بەك ئوماق، ساغلام چوڭ بولۇپ ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەندە چېچەك چىقىپ ساقىيالماي قازا قىلدى، بۇ غاچدا ھەممىمىز يىغلىدۇق. بولۇپمۇ ئانام تولا يىغلاپ ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. بالا ـ قازا بېشىمىزغا ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن بولسىمۇ ھايات قالغانلار بالاغا سەۋرى قىلىپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئىشلىمىسە بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەشكە مەجبۇرى بولدۇق. مېنىڭ قولۇمدىن باشقا ئىشلار كەلمىسىمۇ، ئۆيىمىزنىڭ پارچە ـ پۇرات ئىشلىرىنى قىلىشقا، بىر نەچچە قويىنى بېقىش ئىشلىرىگە

ياردەملەشتىم.

ئۇ چاغدا قولىمىزدا قالغان بىر نەچچە مۇ يەرنىڭ ئاشلىقى، ھەمدە كاسىنا (باشقىلار ئۇچۇن توقۇيدىغان خام) نىڭ ئىش ھەققىگە بېرىلگەن ئاشلىقدىن باشقا كىرىمىمىز بولمىغانلىقتىن ئەتىگىنى ئۇزمە ئۆرۈك بىلەن ناشتا قىلىپ، چۈشتە كەچتە قوناق تامىقى يېيىشتۇق. شۇنداق قىلىپ ئىقتىساتچانلىق بىلەن يەپ ، جاپالىق ئىشلەپ ئىقتىساد قىلغان پۇللارنى يىغىپ، يېتىشمىگىنىگە قەرز ئېلىپ، دادام 10 نەچچە مو يەر سېتىۋالدى، ھەمدە كالا،قوي، ئېشەك قاتارلىق چارۋىلاردىن بىر نەچچىنى سېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ھال ـ ئوقىتىمىز بۇرۇنقىغا نىسبەتەن بىر ئاز ياخشىلانغان بولسىمۇ،بىراق يەنىلا قوسىقىمىز ئاشقا تويمايتتى. بىر چاپاننى 3 يىل كىيەتتۇق. يىرتىلىپ كەتسە ياماپ بېرەتتى. يازدا بىرلا كۆڭلەك كىيەتتۇق. ئۇنى ئاچام داۋاملىق ياماپ يۇيۇپ بېرەتتى. ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى كونا كىيىملىرىمىزنى پاكىزە يۇيۇپ، ياماپ كەيدۈرۈپ يانچۇقىمىزغا ئۇژمە قوۋزىقىدا قايىنتىپ پۇشۇرغان توخۇمدىن 2، 3 دىن سېلىپ مىچىت ئالدىدىكى كىشىلەر توپلاشقان يەرگە ئويناشقىلار دەپ چىقىرىپ قويسا بەكمۇ خوشال بولۇپ كېتەتتۇق. چۈنكى شۇ چاغلاردا بىزدىنمۇ نامرات كىشىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ يىل بويى بايلارغىلا ئىشلەپ قوسىقىنى باقالمايدىغان ، يىل بويى ئۇچىسىغا يېڭى كىيىم كىيەلمەيدىغان، ھېيت ـ ئايەملەردىمۇ ياخشىراق تاماق يېيەلمەيدىغان، ھەتتا تىل ھاقارەت، قىيىنچىلىق ئازابىدىن كۈندە بىر سائەتنىمۇ خاتىرجەم ئۆتكۈزەلمەيدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. بەزىلەر تېخى ئۆمۈر بويى بايلارغا ئىشلەپ، ئۆي ـ ماكان، بالا ـ چاقىلىق بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاغرىق ـ سالاق بولۇپ قالسا، ھەق بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۆيىدىن ھەيدەلگەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشقا ئۆي،يېيىشكە تاماق، كىيىشكە كىيىم ـ كېچەك

يوق، ئاچ ـ يالىڭاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇنداقلارنى شۇ ۋاقىتتىكى كەمبەغەللەر ئۆز ـ ئارا يىغىش قىلىپ كېپەنلىك ئېلىپ كىيدۈرۈپ نامىزىنى ئوقۇپ يەرلىكتە قوياتتى. بىز بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگىنىمىزدە شۇ چاغدىكى نامرات ئۆتكەن تۇرمۇشىمىزغا كۈنگە مىڭ قېتىم شۈكۈر قىلاتتۇق.

ئائىلىمىز نامرات بولسىمۇ دادام بىلەن ئانام بەكمۇ تىرىشچان، قانائەتچان بولۇپ، ئائىلىنى پىلانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن باشقۇرغانلىقى ئۈچۈن ئاز يېسەكمۇ، ئاز كىيسەكمۇ تۇرمۇشىمىزنى خوشال ـ خورام ئۆتكۈزەتتۇق. چۈنكى دادام بىلەن ئانامنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، دادام ئانامنى بەكمۇ ئاسرايتتى. ئاناممۇ دادامغا بەك ھۆرمەت قىلاتتى. بىر ـ بىرىنى ئاسرىغانلىقى، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنگەنلىكى ئۈچۈن ئائىلىدە يوقسۇللۇق دەردىنى تارتقاندىمۇ بىر ـ بىرىگە ھەرگىز تاپا ـ تەنە قىلىپ ئۇرۇشمايتتى. ئائىلىمىزگە تويۇقسىز مېھمان كېلىپ قالغان چاغلاردا ئانام قوشنىلاردىن ئۇن ـ كۆكتاتلارنى قەرز ئېلىپ مىزىلىك تاماقلارنى ئېتىپ ئۆيدە بىر نەرسە يوقلىقىنى چاندۇرمايتتى. مېھمانلارنى خوشال ـ خورام ئۇزىتاتتى. ئانام بىلەن دادام بەك خوش ـ خۇي مېھمان دوست بولغىنى ئۈچۈن ئۇرۇق ـ تۇققانلار، قوشنا قولۇملار بىزنى داۋاملىق يوقلاپ تۇراتتى. ئۇلارنى ماددى نەمەتلەر بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك كۈتەلمىسىمۇ ياخشى سۆز ـ ئويۇن كۈلكىلەر بىلەن مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. يىراقلاردىن ئۇرۇق ـ تۇققان ياكى تونۇش ـ بىلىشلەر قونۇغا كەلسە، مەھەللىمىزدىكى قوشنا قولۇملارنى چاقىرىپ «مەشرەپ» قىلىپ بېرىپ دەررە ئويۇنى، چىنە، چىلىم ئويۇنى، ئارغىماق ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىپ ئۇلارنى چەكسىز خوشال قىلىۋېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇق ـ تۇققان، خوشنا قولۇملار بىزنىڭ ئۆيگە كېلىشكە بەكمۇ ئىنتىلەتتى. قوناق ئوتىغى ، قوناق سويۇش مەزگىللىرىدە يۇرت

مەھەللىدىكىلەر ئۆزلىكىدىن كېلىپ ياردەملىشەتتى. ئانام خەلق ناخشىلىرىغا بەك ئۇستا بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرتىدىن كەچكىچە ناخشا ئېيتىسىمۇ چارچىدىم دىمەيتتى. ياردەمگە كەلگەنلەرمۇ ھېرىپ ـ چارچىغانلىقىنى ھېس قىلماي تاكى ئىش تۈگىمىگىچە ئۆيلىرىگە قايتمايتتى. دادام بولسا ئۇسۇل ئويناشقا، تاھىر ـ زۆھرە، بوز يىگىت، چىم ـ چىمى باتۇر دىگەنگە ئوخشاش خەلق چۆچەكلىرىنى قوشاق ناخشىلىرى بىلەن ئېيتىشقا بەك ئۇستا بولغانلىقتىن قوناق سۈيۈشقا كەلگەنلەر يېرىم كېچىگىچە دادامنىڭ ئېيتقان چۆچەكلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئاڭلاپ ياش تۆكۈپ يىغلاپ كېتەتتى. ئاخىرىدا ئانام مىزىلىك تاماقلارنى ئېتىپ ئۇلارنى مېھمان قىلىپ ئۇزىتاتتى.

دادام بىلەن ئانامنىڭ ئويۇن ـ تاماشىنى ياخشى كۆرۈشى تۇرمۇشتا باياشات، خاتىرجەم بولغانلىقىدىن ئەمەس بەلكى ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارنى خوشال قىلىش ئۈچۈن ئىدى. بەزىدە مەن ئانام بىلەن دادامغا ئۆيدە بار نەرسىلەرنى مېھمانغا قويۇپ ئۆزىمىز ئاچ ـ توق يۈرگىچە بارنى ئۆزىمىز يەپ، ئىشىنىمۇ ئۆزىمىز قىلساق بولمامدۇ دىسەم، ئانام «ھەممىمىز ئادەم بىلەن ئادەم، دوستى يوقنىڭ سۆزى يوق، يالغۇز قوينى بۆرە يەيدۇ، بۇ دۇنيادا يېتىم ـ يالغۇز ياشىغاندىن كۆرە، گۆرگە كىرىپ يالغۇز ياتقان ياخشى»دەيتتى. دادام : «مېھماننىڭ رىسقىنى خۇدايىم بېرىدۇ. مېھمان كەلگەندە يوق دەپ زارلىنىپ مېھماننىڭ يۈرىكىنى ئاغرىتقاندىن كۆرە بارنى قويۇپ بىر مىنوت خوشال ـ خورام ئۇزاتساڭ ئۇلارمۇ رازى بولىدۇ ، بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى» دېگەن سۆز بار ئەمەسمۇ؟ سىز ئۆزىڭىزنى ئەر بىلسىڭىز، باشقىلارنى شىر بىلىشىڭىز كېرەك. بولمىسا سىزنىڭ باشقىلار ئالدىدا ھېچ قانداق ئىززىتىڭىز بولمايدۇ. ئۆزى يەپ ـ ئۆزى ئىچىپ ھېچ كىم بىلەن ئارىلاشمىسىڭىز، سىزنىڭ بېشىڭىزغا كۈن چۈشسە ھېچ

كىشىنىڭ سىز بىلەن كارى بولمايدۇ، ئۆلۈپ تارتىپ قالسىڭىز جىنازىڭىزنى كۆتۈرۈپ، ئاپىرىپ كۆمۈشكە ئادەم چىقمايدۇ دەپ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى سۆزلەپ بەردى، دادام بىلەن ئانامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مەنمۇ ئىككىنچى ئۇنداق سۆزلەرنى قىلمايدىغان بولدۇم.

دادام بىلەن ئانام ئەنە شۇنداق مېھمان دوست، كۆڭۈلچەك بولغىنى ئۈچۈن ئۇرۇق، تۇققانلار، يۇرت مەھەللىدىكىلەر ئۆلۈم ـ يېتىم بولغان ئۆيلەرگە ئايرىپ قويماي چاقىراتتى. دادام بىلەن ئانام ئالاھىدە دوستۇرخان تەييارلاپ چاقىرغان ئۆيلەرگە ئادەمگەرچىلىك قىلىپ باراتتى. قايتقاندا ئۇلارنىڭ بىزلا ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان ئاش ـ گۆش، تاتلىق ـ تۈرۈم نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېلەتتى. مەن ئۇكىلىرىم بىلەن ئۇنى ئىشتىھالىق بىلەن يېيىشەتتۇق.

دادام بىلەن ئانام تائەت ـ ئىبادەتنىمۇ قولدىن بەرمەيتتى. ئانام كېچىدە تۇرۇپ ئۇچاققا ئوت يېقىپ دادامنىڭ تەرەتتىگە سۇ تەييارلاپ بېرىش بىلەن ئۆزى تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكەت شۈكۈر نامىز ھەم بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن خۇدايىمدىن يۇرتقا ئامانلىق، پادىشاھ، ئەمەلدارلارغا ئىنساپ ـ تەۋپىق تىلەش بىلەن پەيغەمبەر، ئەۋلىيالارنى شېپى كەلتۈرۈپ يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇنايى ـ كىبىرلىرىنى كېۋېتىشنى ،دوزاخ ئازاۋىدىن ساقلاپ، جەننەت ئاتا قىلىشنى، ھەمدە بىزلەرنىڭ ۋە ئۇرۇغ تۇققانلارنىڭ ئامان ئىسەن بولۇشىمىزنى، رىسقىمىزنىڭ كەڭرى بولۇشىنى، دۇشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستى، قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتلىرىدىن، ئۆز دەرگاھىدا ساقلىشىنى تىلەيتتى.تۇنەك ئايلىرىدا بىر كېچە ئۇخلىماي، مەھەللىدىكى ئاياللار بىلەن يىغىلىپ دۇئايى ـ تەلەپ قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئەجداتلارغا جەننەت ئاتا قىلىشنى تىلەپ بىر كېچە ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن

ئەجداتلارنىڭ روھىغا ئاتاپ «ياغ» پۈرۈتۈپ پوشكال سېلىپ تۇپراق بېشىغا ئېۋەتىپ خەتمە ـ قۇرئان قىلدۇراتتى. دادام كۈندۈزى ئىشلىسىمۇ كېچىسى سەھەر تۇتۇپ مەچىتكە بېرىپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى بىر كۈنمۇ تەرك قىلمايتتى.

1936 ـ يىللىرى بولۇشى مۇمكىن ماخوسەن ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ياش باللارنى مەجبۇرى ئەسكەرلىككە تۇتۇشقا باشلىدى، يېزىلاردا ھەر بىر 3 ئائىلىگە بىردىن ئەسكەر ئالۇنىڭى قويىدى. يېزىدىكى ياشلار ئەسكەرلىككە تۇتۇۋېلىشتىن قورقۇپ يىراق ناھىيە، يېزىلارغا قېچىپ كەتتى؛ يېزىدا پەقەت قېرى ـ چۈرىلەر قالغىنى ئۈچۈن تېرىغان زىرائەتلەرنى ئوتاش، يىغىشقا ئادەم يوق زىرائەتلەر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ مەھسۇلات كەملەپ كەتتى. بىزنىڭ ئائىلىدىكى دادامنىڭ ئىككى شاگىرتى توخسۇن ئاخۇن، راۋۇت ئاخۇنلارمۇ نەلەرگىدۇ ئاللاچاقان قېچىپ كېتىشكەن ئىدى، دادام، ئانا، سايىم ئاخۇنىمۇ جاڭگىلەسكىدىكى ئاچىسىنىڭ قېشىغا قاچۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئائىلىمىزدە بىز تېخى كىچىك بولغىنىمىز ئۈچۈن دېھقانچىلىق ھەم ئائىلە ئىشلىرى دادام بىلەن ئانامغا قالغىنى ئۈچۈن دادام بىلەن ئانام كۈندۈزى دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولسا كېچىسى دادام خام توقۇش بىلەن ئانام چاق ئىگىرىش (يىپ ئىگىرىش) بىلەنلا بولۇپ بەكمۇ جاپا تارتتى.

ئاكام سايىم ئاخۇن جاڭگىلەسكىگە بارغاندىن كېيىن يۇرت ئىچىدە ئاشكارا يۈرۈشتىن قورقۇپ دادامنىڭ ھەدىسى رەۋەخان ئاچامنىڭ ئېرى سېيىتئاخۇن موللامنىڭ جاڭگالدىكى يەرلەرنىڭ ئورۇش، ئوتاش، سوغۇرۇش ئىشلىرىگە ياردەملىشىپتۇ،كەلسىمۇ كېچىسى كېلىپ تاماق يەپ، يەنە كېچىدە كېتىدىكەن. سېيىت ئاخۇن مۇللام ئەسلى خوتەنلىك بولۇپ دادامنىڭ دادىسى موسا ئاخۇن دېگەن خېلى ئاتاغلىق تېۋىپ بولغانلىقى ئۈچۈن

داۋالانغىلى كېلىپ كېسەللىكى ساقايغاندىن كېيىن چوڭ دادام موسائاخۇننىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قېلىپ دادامنىڭ ھەدىسى رەۋەخان ئاچام بىلەن توي قىلىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن قاغىلىق جەڭگىلەسكىگە بېرىپ بىنام ئېچىپ خېلى كۆپ يەرلەرنى ئىگەللەپ باي بولۇپ قالغان ئىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ قۇربان ئاخۇن، شېرىپ ئاخۇن، مەمەت سالىمە قارىم، سۇلايمان قارىم، مەمەت ئېلى ئاخۇن قاتارلىق 5 ئوغۇل بىر قىزى بولۇپ بۇ ئوغۇللارنىڭ بالىلىرى ئاكام سايىم ئاخۇن بىلەن تەڭداش بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يەر، ھويلا، 60،50 مودىن يەر، ئوتاقچىلار بولغانلىقتىن ئۇلارغا كەلگەنئەسكەر ئالوۋىڭغا پۇل تۆلەپ بالىلىرىنى ئەسكەرلىككە بەرمىگەن ئىكەن، شۇڭا ئۇلارگە ھېچ كىم چىقىلمايدىكەن، ئۇكام جانىئەسكىدە 20 ئايدەك تۇرغان بولسىمۇ، ئۆز يۇرتىمىزدا مۇناپىق بايلار دادامنىڭ ئاكامنى قاچۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئەسكەر تۇتۇشقا كەلگەن دۇغا، بايلارغا چېقىپ قويۇپ نەتىجىدە دادامنى بالاگنى بېرەمسەن يوق دەپ قېيىن ـ قىستاققا ئېلىپ ئۇرۇپ ئازاپلىغانلىقتىن دادام ئازاپقا چىدىماي ئاكامنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئەسكەرلىككە بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بىر كېچىدە ئاكامنى تويۇقسىز تۇتۇۋېلىپ قولنى باغلاپ ناھىيىگە ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن دادام بىلەن ئاتام تاماق، نانلارنى كۆتۈرۈپ ئاكامنى يوقلاپ بارماقچى بولغاندا مەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئاكام قېتىغا باردىم. ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالغانلارنى بىر دەڭنىڭ ئىچىگە سولاپ دەرۋازىنى ئېتىپ يامۇلنىڭ يايلىرى ئىشىكنى بېقىۋاتقان بولۇپ ھەر قانداق ئادەمنىڭ كىرگۈزمەيدىكەن، دادام بىر تونۇش بايغا يالۋۇرۇپ، ئاكامنىڭ ئېلىپ بارغان نەرسىلىرىنى تۇتقۇزۇپ مېنى كىرگۈزۈۋەتتى. ئاكام بىر ئۆيدە ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان بىر نەچچەيلەن بىلەن يىغلاپ ئولتۇرغانئىكەن. مېنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇتۇپ دادام بىلەن ئانامنىڭ ۋە ئۇكىلىرىمنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، مەن ئۇلارنىڭ ياخشى تۇرغانلىقىنى دادام

بىلەن ئانامنىڭ كەلگەنلىكىنى لېكىن كىرگۈزمەي ئىشىك تۈۋىدە قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئانام دەرھال دەرۋازا تۈۋىگە بارغان بولسىمۇ، ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن كۆرەلمىدى، ھەمدە دادام ئىشىك باققۇچى يايىلەرگە مېنى تونۇشتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن مەن سىرتقا چىقىپ دادام بىلەن ئانامغا خەۋەر قىلدىم، ئۇلار مىڭ تەسلىكتە دەرۋازىغا يېقىن كېلىپ ئاكامنى كۆردى، ئۇلار يىراقتا تۇرۇپ كۆز يېشى قىلىشتى. بىر ـ بىرىگە ئېسىلىپ يىغلىغۇسى بولسىمۇ ئامال يوق يىراقتىن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى. شۇ پەيتتە نەدىن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقمىدىم، ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قولى باغلانغان 10 دەك ياشنى دەرۋازا ئىچىگە ئەكىرىپ ئۇلارنىمۇ سولاشتى. دەرۋازا ئالدى ۋە ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىق بىر ئاز بېسىققاندىن كېيىن مەن دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ ئاكام سولانغان ئۆيگە قارىسام ئالدىراپ تېنەپ بىر نەچچە سەتراچ ئۇلارنىڭ ساقال ـ بۇرۇتىنى چۈشەرگىلى تۇرۇپتۇ، مەن ئاكامغا بۇنداق قىلسا يامان بولامدىغاندۇ دىسەم ئاكام يامان بولىشى بىلەن ئۇلارنىڭ نىمە كارى، كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنىڭ يېشى چوڭ بولسىمۇ، ساقال ـ بۇرۇتىنى چۈشۈرۈپ ياش قىلىپ كۆرسىتىپ، ئەسكەرلىك تىزىم دەپتىرىگە يازدى، باي ياكى بىر قىسىم پۇلى بارلاردىن پۇل پارا ئېلىپ ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى قېرى ياكى كېسەل دەپ چىقىرىۋاتتى، ماخوسەن ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەنلىكى بىلەن يەنىلا سالىدىغان زۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى بىزگە سېلىۋاتىدۇ. ھازىر ھەممىنى دىن ـ شەرىئەت بىلەن ئەمەس پۇل بىلەن ئۆلچەۋاتىدۇ:«پۇلى بارلارنىڭ گېپى ئوڭ پۇلى يوقلارنىڭ گېپى توڭ» دېگەن تەمسىل بەك توغرا ئىكەن دىدى، مەن ئاكامنىڭ قېشىدا بىرەر سائەتتەك ئولتۇرۇپ قايتىپ چىقىپ دادام، ئانام بىلەن ئۆيگە كەتتۇق، دادام بىلەن ئانام كۈنىگە بولمىغاندا 2 كۈندە بىر قېتىم مېنى بىللە ئېلىپ كېلىپ ئاكامنى يوقلاپ تۇردى، بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن

ئەسكەرلىكتە تۇتۇلغانلار كۆپ قىسمىنى يەكەن، قەشقەر تەرەپلەرگە يۆتكەپ كېتىپ ئاكام بىلەن 30 دەك ياشنى پوسكام يەرلىك ساقچىدا ئېلىپ قاپتۇ، ئۇلارنى ئەتىگىنى 2 سائەتتەك مەشىق قىلدۇرۇپلا، باشقا چاغلاردا خۇمدانىغا كېسەك توسۇشقا سالدىكەن. شۇندىن كېيىن دادام ئانىلار كەلسە بىرەر سائەت قېشىدا ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشقا رۇخست قىلىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاكام 1936 ـ يىلى كۈزدىن 1937 ـ يىلى كۆزگىچە قەدەر بىر يىل ئەسكەرلىكتە تۇردى. ئۇلار مەشىق ئۆگۈنۈش، ئەمگەك قىلىشتىن باشقا ھېچ قانداق ئىشقا قاتناشمىدى.

ئاكام ئەسكەرلىكتىن ئازات بولغان ۋاقىت نەق ماخۇسەننى يوقۇتۇلۇپ شىڭ شىسەينىڭ سوراۋاتقان ۋاقتى ئىدى، ئۇ مەزگىلدە ئەسكەرلىكتىن قويۇۋېتىلگەنلەرگە «ئەسكەرلىكتىن ئازات قىلىندى» دېگەن خەت بەرگەن ئىكەن. بۇ خەتنى دادام خېلى ئۇزۇن ساقلىغان ئىكەن. مەن چوڭ بولۇپ خەت تونۇغىدەك بولسامىمۇ بۇ خەت باركەن.

ئاكام ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ كەتكەن مەزگىللەردە، دادام بىلەن ئانام ، ئاكامنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ياخشى قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن يەردىن چىققان مەھسۇلات يېرىم ھەسسە كېمىيىپ كەتتى. دادام بىلەن ئانام كۈندۈزى ئېتىزدا ئەمگەك قىلسا، كېچىسى يېرىم كېچىگىچە يىپ ئېگىرىپ خام توقىسىمۇ يەنىلا بىزنىڭ كۈنىمىز نامرات ئۆتتى.

دادام بىلەن ئانام كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ تۇرۇپمۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك سەھەر تۇرۇپ دۇئا ـ ئىبادەتنى قولدىن بەرمەي پادىشاھلارغا ئىنسانپەرۋەر، يۇرتقا ئامانلىق، بىزلەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيتتى. مەن بۇنى كۆرگەندە ناھايىتى كۆپ ئويلىناتتىم، مەن داۋاملىق دادام بىلەن ئانامنىڭ نالە ـ ئەرزلىرىنى ئاڭلايتتىم، لېكىن بىزنىڭ كونىمىز ياخشى بولۇش ئۇياقتا

تۇرسۇن بەلكى بىر بالايى ـ ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ ئەمدى ئۇھ ! دەپ بولغىچە يەنە بىر بالايى ئاپەت يېتىپ كېلەتتى،بەلكى بايلار باي پېتىچە غادىيىپ يۈرىۋېرەتتى . كەمبەغەللەر بولسا تېخىمۇ ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، بەلكى بالايى ـ ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسىلا بىز كەمبەغەللەرنىڭلا بېشىغا كېلەمدىغاندۇ؟ «بىز كەمبەغەللەرنىڭ ئاھۇ ـ زارى خۇدانىڭ دەرگاھىغا يەتمەيۋاتامدىغاندۇ، زادى بۇنىڭ سەۋەبى نىمىدۇ» دەپ دائىم ئويلاپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. بىر كۈن ئېغىكىمنى تۇتۇپ يەنە شۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرسام؟دادام ماڭا قاراپ:«بالام سەن كىچىك تۇرۇپ ئېغىكىڭنى تۇتۇپ غىرىپلىقنى تىلەپ نىملەرنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ؟» بىز تېخى ھايات تۇرساق ساڭا ئۇنچىلا غەم ـ غۇسسە قىلىش نىمە كەپتۇ دىدى. مەن ھېچ نىمە ..... دەپ بولۇپ، مەن بىر ئىشنىڭ تېگىگە ھېچ يېتەلمەيۋاتىمەن دىسەم، دادام نىمىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىڭ دىدى؟ مەن بىردەم جىم ئولتۇرۇپ قېلىپ ئاندىن مۇنداق دىدىم، خۇدا ھەممە بەندىلىرىنى ئوخشاش ياراتقان تۇرسا، نىمە ئۈچۈن بەزىلىرى باي بەزىلىرى كەمبەغەل بولۇپ قالىدۇ؟ كەمبەغەللەر ئاچ ـ يالىڭاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتسا، بايلار ئاشلىرىنى يەپ بولالماي ئورىدا كۆمۈپ سېتىپ، ئورىدا بۇزۇلغان ئاشلىقنى كەمبەغەللەرگە جازانىغا بېرىۋاتىدۇ، بايلار كىيىملەرنى كىيىپ بولالمايۋاتىدۇ، كەمبەغەللەر كىيەي دىسە كىيىم يوق، بەزىلىرى قىشتا توڭلاپ ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ، خۇدايىم ھەممىمىزنى ئوخشاش ياراتقان تۇرۇپ نىمە ئۈچۈن ئوخشاش كۈن كۆرەلمەيمىز؟ دىسەم بۇنى ئاڭلىغان دادام كۈلۈپ كېتىپ، سەن كىچىك تۇرۇپ نىملەرنى ئويلاپ كەتكەنسەن، ئۇنداق ئويلىساڭ يامان بولىدۇ، خۇدايىمنىڭ ئەمرى ـ پەرمانىسىز بىر قىلمۇ تەۋرىمەيدۇ، خۇدايىم بەندىلىرىنى يارىتىشتا ئوخشاش ياراتقان، لېكىن بەزىلەرنىڭ رىسقىنى چوڭ، بەزىلەرنىڭ رىسقىنى كىچىك ياراتقان، بۇ دۇنيادا نامرات تۇرمۇش ئۆتكۈزسىمۇ خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر

قىلىپ، ھارام يېمەي، خۇداغا تائەت- ئىبادەت قىلىپ، دىيانەت بىلەن پاك ياشىغانلارغا خۇدايىم جەننەت ئاتا قىلىدىكەن، بىزنىڭ كىچىلىرى ئوخلىماي تائەت ـ ئىبادەت قىلىشىمىز ياراتقان ئاللانى سېغىنىش، ئاللادىن ئۆزىمىز ۋە سىلەرنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈشىمىزنى تىلەشتىن ئىبارەت. ھەقىقەتەن خۇدايىم ھەممىمىزنى ئوخشاش ياراتقان، لېكىن «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارىلىشىڭ ئۆزەڭدىن» دېگەن. يەنە ئۇلۇغلار«سەۋەپ قىلساڭ، سۆۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن. بۇنى خۇدايىم ئوخشاش ياراتقان بولسىمۇ، بىزنىڭ باي ـ نامرات بولۇپ قېلىشىمىزدا ھەر خىل سەۋەپلەرمۇ يوق ئەمەس، بەزىلەر جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، ئائىلىسىنى تىرىشچانلىق ـ ئىقتىسادچانلىق بىلەن باشقۇرۇپ، تاپقىنىنى بۇزۇپ چاچماي، يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماي پاك ـ دىيانەتلىك بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن كۈندىن ـ كۈنگە روناق تاپقان، ئەكسىچە بولغانلار ئەسلىدە باي ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسىمۇ، بارغانسېرى نامراتلىشىپ كەتكەن، بەزىلەر ئۆز ھوقوقىغا تايىنىپ يەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى كۆپ ئىگىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تايىنىپ كەمبەغەللەرنى ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ قان ـ قەرزى ھېساۋىغا باي بولىۋالغانلارمۇ ئاز ئەمەس. بەزىلەرنىڭ ئائىلىسىدە ئەمگەك كۈچى بولمىغانلىقى ياكى تۇرلۇك تەبىئى ئاپەتلەرگە ئۇچراپ كەمبەغەل بولۇپ قالغانلارمۇ بار. بەزىلەرنىڭ ئەسلىدە يەر ـ زېمىنلىرى كۆپ، تۇرمۇشى باياشات بولسىمۇ، ئۇنى بۇزۇپ چېچىپ ھورۇنلىق قىلىپ ياخشى ئىشلىمىگەنلىكى ئۈچۈن نامراتلىشىپ كەتكەن.

لېكىن بۇ دۇنيادىكى بايلىق- نامراتلىق مەڭگۇ بولمايدۇ، ئىنسانلارنىڭ باي ـ كەمبەغەل بولۇشى خۇداغا بولغان ئېتىقادى، ئۆز كەسپىگە بولغان ئىخلاسمەنلىكى، غەيرەت ـ شىجائىتىگە

باغلىق بولىدۇ. بىز ئىنسانلار مەيلى باي ، مەيلى كەمبەغەل بولايلى يارىلىشتا ئوخشاشلا تۇپراقتىن يارىتىلغان ئىكەنمىز يەنە ئوخشاشلا تۇپراققا كۆمۈلىمىز. دەپ گەپنى ئاخىرلاشتۇردى.

مەن نىياز دادام بىلەن ئانامغا بۇ يۇرتتىكى بايلار بەك ئەسكى ئىكەن، بىز باشقا يۇرتقا كەتسەك كۈنىمىز ياخشى ئۆتەمسۇ؟ دىسەم دادام كۈلۈپ قويۇپ بالام ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى 4 بولىدۇ، ھەممە جايدىكى قاغىلارنىڭ ھەممىسى قارا، ھەممە جانگالنىڭ بۆرىلىرى ئوخشاشلا ۋەھشى ئادەم يەيدۇ. بىز باشقا يۇرتقا قېچىپ بېرىپمۇ ھەممە جاھاننى كۆرگەن، ھەتتا بىر تۇققان ئاچامنىڭ قېشىغا بېرىپمۇ ئۇنىڭ ئېرىنىڭ زۇلمىدا نىمە كۈنلەرنى كۆرمىدۇق. ئاچام بىزگە كۆپ ياردەملەرنى قىلغان بولسىمۇ، بىز يەنىلا بىر ئۆي، بىر پارچە يەرگە ئىگە بولالماي ئاخىرى ئۆز يۇرتىمىزغا قايتىپ كەلدۇق. خەقنىڭ يۇرتىدا ئۆي - ماكانسىز قۇل بولۇپ ئىشلىگۈچە ئۆز يۇرتىمىزدا تاپقىنىمىزنى يەپ مۇستەقىل تۇرمۇش ئۆتكۈزگىنىمىز ياخشى دەپ مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ سەن كىچىك تۇرۇپ مۇشۇنچىلا ئىشلارنى ئويلاپ كېتىپسەن، سېنىڭ كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، بىزگە ئىچىڭ ئاغرىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋاتىسەن، كىچىك تۇرۇپ بىزگە كۆيۈنگىنىڭگە رەھمەت بالام دەپ پېشانەمگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ يەنە مۇنداق دىدى.

«بالام سەن مەيلى قەيەردە بولما، تەر تۆكۈپ ياخشى ئىشلىسەڭ، تاپقىنىڭنى بۇزۇپ چاچمىساڭ، ھالال ئىشلەپ، ھالال يىسەڭ، راھەت - پاراغەتكە ئېرىشكەندە، بۇزۇپ - چاچمىساڭ، ئاپەت كەلگەندە ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمەي ئۈمۈدۋار بولساڭ، نىيىتىڭ دۇرۇس، قىلغان ئىشىڭ دۇرۇس بولسا، خۇدايىم مەخسەت - مۇرادىڭغا يەتكۈزىدۇ، دىگەندىن كېيىن ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلەرنى سۆزلەپ مۇنداق دىدى:

ئەسلىسەم مەن دادامنىڭ گۈلدەك يۈزىنى،ئۆتمۈشنى ئەسلەپ قىلغان سۆزىنى.
سۆزلىگەندە كۆزىدىن ئاققان يېشى،بايان قىلاي سىزلەرگە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشىنى.

## 2. دادامنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

دادامنىڭ ئاتىسى موسا ئاخۇن دېگەن كىشى بولۇپ، نامى چىققان ئۇستا تۆمۈرچى ئىكەن، ئۇ بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق قىلىپ يەنە بىر تەرەپتىن تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغاچقا، چەت ناھىيىدىكىلەرمۇ ئىزدەپ كېسەل كۆرسىتىدىكەن، ئۇ چاغلاردا دادام كىچىك ھەم يالغۇز ئوغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن دادامنى بەك كۆيۈنۈپ چوڭ قىلغان ئىكەن، دادامنىڭ رەۋىخان،سانىخان دېگەن ئىككى ئاچىسى بولۇپ ئۇلارنى ياتلىق قىلغاندىن كېيىن دادامنى باپكارچىلىق ھۈنەرگە بېرىپ خام توقۇشنى ئۆگۈتۈپتۇ، دادام بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشسە يەنە بىر تەرەپتىن باپكارچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇشىمۇ ئادەتتە يامان ئەمەس ئىكەن. بوۋام موسا ئاخۇن كۆزىنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا بالامنى ئۆيلۈك ئوچاقلىق قىلىپ قوياي دەپ دادامنى ئۆيلەپ قويۇپتۇ، دادام بۇ ئائىلىدە ئەركى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن بوۋام ئېلىپ بەرگەن ئايالى بىلەن تۇرمۇشتا چىقىشالماي يەنە بىر نەچچە ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپتۇ. ئاخىرى دادام ئاخىرى ئاكام سايىم ئاخۇننىڭ ئانىسى بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن دادامغا باشقا ئۆي تۇتۇپ بېرىپ باشقا ئۆيگە چىقىرىپ قويۇپتۇ، شۇ چاغلاردا بوۋام موسا ئاخۇن 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتۈپ، دادام چوڭ ئانام بەيىنىخان بىلەن قىلىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن چوڭ ئانام بەيىنىخاننى دادامنىڭ ئاچىسى رەۋىخان جاڭگىلىسىكىگە

ئېلىپ كەتكەن ئىكەن. دادام موساخۇن بوۋامدىن قالغان يەر-زېمىنلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق قىلىپ يەنە بىر تەرەپتىن خام توقۇپ جاپالىق ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن تۇرمۇشىمۇ يامان ئەمەس ئۆتۈپتۇ. ئاكام سايىم ئاخۇننىڭ ئانىسى 5 بالا تۇققاندىن كېيىن 4 بالىسى ئۆلۈپ كېتىپ ئاكام سايىم ئاخۇن قاپتۇ، كېيىن ئاكامنىڭ ئانىسى كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ دادام ئاكام بىلەن قالغاندىن كېيىن مېنىڭ ئانام مەسۇمخان بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ئىكەن.

شۇ ۋاقىتلاردا پوسكام ناھىيەسى ناھىيە بولماستىن بىر بەگلىك ئورۇن بولۇپ ئۇنى مەتنىياز دېگەن بىر «زوڭ» بەگ باشقۇرغان بولۇپ ئۇنىڭ قارمىقىغا 5 كىچىك بەگ بار ئىكەن، مەتنىياز بەگنىڭ ھەر قايسى بەگلىكلەردە يەر - زېمىنلىرى بولۇپ ئۇنىڭغا مەخسۇس ئاقساقاللار قويۇلغان ئىكەن، ئۇلار بەگنىڭ يەرلىرىنى تېرىش، يىغىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ شۇ كىچىك بەگلىكلەر قارمىقىدىكى دېخانلارنى ھەقسىز ئىشلىتىدىكەن، كۈزدە يەردىن چىققان مەھسۇلاتنى زوڭ بەگنىڭ ئامبارلىرىغا تاپشۇرىدىكەن. دېخانلاردىن ئالغان، باج، سېلىقلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزلىرى ئىگەللىۋالغاندىن باشقا، قالغان بىر قىسمىنى خوتەن، قارغىلىقتىن يەكەنگە بارىدىغان ئەمەلدارلارنى مېھمان قىلىپ، سوغات بېرىپ قالدىسىنى يەكەننىڭ ئامبىلىغا تاپشۇرىدىكەن، ئەسلىدە مەتنىياز بەگ زوڭ بەگ ئەمەس كىچىك ۋاڭ ئىكەن، ئۇنىڭ مەخسۇس كاتىپ، مەسلىھەتچىلىرى، ساقچىلىرى بولۇپ بىر يەرگە بارسا ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭىدىكەن. ئۇ ۋاڭلارغا ئوخشاش ئۇزۇن چاچ قويۇپ، ئەمەلدارلىق ئۇنۋانى تاقالغان باش كىيىملىرىنى كىيىپ چوڭ ئىشلار ئۈستىدە ئۆزى بىۋاستە ھۆكۈم چىقىرىدىكەن، ئۇنىڭ سۆزىنى ھېچكىم رەت قىلالمايدىكەن.

دادام شۇ ۋاقىتلاردا خەلقنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن يوقارقى ئون[1] (شاڭ ئەرشاڭ) كەتتىنىڭ كۆكبىشى (سۇ تەخسىم قىلغۇچى) بولۇپ ئىشلەپ خەلقنىڭ خېلى ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدىكەن. بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن «خان يىقىلدى جاھان بۇزۇلدى»[2] دېگەن گەپلەر بولۇپ ئوغۇرلۇق، بۇلاڭچىلىق كۆپىيىپ جاھان مالا - ماتاڭ بولغان ۋاقىتلاردا دادام ھېلىقى كۆكبېشىلىقتىن ئىستىپا بېرىپ دېھقانچىلىق ھەم خام توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەندە ئانام ئېتىمز - ئېرىق ۋە ئۆي ئىشلىرىغە ياردەملىشىشكە ئەكىرگەن ئاشخان دېگەن ئايالنى ئانامنىڭ رازىلىقى بىلەن نىكاھىغا ئاپتۇ، بۇ ئايالنىڭ ھېچ قانداق ئۇرۇق توققىنى يوق بولغىنى ئۈچۈن دادام بىلەن ئانام بۇ ئايالغا ياخشى قارىغان ئىكەن. بۇ ئايال بويىرۇغان ئىشنى قىلالىسىمۇ، كاللىسى ياخشى ئىشلىمەيدىكەن. بىر كۈن دادام خام توقۇيدىغان ئۆيگە كىرسە خام توقۇيدىغان دوكاننىڭ بىر تال توغرى ياغىچى سونۇق تۇرغۇدەك، دادام بۇ ئايالدىن بۇنى كىم

سۇندۇرۇدى دىسە، مەن ئوخمايمەن دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ، دادام سەن مۇشۇ ئۆيدە ياتىدىغان

تۇرساڭ، نىمىشقا ئوقمايسەن دىسە، كىچىدىن مەتنىياز ئاخۇن تىڭلۇكتىن ئۆيگە كىرگەن ئىكەن، دەسسەپ سۇندۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپتۇ، دادام بۇ ئايالنى تىللاپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپ شۇ چاغدىكى ئاتالمىش يۇرت چوڭلىرىغا «مەتنىياز دېگەنگە نەسىھەت قىلىپ قويۇڭلار، مېنىڭ ئۆيۈمگە كىچىدە ئوغۇرلۇقچە كىرىپتۇ» دەپ ئېيتسا، ئۇلار ھېلىقى مەتنىياز دېگەنگە تەھدىت سېلىپ پۇل تۆلەشنى ئېيتقان ئىكەن، ئۇ ئادەم قورقۇپ كېتىپ كىچىدە بىزنىڭ سامانلىقىقا كىرىپ ئۆزىنى

---

① «يوقارقى ئون» ــــ «يوقارقى ئون تۈتۈن» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.

② شىنخەي ئىنقىلابى بولغان يىللار 1911 - يىللىرى بولۇشى مۇمكىن .

ئىسسىپ ئۆلىۋاپتۇ، دادام ئەتىتىگىنى ئۇلارغا ھەلەپ ئىتىپ بىرىش ئۈچۈن سامانلىقتا سامانغا كىرسە، سامانلىقتا بىر ئادەم قاراپ تۇرغىدەك، دادام ئۇ ئادەمگە گەپ قىلسا جىم تۇرغىدەك، قىشقا بارسا ئىسسىقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قايتىپ چىقىپ يۇرت - جوڭلىرىغا خەۋەر قىپتۇ، بۇنى ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا ئانىسى ئاڭلاپ تاش - توخماقلارنى كۆتۈرۈپ «مىنىڭ بالامنى سەن ئۆلتۈرۈپسەن، قانغا - قان، جانغا - جان ئالىمىز» دەپ ئەتىگەندە باشقىلار بۇ ئىشنى يامۇلغا خەۋەر قىلدۇق، شۇلار بىر تەرەپ قىلىدۇ دەپ تورىۋاپتۇ، شۇ ئارىلىقتا دادامنىڭ ئاچىسىنىڭ ئىرى مەمتىلى ساراڭ قاتارلىق ئاتالمىش يۇرت چوڭلىرى دادامغا يامۇلدىن ئەمەلدارلار چىقىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى قارشى ئىلىش يۈزۈسىدىن دەرەخلەرگە قىزىل لاتا باغلايسەن، قىزىل رەخت ئىلىشقا پۇل بىرىسەن دىگەندە دادام مىنىڭدا پۇل يوق دىسە دادامنىڭ نامىدا جازانىخور گاڭگىۋاي دىگەن ھىندىدىن ئۆسۈمنى تۆلەش شەرتى بىلەن قەرىز ئىلىپ ئاز قىسمىغا قىزىل رەخت ئىلىپ چاچاڭ (لوزۇڭغا ئوخشاش نەرسە ئىكەن) باغلىغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمىنى چۆنتىكىگە سىلىپ دادامدىن ھۆججەت ئىلىۋاپتۇ، دادامنىڭ ئۇنى سورۇشتۇرگىدەك ۋاقتى بولمىغانلىقتىن ھۆججەتكە قول بىسىپ بىرىپتۇ. بىر چاغدا يامۇلدىن قارا باش كىيىمى كىيگەن 3 ئەمەلدار 3 نەپەر چىرىك چىقىپ دادامنىڭ يۇت - قوللىرىغا كويزا - ئۇشكەل سىلىپ، نەخ مەيداننى تەكشۈرۈپ مەتنىياز دىگەننى يەللەپ (ھاراق بىلەن يويۇپ) بەدىنىدە نەچچە زەخمە چىلىقتۇرالمىغان بولسىمۇ، دادامنى قىستاپ سوراق قىلىپ پاكىت تاپالمىغاندىن كىيىن قاماپ تۇرۇپ ئىنىقلايمىز دەپ يامۇلغا ئىلىپ كىتىپتۇ. بۇ چاغدا دادام - ئانامنىڭ ئۇرۇق تۇققانلىرى يىغا - زارى قىلىپ قاپتۇ، ھىلىقى ئاتالمىش يۇرت چوڭلىرى، دادامنى كۆرەلمەي يۇرگەن ئادەملەر كۆرۈنۈشتە ئىچىنى ئاغرىتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە

خوشال بولۇشۇپتۇ. دادامنىڭ ھەدىسىنىڭ ئېرى مەمتىلىۋاي دېگەن كىشى ھەممىگە ئىگە بولىۋېلىپ «نىياز ئاخۇننىڭ قەرزىگە تۆلەيمىز دەپ ئۆيدىكى مال ، كالا، كىگىزدىن تارتىپ، قازان چۆگۈنگىچە ھەممىنى ئېلىپ كېتىپتۇ، ئاكام سايىم ئاخۇننىمۇ ئۇزۇم خەۋەر ئالىمەن دېگەن بانا بىلەن ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ مال بېقىشقا سېلىپتۇ. ئانام ھېچ نەرسە يوق قۇرۇق ئۆيدە يىغلاپ - قاقشاپ قاپتۇ، ئامالسىز ئانام چوڭ دادام توختى ئاخۇن ئىمامنىڭ ئۆيىدە ۋە سىڭىللىرىنىڭ ئۆيىدە ھەم باشقا تۇققانلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپتۇ، باشقىلارنىڭ ئۆيىدە ئاش تاماق، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ ئاز - تولا تاپقان پۇل، ئاش تاماقلار بىلەن دادامنى يوقلاپ خەۋەر ئاپتۇ، ئانام دادامنى يوقلاپ بارغاندا يۈز - تۇرانە سۆزلەشكىلى قويمىغانلىقى ئۈچۈن يىراقتىن كۆز يېشى قىلىشىپ قايتىپ كېلىدىكەن. كېيىنچە ئانامنىڭ ئۇرۇق تۇققانلىرى ياردەم قىلغان پۇلنى يىمەي - ئىچمەي يىغىپ تۈرمىنى باقىدىغان گوندىپايلارغا پارا بېرىپ ئۇلارغا يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرغاندىن كېيىن تۈرمىدىن تۆمۈر پەنجىرلىك قورۇغا ئاچىقىپ بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىشقا روخسەت ئاپتۇ، ئانامنىڭ تازا ياش ۋاقتى بولسىمۇ، شۇ چاغدا 50 ياشلاردىكى موماي- لاردەك بولۇپ قالغان ئىكەن. بۇنى كۆرگەن دادام گەپ قىلالماي ئانامغا قاراپ يىغلاپ كېتىدىكەن، دادام ئانامنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ چىداپ تۇرالماي گوندىپاينىڭ روخسەت قىلىشى بىلەن ئاپامدىن سىزگە يەنە بىر كېلىشمەسلىك كەلدىمۇ - نېمە؟ ياكى ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟ چىرايىڭىز سارغىيىپ بەكلا ياداپ كېتىپسىزغۇ، بالام سايىم ئاخۇنغا نېمە بولدى، ئۇ بىر قېتىممۇ كېلىپ باقمىدىغۇ دەپ سوراپتۇ، ئانام «سىزنى يامۇلغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن مەمتىلى باي نىياز ئاخۇننىڭ قەرزىنى تۆلەيمەن دەپ ھېلىقى سىز قول بېسىپ بەرگەن ھۆججەتنى كۆرسىتىپ، ئۆيدىكى ئۇلاغلاردىن تارتىپ قازان چۆگۈنگىچە

ئېلىپ كەتتى، بالىمىز سايىم ئاخۇنىمۇ ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن دەپ ئېلىپ كېتىپ مال بېقىشقا ساپتۇ. شۇڭا قېشىمىزغا كېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۆيگە كېلىشكىمۇ رۇخسەت بەرمىدى، ئۆيدە تاماق ئېتىپ يىگۇدەك ئۇن ، گۈرۈچ ۋە باشقا ھېچ نىمە بولمىغاچ تۇققانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ جان بېقىۋاتىمەن، بەزىدە بايلارنىڭ نانلىرىنى يېقىپ، ئېتىز ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىپ ئېشىنغانلىرىمنى سىزگە ئەكىلىپ بېرىۋاتىمەن، كىچىلىرى ئۇيقا يوق، سىزنىڭ غېمىڭىزنى قىلىپ مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم» دېگەن سۆزنى قىلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان دادامىمۇ باشقا گەپ قىلالماي ئاھ!خۇدا بىزگىمۇ يورۇق كۈن، ياخشى تۇرمۇش ئاتا قىلغايسەنمۇ؟! دەپ ئانام بىلەن تەڭ يىغلاۋاتقاندا گۇندىپاي ۋاقىت توشتى دەپ دادامنى ئېلىپ ماڭغاندا دادام ئارقىسىغا قاراپ ئانامغا تەلمۈرۈپ تۇرغىنىچە گۇندىخانىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئانام ئامالسىز قايتىپ چىقىپ يەنە شۇ سەرگەندانلىق تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

دادامىمۇ قامىلىپ بىر يىلغىچە كۆنگە سوراق قىلىنىپ قىيىن ـ قىستاق ئازابىدا ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بىر ئېغىزمۇ يالغان گەپ قىلماي ئەسلىدىكى گېپىدە چىڭ تۇرغانلىقتىن يامۇلنىڭ سوراقچىلىرى ھېچ نىمىگە ئېرىشەلمەي دادامنى تۇرمىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. دادام ئانامنى چوڭ دادام توختى ئاخۇن ئىمامنىڭ ئۆيىدىن تېپىپ ھەممە ئەھۋالنى ئانامدىن ئۇقۇپ، ھېلىقى ئېسىلىپ ئۆلىۋالغان مەتنىياز دىگەننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىنىڭ بالامنى تېپىپ بەر دەپ ئېسىلىۋېلىشىدىن قورقۇپ، ئاكام سايىم ئاخۇننى باشقىلار ئارقىلىق مەمتىلى باي دىگەننىڭ ئۆيىدىن چاقىرتىپ كېلىپ، ئانامنىڭ سىڭلىسى مەستۇرخان ئاچامنىڭ ئېرى قۇربان ئاخۇن ئاكامدىن 2 ئىشەك سوراپ ئەكىلىپ ئاكامنى ۋە مېنى ئېلىپ قاغىلىق جاڭگىلەسكىدىكى ئاچىسى

رەۋشخان ئاچامنىڭ قېشىغا كېچىدە قېچىپ كېتىپتۇ، دادام بىلەن ئانام ئەتىگىنى ناماز ۋاقتى بىلەن ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن چوڭ ئانام بەينىخان ۋە رەۋشخان ئاچاملار دادامغا ئېسىلىپ يىغلاپ بىزلەرنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ، ئەتىگىنى چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ دادام ئۆزىنىڭ ئامالسىز پانا تىلەپ قېچىپ كەلگەنلىكىنى، ئەمدى ئارشۇغا بارمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن دادامنىڭ ئاچىسى رەۋشخان ئاچامنىڭ ئېرى ھېممەت ئاخۇن موللام دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ 3 ئوغلى مۇھەممەت سالى قارىمنىڭ يېرىنى تېرىپ تۇرۇشقا ئىجارە ئېلىش شەرتى بىلەن يەر بېرىشنى سايىم ئاكام ھېممەت ئاخۇن موللامنىڭ قويلىرىنى ھەقسىز بېقىپ بېرىشنى پۈتۈشۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا تاپشۇرۇپتۇ، مەمەتسالى قارىم دېگەن كىشى ئوتاقچىلار ئولتۇرىدىغان ئۆيدىن 2 ئېغىز ئۆي، 10 مودەك يەر ئاجرىتىپ بېرىپ دادامنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ.

دادام بۇ يەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن مەمتىلى بايغا ئاچىسى رەۋشخان ئاچام ئارقىلىق ئادەم قويۇپ ئۆزى گۇندىخانىغا كىرىپ قالغاندا ئۆيدىن ئېلىپ كەتكەن كالا، ئېشەك، قوي ۋە ئۆي سەرەمجانلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئېيتىپ ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ تويمىغور مەخلۇق ئۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن بەلكى ئۆيدىن ئەكەتكەن چارۋا، ئۆي ـ سايمانلارنى دادامنىڭ ھىندىدىن ئالغان قەرزى، دادام يەنىلا مەسىلىسىنى تەكشۈرگىلى چىققان ئەمەلدار چېرىك ئەسكەرلەرنىڭ تاپان ھەققىگە يېتىشمىگەنلىكىنى، ئاشۇنداق قېپقالغان بىر نەچچە ئېغىز ئۆينى ھېساپلاپ بەرسىمۇ تۈگمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، بۇ گەپنى ئاڭلىغان دادام بىلەن ئانام ئۇ مەخلۇققا مىڭ قېتىم لەنەت ـ نەپرەتلەر ئوقۇپ: «بىزگە ئوخشاش نامراتلارنى قاخشىتىپ ھەققىمىزنى بەرمىسەڭ بۇنىڭ بىرى مىڭ قىساس ئوغۇسى بولۇپ ئاغزى ـ بۇرنىڭدىن قان

بولۇپ ئاقار» دەپ يىغلاپ كەتكەندە چوڭ ئانام بەينىخان بىلەن ئاچىسى رەۋىخان ئاچام تەسەللى بېرىپتۇ، دادام مەمتىلى باي دېگەن زومىگەر ئېلىپ كەتكەن نەرسىلەردىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ بىر ئېتىز ئۆيگە خام توقۇيدىغان دۇكاندىن 2 نى سېلىپ كىشىلەرنىڭ توقۇپ بېرىشىگە ئەكەلگەن خاملىرىنى توقۇپ ئۇنىڭغا بەرگەن ئاشلىقلەرنى ئېلىپ يەپ كۆزگە ئاران ئۇلىشىۋاپتۇ، بىر يىلدىن كېيىن دادام، توخسۇن ئاخۇن، داۋۇت ئاخۇن دېگەن 2 شاگىرتىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارغىمۇ خام توقۇشنى ئۆگىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ كۈندۈزى دادامنىڭ ئېتىز ئىشلىرىگە قارىشىپ بېرىپ ئاخشىمى خام توقۇپتۇ. ئاكام سايىم ئاخۇن يەر ئىجارىسى ئۈچۈن ھىمىت ئاخۇن موللامنىڭ مېلىنى بېقىشقا كېتىپتۇ، مەرھۇم سايىم ئاخۇن ئاكام كۈندۈزى قوي بېقىپ، كېچىسى جانگالدىكى مال قوتىنىدا ئۈچىسىدىكى كىيىمى بىلەن ياتقانلىقى ئۈچۈن كىيىم - كېچىكى ھەم باشلىرىنى پىت بېسىپ كېتىپ دادام ئۇنى گۈلخان يېقىپ ئوتقا قاقلاپ ئۈستىدىن تاياق بىلەن ئۇرسا خۇددى پوچاڭزا ئېتىلغاندەك ئېتىلىدىكەن، ئاكامنىڭ 3 ۋاخ يەيدىنىغى سوغاق سۇ بىلەن قۇرۇق نان، ياتقان يېرى پاخال بولغىنى ئۈچۈن ئورۇقلاپ بىر تېرە - بىر سۆڭەك بولۇپ كەتسىمۇ يەنىلا ئامال يوق ئىشلەيدىكەن . ياز كۈنلىرى ئانام كۈندۈزى ئېتىزلىقلاردا قوناق كېپەزلەرنى ئوتاش، قوناق ئۈزۈش، سويۇش بىلەن مەشغۇل بولسا، كېچىسى يېرىم كېچىگىچە چاق ئېگىرىپ بازارلىق خامغا يىپ تارتىپ تەييارلاپ بېرىدىكەن، قىش كۈنلىرى بولسا دادامنىڭ ئاچىسىنىڭ بالىلىرىنىڭ ئۆيىدە نان يېقىپ بېرىپ، بىر نەچچە بۇغداي نېنىنى ۋە دۆۋەز ئۈن،(بۇغداي ئۇنىنىڭ كېپىگىنى تاسقاپ ئايرىۋالغان ئۇن) لارنى ئەكىلىپ بىزگە تاماق ئېتىپ بېرىدىكەن، ئۇ چاغدا بايلار ئوتاق - ئىجارىگە بەرگەن يەرگە قوناق، كېپەزدىن (پاختا) باشقا نەرسە تېرىغىلى قويمىغانلىقى

ئۇچۇن بىر ئايلاپ- يىللاپ بوغداي ئېشى، بۇغداي نېنىنى يېيەلمەيتتۇق، شۇڭا ئانام بايلارنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلگەن بۇغداي نېنىنى بەرسە تالىشىپ يەيتتۇق، ئېلىپ كەلگەن دۆۋەز ئۇنىنى قېلىن ئەلگەكتە تاسقاپ ئايرىۋالغان ئاق ئۇندا لەغمەن، سۇيۇق ئاشلارنى ئېتىپ بەرسە قوسىقىمىز تويغانىنى بىلمەي ئىشتىها بىلەن يېيىشەتتۇق، بۇ چاغدا ئانام ئەمەتخان، يۇسۇپخان دېگەن ئىككى قوش كېزەكنى تۇغىدۇ. 7 ، 8 ئايلىقتەك بولغاندا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇكام مەخمۇدخاننى تۇغۇپ ئۇمۇ 2 ياشلارغا كىرىپ قالغان ۋاقىتلار ئىدى.

دادام ئىككى شاگىرتى بىلەن كۈندۈزى ئېتىز ئىشلىرىنى قىلسا، كېچىسى خام توقۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ جاپالىق ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆي سايمانلىرى، ئىشەك، كالا، بىر نەچچە قوي سېتىۋېلىپ ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالى بۇرۇنقىدىن خېلى ياخشىلىنىپ قالغان ئىكەن، ئېسىمدە قېلىشىچە:

بىز ئىجارىگە ئالغان يەرنى تېرىپ، يىغىپ تەييار قىلغاندىن كېيىن بايلار يەر بىجى، ئورۇغلۇق دېگەن بانالار بىلەن ئاشلىقنىڭ 3 تىن ئىككى قىسمىنى ئۆزى ئېلىپ بىر قىسمىنى بىزگە بېرەتتى، ئۇ بىزنىڭ ئوزۇقلىنىشىمىزغا يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن كىشلەرگە توقۇپ بەرگەن، خام (ماتا) نىڭ سىمكىرى(ئىش ھەققى) ئۈچۈن بېرىلگەن ئاشلىقلار بىلەن كۈزلۈك ئاشلىققا ئاران ئۇلگۇرەتتۇق، ماي، گۈرۈچ، سەي ـ كۆكتاتنى بولسا بازارلىق توقۇغان خامنىڭ پايدىسىدىن قېپ قالغان پۇللارغا سېتىۋالاتتۇق، يەنە دادامنىڭ ئاچىسى رەۋىخان ئاچامۇ ئۇن، گۈرۈچ، پۇللارنى ئوغۇرلۇقچە ئېۋەتىپ ياردەم قىلاتتى. ھال ـ ئوقىتىمىز يامان ئەمەس خېلى ياخشى كۈن ئۆتكۈزىۋاتقان پەيتتە دادامنىڭ ئانىسى بەيىنخان چوڭ ئانام ۋاپات بولدى. چوڭ ئانام بەيىنخان ۋاپات بولۇش ئالدىدا رەۋىخان ئاچام ھەم ئۇنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىگە دادامغا داۋاملىق ياردەم بېرىپ دادامنى ئۆز

دادىسىدەك كۆرۈشنى تاپىلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار يازدا ۋە كۈزدە تاغارلاپ قوغۇن، تاۋۇزلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى، دادامغا يەر ئۈتاقىقا بەرگەن مەمەتسالى قارىم ئۈن مو كەلگۈدەك ئۈرۈكلۈك باغنى ئۈرۈكلىرىنى قىقىپ گۆلە قۇرۇتۇپ بېرىشكە ھۆددە قىلىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئۆيىمىزگە كېلىدىغان مېھمانلارمۇ كۆپىيىپ، يۇرت ئىچىگە خېلى تونۇلۇپ قالدۇق، بىز تونۇشقان خېلى كۆپ كىشىلەر توي - ماركىلەرگە ئايرىپ قويماي چاقىرىدىغان بولدى. ئارشۇدىن قاغىلىقىقا ۋە جاڭگىلەسىدىكىگە سودا - سېتىق قىلغىلى كەلگەنلەرمۇ بىزنىڭ ئۆيگە كەلمەي قويمايتتى، ئۇلار بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ئاتالمىش يۇرت چوڭلىرىغا سۆزلەپ بەرگەن بولىشى مۇمكىن، ئۇ مەخلۇقلار ھىلىقى «خۇن داۋاسى» نى تۈگەتمەي تۇرغاندا قوسىقىغا جىن كىرىپ، بېشىغا كەلگەن بالايى - ئاپەتنى دادامنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ قوتۇلماقچى بولۇپ دادامنى شاڭ ئارشۇغا كۆچۈپ كېلىشكە دەۋەت قىلىپ بىر نەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپتۇ، دادام قوشۇلمىغانلىقى ئۈچۈن بىر نەچچە باي مۇناپىقلار يوقلاپ كېلىشنى بانا قىلىپ دادامغا كۆپ قېتىم يالۋۇرۇپ «سىز كۆچۈپ بارسىڭىز سىزنى يۈز بېشى قىلىپ سىزگە باشقىلارنىڭ چېقىلىشىغا يول قويمايمىز دەپ بىر مۇنچە سۆزلەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈن دادام ئانامغا مەسلىھەت سالغاندا ئانام شاڭ ئارشۇدىكى ئاتالمىش يۇرت چوڭلىرىنىڭ دادامغا ئىلگىرى قىلغان يامانلىقلىرىنى ئەسلىتىپ، ئەگەر سىز قايتىپ بېرىپ يۈز بېشى بولسىڭىز ھېلىقى «خۇن داۋاسىنى» تۈگۈتىۋېلىپ سىزگە تۇرلۇك تۆھمەتلەرنى چاپلاپ سىزنى يەنە بىر قېتىم بالاغا تىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىگە ھەرگىز ئالدانماڭ دەپ قوشۇلمىغان بولسىمۇ، دادام بىزنىڭ ئۆز يۇرتىمىز ئۆي زېمىنلىرىمىز تۇرۇپ بۇ يەردە جايلارغا غالچى بولۇپ ئۆتەمدۇق، بۇ يەردە بىر قىسىم كىشىلەر سىيىت ئاخۇن

مولالمىنىڭ قېيىنئانىسى دەپ ئىززەت ھۆرمىتىمىزنى قىلىسىمۇ كۆپ قىسىم كىشىلەر يەنىلا بىزنى «ئوتاقچى» دەپ ئاربغا ئالمايدىكەن. شۇڭا بىز نىمە بولسا ئۆز يۇرتىمىزدا بولغىنىمىز ياخشى، شاڭ ئارشۇغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن يۈز بېشى بولمىسام ئۆزۈمنىڭ دېھقانچىلىق ۋە ھۈنىرىمنى قىلسام ھېچ كىم ماڭا چېقىلالمايدۇ دەپ ئاچىسى ۋە ئۇنىڭ باللىرىنىڭ قويمىغىنىغا ئۇنىماي كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، يۇرتتىكى مۇناپىق بايلار دادامنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ـ ئۇنىماي يۈز بېشى دېگەن قالپاقنى كەيگۈزۈپ ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىكى «خۇن داۋاسىنى» تۈگۈتىۋالغاندىن كېيىن يوقىرىدا كۆرستىلگەندەك قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغانلىقىنى، ئانامنىڭ گېپىگە كىرمەي ئىنتايىن ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتقانلىقىنى ئېيتىپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى.

## 3. مەكتەپتىكى كەچۈرمىشلىرىم

1936 ـ يىللىرى مەن ئەمدىلا 6 ياشلارغا توشقاندا دادام بىلەن ئانامنى دىنى مەكتەپكە بەرمەكچى بولۇپ بىر خۇن 7 نان[1] (نانىنىڭ بىر خون دەپ ئاتايدۇ) تەييارلاپ قۇلۇمدىن يۆتىلەپ قوشنا يېزا تۆۋەنكى ئوندىكى[2] توختى ئاخۇن ئىمامنىڭكىگە ئېلىپ بېرىپ مېنى دىنى ئىلىمدا ئوقۇتۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى، ئاخۇنۇممۇ بۇ بىر ساۋاپلىق ئىش بولدى، قويۇپ كەتسىلە، باللار بىلەن بىرگە ئوقۇسۇن دىدى. دادام ياخشى ئوقۇشۇمنى ، ئەخلاقسىزلىق قىلماسلىقىمنى، ئۇستازىمغا ھۆرمەت قىلىشنى تاپىلاپ ساۋاقداشلىرىمغا قوشۇپ قويۇپ ئاخۇنۇمغا رەھمەت ئېيتىپ ئۆيگە قايتىپ كەتتى. مەن خەلپەتتىن

① يەتتە ناننى بىر خۇن دەپ ئاتاشتى.
② تۆۋەنكى ئۇن 下一乡 (شيايىشياڭ) دېگەن مەنىدە.

«ئەئۇزى بىللاھىم شەيتانىرەجىم ، بىسمىللاھىر رەھمانىرەھىم، كەلىمە تەيبە» دېگەن ئايەتلەرنى ئۆگىنىپ يادلىدىم، كەچتە ئۆگەنگىنىمنى خەلپىتىمگە ئوقۇپ بېرەتتىم. (ئاخۇنۇمغا ۋاكالىتەن ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرىدىغان بالا) ئاخشىمى ھەممىمىز توپلۇشۇپ ئۆگەنلەنلىرىمىزنى يوقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇدۇق، بۇنى «خەندەك» دەيدىكەن، كىيىن ھەممىمىزگە يېڭىدىن ساۋاق بېرىپ «ئەدەپ» ئۆگۈتىدىكەن، بۇنىڭدا ھەممە باللارنى چوڭراق بالىغا ئۆتكۈزۈپ «دادام چاقىرسا خوش، ئانام چاقىرسا لەببەي دەيمەن، چوڭلارغا سالام بېرىپ ھۆرمەتلەيمەن، كىچىكلارنى ئىززەتلەيمەن، كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشمايمەن» دېگەن سۆزلەرنى دېگۈزۈپ كاسىسىغا ئاستا ئۇرۇپ قويۇۋىتىدىكەن، ئەتىگىنى بالدۇرقى كۈنى بېرىلگەن ساۋاقلەرنى يادقا ئوقۇتۇپ يېڭىدىن ساۋاق بېرىدىكەن، ئەگەر ئاخۇنۇم كىرىپ قالسا خەلپەت «ھۆرمەت» دەپ توۋلىغاندىن كىيىن ھەممىمىز ئاخۇنومغا «ئەسسالام» دەپ بىلىمىزنى ئىگىپ سالام بېرىدىكەنمىز، ئاخۇنۇم «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاپ بەرگەندىن كىيىن ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىدىكەن، ئاندىن ھەممىمىز ئۆزىمىزگە بېرىلگەن ساۋاقلارنى تەكرارلاپ كەچتە ئاخۇنۇم ياكى خەلپىتىمگە ئوقۇپ بېرىدىكەنمىز ،

ئەگەر بېرىلگەن ساۋاقنى ئوقۇپ بېرەلمىسەك قۇلاقلىرىمىزدىن تارتىپ ئەدەپلەيدىكەن، پەيشەنبە كۈنى تاپالىغانلىرىمىز بىر نەچە توخۇم ، تاپالمىغانلار بىردىن نان ئەكىلىپ

پەيشەنبىلىك بېرىدىكەنمىز، قىش كۈلىرى بولسا ھەممىمىزدىن ھەق تەلەپ قىلمايدىكەن،

چوڭ ياشتىكى باللار ئاخۇنۇمنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىكەن، قىزلار بولسا ئاخۇنۇمنىڭ ئايالىنىڭ توشۇك (تاماق ئېتىش) ئىشلىرىگە ياردەملىشىدىكەن.

مەن 3 ئايدەك توختى ئاخۇن ئىمام ئاخۇنۇمدا ئوقۇپ «5 ئىمان، 6 كەلىمە» (كەلىمە تەيبەدىن ئىمانىم مۇپەس سەلدىگەن) ئايەتلەرنى ئۆگەندىم، مەن كىچىك بولۇپ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيى يىراق بولغىنى ئۈچۈن دادام مىنى قىشتا قېيىلىنىپ قالىدۇ دەپ ئۆز يۇرتىمىزدىكى ناسىر ئاخۇن خەلپەمگە ئاپىرىپ بەردى. ئۇ يەردە 6 ئايدەك ھەپتىيەكنىڭ ئۇششاق ناماز سۆرىلىرىنى ئۆگەندىم، مەن ئوقۇش جەريانىدا ئاخۇنلارنىڭ ئۆگەتكەن «ئەدەپ» لىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، مەكتەپكە بالدۇر بىرىپ، كېلىشتە بالىلار بىلەن بىللە ئۇرۇش - تالاش قىلماي، چوڭلارنى كۆرسەم سالام بىرىپ، كىچىكلەرنى ئىززەت قىلىپ، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزەم قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىپ ئانامغا ھەمكارلاشتىم، ئاخشىمى ئاخۇنۇم بەرگەن ساۋاقنى يادلاپ بولمىغۇچە ئۇخلىمىدىم. ئاتام بىلەن سەھەر تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ جامائەت بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇدۇم، روزى ئايلىرىدا دادام ئانام بىلەن روزۇلۇق يەپ روزا تۇتتۇم، بۇنى كۆرگەن ئاتا - ئانام ناھايىتى خوشال بولغىنى ئۈچۈن باشقىلارغا مىنى ماختاپ بىرەتتى. بۇ ماڭا زور ئىلھام بولۇپ تېخىمۇ ياخشى ئۆگەندىم.

شۇنداق قىلىپ 1936 - يىلى ئەتىيازدىن 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ناماز سۆرىلەرنى روزى ھېيت، قۇربان ھېيت نامازلىرى ھەم بەش ۋاخ نامازنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگۈنۈپ 5 ۋاخ ناماز باشلىدىم. بىر ۋاخلىق نامازنى ئوقۇيالمىسام خۇدايىمنىڭ ئالدىدا بىر چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەندەك ئىچىم پۇشۇپ كىتەتتى.

1937 - يىلى ئاكام سايىم ئاخۇن ماخوسەننىڭ ئەسكەرلىكىدىن ئازات قىلىنىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. شىڭ دۇبەن ماخوسەننىڭ ئەسكەرلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىپ ناھىيە، يېزىلارغا يېڭى ئەمەلدارلارنى بەلگىلەپ، «6 بۈيۈك سىياسەت» دىگەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭدا شورالار (سوۋېت ھۆكۈمىتىنى دىمەكچى) بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر

ئىتتىپاق بولۇش، پاراخورلۇققا قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش دېگەن مەزمۇنلار بولۇپ يېڭى پەننى مەكتەپلەرنى ئېچىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

سايىم ئاكام ئەسكەرلىكتىن قايتىپ كېلىپ ئەمدىلا ھەممىمىز جەم بولۇپ خاتىرجەم تۇرمۇش ئۆتكۈزىدىغان بولدۇق دەپ خوشال بولۇپ تۇرۇشىمىزغا «يېڭى كەلگەن ھۆكۈمەت كىچىك باللارنى ئوقۇتۇپ تەربىيەلەپ ئەسكەر قىلىدىكەن» دېگەن پاراڭلار تارقالدى. دېگەندەك نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئوقۇش يېشىغا يەتكەن باللىسى بارلارنى شۇ چاغدىكى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئاپىرىپ باللىرىنى مەكتەپكە بېرىشكە دەۋەت قىپتۇ. باللىسىنى بېرىشكە ئۇنىمىغانلارنى ئۇرۇپ - تىللاپ ھاقارەتلىگەنلىكتىن دادام ۋىژدانلىق گەپ كۆتۈرەلمەيدىغان ئادەم بولغاچقا «چوڭ بالامنىمۇ ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالغان ئىدى، يەيدىغان رىسقى، كۆرىدىغان كۈنى باركەن قايتىپ كەلدى،ئىنسان تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكۈچە كۆرىدىغان كۈننى كۆرمەي ئامال يوق» بۇ بالامنى «پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرە» بولدى، مەن بالامنى مەكتەپكە بېرەي دەپ ئىزىمغا يالدۇرۇپ قويۇپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ، بايلار بولسا، بالا ئىزىملىغۇچىلەرگە پارە بېرىپ قۇتۇلۇپتۇ.

دادام يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بولغان ئەھۋاللارنى ئانامغا ئېيتىپ پېشانىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئىنىلەرنىدۇر ئويلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى، دادامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئانام ئاھ ......! خۇدا ھەممىلا دەرت - ئەلەم بىزنىڭلار بېشىمىزغا كېلەمدىغاندۇ، بىر دەرتتىن ئەمدىلا قۇتۇلساق، ئارقىدىن يەنە بىرسى كېلىدۇ، بىزنىڭ قىلغان نالە - پەريادىمىز خۇدايىمنىڭ دەرگاھىغا يەتمەيۋاتامدىغاندۇ دەپ بىر ھازا ئاھ ئۇرۇپ كۆز يېشى قىلىپ مېنىڭ باش - كۆزلىرىمنى سىلاپ ئولتۇردى، بۇ چاغدا دادام ئورنىدىن تۇرۇپ، ئانامغا بىر مۇنچە

ياخشى سۆزلەر بىلەن تەسەللى بەرگەندىن كېيىن ھەر قايسىسى ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن بىر كالتە كۆك چاپانلىق مۇئەللىم بىر نەچچە بالا بىلەن مېنى قىچارغىلى كەلگەن ئىكەن. دادام بىلەن ئانام مېنىڭ تېنچ ـ ئامانلىقىمنى تىلەپ بىر ھازا دۇئا قىلغاندىن كېيىن كىيىملەرنى كەيگۈزۈپ، بىلىمگە بىرناننى تۈگۈپ قويۇپ بالا يىققىلى كەلگەن مۇئەللىم بىلەن مەكتەپكە بىللە باردى، مەكتەپ بولمىغانلىقتىن رەھمان مۇئەللىم دىگەننىڭ بازار ئىچىدىكى بىر ھويلىسىغا ئەكىرىپ بىر ئېغىز ئۆيگە سولاپ قويدى، قىزلارنى بولسا يەنە بىر ئېغىز ئۆيگە سولىدى، مەن بىللە كەلگەن دادام بىلەن ئانامنى ھويلا دەرۋازىسىدىن كىرگىلى قويمىغانلىقتىن، دەرۋازا سىرتىدا ماڭا تەلمۈرۈپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىپتۇ، بىزنى سولىغان ئۆي كىچىك، سولىغان باللار ناھايىتى كۆپ بولغىنى ئۈچۈن ئولتۇرۇشقىمۇ ئورۇن يوق ئىدى.

بىزگە مەسئۇل بولغان مۇئەللىملار بىزنى يىغىپ كېلىشتىكى مەخسىدى، ئوقۇيدىغان دەرس ۋە مەكتەپ ئىنتىزامى توغرىسىدا بىر مۇنچە گەپ قىلغاندىن كېيىن بىزنى چۈشلۈك تاماق يېيىشكە قويۇۋەتتى، لېكىن دەرۋازا سىرتىغا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى، مەن دەرۋازە ئىچىدە تۇرۇپ قارىسام دەرۋازا ئالدىغا ئادەملار توشۇپ كېتىپتۇ، ئادەملەر توپى ئىچىدە دادام بىلەن ئانامۇ بىر قاچىنى تۇتۇپ دەرۋازا ئىچىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇتۇپتۇ، مەن دەرۋازا يېنىغا بېرىپ دادام بىلەن ئانامنى چاقىرىپ ئىشىك باققۇچى خىزمەتچىنىڭ رۇخستى بىلەن ئانامنىڭ قولىدىكى ئاشنى ئېلىپ قورۇنىڭ ئىچىدە بىر بوش ئورۇن تېپىپ ئاشنى يەپ بولۇپ قاچىنى ئانامغا ئۇزۇتۇپ بەردىم، ئاخشىمى دادام بىر نەچچە تۇخۇمنى پۇشۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، بىزگە مەسئۇل بولغان مۇئەللىمنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ

ئەتىسى ئۆزى مېنى بىللە ئېلىپ كېلىپ تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ئۆيگە ئېلىپ كەتتى، باشقا بىر نەچچە ئوغۇل، قىزنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىلىرى دادامغا ئوخشاش مۇئەللىمگە كاپالەت بېرىپ ئېلىپ كەتتى، ئەتىسى دادام مېنى ئەتىگەندە ئويغىتىپ، تاماقنى يېگۈزۈپ مېنى ئۆزى ئەكىلىپ قويۇپ، بىر مۇنچە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ يالۋۇرۇپ كەچتە ئۆيگە قايتىپ كېتىپ ئەتىگىنى كېلىش توغرۇلۇق ئىجازەت ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەتتى. ئاخشىمى مۇئەللىم مېنى چاقىرىپ ئەتىگەن كېلىشىمنى ئۆختۈرۈپ قايتۇرىۋاتتى. مەكتەپ بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقى بىر چاقىرىملا بولغانلىقى ئۈچۈن كۈنىگە ئۆزۈم ئەتىگەن كېلىپ كەچتە قايتىپ كەتتىم.

بىزنى يىغقۇالغان ئورۇن ئەسلى مەكتەپ بولماستىن بىر مەدرىسە بولۇپ ئۇنىڭ ئىچىدە رەھمان ئاخۇن موللامنىڭ شەخسى ئۆيلىرى بولۇپ، قىز، ئوغۇللارنى ئايرىپ 2 ئېغىز ئۆيگە سولىغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆيلەردە ئۈستەل، ئورۇندۇق يوق بولۇپ داق يەردە ئولتۇراتتۇق. بەزىدە مەن ئولتۇرغىلى ئورۇن تاپالمىسام، سەن كىچىك بولغاندىن كېيىن تاكچىدا (دەرىزىدە) ئولتۇرغىن دەپ تاكچىغا ئېلىپ قوياتتى. ئۆزۈم چىقىپ ـ چۈشەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن كىچىك تاھارەت قىلغۇم كەلسىمۇ، مۇئەللىملارنىڭ گېپىدىن قورقۇپ چىداپ ئولتۇراتتىم.

بىزنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن يوقىرىدىن ئېۋەتىلگەن بىر شوجاڭ (مۇدىر3 ) مۇئەللىم بولۇپ ئۇلارمۇ بىر ئېغىز ئۆيدە يېتىپ قوپاتتى.

بىز ئولتۇرىدىغان ئۈستەل، ئورۇندۇق، خەت يازىدىغان دوسكا قاتارلىقلار بولمىغىنى ئۈچۈن ھېلىقى رەھمان موللام، تۆردى ئاخۇم ئىمام دىگەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ دىنى دەرس ئۆگەتتى.

يېرىم يىلدىن كېيىن ئۈستەل،ئورۇندۇق مەخسۇس سىنىپلارنى تەييارلاپ 60 دەك ئوغۇللارنى يېشىمىزغا قاراپ 2

سىنىپقا، قىزلارنى بىر سىنىپقا ئايرىپ تىل، ھېساپ، رەسىم، تەنتەربىيە، تەبىئەت، ناخشا، ئومۇمى ساۋات دېگەن كىتابلاردىن مۇئەللىملەر دەرىس ئۆتۈشكە باشلىدى، دىن دەرىسىنى بولسا ھەپتىدە ئىككى سائەت ئۆتىدىغان بولدى.

ئۇ چاغدا مۇئەللىملەر ئۆتىدىغان دەرسنى قارا دوسكىغا بور بىلەن يېزىپ بېرەتتى. بىز ئۇنى ئۆزىمىز تەييارلىغان قومۇش قەلەمنى قازان كۈيىسى بىلەن ئەتكەن سىياغا چىلانغان كالا مۈڭگۈزىدە ياسىغان دۇگەنگە چىلاپ كۆچۈرۈۋېلىپ كېچە - كۈندۈز ئوقۇپ تەكرارلاپ ئەتىسى مۇئەللىمگە يادغا (كىتاپ - دەپتەرگە قارىماي ) ئوقۇپ بېرەتتۇق. كېيىنكى كۈنلەردە ھازىرقى قېرىنداش قەلەم، شىشىدە ئەتكەن دوگەتلەر چىققان بولسىمۇ ئۇنى بايلارنىڭ بالىلىرى، سېتىپ ئالالايتتى. بىز يەنىلا ئۆزىمە قوزىقىدا ئەتكەن سامان قەغەزگە، قومۇشتا ئۆزىمىز ياسىۋالغان قەلەم بىلەن موڭگۈزدە ئەتكەن دوگەتكە چىلاپ خەت يازاتتۇق.

بىز 3 - سىنىپقا چىققانغا قەدەر مەدرىسە ئىچىدىكى كونا ئۆيلەردە ئوقۇدۇق، 4 - سىنىپقا چىققاندا مەخسۇس مەكتەپ سېلىپ ئوقۇتتى. ئۇ چاغدا مەكتەپكە يىغىلىۋېلىنغان بالىلارنىڭ سانىمۇ كۆپەيدى، مۇئەللىملەرمۇ كۆپەيتىلدى، ئۆتىدىغان دەرسلەرمۇ كۆپىيىپ يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى. مەكتەپ مۇدىرى، تەرتىپ مۇدىرى، ئىلىم مۇدىرى، سىنىپ مۇدىرلار قويۇلۇپ مەكتەپنىڭ تەرتىپ ئىنتىزاملىرى كۈچەيتىلدى.

ناھىيەدە ئاقارتىش ئويۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇ - ئوقۇتۇش بۆلىمى، مالىيە بۆلىمى، مۇپەتتىشلار بۆلۈمى قاتارلىق بىر نەچچە بۆلۈملەر تەسىس قىلىنىپ ھەر قايسى شۆبە مەكتەپلەرگە رەھبەرلىك قىلاتتى. يېزىلاردىن يىغىۋېلىنغان ھوشۇرە - زاكاتلارنى مەكتەپلەرنىڭ راسخوتى، مۇئەللىملەرنىڭ مۇئاش تەمىناتى ئۈچۈن سەرىپ قىلاتتى. ئوقۇغۇچىلاردىن كىتاپ

پۇلى، ئوقۇش پۇلى قاتارلىق پۇللارنى ئالمايتتى.

مەكتەپلەرنى ھەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈش ئەھۋالى، ئىنتىزامى قاتارلىقلارنى ئاقارتىش ئويۇشمىسىنىڭ مۇپەتتىش بۆلۈمى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە پارا ئالغان قىلمىشلارنى ئىستىلدا خاتالاشقان ۋە يامان ئىشلارنى چىلىقتۇرسا چارە كۆرەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئورۇشقان، كىچىك ئوغۇرلۇقلارنى قىلغان، مەكتەپكە كەلمىگەن ياكى كېچىكىپ كەلگەنلەرنى مەكتەپنىڭ تەرتىپ مۇدىرلىرى تەكشۈرۈپ قولىغا بەنزى (شاپىلاق ياغاچ) بىلەن ئۇرۇشى، ئېسىپ قويۇشى، قولىغا كېسەك ئالدۇرۇپ قولىنى كۆتەرگۈزۈپ قويۇشتەك جازا ـ چارىلەرنى بېرەتتى. ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى چاقىرتىپ ئۇلاردىن كاپالەتنامە ئالاتتى.

شۇنداقلا ئىمتىھان تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ھەر پەسىلدە بىر قېتىم، يىلدا بىر قېتىم ئىمتىھان ئېلىنىپ ئەڭ ياخشى، ياخشى، ئورتا، ناچار دەپ تۆرگە ئايرىپ ئالغان نومۇرنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئەڭ ياخشى، ياخشىلارغا مۇكاپات بېرىلەتتى، ياكى سىنىپ ئاشۇرۇپ يۇقىرى سىنىپلارغا چىقىرىپ قوياتتى. مەن بۇرۇن كىچىكلار بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان بولساممۇ ئىمتىھان نومۇرۇم ئەڭ يۇقىرى بولغىنى ئۈچۈن چوڭلار بىلەن بىر سىنىپقا يۆتكەپ قويدى، ئۇ سىنىپتا بايلارنىڭ بالىلىرى كۆپ بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشى ئانچە ياخشى ئەمەس، ئىنتىزامى بوش ئىكەن، شۇڭا مەن ئۇلارغا ئاسانلا يېتىشىۋېلىپ بەلكى بەزى دەرسلەردە ئۇلاردىن ئېشىپ كەتتىم، ئۇلار بىلمىگەنلىرىنى مېنىڭدىن سورايتتى، ياكى ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى، مەن ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلماي ياردەم بېرەتتىم، شۇڭا ئۇلار مېنى خېلى ھۆرمەتلەيتتى. بەزىدە مەكتەپكە ئەكەلگەن بوغداي نانلىرىنى بېرەتتى، ياكى ئۆيلىرىگە بىرگە ئايرىپ ياخشى تاماقلار بىلەن مېھمان قىلاتتى. مەن

مۇئەللىم ئۆتكەن دەرىسلەرنى قالدۇرماي خاتىرلەپ كېچىلىرى ئوخلىماي يادلىۋالغانلىقىم، مۇئەللىم سوئال سورىسا ھودۇقماي جاۋاپ بەرگىنىم ئۈچۈن سىنىپتىكى چوڭ ـ كىچىك ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى مېنى ياخشى كۆرەتتى.

مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئۆيۈشمىسى قۇرۇلۇپ ئۇنىڭدا ئىلمىي بۆلۈم، تەرتىپ بۆلۈم، ئەمگەك بۆلۈم، سەنئەت بۆلۈملەر تەسىس قىلىنىپ مېنى ئىلمىي بۆلۈمنىڭ مەسئۇللىقىغا سايلاپ قويىدى. شۇڭا مۇئەللىملارنىڭ ئىشى چىقىپ قالسا مېنى ساۋاقداشلىرىمنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا مەسئۇل قىلىپ قوياتتى. قارا تاختاي گېزىتى چىقىرىش ئىشلىرى مېنىڭ باشچىلىقىمدا ئېلىپ بېرىلەتتى.

شۇ چاغدا مەكتەپتە مەخسۇس سەنئەت كورجىكلىرى بولۇپ بىرەر ئايدا بىر قېتىم سەنئەت كېچىسى ئۆتكۈزۈپ ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئاتا ـ ئانىلارغا سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتەتتى، كېيىن لى مۇتەللىپنىڭ «ئۆگەي ئانا» ناملىق ئەسىرىنى كومېدىيە قىلىپ ئىشلىدۇق، مەن ئۇ ئەسەرنى سەھنىنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ ئوقۇپ بەرسەم رول ئالغانلار مېنىڭ ئېيتىپ بەرگىنىمچە سۆزلەيتتى. ئۇ كومېدىيە بىز تۇرغان مەركىزى مەكتەپ ۋە شۆبە مەكتەپلەردە قويۇلۇپ كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشلىرىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ئائىت باشقا كومېدىيەلەرنىمۇ ئىشلەپ خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا، يوقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئىدۇق.

مەركىزى مەكتەپ مۇدىرلىرى شۆبە مەكتەپلەرگە ئەھۋال ئوقۇشقا بارسا مېنىمۇ بىرگە ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن شۆبە مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ قالغان ئىدىم، شۇڭا مەيلى مەركىزى مەكتەپ، مەيلى شۆبە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار بولسۇن مېنى خېلى ھۆرمەتلەيتتى.

شۇ چاغلاردا ئوقۇتقۇچىلاردا ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرۇش، تىللاش قاتارلىق بەزى يامان ئىللەتلەر بولسىمۇ ئومۇمى جەھەتتىن مەدەنى مائارىپ خېلى تەرەققى قىلغان ئىدى. بۇنداق بولىشى شىڭ شىسەينىڭ ئىلغا رىبولغانلىقىدىن ئەمەس بەلكى شىنجاڭدا تۇرىۋاتقان چىڭ تەنچۇ، ماۋزېمىن قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلىۋاتقان كومىمۇنىستىك تەشكىلاتىنىڭ ھەر خىل قېيىنچىلىقلارنى يېڭىپ جاپاغا چىداپ قىلغان كۆرىشىنىڭ مول مىۋىسى ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلىۋالدۇق.

1939 ـ يىلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىپ گېتلىر گىرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلدى، بۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان «6 بۇيۇك سىياسەت» نىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولغان «شۇرالار بىلەن دوس بولۇش»دېگەن قىسمىنى چۆرۈپ تاشلدى، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش، مىللەتلەر ھوقوقتا باراۋەر بولۇش، پاراخورلۇققا قارىشى تۇرۇش دېگەن ماددىلىرىمۇ قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالدى. شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دېگەن كىشىلەرنى بىر ـ بىرلەپ تۇتقۇن قىلىپ قامىدى، مەدەنىي مائارىپ خىزمەتلىرىدە جان كۆيدۇرۇپ ئىشلىگەن زىيالىلارنىمۇ ھەتتا بىر قىسىم خەلق پەرۋەر دىنىي زاتلارنى كومىمۇنىستلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قاماپ تۇرلۇك قېيىن قىستاقلار بىلەن ئازاپلاپ ئۆلتۇردى، شىڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلىرى ھەممە جايدا قىمىرلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئادەتتىكى پۇقرالارمۇ بىر جايغا توپلىشىپ يۈرەكلىك سۆزلىشەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەمەلدارلار ئوچۇق ئاشكارا پارا يەپ، خىيانەت قىلىپ خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. بازار باھاسى داۋاملىق ئۆرلەپ پۇل پاخاللاشتى، شۇنىڭ بىلەن مەدەنى ـ مائارىپ ئىشلىرىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئارقىغا چېكىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، قورچاق

ساقچىغا باغلىنىپ ئىشپىيونلۇق قىلىش، سودىگەرچىلىك قىلىش، قىمار ئويناش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، پاھىشەۋازلىق قىلىش قاتارلىق يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى، ھەتتا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىز ئوقۇغۇچىلارغا بېسىم ئىشلىتىپ قورقۇتۇش، ئالداش قاتارلىق تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن نومۇسىغا تەگدى. بەزىلىرىنى مەجبۇرى خوتۇنلۇققا ئالدى، كىچىلىرى مەكتەپ ئىشخانىلىرىدە قىمار ئويناپ ئوقۇغۇچىلارنى كېچىسى چىراغ تۇتۇشقا، قىمارۋازلەرگە چاي قايناتىشقا سالدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۇقارقىدەك بۇزۇق ھەرىكەتلىرى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئىنتايىن يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يېشى چوڭراق ئوقۇغۇچىلار قىزلار بىلەن ئۆز - ئارا مۇھەببەتلىشىش، ئېلىپ - ساتارلىق قىلىش، چوڭلار - كىچىكلەرنى بوزەك قىلىش، ئۇرۇش - جېدەل قىلىشتەك يامان قىلىقلار ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بەزى يەرلىك ئوقۇتقۇچىلار 10 — 20 مو يەرلەرنى ئىجارىگە ئېلىپ ئوقۇغۇچىلارنى تېرىش، ئوتاش، يىغىش ئىشلىرىغا ئىشلەتتى. بۇ چاغدا ئاقارتىش ئويۇشمىسىنىڭ مەكتەپ تەكشۈرىدىغان مۇپەتتىشلىرىمۇ ئۆز ئايىغىدىن يوقۇلۇپ كەتتى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى يامان ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىدىغان ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئارقىلىق مەكتەپ مۇدىرلىرىگە پىكىر قىلساق ئۆزلىرىنىڭ ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى.

ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە «ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق» دېگەن سۆزلەر تارىلىپ بەزىلەر ئوقۇشتىن قېچىپ باشقا ناھىيىلەرگە بېرىپ ھۆنەر ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى.

شۇ مەزگىللەردە كىشىلەر قىزلىرىنى مەكتەپكە بەرمىدى دېھقان بولۇپ كەتتى، مەكتەپكە بەرگەندە كىچىك تۇرۇپ يولدىن چىقىپ كېتىشىدىن ياكى مۇئەللىملەرنىڭ قىزلارنى بۇزۇپ

قويۇشىدىن قورقۇشتى. شۇڭا مۇئەللىملەر ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ھەتتا ئوقۇش يېشىدىن ئېشىپ كەتكەن بالىلارنىمۇ تىزىملاپ مەجبۇرى مەكتەپكە ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىر نەچچە كۈنگە قالماي ئۇ بالىلار مەكتەپتىن غايىپ بولاتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلگەنلەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ، پارا قوبۇل قىلىپ تىزىملىكتىن ھەر خىل بانالار بىلەن ئۆچۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتىشاتتى.

مەن شۇ چاغدا مەكتەپ بويىچە ئەلا ئوقۇغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە خېلى نامىم بولسىمۇ، مۇئەللىملىككە بالا قوبۇل قىلىشقا كەلگەنلەرگە ئىلتىماس قىلسام، سەن تېخى كىچىك بىر نەچچە يىل ئوقۇپ تۇرغىن دەپ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىغا قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىدى. لېكىن بىر قىسىم بايلارنىڭ ناچار ئوقۇغان باللىرى ناھايىتى ئاسانلا قوبۇل قىلىنىپ 5، 6 ئاي تەربىيىلەنگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدى. دىمەك ئۇلار باي بولغانلىقتىن مەكتەپ مۇدىرى، ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆيلىرىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ، پارا بەرگەندىن كېيىن ئۇلار قوبۇل قىلىندى. مېنىڭ ۋە ئاتا ـ ئانامنىڭ قولىدىن ئۇنداق ئىشلار كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن داۋاملىق مەن ئايرىلىپ قالاتتىم. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭمۇ ئوقۇشتىن كۆڭلۇم سوۋۇپ قاغانلىقتىن قەغەز، قەلەم ۋە ئۇزۇم ـ قوغۇنلارنى ئەكىلىپ بازاردا ۋە مەكتەپ ئىچىدە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدە سېتىپ ئۇزۇمنىڭ ئوقۇش ماتېرىياللىرىمنى ئېلىشقا پۇل تېپىشقا كىرىشىپ كەتتىم.

1943 ـ يىلى مەن 6 ـ سىنىپنى پۈتتۈرۈپ ئائىلەمگە قايتىپ كەلدىم، شۇ يىلى بىز بىلەن بىرگە ئوقۇش پۈتتۈرگەن قىز ئوقۇغۇچىلارنى سانايى نەپىسگەقوبۇل قىلىمىز دەپ ناھىيىگە ئەكىرىكىتىپ بىر نەچچىسىنى سانايى نەپىسنىڭ ئەرتىسلىكىگە قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمىنى

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، قۇرچاق ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭ خوتۇنلىقىغا تۇتۇپ بەردى. ئۇ ئەبلەخلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇ بولۇپ ئىشت نەپسىنى قالدۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھەيدىۋەتتى. بەزىلىرىنى بولسا مەجبۇرى قولغا ئېلىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىدى، خەنزۇلاردىن ئاجراشقان ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئۇيغۇرلار ئالمىدى. شۇڭا بىر قىسمى يەنە خەنزۇلارغا تېگىپ بالا ـ چاقىلىق بولۇپ قالدى. بەزىلىرى ئەرگە تەكمەي قېرىپ ئۆلۈپ كەتتى.

## 4. جۇپ سايە

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ئوغۇللار 12 ياش، قىزلار 9 ياشقا توشقان هامان بالاغەتكە يەتتى دەپ ھىساپلىناتتى، شۇڭا ئوغۇل قىزلارنى كىچىك ئۆيلەش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى، شۇڭا قىزلارغا قويۇلغان تەلەپ قاتتىق بولۇپ يالغۇز بازار، پىر ـ مەشرەپكە بېرىش، ئوغۇل بالىلار بىلەن ئويناش مەنئى قىلىناتتى، قىزلارنى تۇنجى ئېرىنىڭ قولىغا ساق تەككۈزۈش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ قارىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قىزلارنى پەننى مەكتەپكە بېرىشتىن ئاتا ـ ئانىلار قورقاتتى. چۈنكى قىزلارنى مەكتەپكە بەرسە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشلۇق بولىشىغا روخسەت قىلىنمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ـ 1939 يىلدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيە ـ سىتىلى بۇزۇلۇپ ئوقۇغۇچى قىزلارنىڭ نومۇسىغا تېگىپ ئەسكى ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانىلار قىزلىرىنى مەكتەپكە بېرىشكە قورقۇپ قاچۇرۇپ يۈرگەن ياكى كىچىك بولسىمۇ تۇرمۇشقا چىقىرىۋاتقانلار ياكى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا نىكاھ قىلدۇرۇپ قويغانلار كۆپ ئىدى. ئەسلىدە بىز ئائىلىدىن بىر بالا ئوقۇيدىغان تۇزۇم

بولغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلارغا قىزلىرىنى بەرسە مەكتەپتىن قوتۇلۇپ قالاتتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭ بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى تىز خوتۇنلۇق بولۇپ قالغان ئىدى.

بىزنىڭ مەھەللىمىزدە قاسىم ئاخۇن دېگەن بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ھېلىمەخان، ئېمىنەخان دېگەن ئىككى قىزى بار ئىدى، ھېلىمەخان دېگەن بىر ئەرگە تېگىپ ئېرى بىلەن ئاجىرىشىپ كەتكەندىن كېيىن بويتاق ئۆتۈۋاتاتتى، كىچىك قىزى ئىمىنەخان مەكتەپ يېشىغا يېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن قاچۇرۇپ بىزنىڭ ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپتۇ، ئۇ قىز بالا كۈندۈزى بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ، ئاخشىمى ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كېتەتتى، مەن ئانامدىن ئۇ قىز نىمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئۆيدە تۇرىدۇ دەپ سورىسام، ئانام مەكتەپتىن قاچۇرۇپ ئەكىرىپ قويغانلىقىنى، ئۇنىڭ قولىقى يۇمشاق، خېلى ئىشچان قىز ئىكەنلىكىنى ئۆزىگە ھەمكارلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ قىز ئۆيدە بىر قانچە ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن ماڭا خېلى يېقىنلىشىپ نىمە ئىش قىلسام قىشىمدىن كەتمەيدىغان، قىلىۋاتقان ئىشىمغا ھەمكارلىشىدىغان بولدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ياخشىراق تاماق، يەل - يېمىشلارنى ئاچىقسا كىشىلەرگە كۆرسەتمەي ماڭا بېرەتتى، بەزىدە ئۇچكە مىغىزلىرىنى تىزىق قىلىپ (يىپقا ئۆتكۈزۈپ) مەكتەپتە زىرىككەندە يەڭ دەپ تۇتقۇزۇپ قوياتتى، مەن ئۇ بەرگەن نەرسىلەرنى ئاتام - ئانىلارغا بېرەتتىم، تېخى مەن سادىدا كۆڭۈللۈك بىلەن ئۇ قىزنىڭ بەرگەنلىكىنى ھېچ بىر يوشۇرماستىن ئاتا - ئانامغا دىگەنلىكىم ئۈچۈن بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈپ تۇرۇپ رەخمەت دەپ قولۇمدىن ئالاتتى.

مەن ئۇ چاغدا مۇھەببەتنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭ قىلغان يېقىنچىلىقىنى ئۆز ئارا

دوستلۇق دەپ قارايتتىم. لېكىن بىزنىڭ بۇنداق ياخشى ئۆتىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرگەن دادام بىلەن ئانام بىزنى ئۆز ئارا مۇھەببەتلىشىۋاتىدۇ دەپ خاتا تونۇپ قېلىپ بىزگە نىكاھ ئوقۇتۇپ كىچىك توي قىلىپ قويماقچى بولۇشۇپتۇ، بۇنى مەن باشقىلاردىن ئاڭلاپ بەكمۇ ئاچچىقىم كەلگىنى ئۈچۈن ئۇ قىزدىن ئۆزۈمنى قاچۇرىدىغان، بەرگەن نەرسىلىرىنى ئالغىلى ئۇنىمايدىغان بولدۇم، مېنىڭ بۇ قىزغا قىلىۋاتقان قوپال مۇئامىلەمنى كۆرگەن ئانام بىر كۈنى مېنى قېچىرىپ خالى ئۆيگە ئەكىرگەندىن كېيىن ماڭا مۇنداق دېدى. بۇ قىزنى ئاتا ـ ئانىسى مەكتەپتىن قاچۇرۇپ بىزنىڭ ئۆيدە بىر نەچچە ۋاقىت تۇرۇپ تۇرسا دەپ ئاچىقىپ قويغان ئىدى. قارىسام بۇ قىزنىڭ قولىقى يۇمشاق ياخشى قىز ئىكەن، ماڭا تۆشۈكلۈك ۋە باشقا ئۆي ئىشلىرىدا خېلى ياردەملىشىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قىز سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ، سىلەرمۇ خېلى ئوبدان ئۆتىۋاتىسىلەر، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ سىلەرنىڭ يېقىن ئۆتكەنلىكىڭلارنى كۆرۈپ قىزنى بالا قىلىۋالساڭلار دەپ كۆپ يالۋۇرۇپ كەتتى، دادىڭىز بىلەن ئىككىمىزمۇ ماقۇل دەپ قويغان ئىدۇق. قارىسام يېقىندىن بېرى سىز بۇ قىز بالىدىن قاچىدىغان، بىر نەرسە تەڭلىسە ئالمايدىغان، گېپىگە جاۋاپ بەرمەيدىغان بولۇپ قاپسىز، بۇ قىزنىڭ خالى قالغاندا يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، نىمە بولغانلىقىنى سورىسام ھېچ نىمە بولمىدىم دەپ گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى، ئۇنداق قىلىسىڭىز بولمايدۇ، ئوغۇل بالا چوڭ بولسا ھامان ئۆيلىنىدۇ، قىز بالا ياتلىق بولىدۇ، گەرچە سىز كىچىك بولسىڭىزمۇ ئىككىڭلارغا نىكاھ ئوقۇتۇپ قويايلى دىگەنتۇق. سىزلەر تېخى مەن بىر تەرەپتىن ئۆي ئىشىنى قىلمىسام بولمايدۇ، يەنە ئېتىز ئىشلىرىمۇ ماڭا قاراشلىق تۇرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ قىز بالام يوق، مەن بەك جاپادا قالدىم شۇڭا سىز بۇ قىزدىن

قېچىپ يۈرمەي ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ دىدى، مەن ئانامغا مەن تېخى كىچىك تۇرسام ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوقۇۋاتسام مەن ئۆيلەنمەيمەن، ئاكامغا ئېلىپ بېرىڭلار دىسەم، ئانام كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ بالام ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ، ئاكىڭىزنىڭ قولىدا ئاچىڭىز تۇرسا، مەن ئۆز قىزىم ئۇستىگە خوتۇن ئېلىپ بەرسەم كىشىلەر مېنى ئەيىپلىمەمدۇ، ئاچىڭىزنى مەن دادىڭىز بىلەن توي قىلغاندا مۇشۇ ئۆيگە ئەكەلگەن ئىدىم، ئاكىڭىز بىلەن ئاچىڭىز تولا ئۇرۇشۇپ چىقىشالمىغانلىقتىن ئاچىڭىزنى يىراق بىر توققىنىمىز ۋايىت ئاخۇن سەيدىخان دىگەنلەرگە بېقىۋالغىلى بېرىۋەتكەن ئىدۇق. ئۇلار بېقىپ چوڭ قىلدى، مەن دادىڭىزدىن گۇلجىمىلىخان دىگە ئوكىڭىزنى تۇققان بولسامۇ ئۇ قىزىم ئۆلۈپ كەتتى. شۇندىن كېيىن قىز پەرزەنت كۆرمىدۇق، شۇڭا ئاچىڭىزنى قىشىمغا ياندۇرۇپ كېلىش مەقسىدىدە ئاكىڭىز بىلەن توي قىلىپ قويغان ئىدۇق. ئىككىسى تازا چىقىشالمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قىزىمنىڭ بېقىۋالغان ئاتا ـ ئانىسى قىزىمىزنى قايتۇرۇۋالىدۇ دەپ قورقۇپ ئاچىڭىزغا گەپ ئۆگۈتۈپ ئاكىڭىز بىلەن كېلىشتۇرمەي ئولتۇرغۇزۇۋالدى. مەن ئاچىڭىزغا كۆپ يالۋۇرسامۇ بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغىلى ئۇنىمىدى، سىز مەكتەپتە ئوقۇۋاتىسىز، ئۇكىلىرىڭىز كىچىك تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېغىر بوي بولۇپ قالغانلىقىم ئۇچۇن دەس ئولتۇرۇپ ـ دەس تۇرالمايمەن. جاپاغا ئۆلەيلا دەپ قالغىنىمدا بۇ قىز بالا ماڭا خېلى يېتىشلىك بولغانتى. ئەمدى بۇ قىز بىلەن توي قىلىشقا ئۇنۇمىسىڭىز، مەن قانداق قىلىمەن، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ؟ دەپ بىر مۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ مەن گەپ قىلغىلى ئۇنۇمىدىم. ئانام سۆزۈمنى ئاڭلا، ئوبدان ئويلىنىپ باق دەپ سىرتقا چىقىپ كەتتى، ئارىلىقتا بىر نەچچە كۈن ئۆتتى، مەن بىر كۈن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ تاپشۇرۇقمنى ئەمدىلا ئىشلەپ بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا ئانام بىلەن دادام

مەسلىھەتلىشىپ قويغاندەك مېنىڭ قېشىمغا كىرىپ ئولتۇر بالام ساڭا بىزنىڭ قىلىدىغان گېپىمىز بار دەپ مېنى ئولتۇرغۇزدى. ئانام ئالدى بىلە ئېغىز ئېچىپ ئۆتكەندە سەن بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا سېنىڭ ئۇنۇمايۋاتقانلىقىڭنى ئېيتقان ئىدىم، ئاتا ـ ئانىسى قىزنى باشقا بىر توققۇننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقان ئىكەن، قىز بىر كۈن كەچكىچە يىغلاپ ئۇنىماپتۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا سىنى بەك ياقتۇرۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۇ قىز سېنى ياخشى كۆرسە سەن ئۇنى خارلىساڭ بولمايدۇ، يامان بولىدۇ، سېنىڭ ئۇ قىزغا ئىچىڭ ئاغرىمىسىمۇ ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، بالا دېگەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا چوڭ بولۇپ بىزدىن كېيىن قالغاندا ياخشى كۈن كۆرەلمەيدۇ، مەن دۇئا قىلاي ماقۇل دىگىن دەپ يالۋۇرغاندا «مەن ئوقۇۋاتسام، باللار مېنى ئۆزى كىچىك خوتۇننى چوڭ دەپ زاڭلىق قىلمامدۇ ،دىسەم، دادام ئۇ قىز ساڭا ئىسلىۋالمىغاندىن كېيىن ئوقۇساڭ، ئوقۇۋەرمەمسەن، باللار زاڭلىق قىلسا «ئوغۇل بالا دېگەن خوتۇن ئالىدۇ، سىلەرمۇ ئوغۇل بالا بولساڭلار خوتۇن ئالامسىلەر» دەپ گەپ بەرمىگىن، كىچىك بولسا نىمە بوپتۇ، مېنىمۇ دادام 15 ياشتا ئۆيلەپ قويغان، ياخشى بولسا ساقلىغۇلۇق، ئەسكىلىك قىلسا خېتىنى بەرسەك ساڭا ئىسلىۋالمايتتى. ئاپاڭنىڭ گېپىگە ماقۇل دىگىن، شۇنداق قىلساڭ سەندىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى بولىمىز، ئاتا ـ ئانىنىڭ رازىلىقىنى ئالساڭ ياخشى كۈن كۆرىسەن دىدى، ئاتا ـ ئانامنىڭ گېپىنى بىر يىرالماي ئامالسىز ماقۇل دىدىم، 2 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قىزنىڭ ئۆيىدە بىر قازان پولۇ ئېتىپ، بىر نەچچە ئادەمنى چاقىرىپ قىزنىڭ ئاكىسى داۋۇت مۇللام ئۆزى نىكاھ ئوقۇدى، مەھەللىلەردىن بىر نەچچە كىشىنىڭ ھەمرالىقىدا قىزنى ماڭدۇرۇپ بىزنىڭ ئۆيگە قايتۇرۇپ چىقتۇق.

ئاخشىمى مەن سىرتقا چىقسام مەھەللىدىكى باللار چوقان سېلىپ ئويناۋاتقان ئىكەن، مەنمۇ ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ ئويناپ يۈرسەم بىر چاغدا دادام چاقىرغىلى چىقىپتۇ، ئۆيگە كىرسەم ماڭا ئايۋان ئۆيگە ئورۇن سېلىپ قويغان ئىكەن، قارىسام ھىلىقى ئورۇندىكى ماتا (خام) دا ئەتىگەن ئالاچا يوتقاندا ھېلىقى مېنىڭ ھەمرايىم ئالاقاچان يېتىپ بولۇپتۇ، مەن ھودۇقۇپ قاراپ تۇرسام دادام مۇشۇ ئورۇندا يات دەپ قويۇپ ئۆزى ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن ئامالسىز ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ئارقىمنى قىلىپ ياتتىم. ئۇ ماڭا بىر مۇنچە يالۋۇرۇپ بولمىغاندا ئارقىسىنى قىلىپ ياتتى. مەن ئۇنىڭدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ توڭلاپ قالسام كېيىممىنى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىغا تىقىپ قويۇپ يېتىۋالدىم، ئۇ بىردەم يىغلاپ ئۇخلاپ قالدى، مەنمۇ ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئەتىگىنى ئويغانسام ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ، مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ چاي ئىچىپ مەكتەپكە كەتتىم. مېنىڭ توي قىلغانلىقىمنى ئاڭلىغان ساۋاقداشلىرىمدىن ماڭا يېقىنلىرى مېنى مۇبارەكلىدى، مەن ئىزا تارتىپ گەپ قىلمىدىم، بىر قىسىم يېشى چوڭراق كەپسىز باللار سەت گەپلەر بىلەن چاقچاق قىلدى، سەنمۇ ئوغۇل بالا بولساڭ خوتۇن ئېلىۋال، بولمىسا ئاغزىڭنى يۇم دەپ تىللىدىم، ئۇلار قايتا گەپ قىلمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ساۋاقداشلىرىمگە ئانچە ئارىلاشمايدىغان، مەكتەپكە بېرىپ ـ كېلىشتە ئىمكان بار ئۆزۈم يالغۇز ماڭىدىغان بولدۇم، ئۆيگە كەلسەم تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەپ ئۆز ئىشىمنى قىلىپ يۈردۇم، ئانام مېنىڭ ئەھۋالىمنى سېزىپ قالدىمۇ ياكى مېنىڭ ھەمرايىم دىدىمۇ، ئانام ماڭا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلدى. مەن ئۇ قىز بالىغا ئانچە ئۆچلۈك قىلمىساممۇ،خۇددى ئۆزۈمگە ئارتۇقچە يۈك ئارتىۋالغاندەك ھېس قىلاتتىم. ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە ھەر ئازنە (ھەپتىنىڭ ـ 5 كۈنى) قىزنىڭ ئۆيىگە ئازنىلىق قىلىپ بارىدىغان قائىدە

بولغىنى ئۈچۈن مېنىمۇ ئازنە كۈنلىرى ھەمرايىمغا قوشۇپ قېيىئانام ـ قېيىئاتاملارنى كۆرسىتىشكە ئىۋەتەتتى، بىز بارغاندىن كېيىن ئىسسىق تاماق (پولۇ، لەغمەن) لەرنى ئېتىپ مېھمان قىلاتتى، ھېيت ـ ئايەمدە بولسا بىرەر كىيىم ھەم 10 نەچچە توخۇمنى بوياپ پۇشۇرۇپ ئالدىمدا قوياتتى ھەم كۆڭلۈمنى بەك ئىزدەيتتى مەنمۇ ئۇلارغا ناھايىتى ھۆرمەت قىلساممۇ لېكىن قىزى بىلەن بولغان تۇرمۇشىمىز بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئۆتەتتى.

بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئانام ئاينىيازخان ئۇكامنى توغدى، ئانام تۇغۇتلۇق ياتقانلىقى ئۈچۈن ئۆينىڭ تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، قوناق كېپەزلارنى ئۆتاش قاتارلىق ئىشلارنى مېنىڭ ئاتالمىش ئايالىمنىڭ قولىغا قالدى، ئاناممۇ 2 كۈن يېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ بەزى ئېغىر ئىشلارنى قىلالمايتتى. يەنە شۇنىڭغا يالۋۇرۇپ قىلغۇزاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ خېلى تىلى چىقىپ قالدى، بۇرۇن بىرەر ئېغىر گەپ ئارتۇق كەتسىمۇ گەپ قىلمايتتى، كېيىنچە بىر ئېغىز گەپ قىلسام بىر ئېغىز جاۋاپ ياندۇرىدىغان بولدى، بۇنى ئانامغا دىسەم، ئانام ماڭا بالام : ئۆينىڭ جاپاسى يامان، ئەتىدىن كەچكىچە باش كۆتەرمەي ئىشلەيدۇ، ئىشنى تۈگۈتەلمەي شۇنداق قىلىدىغاندۇ، بوپتۇ ئېغىر ئالماڭ، بۇنى چىقىرىۋاتساق مەن تېخى ياخشى بولۇپ كېتەلمىگەن تۇرسام، ئاش ـ تاماق ئېتىش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمىسە قانداق قىلىمىز، كېيىن تۈزۈلۈپ قالار دىدى، شۇنىڭ بىلەن ئايلار، كۈنلەرمۇ ئۆتىۋەردى.

1941 ـ يىلى ئەتىياز كېلىشى بىلەن ھاۋا شارائىتى ناھايىتى يامانلىشىپ كۈنىگە بوران چىقىپ، ئالەمنى تومان قاپلاپ ئەمدى پىشاي دېگەن ئۆزمىلەرنى، چېچەكدىن ئايرىلغان غورىلارنى تۆكۈۋەتتى، يۇرت ئىچىگە كىزىك كېسىلى تارقىلىپ ئۆلۈم ـ يېتىم كۆپەيدى، بۇ ئاپەت كېسەل بىزنىمۇ ئامان قويمىغانلىقتىن ھەممىمىز كىزىك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ئانامنىڭ كۆيۈنۈپ

خەۋەر ئېلىشى بىلە ئەمدىلا ياخشى بولىشىمىزغا بۇ كېسەل ئانامغا يۇقۇپ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى، ئۇ چاغلاردا دوختۇرخانىلارمۇ يوق بولغانلىقى ئۈچۈن تىۋىپلاردىن دورا ئېلىپ بەرگەن بولساقمۇ پايدا قىلمىدى، داۋاملىق داۋالىتىپ ياخشىراق دورا ئېلىپ بېرىشكە پۇلىمىزمۇ يوق ئىدى، دادام، ئاكاملار ئەمدىلا كېسەلدىن ساقايغانلىقى ئۈچۈن ئېتىز- ئېرىقنىڭ ئېغىر ئىشلىرىنى قىلالمايتتى، خام توقۇشقىمۇ ماجالى يوق بولغىنى ئۈچۈن تۇرمۇشتىمۇ خېلى قىينىلىۋاتاتتۇق، بۇنىڭ بىلەن ئانامنىڭ كېسىلى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ 40 كۈن بولغاندا بىز بىلەن ۋىدالىشىپ ئۆلۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىز 5 بالا يېتىم قالدۇق.

ئانام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆينىڭ ئاش - تاماق ئېتىش قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ ھەمرايىمنىڭ ئالدىدا قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئايال جوجايىنى بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ ھېچ كىمگە گەپ بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى، تۇرمۇشتىمۇ بىراق ئۆزگۆرۈپ، بازاردىن قالمايدىغان، پىرى - مەشرەپلەرنى قولدىن بەرمەيدىغان، ئاغزىدىن ناخشا چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئۇكىلىرىمنىڭ ئەڭ كىچىكى 8 ئايلىق چوڭلىرى 8 ياشلاردا بولۇپ ئۆيلەرگە كۆيۈنىپ قارىمىغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە ئۇلارنى سىلكىپ يىغلىتىپ قويغاندا نەسىھەت قىلسام، مەن ئۇلارنى يىغلاتقان بولسام تاماقنى ئۇزۇڭ ئېتىپ باققىن،مەن بۇ ئۆيدىن تويۇپ كەتتىم دەپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە چىقىۋېلىپ كىرمەيدىغان بولىۋالدى، دادامغا ئۇنىڭ خېتىنى بېرىمەن، ئىككىنچى بۇ ئۆيگە كىرمىسۇن دىسەم دادام ماڭا نەسىھەت قىلىپ ئاكىڭىزنى ئۆيلەپ قويغۇچە چىدايلى، بوپتۇ گەپ قىلماڭ، ئۇنى چىقىرىۋاتساق بىزگە تاماقنى كىم ئېتىپ بېرىدۇ، بىزنىڭ تاماققا قولىمىز كەلمىسە ئۇنىڭغا تايانماي قانداق قىلىمىز دەپ يەنىلا ماڭا گەپ قىلغانلىقى

ئۇچۇن، مەن بۇ تەرىقىدە ئانامنىڭ ئىچ ئاغرىقى، ئۇكىلىرىمنىڭ يىتىمچىلىك ئاۋازى، ئۇ ھەمرايىمنىڭ قىلىۋاتقان يامان قىلىقلىرى تۇپەيلىدىن تارتىۋاتقان ۋىژدان ئازابىدا تولا ئويلاپ قۇرۇق ـ قاخشال بولۇپ قالدىم.

مەن بۇ ۋىژدان ئازاۋىغا چىدىمىغانلىقىم ئۈچۈن دادامغا بۇ نىمىنى ئۆيدىن چىقارمىساڭلار مەن چىقىپ كىتىمەن دەپ قاتتىق تۇرىۋالغىنىم ئۈچۈن دادام ئۇنىڭ خىتىنى بىرىشكە قوشۇلدى. لىكىن ئاكىڭىزنى ئۆيلەپ قويغاندىن كىيىن ئاندىن تۇزەلمىسە چىقىرىۋاتايلى دىدى. مەن ئۇنى كۆرسەم خۇددى رەقىبىمنى كۆرگەندەك كۆرۈنەتتى، ئامالسىز گەپ قىلمىسام ئادەتتە ئۇنىڭغا گەپمۇ قىلمايتتىم. مەن شۇچاغلاردا ئۇنىڭ دەسلەپكى ماڭا بولغان مۇھەببىتىنى ئويلاپ، ھازىرقى قىلمىشلىرىنى سىلىشتۇرۇپ شۇنداق تونۇشقا كەلدىم، ئۇنىڭ دەسلەپتە مىنى ياخشى كۆرۇشىدىكى مەخسىدى مەكتەپتىن قۇتۇلۇۋىلىشلا بولۇپ ساپ مۇھەببەت ئەمەسكەن، بۇ يالغان مۇھەببەت ئىكەن ئۇنىڭ يالغان مۇھەببىتىگە ئالدىنىپ قالغان ئىكەنمەن، بۇنداق ساختىپەز ئايالالار خۇددى سىنىڭ سايەڭگە ئوخشايدىكەن، سەن كۈن نۇرى پاك ئاي نۇرى ئاستىدا تۇرغۇنىڭدا ئۇ سايە ساڭا زىچ ئەگىشىپ ماڭىدىكەن، ئەگەر سەن قاراڭغۇ ياكى تەسكەي جايدا تۇرغىنىڭدا بولسا، ئۇنىڭ يۇزىنىمۇ كۆرەلمەيدىكەنسەن، بىشىڭغا كۈن چۇشۇپ،بالايى ـ ئەپەتكە دۇچ كەلگەندە ساڭا كۆيمىگەن ئايالنىڭ سىنىڭ ئۆمۇرلۇك ئايالىڭ بولۇشىدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن تۆۋەندىكى شىئىر ئىسىمگە كىلىپ قالدى؛

تىنى بۆلەك، دىلى بۆلەك جۇپ سايە، بۇنداق ئۆتۇش نىمە دىگەن ئەۋارە.

يولۇقۇپسەن بىر ئەسكىگە ئازغىنىپ، دەرت چەكمەكتىن ئەمدى ئۆزگە نىمە چارە؛

ئالدىنىش ئىغىرتىن بولماس جىمى دەرت، دىل دەردىگە

تېپىلمايدىكەن دورا.

ئېسىت ياشلىق ئالتۇن دەۋرىم خورلاندى، ھەسرەت بىلەن يۇرەك بولدىغۇ پارە.

يوقىرقى شېرىم مېنىڭ تارتقان پۈتۈن دەرت ـ ئەلەملىرىمنى ئىپادىلەپ بېرەلمىسىمۇ، بېشىمدىن ئۆتكەن تۇرمۇشتىكى ئاچچىق ساۋىقىمنىڭ قىسمەن يەكۈنى ئىدى.

مېنىڭ يوقىرىقىدەك دەرت ئەلەملەرنى تارتىپ گەپ قىلماي، تاماق يىمەي يىغلاپ يۈرۈشۈمگە ئۇ قىلچىمۇ پەرۋا قىلماي ئۆزلىرىنىڭ يامان قىلىقلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ قىلغان ياخشى نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاش ئۇياقتا تۇرسۇن بەلكى تېخىمۇ غالجىرلىشىپ ئادەمگەرچىلىك چېكىدىن چىقىپ كەتتى، بۇنىڭغا دادامىمۇ چىداپ تۇرالماي ئۇنىڭ خېتىنى بېرىشكە قوشۇلدى، مەن ئۇنىڭ خېتىنى بەرگەندىن كېيىن ئۇستۇمنى بىسىپ تۇرغان بىر تاغنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يەڭگىللەپ ناھايىتى خوشال بولۇپ كەتتىم. ئۇ مېنىڭدىن خېتىنى ئالغاندىن كېيىن 6 ئاي بولغاندا بىر ئوغۇل بالا توغۇپ مېنى ئىگە قىلماقچى بولغان ئىدى، مەن قەتئىي رەت قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن خەلىقنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە ئۇچراپ بىر نەچچە يىل ئەرمۇ چىقماي تول ئولتۇرۇپ ئاخىرى ئۆزىدىن 30 ياشتەك چوڭ بىر قېرى ئادەمگە تەگدى. لېكىن ئۇ ئېرىمۇ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغىنى ئۈچۈن كېيىن ئۇنىڭغا ئەرمۇ چىقماي تول ئولتۇرۇپ قېرىپ كەتتى.

## 5. ماتەم زارى

ئانام كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغىنىغا بىر ئايدىن ئاشتى، بەدەنلىرىگە چىققان ئاسپا (يامان قورقاق) يانماي بارغانسېرى كۆكىرۈپ كەتتى، تېنىمۇ ئاجىزلاپ چىرايلىرى سارغىيىپ

كەتكەن ئىدى، مەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولساممۇ ئانامنىڭ كېسىلىنى ئويلاپ كېچىچە غەم ـ قايغۇ ئىچىدە ئۆتەتتىم، مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تېزلىكتە قىلىپ بولۇپ ئانامنىڭ بېشى ۋە پۇت قوللىنى تۇتۇپ قېشىدىن كەتمەيتتىم، ئۇكىلىرىممۇ پەرۋەندەك ئانامنىڭ ئەتراپىدە چۆگۈلەپ ئانامغا تەلمۈرۈپ قېشىدا ئولتۇراتتى. دادام ئۆزى كېچە ـ كۈندۈز بەك ئالدىراش بولسىمۇ، ئانامغا كۆڭلىگىز نىمىنى تارتىدۇ، قانداق تاماق يىگۈڭىز بار دەپ سوراپ تۇراتتى. ئانامنىڭ ھېچ نىمە يىگۈم يوق، لەغمەن يىگۈم كېلىدۇ، لېكىن ئۆيدە بوغداي ئۇنى يوق دەپ كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى، راس دىگەندەك شۇ ۋاقىتلاردا يۇرتىمىزدا كېزىك كېسىلى تارقىلىپ ھەممە ئۆيلەردە كېسەل ياتقانلار كۆپ بولغانلىقى، ئۆلۈم ـ يېتىمنىڭ كۆپ بولغانلىقى تۇپەيلىدىن يەرلەر ئاق قالغان، تېرىلغان زىرائەتلەرنى پەرۋىش قىلغىلى ئادەم بولمىغىنى ئۈچۈن قۇرۇپ كېتىپ تازا ئاچارچىلىق بولىۋاتقان ۋاقىت بولغانلىقتىن پۇرسەت پەرەس جازانىخور بايلار ئورىلىرىدا سېسىپ ـ كۆكىرىپ كەتكەن بوغدايلىرىنى بىر چارەك 16 (جىڭ) بوغدايغا 2 چارەك بوغداي بېرىشكە ياكى 3 چارەك قۇناق بېرىش ھېسابىغا قەرز بېرەتتى، دادام يۇرتىمىزدىكى توختى ئاخۇن باي دىگەندىن بىر چارەك بوغداينى ئومىدا 2 چارەك بوغداي بېرىش شەرتى بىلەن قەرز ئەكىلىپ ئۇن تارتىپ لەغمە ئەتكۈزۈپ بەردى ، «زىيان قىلىدۇ» دەپ ئاشنىڭ مەنتىگى بىلەن ئازغىنە ئاشنى ئەكىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، كۆكىرىپ قالغان بوغداي ئۇنى ئاچچىق بولغانلىقى ھەم ئاشنىڭ سېيى بولمىغانلىقتىن ئانام ئاغزىغا بىر سىلىپلا گېلىدىن ئۆتكۈزەلمىدى.

دادام ئانامنى بىر نەچچە تىۋىپلارغا كۆرسىتىپ دورا ئېلىپ بەرگەن بولسىمۇ، بەرگەن دورىسى ئانامنىڭ كېسىلىگە شىپا بولمىدى، ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك ئېسىل دورىلارمۇ يوق،

بولغاندىمۇ دادامنىڭ قولى قىسقا بولغىنى ئۈچۈن سىپتىۋالغىلى كۆپرەك پۇلمۇ يوق ئىدى. ئانام ئۆيىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن كېسىلى ھەر قانچە ئازاپلىسىمۇ، چىداشلىق بېرىپ تولا زارلىماپ كەتمەيتتى.

ئانامنىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشقانلىقى ئۈچۈن مەن ئەمدى ساقىيالمايدىغان بولدۇم دەپ ئۆز ھاياتىدىن ئۈمىت ئۈزۈپ ئىست باللىرىم دەپ داۋاملىق يىغلايتتى. ئانامنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا يۈرەكلىرىم پارە ـ پارە بولۇپ داۋاملىق غەم ئەندىشە ئىچىدە كۈنۈم ئۆتەتتى. مەن ئانامغا : ئۇنداق يامانلىق تەرەپلەرنى ئويلىماڭ، سىز ئەمدى 38 ياشقا كىرىپسىز، خەقلەرمۇ 80،70 ھەتتا 100 ياشلارغىچە ياشايدىكەن. نەۋرە، چەۋرە، ئەۋرىلەرنى كۆرىدىكەن، خۇدايىم ئۆمۈرىڭىزنى ئۇزۇن قىلا، بىزمۇ خۇددى سىز ، بىزنى باققاندەك ياخشى بېقىۋالايلى دەپ يالۋۇراتتىم .

بىر كۈنى مەن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئانامنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇپ قوياي دەپ تۇرۇشۇم ئانام: «سەن مېنىڭ پۇتۇمنى تۇتمەن دىمەي ھېلىقى (ئۆگەي ئانا)» دېگەن كىتاۋىڭنى ئوقۇپ بەردى. مەن ھېلىقى لى مۇتەللىپنىڭ ئۆگەي ئانا ناملىق سەھنە كىتاۋىنى قولۇمغا ئېلىپ بىر نەچچە بەت ئوقۇشۇمغا ئانام يىغلاپ ئۆزىنى پەقەت تۇتالمىدى، بۇنى كۆرگەن دادام سەن ئاناڭنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلما دەپ كىتابىنى ئوقۇشتىن توختۇتۇپ قويدى، ئانام يەنىلا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تۇرۇپ «مەن ئۆلۈپ كەتسەم سىلەرمۇ شۇنداق يامان كۈنلەرگە قالارسىلەرمۇ؟» ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم سەن چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇكىلىرىڭغا ئوبدان قارا، كىچىك ئۇكاڭ ئەمدىلا 8 ئايلىق بولدى قوسقى ئاچسا ئاش نان دىيەلمەيدۇ، ئۇكىلىرىڭنى ئوبدان ئاسىرىغىن دەپ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. مەنمۇ ئانامنىڭ قوللىرىنى كۆزۈمگە سۈرتۈپ يىغلاپ تۇرۇپ ئانا ئۇنداق

دىمەڭ، ئانا سىز قايناق مېھرىڭىز بىلەن بىزگە قاراپ سانسىز كېچىلەرنى بۆشۈگىمىزنىڭ بېشىدا ئۇيغۇسىز ئۆتكۈزگەن ئىدىڭىز، ئىسسىق قېنىڭىزنىڭ جەۋھىرى بولغان ئاق سۈتىڭىزنى بېرىپ بىزنى ئوزۇقلاندۇرغانتىڭىز، بىزنىڭ سالغان جەۋرى - جاپالىرىمىزنى قىلچىمۇ كۆڭلىڭىزگە ئالماي ۋە ئېغىر كۆرمەي پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىزنى ۋە گۈزەل ياشلىقىڭىزنى كۈچ - كۇدرىتىڭىز، ئەقىل - پاراستىڭىزنى بىزگە تەقدىم قىلغان ئىدىڭىز، بىز ئەمدىلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ ۋىلىقلاپ كۈلگەنلىرىمىزنى كۆرگىنىڭىزدە مەسلىكىڭىز كېلىپ، بىزنىڭ مەڭزىمىزگە، پېشانىمىزگە قانماي سۆيۈپ، خۇددى بىزدىن ئارتۇق بايلىقىڭىز يوقتەك سەزگەن بولغىتتىڭىز، بىز ئۈياق - بۇياقتا ئۆمۈلۈپ كىتىپ بارغىنىمىزدا ياكى ئەمدىلەتىن تەم - تۇم مىڭىۋاتقىنىمىزنى كۆرگىنىڭىزدە بىزگە قاراپ ئاجايىپ شېرىن خىياللارنى قىلغان بولغىيتىڭىز، بىزگە بەخت - سائادەت تىلەپ ئاجايىپ ئېسىل ئارزۇ - ئارمانلارنى قىلغان بولغىيتىڭىز، مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە مەن بوخچامنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە ماڭغاندا كەينىمدىن ئۇزۇنغىچە قاراپ بېشىڭىز ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بولغان ئەمەسمىدى، مەن ئەمدىلا ئۇششاق سۆزلەردىن ئۆگىنىپ سىزگە يادلاپ ئوقۇپ بەرسەم، كېيىنكى كۈنلەردە يەننى مەكتەپتە ئوقۇپ سىزگە «ئانا» دېگەن سۆزنى يېزىپ كۆرسەتسەم مېنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ بېشىڭىزغا ئېلىپ كۆتەرگىدەك بولغىيتىڭىز ئەمەسمۇ ؟ بۇ چاغدا سىز نامىزىڭىزدا بىزنىڭ ئەقىللىق، بىلىملىك، مېھرىلىك، ۋىژدانلىق، غورورلۇق، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، باتۇر - قەيسەر، پىداكار بولۇپ يېتىشىمىزنى چىن كۆڭلىڭىزدىن ئارزۇ قىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ خۇدايىمدىن تىلەيتتىڭىز ئەمەسمۇ؟ سىز يەنە بىزگە قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، پەم - پاراسەتلىك، ۋاپادارلىق ھەققىدىكى ساماۋى چۆچەك، رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بىزنىڭمۇ

چۆچەكلەردىكى قابىل كىشىلەردەك بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىمىزغا ئىلھام بېرەتتىڭىز، بىزمۇ سىزگە ئەنە شۇنداق ياخشى ئادەملەردىن بولىمىز دەپ ۋەدىلەرنى بېرەتتۇق. ئەمدى خۇدايىم سىزنىڭ بۇ ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىزغا يەتكۈزەر دەپ تەسەللى بەردىم ئانام مېنىڭ بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ سەن شۇنچىلا ئىشلارنى ئويلاپ ماڭا تەسەللى بەرگىنىڭگە مىڭ رەھمەت دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان دادام خام توقۇۋاتقان يېرىدىن چىقىپ ئانامغا نېمە بولدى دەپ ئانامنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئانام دادامنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «مەن سىز بىلەن 18 يىل ئۆي تۇتتۇم، بىر نەچچە بالىغا ئاتا - ئانا بولدۇق، ھازىر ئالدىمىزدا سايىم ئاخۇن بىلەن 6 بالا تۇرۇپتۇ، مەندىن بەزى سەۋەنلىك ياكى خاتالىق ئۆتكەن بولسا مېنى كەچۈرسىڭىز، مەنمۇ سىزدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولسام، مەن ئۆلۈپ كەتسەم بالىلىرىم ئۆگەي ئالدىدا يېتىملىك دەردىنى تارتمىسۇن، قاناتلىقلار قاقمىسۇن، توشۇقلۇقلار چوقۇمۇسەن، يۈز - كۆزلىرىگە چاڭ - توزاڭلار قونۇپ چىرايلىرى سارغايمىسۇن، كىشىلەر ئىشىكىدە خار - زار بولۇپ يۈرمىسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلدى، دادام ئەڭ كىچىك ئۇكام ئاينىيازخاننى قوچىقىغا ئېلىپ كۆكسىگە چىڭ بېسىپ سىز ئۇنداق ئۇمىدسىزلەنمەڭ، خۇدايىم ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلار، بالىلىرىمىزنىڭ بەختى - پېشانىسىدا بولسا پات - ئارىدا ساقىيىپ قالىسىز، ئەگەر ياخشى كۆڭلىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، مەن بالىلىرىمنى كۆز - قارچۇغۇمدەك ئاسرايمەن، خار - زارلىق تارتقۇزمايمەن، سىز ئۇنداق ئىشلارنى ئويلاپ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ دەپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئانامغا تەسەللى بەردى، ئانامنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ چىرايلىرى سارغىيىپ، بۇرۇنلىرى قىسىلىپ، داۋاملىق ئەسنەپ كېرىلىپ ياتالمايدىغان بولۇپ قالدى، بىز ئانامنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ نېمە قىلىشىمىزنى

بىلەلمەي تەمتىلەپ تۇرغىنىمىزدا ئانام سىڭلىسى گۈلۈم ئاشىخان ئاچامنى قىچىرىپ كېلىشنى ئېيتتى، مەن بېرىپ چوڭ ئانام مەريەمخان، ئانامنىڭ سىڭىللىرى مەسۇرخان ئاچام، مەختۇمخان ئاچام گۈلۈم ئاشىخان ئاچام، گۈل خەدىچەخان ئاچام، ئانامنىڭ ئىنىسى خۇدابەردى ئاخۇن ئاكاملارنى چاقىرىپ كەلدىم، ئانام ئۆزىنى يۇيۇندۇرۇپ، ئاق كۆڭلىكىنى كەيدۇرۇپ قويۇشنى ئېيتتى، گۈلۈم ئاشىخان ئاچام دەرھال ئانامنى يۇيۇندۇرۇپ كۆڭلىكىنى كەيدۇرۇپ قويدى. شۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇلۇپ، ئالەم - جاھاننى تۇمان قاپلاپ خۇددى باياۋاندىكى ھوقۇشلار ۋاقىراشقاندەك شىۋىرغان چىقىپ قېپ قالغان ئۆزمە، غورىلارنى تۆكمەكتە ئىدى. چىقىۋاتقان بوران - چاپقۇنغا قارىماي مەھەللىمىزدىكى قوشنا - قۇۋۇلارمۇ ئانامدىن ھال - ئەھۋال سوراپ كىرىپ كېلىشتى. ھەممىمىز ئانامنىڭ ئەتراپىدا يىغلىشىپ ئولتۇردۇق. باشقىلار ئانامغا رازىلىق بېرىشكە پېتىنالماي كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ ئانامغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغاندا ئانام يىغلاپ تۇرۇپ، يۇرت - مەھەللىلەردىكى كىشىلەر بىلەن ھەم ئۇرۇق - تۇققانلار بىلەن رازىلاشتى، مەن ھەم مەخمۇتخان ئۇكام ئۆزىمىزنى ئانامنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ يىغلىدۇق. كىچىك ئۇكىلىرىم تالىپخان، ئاتىخانلار يىغلىشىپ ئانامغا قاراپ ئولتۇراتتى. كىچىك سىڭلىم تېخى 8 ئايلىق بوۋاق بولغاچ ھېچنىمىنى بىلمەي بۆشىكىدە ياتقان بولسىمۇ بىزلارنىڭ يىغا - زارىمىزدىن قورقۇپ كەتتىمۇ ياكى يۇرىكى ئانامنىڭ بىئارام بولىۋاتقىنىنى تۇيۇپ قالدىمۇ ئۇمۇ ھەدەپ يىغلاپ كەتتى. ئانام ھەممەيلەنگە بىر قاراپ يىغلاۋېتىپ ھوشىدىن كەتتى. شۇ چاغ كېچە سائەت 10 ئەتراپى - خۇپتەن ۋاختى بولۇپ ئانام ياتقان ئايۋان ئۆي لىققىدە ئادەم بىلەن توشقان ئىدى، بۇ چاغدا ھەممەيلەن يىغا - زارە قىلىشىۋاتاتتۇق، مەھەللىمىزدىن ئانامنى يوقلاپ كىرگەن مەررەمخان قوشناجىم دېگەن ئايال ئانامنىڭ

كۆزلىرىگە قاراپ تومۇرلىرىنى تۇتۇپ، يۈرەكلىرىنىڭ سوقۇشىنى تىڭشاپ يىغلىماڭلار، مەسۇمخان تېخى ھايات ئىكەن دەپ بىزنى يىغىدىن توختاتتى، ھۇشىدىن كېتىپتۇ، ھازىر ئوڭشىلىپ قالىدۇ دېدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز ئانامغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇردۇق. بىر ئازدىن كېيىن ئانام كۆزىنى ئاچتى، دادامدىن ناھايىتى پەس ئاۋازدا رازىلىق تىلىدى. دادامۇ كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ «مېنىڭ مەرتىۋە رازى» دېدى، ئاندىن ھەممىمىزگە بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن ماڭا قولىنى ئۇزاتتى، مەن ئانامنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ كۆزلىرىگە سۈرتۈپ ئاۋازىمنى چىقىرالماي يىغلىدىم، مەخمۇتخان، تالىپخان، ئاتىخان ئۇكىلىرىممۇ ئۆزلىرىنى ئانامنىڭ ئايىقىغا تاشلاپ «ئانا ... ئانا !» دەپ ئۆزلىرىنى تۇتالماي يىغلاشتى. چوڭ ئانام مەرەمخان كىچىك ئۇكام ئاينىيازخاننى دەرھال بۆشۈكىدىن يېشىپ ئانامنىڭ قېشىغا ئەكەلدى، ئانام كىچىك ئۇكامغا قاراپ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ بېشى ساڭگىيانغا چۈشۈپ كەتتى. چوڭ ئانام ئۆزى رازىلىق بېرىپ «بالىلىرىڭىزغا تارتىشماي كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ، سىز خاتىرجەم ئامانەتنى تاپشۇرۇڭ، بالىلارغا بىزنى ياراتقان خۇدايىم بار، ئۇندىن قالسا بىز بار» دەپ چىكە كۆز ئەتراپلىرىنى ئۇۋىلاپ كۆزىنى يۇمغۇزدى، شۇ چاغدا ئۆيىمىزدە يىغا ـ زارە پەلەككە كۆتۈرۈلدى.بۇنى ئاڭلىغان قوشنا قولۇلارنىڭ ھەممىسى جەم بولۇشتى، چوڭ ئانام ئانامنىڭ ئېڭىكىنى تېڭىپ، پۇتلىرىنى ئۇۋىلاپ سۇنغۇزۇپ، قىبلىگە قارىتىپ ياتقۇزۇپ يۈزىنى ئاق ياغلىق بىلەن يېپىپ قويدى. بىز ئۆز خۇدىمىزنى بىلمەي تازا يىغلاۋاتقاندا ئۆيگە يەنە بىر تۈركۈم مېھمانلار كىرىپ كەلدى، ئۇلار پەتە قىلىپ بىزگە تەسەللى بەرگەندىن كېيىن ئۆي ئىچىگە قاراپ «خۇدايا توۋا ماۋۇ جەنۋارلارغا قاراڭلار » دەپ بىزگە ئۆي ئىچىدە ئۇچۇپ يۈرگەن شەپەرەڭ، يىڭناغۇچلەرنى كۆرسەتتى، مەنمۇ يىغىدىن ئۆزۈمنى توختۇتۇپ، ئورنۇمدىن

تۇرۇپ قارىسام بىر يىغىناغۇچ چوڭ ئانامنىڭ بېشىدىن چۆكۈلەپ ـ چۆگىلەپ ئۇچۇپ كېلىپ ئانامنىڭ پېشانىسىگە قونۇپ قاناتلىرىنى شىپاڭلىتىپ جىم تۇردى، باشقىلار ئۇنى ئېلىۋېتىشقا تەمشەلگەندە، ھېلىقى مەرەمخان قوشناجىم دېگەن ئايالى بۇ يېرىم كېچىدە يىغىناغۇچ نىمە ئىش قىلىدۇ، بۇ يىغىناغۇچ ئەمەس، يىغىناغۇچ سۈرىتىدىكى خۇدايىم ئېۋەتكەن پەرىشتە » بولىشى مۇمكىن ئۇنىڭغا ھەرگىز چېقىلماڭلار دەپ ئۇنىمىدى. ئانام ئاغرىپ يېتىپ قالماستا ئىشىك ئالدىدىكى پورلىشىپ كەتكەن ئۈزمىنىڭ يوپۇرمىقىدا شەپەرەڭ ئوۋا تۇتۇپ قالغان ئىدى، بۇنى كۆرگەن دادام بوجانۋارنىڭ بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئوگا تۇتۇپ قېلىشى ياخشىلىقتىن بىشارەت بەرمەيتتى، ئوۋىسىنى بۇزىۋېتىڭلار دېگەن بولسىمۇ بىز ئۇنىڭ ئوگىسىنى تاپالماي بۇزمىغان ئىدۇق. بۇ جانىۋارلار بۇرۇن ئاخشىمى ئىشىك ئالدىدا قالايمىقان ئۇچۇپ يۈرىدىغان ئەمما ئانام كۆز يۇمغاندىن كېيىن ھەممە شەپەرەڭلەر ئايۋان ئۆيگە كىرىۋېلىپ ئانامنىڭ بېشىدا خۇددى پەرۋانىدەك چۆگىلەپ يۈردى، شۇ چاغدا بىر نەچچە دۆلەت قوغۇزىمۇ ئانامنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۇچۇشماقتا ئىدى. بۇنى كۆرگەن مېھمانلار «خۇدايا توۋا مۇشۇ ھايۋانلارمۇ رەھمەتلىك مەسۇمخانغا ھازا تۇتىۋاتامدۇ ........نىمە» دەپ ياقىلىرىنى چىشلەشتى.

ئۆيدىكى مېھمانلاردىن مەرەمخان قوشناجىم ۋە چوڭ ئانام ھەم بىر نەچچە ياشقا چوڭراق ئايالار تەرەت ئېلىشىپ جەينامار تۇپىسىدە ئولتۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇشقا باشلىدى. دادام بىر نەچچەيلەننى قاغىلىق جاڭگىلەسكىدىكى ھەدىسى ۋە تاغا ئىنىلىرىنى چاقىرىشقا ھەم پوسكام① تۆۋەن ئارشۇ تۇگمەن بېشى ھەم سەككىز ئوتاق،② جوڭ ئارشۇلارغا بېرىپ نامازغا تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك تەييارلاش، ئاخۇنلارنى چاقىرىشقا ئادەم بەلگىلىدى. مەن كېچىچە يىغلاۋېرىپ

تاڭ ئاتقىلى تۇرغاندا كۆزۈم ئۇيقۇغا بېرىپ قاپتۇ، يەنە ئانامنى چۈشەپتىمەن، چۈشۈمدە «ئانا بىزنى تاشلاپ كەتمەڭ دەپ يالۋۇرۋاتقۇدەكمەن،ئانام ھېچ يەرگە كەتمەيمەن، مەن تېخى ھايات، مېنى كۆممەڭلار» دىگۇدەك مەن ۋاي ئانام دەپ جۆيلۈپ ئويغۇنۇپ كېتىپتىمەن. باشقىلار نىمە بولدىڭىز دېگەن ئىدى، مەن كۆرگەن چۈشۈمنى دەپ بەرسەم چوڭ ئانام ماڭا تەسەللى بېرىپ، ئانامنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ئىككىنچى تىرىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى، مەن چوڭ ئانامغا، ئانامنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىۋالاي دەپ يالۋۇرسام، ئانامنىڭ يۈزىدىكى ياغلىقلارنى ئېلىپ ماڭا كۆرسەتتى، مەن ئانامنىڭ جامالىغا شۇنداق قارىسام تاتىرىپ كەتكەن چىرايلىرىنى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى، قەغەزدەك نېپىزلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى، ئىنچىكىلەپ كەتكەن بوينىنى، قىسىلىپ كەتكەن بۇرنىنى كۆرۈپ تاقەت قىلالماي تۇرالماي ۋاي ئىسىت ئانام، سىز ماڭا مەن ھايات دىمىگەنمىدىڭىز دەپ ئۆزۈمنى ئانامنىڭ جەسىتى ئۈستىگە ئېتىپ يىغلاپ كەتتىم. چوڭ ئانام، دادام ۋە سايىم ئاكاملار مېنى ئانامنىڭ جەسىتى ئۈستىدىن ئاران يۆلەپ تۇرغۇزۇپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى، ئەتراپقا شۇنداق قارىسام ئىشىك ئالدىدا جىنازىنى ئەكىلىپ قويۇپتۇ بۇنى كۆرۈپ ۋاي خۇدا ئەمدى قانداق قىلاي، ئانامنى ئېلىپ كېتىدىكەن دەپ تېخىمۇ يىغلاشقا باشلىدىم، بۇ چاغدا بىزگە بىردىن ھاسانى تۇتقۇزۇپ، ئۇچىمىزغا ياقىسى يوق ئاق يەكتەكنى كەيدۇرۇپ بىزنى جىنازىنى ئايلىنىپ يىغلاشنى ئېيتتى، ئانامنىڭ تۇققانلىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارمۇ قارىلىق باغلاپ، قولىغا ھاسا ئېلىپ «ۋاي قېرىندىشىم» دەپ يىغلاشتى، قارىلىق باغلىمىغانلاردىنمۇ يىغلىمىغان ئادەم قالمىدى. مەن جىنازىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئانامنى ئەسلەپ مۇنۇلارنى دەپ يىغلاپتىمەن.

ئانام ، ئانام ئانامۇ ئانام، مېھرىبان جانۇ ـ جانىم ئانام.
دۆلىتىم ئانام، سۇلتانىم ئانام، ھۆرمىتىم ئانام، شۆھرىتىم ئانام.
راھىتىم ئانام، ئامىتىم ئانام، يايلىغىم ئانام، بايلىغىم ئانام.
ھاياتىمنىڭ كۈيىئانام، سائادىتىمنىڭ ھۇلى ئانام.

بېغىمىزنىڭ بۇلبۇلى ئانام، لالەرەيھان سۇمبۇلى ئانام.
غورۇرىم ئانا، ھوزۇرىم ئانام، كۆز نۇرۇم ئانام، جان جىگىرى ئانام.
سەندىن ئايرىلىپ ئانام، سۇندى قاناتىم قايرىلىپ ئانام.
ئەي ئۇلۇغ قەدىردان ئانام، جانۇ ـ جان كۆيۈمچان ئانام.

سەن بىلەن ياشنار ئىدى يۈرىكىم ئانام،
سەن بىلەن كۆكلەر ئىدى ھاياتىم ئانام.
سەن بولغاچ يۈرەر ئىدۇق قەد كۆتۈرۈپ ئانام،
سەن بولغاچ ئاشقان ئىدى ئەتىۋارىمىز ئانام.
مېھرىبانى، كۆيۈمچانىم، ئاق سۈت بېرىپ باققان ئانام.
كېچە ـ كۈندۈز مېھرى بىزگە، دەريا كەبى ئاققان ئانام.

تۇققان ئىدىڭ بىزلەرنى، مېھرى بانىم جانىم ئانام.
كېچە ـ كۈندۈز جەبرى تارتىپ بىزنى ئېزىزلەپ باققان ئانام.
مېھرى ـ شەپقەت ئاپتىڭنى، جىسمىم ئادا چاچقان ئانام.
سەن بىلەن كۈلگەن ئىدى، قۇياشتەك بۇھاياتلىق باغىمىز.

سەن بىلەن نۇرلانغان ياشناپ، نەۋ باھار گۈل چاغىمىز.
سەن بىلەن بەختىمىز چېچەكلەپ، ئۆسكەن ئىدى كۆكۈل تاغىمىز.
سەن بىلەن تاپقاچقا ئەقلىمىز دىلى مىزدا يوق ئىدى داغىمىز.
ھۆرمىتىم، قەلبىم ئارا دەريا بولۇپ تاشقان ئانام.
بىز ئۈچۈن تارتتىڭ بىر ئۆمۈر سەن سانسىز جەبىر،
چۈنكى پەرزەنتى شاتلىقى ھەم قايغۇسى قىلغاچ ئەسىر،

سۈرەتتىڭ راھەت ئۆزەڭ ئۈچۈن سەندە كۆپ تاقەت سەبىر.
بىزگە قىلغان ئەجرىڭ ئۈچۈن گەر قاتۇرساق ئالتۇن قەبرە.
ئاق دىل ئىنسان قەلبىدە چولپان بولۇپ يانغان ئانام.
كۆكلەمدىن گۈل بولۇپ ئېچىلغان ئانام،
قايغۇمدىن پۈرەكلىرى چۈچۈلغان ئانام.
ئۆتكەن ئىدى گۈدەكلىكىم قوينۇڭدا،
تۇمار ئىدى گويا سېنىڭ بوينۇڭدا.
ئەللەي ئېيتىپ كۆز يۇمايتتىڭ كېچىسى،
گىرە سېلىپ بۆشۈگۈڭگە ئۇيقۇڭدا.
سەن تۇگەتتىڭ مېھرىڭنى زەر قوياشتەك،
مەن ياتاتتىم جىسمىڭ ماڭا تۇتاشتەك.
مەن يىغلىسام يىغلار ئىدىڭ قوشۇلۇپ،
كۆلگىنىمدە تەڭ كۈلەتتىڭ سۆيۈنۈپ.
ئۆتكەن ئىدى قانچە كۈنلەر ئەشۇنداق،
تىنىقلىرىڭ تىنىقىمغا قوشۇلۇپ.
ئەجەپمۇ ئۇلۇغ ئىدىڭ پۈتمەس بايلىغىم،
قالماس ئىدى خۇش يىدىڭغا تويۇنۇپ.
كەتسەڭمۇ بىراق مۇددەتتىن بۇرۇن،
ئاقلايمەن سۈتۈڭنى ۋۇجۇدىم بىلەن.
ئورغۇيدۇ مۇھەببەت قەلبىمدىن ساڭا،
ئەسلەيمەن سېنى مەن يۈرەك قېتىمدا.
قويمايمەن يەردە مەن ۋەسىيىتىڭنى،
ھاياتىم، بارلىغىم مەنسۇپتۇر ساڭا.
ئاقلايمەن پەرزەنتىڭ بۇرچۇمنى ئانا.

مەن يەنە نىملەرنى دەپ يىغلىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، لېكىن يوقارقىلار ئانامنىڭ ئىشتىياقىدا يۈرەك ـ باغرىمدىن ئېتىلىپ چىققان يۈرەك سۆزلىرىم ئىدى. مەن

يىغلاۋاتقاندا ئۇكام ماڭا ئېسىلىپ تەڭ يىغلايتتى، كىچىك سىڭلىم ئايىنىيازخاننىڭ دىلىغا خۇدايىم سالدىمۇ، ياكى ھەممىمىز يىغلاۋەرگەندىن كېيىن قورقۇپ كەتتىمۇ قانداق، ئۇمۇ توختىماي يىغلايتتى، باشقىلار پەيلەپ ئالدىسىمۇ زادى ئۇنىمايتتى، بۇنى كۆرگەن كىشىلەرمۇ ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەممىمىزنىڭ زارى پەلەككە يەتتى.

شۇ ئارىدا بۇۋىلەر ئانامنى سۇغا ئېلىپ يۇيۇندۇرۇپ، ئاخىرەتلىكىنى كەيدۇرۇپ بولغانلىقىنى ئاخۇنۇملارغا خەۋەر قىلىشتى، بۇ چاغدا قائىدە بويىچە ۋاپات بولغۇچىنى بالا ـ چاقا، ئاتا ـ ئانىلىرىغا بىر قېتىم كۆرسىتىپ ۋىدالاشتۇرىدىكەن. بىزنى چوڭ ئانام قولىمىزدىن يۆتىلەپ ئانام بىلەن ۋىدالىشىشقا ئەكىرگەندە بىز ئانامنىڭ جەسىتى ئۇستىگە ئۆزىمىزنى تاشلاپ يىغلاپ ئانامنى يۆتكەپ جىنازىغا سېلىشقا قويمىدۇق، دادام ۋە ئانامنىڭ سىڭىللىرى يىغلاپ تۇرۇپ بىزگە تەسەللى بېرىپ بىزنىڭ قوللىرىمىزنى تارتىپ ئورنىمىزدىن تۇرغۇزۇپ جىنازا بارجايغا ئارانلا ئېلىپ باردى. ئانامنى جىنازىغا سېلىپ، ئېلىپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە جىنازىغا ئېسىلىۋالغان بولساقمۇ، يامان بولىدۇ ئۇنداق قىلماڭلار دەپ قوللىرىمىزنى جىنازا ياغىچىدىن ئاجرىتىپ تېزدىن ئېلىپ كېتىشتى. بىزنى چوڭلار چىڭ تۇتىۋالغىنى ئۇچۇن خېلى تىركىشىپ باقساقمۇ ئامال بولمىدى چوڭلار جىنازىنى كۆتۈرۈپ ئەچىقىپ ئىشىك ئالدىدا ئانامنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشتى. جىنازىنى زەرەتگاھلىق تەرەپكە ئېلىپ ماڭغاندا بىز 5 بالا جىنازا ئالدىدا باشقا ھازىدارلار بىلەن يىغلاپ مېڭىشتۇق. جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغانلارنىمۇ ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. تۇپراق بېشى بىزنىڭ ئۆيىمىزگە يېقىن بولغاچ جىنازىنى ئىچىدىن پەم بىلەن ناھايىتى ئاستا كۆتۈرۈپ يەرلىك بېشىغا ئاپارغاندىن كېيىن ناھايىتى ئاستا يەرگە قويۇپ، ئانامنىڭ جەسىتىنى جىنازا ئىچىلىپ پەم بىلەن سۇغۇرۇپ

ئىلىپ ئىچ يەرلىككە ئىلىپ كىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىچ يەرلىكنىڭ ئاغزىنى كېسەك بىلەن ئېتىۋاتقاندا مەنمۇ ئانام بىلەن بىرگە ياتىمەن دەپ يەرلىككە ئۆزۈمنى ئاتماقچى بولغان ئىدىم. باشقىلار مېنى مەھكەم تۇتىۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى. ئاڭغىچە جامائەت ئوقۇغان دۇرۇت توپىسىنى يىغىپ ئىچ يەرلىككە سېلىپ ئىچ يەرلىكنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋەتتى، ئاندىن دادام تاش يەرلىككە يەتتە كەتمەن توپا تاشلىغاندىن كېيىن باشقىلار تاش يەرلىككە تەرەپ - تەرەپتىن توپا تاشلاپ يەرلىكنى كۆمۈپ ئۈستىگە توپا دۆۋىلەپ، بىز ھازىدارلەرگە تارقاتقان ھاسانى توغ شەددى قېشىغا كۆمۈپ بەلگە قىلىپ، ئاخۇنۇم ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن جامائەت «مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي» دەپ قايتىپ كېتىشتى، ئۇكىلىرىمنى چوڭلار ئالداپ قوللىرىدىن يۆتىلەپ ئېلىپ كېتىشتى، لېكىن مەن قۇرئان ئوقۇيدىغان قارىم بىلەن ئانامنىڭ تۇپراق بېشىدا قېپ قالدىم. قارىم بولسا ئانامنىڭ بېشىغا يېپىپ قويغان گىلەم بىلەن تىكىلگەن چىدىر ئىچىدە قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا مەن قېشىدا ئولتۇرۇپ يىغلىدىم، قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا ئۈنلۈك يىغلاشقا ياكى گەپ قىلىشقا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاۋازىمنى چىقارماي كالپۇكۇمنى چىشلەپ تۇرۇپ يىغلىدىم. جەسەت يەرلىكتە قويۇلغاندىن باشلاپ ئۈچ كۈنگىچە كېچىسى ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمىنى ئۈچ قېتىم توۋلاپ قويىدىغان رەسمى قائىدە بار ئىكەن، مەن تۇپراق بېشىدا كېچە - كۈندۈز قارىمغا ھەمرا بولۇپ ياتقانلىقىم ئۈچۈن 3 كۈنگىچە ھەر كېچىسى ئاۋازىمنى چىقىرىپ «ئانا، ئانا !» دەپ بىر نەچچە قېتىم ۋاقىرغان بولسامۇ تۇپراقتىن ھېچ قانداق سادا چىقمىدى.

ئانام ۋاپات بولۇپ - 3 كۈنى ئانامنىڭ يۇغۇچىغا قاتناشقان، يەرلىك كولىغان ۋە باشقا خىزمەتلەرنى قىلغان ھەمدە مەھەللە - جامائەتلىرىنى چاقىرىپ 3 نەزىرىسىنى قىلدۇق. ئانامنىڭ كىيىملىرىنى يۇغۇچىلارغا قويدۇق، يەرلىك كولىغان ۋە

باشقىلارغىمۇ پۇل، كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئالدىدا قويۇپ دۇئاسىنى ئالدۇق.

مەن ئانام ۋاپات بولۇپ 7 ـ كۈنىگىچە مەكتەپكىمۇ بارماي كۈندۈزى قۇرئان ئوقۇغان قارىمغا تاماق ـ چاينى توشۇپ بېرىپ كېچىسى تۇپراق بېشىدا قارىمگە ھەمرا بولۇپ ياتتىم، 7 ـ كۈنى ئانامنىڭ 7 نەزىرىسىنى بەرگەندىن كېيىن كۈندۈزى مەكتەپكە بېرىپ ئاخشىمى يەنە قارىمغا ھەمرا بولۇپ ھەم ئۆكىلىرىمنى باقتىم.

شۇنداق قىلىپ ھاي ـ ھۇي دېگۈچە ئانامنىڭ قىرقىمۇ توشتى، بۇ چاغدا دادام قولىدا پۇل، ئۆيدە بۇغداي، گۈرۈچ يوقلىقىغا قارىماي باشقىلاردىن گۈرۈش، ئۇن ـ مايلىق دان سېتىۋېلىپ قاغىلىق جانگىلەسكىدىكى سۇلتان ئىرىق ۋە ناھىيىمىزدىكى تونۇشى ھەم تۇققانلار ئورۇنلاشقان يۇرت ـ مەھەللىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ نەزىرگە تەكلىپ قىلىپ (ئۇ چاغدا باغاق تارقىتىلمايتتى) ئانامنىڭ نەزىرىسىنى خېلى چوڭ قىلىپ بەردى.

ئۆلۈم بولغاندىن كېيىن قىرقى توشۇپ بولغىچە ھازىدار بولۇپ ئاق باغلىغانلار ئۆلگۈچىگە ماتەم تۇتۇپ بىلىدىكى ئاقنى ئالمايدىكەن، ساقال-بۇرۇتلىرىنىمۇ چۈشۈرمەيدىكەن، نەزىر بولغان كۈنى ئالاھىدە بىردىن 2 گىچە ساتىراچ تەكلىپ قىلىپ ھازىدارلارنىڭ چېچىنى ئالدۇرغاندىن باشقا نەزىرگە كەلگەنلەردىن ساقال ـ بۇرۇتى ئۆسۈپ قالغانلارمۇ ھەقسىز ساقال-بۇرۇتىنى ئالدۇرۇۋالىدىكەن، بۇنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆلۈم ئىگىسى تۆلەيدىكەن، بىزمۇ شۇنداق قىلدۇق. ھەمدە ئۆلۈم بولغان ئۆينىڭ چوڭى ھازىدار بولغانلارنىڭ بېلىدىكى ئاقنى ئېلىۋېتىپ ئالدىغا رەخ ياكى نان، پۇللارنى قويۇپ ئۆلگۈچىنىڭ قارىسىنى ئۈشتۈيدىكەن، ھازىدار بولغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۆي ئىگىسى ۋە بىر ـ بىرىنىڭ قارىسىنى يوقارقىدەك قائىدىلەر

بىلەن ئۇشتۇيدىكەن، ئاڭغىچە تۇپراق بېشىدا قۇرئان ئوقۇغان قارىمۇ قۇرئاننى 7 قېتىم ئوقۇپ تاماملىغانلىقى ئۈچۈن تۇپراق بېشىدىكى چىدىرنى يىغىپ قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن قۇرئان ئوقۇغان قارىنىڭ ئالدىغا ئالاھىدە ياخشى نەرسىلەرنى قويۇپ رازى قىلىدىكەن، بۇ رەسمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئادا قىلىنىپ ئانام قاراڭغۇ گۆر ئىچىدە يالغۇز قالغان بولسىمۇ، مەن دادام بىلەن ھەر كۈنى مەسچىتكە بېرىپ بامدات نامىزىدىن كېيىن ئاپامنىڭ بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئايەت ئوقۇپ ئانامنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلاتتۇق. ئازنە ، پەيشەنبە كۈنلىرى ئانامنىڭ روھىغا ئاتام ياغ پۇرۇتۇپ، پوشكاللارنى سىلىپ تۇپراق بېشىغا ئاپىرىپ ئانامنىڭ بېشىدا ئاخۇنلارغا خەتمە ـ قۇرئان قىلغۇزۇپ، ئاپارغان پوشكاللارنى ئاخۇنۇمغا دۇئا قىلدۇراتتۇق. كىچىك ئۇكىلىرىم ئانامنى ئەسلەپ يىغلىسا كىچىك ئۇكامنى كۆتۈرۈپ باشقىلارنى ئەگەشتۇرۇپ تۇپراق بېشىغا بىرىپ ئانامنىڭ قەۋرىسىنى قۇچاقلاپ ھەممەيلەن تەڭ يىغلايتتۇق. كىچىك ئۇكام بىزنىڭ نىمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىمىزنى بىلمىسىمۇ بىزگە قاراپ ئۇمۇ بىز بىلەن تەڭ يىغلايتتى.

ئانام كېسەل بولۇپ كىچىك سىڭلىم ئاينىيازخان مەكتەپتىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بىز نىمنى يىسەك ئۇنىڭغىمۇ شۇ تاماقنى بېرىپ ھەمدە كۈندە بىرەر خام تۇتۇمنى ئىچۈرۈپ باقتۇق. شۇڭا ئۇمۇ خېلى ساغلام چوڭ بولۇپ قالدى. ئۇ ئانامدىن كىچىك قالغىنى ئۈچۈن ئۇنى ھەممىمىز بەكمۇ ئەتىۋارلاپ باقاتتۇق. كىچىسى ئۇ دادام بىلەن ياتاتتى، ئۇ چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىپ قويسىمۇ دادام ھەرگىز ئىغىر كۆرمەي ئۇنى تازىلاپ ئۇخلىتاتتى. بىز ئانامنى بىر مىنوتمۇ ئۇنتۇيالماي داۋاملىق ئەسلەپ تۇرغان بولساقمۇ دادام ئانامنىڭ يوقلىقىنى قىلچە چاندۇرماي، ئۆزى يىمىسىمۇ يىدۈرۈپ، كەيمىسىمۇ بىزگە كەيدۈرۈپ ناھايىتى ئوبدان باقتى، دادام بىر تەرەپتىن كۈندۈزى

ئېتىزدا ئاخشىمى خام دوكىنىدا ئىشلەپ يەنە بىزنى باقمەن دەپ ئۆزىمۇ خېلى جۇدەپ قالدى، بۇنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ دادامغا ئىچى ئاغرىپ كىچىك سىڭلىم ئاينىيازخاننى بېقىۋېلىشقا بېرىش تەكلىۋىنى قويغان بولسىمۇ، ئانامنىڭ ئۆزىگە قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ ئۇلارنىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلىپ ياخشى باققانلىقى ئۈچۈن سىڭلىممۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالدى.

## 6. ئۆگەي ئانا

ئۆيدە تاماق ئېتىپ بېرىشكە ئادەم بولمىغىنى ئۈچۈن ئاكام سەھەر تۇرۇپ تاماق ئېتىپ ئاندىن ئېتىز ئىشىغا چىقاتتى ياكى خام دۇكىنىغا كىرىپ خام توقۇيتتى، تاماق ئېتىش باشقىلىرىمىزنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. شۇڭا ئاكام بەزىدە بىكاردىن ـ بىكار تاماق ئېتىدىغان ئادەمنى چىقىرىۋاتتۇق (مېنىڭ ھەمراھىمنى دىمەكچى) ئەمدى مەن تاماق ئەتمەدىم، ئېتىز ئىشىنى قىلامدىم دەپ قاقشاپ كېتەتتى. ھەقىقەتەن ئاكامنىڭ جاپاسى كۆپ بولغىنى ئۈچۈن داداممۇ ئۇنىڭغا بىر نەچچە ۋاقىت چىداپ تۇرۇپ، كېيىن بىر گەپ بولار دەپ ئارتۇقچە گەپ قىلمايتتى. دادام ئائىلىمىزدىكى بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلالماي بېشى قېتىپ تۇرغاندا باشقىلارنىڭ كۆپ قېتىم سايە قىلىشى بىلەن قوشنا كەنتىدىن بىر بالىسى بار ھەمراخان دېگەن ئايال بىلەن توي قىلماقچى بولۇپتۇ، دادام بىزگە ئۆزىنىڭ ئامالسىز ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. سىز ئۆيلەنسىڭىز بىزنى ئۆگەيلىسە قانداق قىلارمىز دىسەم سىلەرنى ئۆگەيلىسە ئۇنداق ئايالنى ساقلىمايمەن دەپ ئېيتتى، مەن دادامنىڭ ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىنى چوڭ ئانامغا ھەم ئانامنىڭ سىڭىللىرىگە دىدىم. ئانامنىڭ سىڭىللىرى «ئاچامنىڭ كۆزىگە توپا قونماستا، تېخى ئاچام ۋاپات بولۇپ 3 ئايمۇ بولماي

ئۆيلىنىمەن دىگىنى قانداق گەپ، بۇنى باشقىلار ئاڭلىسا لەنەت ئوقۇمامدۇ» دەپ ئاچچىقلاندى، ھەمدە ئاچام دادىڭىز بىلەن 18 يىل ئۆي تۇتقان، بىز نەچچە بالىغا ئاتا ـ ئانا بولغان تۇرۇقلۇق شۇنداق قىلسا بولامدۇ، ئاچامنىڭ يۈزىنى قىلمىسىمۇ 5 بالىنىڭ يۈزىنى قىلسا بولماسمىدى دەپ دادامنى ئەيىپلەشتى. چوڭ ئانام كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا، «ئەر ئۆلسە ئاياللارمۇ ئەرگە تېگىدۇ، خوتۇن ئۆلسە ئەرلار خوتون ئالىدۇ قانداق قىلىمىز بىزنىڭ ئۇنى توسۇشقا ھىچ قانداق ئامالىمىز يوق» دىگەندىن كېيىن مەن ئەسلىدە دادام ئۆيلەنمەكچى ئەمەستى، ئۆيدە تاماق ئېتىپ بېرىشكە ئايال كىشى بولمىغانلىقتىن بىزمۇ قىيىلىنىپ قالدۇق، شۇڭا دادام ئامالسىز ئۆيلەنمەكچى بولۇپتۇ دىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئانامنىڭ سىڭىللىرىمۇ باشقا گەپ قىلمىدى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دادام توي قىلىدىغان ئايالنىڭ ئۆيىگە گۈرۈچ، ئۇن، تۇز، ئوتۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بىزنىمۇ تويغا بىرگە بېرىشنى ئېيتتى، بىز بارماي ئۆيگە قاراپ تۇرايلى دەپ ئېيتتۇق. بۇ تويغا چوڭ ئانامنى ۋە ئانامنىڭ سىڭىللىرىنىمۇ چاقىرغان ئىكەن ئۇلارمۇ بارمىدى. دادام ئاكاملار نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىپ تويغا كەتكەندىن كېيىن چوڭ ئانام بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ ئانامنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلغان ھالدا «ئانامنىڭ تۇپرىقىغا 3 قاپاق سۇ قويۇۋېتىشنى ئېيتتى، نىمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىمىز دىسەم، ئانىڭىز كۆڭلۈك ئازابى تارتماي خاتىرجەم ياتىدۇ» دىدى. مەن زەرەتگارلىق يېنىدىكى كۆلدىن 3 قاپاق سۇ ئېلىپ ئانامنىڭ تۇپراق بېشىغا قويۇۋېتىپ تۇپراق بېشىدا ئولتۇرسام ئۇكام مەخمۇتجان سىڭلىم ئاينىيازخاننى كۆتۈرۈپ، تالىپخان بىلەن سىڭلىم ئاتىخاننى ئەگەشتۈرۈپ تۇپراق بېشىغا بېرىپتۇ، بىز ئانامنىڭ تۇپراق بېشىدا بىر ھازا يىغلىشىپ ئامالسىز ئۆيگە قايتىپ كەلسەك چوڭ ئانام بىزنى ساقلاپ ئولتۇرغان ئىكەن.

چوڭ ئانامنى كۆرۈپ يەنە ھەممىمىز چوڭ ئانامغا ئېسىلىپ يىغلىدۇق. ئانام بىزگە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ باللىرىم بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى، بۇنى كۆرمەي ھېچ ئامال يوق، بۇنىڭغا بەك يىغلاپ ئازاپلىنىپ كەتمەڭلار، كەلگەندىن كېيىن كۆرۈپ باقامسىلەر، ياخشى بولسا ئېشىنى يەيدۇ، يامان بولسا نەدىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە كېتىدۇ دەپ باشلىرىمىزنى سىلاپ كۆز يېشىمىزنى ئېرتىپ، كىچىك سىڭلىمنى قۇچىقىغا ئېلىپ بىر دەم ئەكىلىتىپ باققاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى خۇپتەندىن كېيىن دادام، ئاكاملار توينى تۈگۈتۈپ ئۆگەي ئانىمىزنىمۇ كۆچۈرۈپ كەلدى، دادام خوشال بولغان ھالدا ئۆگەي ئانىمىزنى بىزگە تونۇشتۇردى ھەمدە بىزگە ياخشى قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ۋە ئۇكىلىرىم ئۆگەي ئانىمىزغا قاراپ قويۇپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدۇق. ھەمدە بىزگە ئەكەلگەن توي ئېشىنى بىر كاپامۇ يىمىدۇق. دادام بىزنىڭ ئۆگەي ئانىمىزنى ياخشى قارشى ئالمىغانلىقىمىزنى سەزدى بولغاي بىزگە يەنە ئارتۇقچە گەپ قىلماي بىزنىڭ ئايۋان ئۆيدە يېتىشىمىزنى ئېيتتى. مەن ئۇكىلىرىمنى ئېلىپ تاشقارقى ئايۋاندا ياتتۇق. كىچىك ئۇكاممۇ مەندىن ئەگىشىپ چىقىپ مېنىڭ يېنىمدا ياتتى. ئۆگەي ئانىمىز بىلەن بىزگە كەلگەن مېھمانلار بىر - بىرلەپ قايتقاندىن كېيىن دادام ئۆگەي ئانىمىز ھەم ئۆگەي ئانىمىزنىڭ بالىسى مېھمانخانا ئۆيدە ياتتى، ئانام ۋاپات بولۇپ تۈنجى قېتىم كىچىك سىڭلىم ئاينىيازخان دادامدىن ئايرىلىپ بىز بىلەن بىرگە ياتقىنى ئىدى. دىمەك ئۆگەي ئانامنىڭ بالىسى دادامنى تارتىۋالدى، سىڭلىم خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىمىدى، مەن پەپىلەپ ئاران ئۇخلاتتىم.

ئەتىگىنى سەھەردە دادام تاھارەت ئېلىپ مەسچىتكە كەتتى. مەن بامدات نامىزىنى ئۆيدە ئوقۇپ مەكتەپكە مېڭىشقا تەييارلىق قىلىۋاتسام ئۆگەي ئانىمىزنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلىگەنلىكىنى

ئاڭلاپ قالدىم، نىمە بولغاندۇ دەپ سومكامنى قويۇپ ئۆيگە كىرسەم ئۆگەي ئانىمىزنىڭ «بۇلار ئەجەپ ئاچ ـ يىت شۇملىكەن دەپ ئۇكىلىرىمنى تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇكام تالىپخاندىن سورىسام، ئا خوتۇن بۇغداي ئۇندا قاتلىما پۇشۇرۇپ يىگىلى تۇرغان ئىكەن، كىچىك ئۇكام نان يەيمەن دەپ تالاشقان ئىدى بىر چىشلەم نان بېرىشنىڭ ئورنىغا ھەممىمىزنى تىللاۋاتىدۇ» دىدى. مەن ئۆگەي ئانىمىزگە:«ئۇكىلىرىمنى نىمە ئۇچۇن شۇم دەيلا، بىزنىڭ دادىمىز ھاياتقۇ تېخى، شۇم دېگەن يېنىڭىزدا ئولتۇرغان سېرىق تۇك ئاسلىنىڭىز» دىگىنىمنى بىلەرمەن ئۇ خوتۇن ئاغزىنى بۇزۇپ يامان سۆزلەر بىلەن تىللىغىلى تۇردى. مەنمۇ بوش كەلمەي سەن تېخى ئاخشام كېلىپ بىر قىللىق ئىش قىلماي تۇرۇپ نىمە يوغان گەپ قىلىسەن، ئەمگەك قىلماي بىز تېرىغان بۇغدايىنىڭ ئېشىنى يەۋاتىسەن، ئانام بولغان بولسا سەندەك خوتۇنلارنىڭ ئالدىغا ئۇكىلىرىم نان دەپ ھەرگىز بارمايتتى دىسەم ئۇ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ «ئاناڭنىڭ گۆرىنى ئېچىپ ئەكىلىپ تۆرگە يۆلەپ قويۇپ باق» مەن بۇنداق ئۆيدە ھەرگىز تۇرمايمەن دىدى. مەن ئۇنىڭغا «سىنى ئىت پوقىدا زاڭ ئېتىپ چاقىرىپ كەلمىدۇق، نەدىن كەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە كەت» دىسەم ئاغزىنى بۇزۇپ ئوڭ ـ تەتۈر سۆزلەر بىلەن بىزنى تىللاپ شۇمتىكىنى بىر قولدا بوخچىسىنى بىر قولدا كۆتۈرۈپ يامانلاپ ماڭدى، شۇ ئارىدا بىزنىڭ جىدىلىمىزنى ئاڭلاپ مەھەللىمىزدىن 4،3 نەپەر قوشنىلىرىمىز كىرگەن ئىكەن، ئۇلار ئۇ خوتۇنغا تەسەللى بېرىپ ماڭغىلى قويماي تۇرغاندا سايىم ئاكام بىزگە بىر نەچچە ئېغىز ئاچچىقلىغان بولۇپ ئۇ خوتۇنغا تەسەللى بېرىپ ئۆيگە قايتۇرۇپ كىردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي دادام مەسچىتتىن قايتىپ ئۆيگە كېلىپ ئۇ خوتۇننىڭ يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ نىمە يىغلايسىز؟ دىيىشىگە ئۇ خوتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ «سىلە مېنى مۇشۇ ئالتە

تازغا تالاتقىلى ئەكەلگەنمۇ مەن بۇنداق ئۆيدە تۇرمايمەن، سۆزۈمنى بەرسىلە مەن كېتىمەن» دەپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن دادام بىزگە بىر مۇنچە ئاچچىقلاپ، ئۇ خوتۇنغا ياخشى سۆزلەر بىلەن تەسەللى بېرىپ جېدەلنى بېسىقتۇرغان بولسىمۇ، دادامنىڭ ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتە قىلماي ئۇ خوتۇنغا يان باسقانلىقىغا بەك ئاچچىقىم كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىردە يىغلاپ ئولتۇرسام ئۇكىلىرىممۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ يىغلاشقىلى تۇردى. مەن يىغلاپ ئولتۇرۇپ«بۇ خوتۇن تۇنۇگۇن كېلىپ بۈگۈن مۇشۇنداق قىلسا بىزنىڭ بۇندىن كېيىن كۆرىدىغان كۈنىمىز بار ئوخشايدۇ، بۇنداق خوتۇنلار ئالدىدا خار بولۇپ هايات ياشىغۇچە ئۆلگىنىمىز ياخشى ئەمەسمۇ» دەپ مەكتەپكىمۇ بارماي كىچىك سىڭلىمنى كۆتۈرۈپ، قالغانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇدۇل تۇپراق بېشىغا باردۇق. بۇ چاغدا دادام مېھمانخانا ئۆيدە ئۆگەي ئانىمىزغا گەپ قىلىپ ئولتۇراتتى. ئاكام بولسا ئېتىزغا ئىشقا كەتكەن ئىدى؛ بىز تۇپراق بېشىغا بېرىپ ئانامنىڭ قەۋرىسىگە ئۆزىمىزنى ئېتىپ دەرت ـ ئەھۋالىمىزنى ئېيتىپ بىزنىمۇ يېنىڭىزغا بىللە ئېلىپ كېتىڭ دەپ ئانامغا مۇراجەت قىلىپ بىرەر سائەتتەك يىغلىغان بولساقمۇ ئانامنىڭ تۇپرىقىدىن ھېچ قانداق سادا چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلاجىسىز تۇپراق بېشىدىن قايتىپ چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىگە باردۇق، چوڭ ئانام ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئانامنى ئەسلەپ قوشاقچا قېتىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە 2 كۈن تۇردۇق، ئاندىن ئانامنىڭ چوڭ سىڭلىسى مەستۇرخان ئاچامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر كۈن تۇردۇق. سايىم ئاكام بىزنى ئىزدەپ چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىدىن تاپالماي بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلگەن ئىكەن،بىز كەتمەيمىز دىسەك ئۇنىماي بىزگە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ قايتۇرۇپ كەلدى.

مەن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ خوتۇننىڭ يۈزىگىمۇ قارىماي، گەپ سۆزۈممۇ قىلمىدىم ئۇكىلىرىممۇ ئۇ خوتۇنغا ماي

تارتىپ گەپ قىلماي تۇردى.

مەن مەكتەپكە ئۆيدە نان بولسا ئېلىپ باردىم، مەكتەپتىن كەلسەم ئاش ئېپ قويغان بولسا ئىچتىم، بولمىسا بەزى ئاچ، بەزى توق يۈردۈم، بۇنى كۆرگەن قوشنىلار ياخشىراق تاماق ئەتسە بىزلەرنى چاقىرىپ تاماق بەردى، بولۇپمۇ ئانامنىڭ تۇققىنى ئاۋۇت ئاخۇن ئاكامنىڭ قىزلىرى بىزلەردىن داۋاملىق ئەھۋال سوراپ ئاش، تاماقتا ئالاھىدە خەۋەر ئالاتتى.

مەن مەكتەپتىن ئۆيگە كەلسەم ئۇكىلىرىمنىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى، چىرايلىرىنى تۇپا - چاڭ بېسىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىم. ئىمە بولغانلىقىنى سورىسام ھەرگىز ئۆگەينىمىز بار يەردە گەپ قىلغىلى ئۇنىمايتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىمىزدىن قورقىۋاتقانلىقىنى سېزىپ خالى قالغان ۋاقىتلاردا ئۇكىلىرىمدىن نىمە بولغانلىقىنى سورىسام ئۆگەي ئانىمىزنىڭ تاماق بەرمىگەنلىكىنى، بەرگەندىمۇ ئاشنىڭ سۇيۇقى نانىنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىرىنى بەرگەنلىكى، گەپ قىلسا تىللىغانلىقى، يەنە تېخى داداڭغا ياكى ئاكىلىرىڭغا مېنى تىللىدى دەپ چېقىشتۇرساڭلا گېلىڭلارنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپ قورقاتقانلىقىنى ئېيتىپ ماڭا ئىسىلىپ يىغلاپ كېتەتتى. مەن ئۇكىلىرىمنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئۆگەينىمىز بىلەن ئۇرۇشسام ئۇنىڭ ئاقىۋىتى يەنە بۇرۇنقىدەك ياخشى بولمايدىغانلىقى، دادامغا دېسەم، دادام ئۇيانغا قارىسا خوتۇن، بۇيانغا قارىسا بالا، ئارىدا تەڭلىكتە قالمىسۇن دەپ دادامنى ئايايتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇكىلىرىمغا چىداشلىق بېرىڭلار بىزمۇ بىر كۈن چوڭ بولىمىز ئۇ چاغدا كىشىلەر بىزنى بوزەك ئېتەلمەيدۇ دەپ تەربىيە بەرسەممۇ يەنە بىر تەرەپتىن دەرتكە چىدىيالماي ئادەم يوق يەرگە بارسام يىغلاپ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرۈۋەردىم.

بىزنىڭ تارتىۋاتقان خورلۇقلىرىمىزنى دادام باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىقى، بەزىدە ئۆگەينىمىزنىڭ ئۇكىلىرىمنى تىللاپ

ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆگەيئىمىزگە چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ بىزنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ ياخشىراق قاراشنى ئېيتسا، ئۇ خوتۇن «مەن سېنىڭ 6 كۇچۇكۇڭگە غالچى بولغىلى كەلمىگەن، خالىساڭ ساقلا بولمىسا خېتىمنى بەرگىن» دەپ يامان گەپلەر بىلەن بىزنى ھەم دادامنى ھاقارەتلىگەنلىكى ئۈچۈن دادام ئۇنىڭ خېتىنى بەردى. كېيىن ئۇ ئايال ئارىغا ئادەم قويۇپ يېنىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، دادام خوتۇن دېگەن ئەنە شۇنداق ئەسكى بولىدىغان بولسا ئىككىنچى خوتۇن ئالمايمەن دەپ بىر نەچچە يىل ئۆيلەنمەي يۈردى.

ئاكام سايىم ئاخۇن مەھەللىمىزدىن ئەيسا ئاخۇن ئاكىنىڭ ئاينىساخان دېگەن قىزى بىلەن تېپىشقانلىقى ئۈچۈن دادامىمۇ ئۇلارنىڭ توينى قىلىپ قويدى، بۇ ئايال بىزگە خېلى ياخشى قاراۋاتقان ئىدى، لېكىن بۇ ئايالنىڭ ئاچىسى گۈلنىساخان تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىپ ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بالىسى ھايات قالغان بولۇپ ئۇ بالىنى يەڭگىمىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بېقىپ پەرۋىش قىلىۋاتقاندا ئۇلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ، ئاكامنىڭ قېيىنئانىسى ئاتىسىنىڭ يەر زېمىنلىرى ھەمدە يەڭگەمنىڭ ئاچىسىنىڭ بالىسى ئاكام بىلەن يەڭگىمىزنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا قېپ قالدى، ئاكام بىلەن يەڭگەم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ چىقىپ كېچىسى ئۆز ئۆيىدە، كۈندۈزى ئىش ۋە تاماقتا بىزنىڭ ئۆيدە تۇردى، ئۇلاردىن قېپ قالغان 10 نەچچە مۇ يەرنى بىزنىڭ يەرلىرىمىز بىلەن بىرگە تېرىپ مەھسۇلاتنى ئۆز ئۆيىدە قويدى، دادام بالام سايىم ئاخۇننىڭ ئانىسىدىن قالغان نەرسىلەرنى مەن سەرىپ قىلىپ كەتكەن دەپ ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان يەردىن 5 مودەك يەر، قوي، كالا ئاجرىتىپ بەردى، ئۇنىڭدىن كەلگەن كىرىمنىمۇ ئاكام ئۆز ئۆيىگە قويدى، ئۇلارنىڭ كىرىمى ئېشىپ چىقىمى

بولمىغانلىقتىن ئاكامۇ دادام ھايات ۋاقتىتىكىدەك خېلىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئىدى. بۇ چاغدا ئاكامنىڭ يولدىشىمۇ بۇرۇنقىدەك چوڭ ئۆيگە ئانچە كۆيۈنمەيدىغان ھە دىسىلا ئۆز ئۆيىگە چىقىۋېلىپ بىزگە ۋاختىدا تاماق قىلىپ بەرمەيدىغان دادام گەپ قىلسا دادام بىلەن جۇۋاپلىشىدىغان، ئاكام گەپ قىلسا خېتىمنى بەر دەپ ئىسىلىۋالىدىغان بولىۋالدى.

ئائىلىمىزنىڭ يوقۇرىقىدەك ئەھۋالى دادامنىڭ يەنە ئۆيلىنىشىگە مەجبۇر قىلدى، دادام مۇۋاپىقراق بىر ئايال تېپىشنى ئىزدىنىۋاتقاندا باپكالارنىڭ رايونلۇق كالتە ئاقساقىلى تۇنىياز ئاخۇن دېگەن كىشى بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ پاراڭلىشىپ دادامنىڭ ئايالى بىلەن ئاجىراشقانلىقىنى ئاڭلاپ شۇ ۋاقتىتىكى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ بىر يېزىسى بولغان جامغۇچىسى دېگەن يېزىدىكى سەيدىخان دېگەن بىر ئايالنى تونۇشتۇرۇپتۇ داداممۇ ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپتۇ، يەنە بىر يەكشەنبە كۈنى دادام بۇ ئايال بىلەن كۆرۈشۈپ رەسمىي توي قىلىشقا پۈتۈشۈپتۇ، دادام ئۇ ئايالغا كىيىم ـ كېچەك ھەم تويلۇق نەرسىلەرنى تەييارلاپ مەھەللىمىزدىن بىر نەچچە ئەر ـ ئاياللارنى ئېلىپ ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆيىگە كەتتى، ئاكام بىرگە كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا بىز بارغىلى ئۇنىمىدۇق. ئاخشىمى يېرىم كېچە بىلەن ھېلىقى ئايالنى ئېلىپ كەلدى، ئۇ چاغدا ئۇكىلىرىم ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالغان بولسىمۇ، مەن ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ساقلاپ ئولتۇرغانلىقىم ئۈچۈن ئىشىكنى ئېچىپ بەردىم. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ توينى كۆچۈرۈپ كەلگەن كىشىلەرگە دوستۇرخان سېلىپ چاي ئىچىشكەندىن كېيىن ئۆيلىرىگە كېتىشتى. ئاندىن دادام بىزنىڭ 2 ـ ئۆگەي ئانىمىزنىڭ ئىسمى سەيدىخان ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئايالنىڭ بەكمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى، بىزلەرنى ئۆز بالىسىدەك كۆرىدىغانلىقىنى، بىزلەرنىڭ ئۇنى ھۆرمەت قىلىشىمىزنى ئېيتتى. مەن باشقا گەپمۇ قىلماي دادامنىڭ يۈز خاتىرىسىنى

قىلىپ بېشىمنى ئىگىپ ماقۇل دېگەن بىشارەتنى بەردىم. مەن بۇ ئايالغا قارىسام بېشى قاپاقتەك، يۈزلىرى يەل بېرىلگەن توپتەك گەۋدىسى خۇددى سامان تىققان تاغاردەك بولۇپ كۆزلىرىدىن ھىيلىگەرلىكى چىقىپ تۇراتتى. كۆڭلۈمدە ئەمدى بۇ خوتۇندىن نىمە يامانلىقلارنى كۆرەرمىز دىگەنلەرنى ئويلاپ ئۇكىلىرىمنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەتىگىنى ئورنۇمدىن تۇرسام ئۇ ئايال ھويلا ـ ئارامىلارنى سۈپۈرۈپ تازىلاۋېتىپتۇ، مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇپ، ئۇلاقلارغا ئوت سامان بېرىپ تۇرۇشۇمغا داداممۇ مەسچىتتىن كەلدى. ئاڭغىچە ئۇكىلىرىممۇ ئورنىدىن تۇرغان ئىدى. ئۇكىلىرىم بۇ خوتۇننى كۆرۈپ گەپ قىلماي قاراپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇ ئايال دادامنى ئاڭلىسۇن دىگەندەك ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن «ھە ... باللىرىم ياخشى ئۇخلىدىڭلارمۇ، بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ئەجەپ ئوماق بالىكەن بۇ» دەپ دادامغا قاراپ يالغاندىن ھىجىيىپ قويدى. ئاندىن ئەتىگەنلىك چاينى ھەممىمىز بىرگە ئولتۇرۇپ ئىچىشتۇق، كىچىك ئۇكىلىرىم ئۇ خوتۇننى يات كۆرۈپ قالدىمۇ ـ قانداق، تاماق يىگىلى ئۇنىماي ئولتۇرغانتى، ئۇ خوتۇن ئۇكىلىرىمنى «تارتىنماي تاماق يەڭلار باللىرىم» دىگەندىن كېيىن داداممۇ ئاناڭلار تاماق يەڭلار دىگەندىكىن ئىلىڭلار تاماقنى چاپسان يەڭلار دەپ زورلاپ ئۇكىلىرىمغا تاماق يىگۈزدى.

بۇنى كۆرۈپ ئۈز كۆڭلۈمدە خىلى يامان ئەمەس ئايال ئوخشايدۇ دەپمۇ ئويلاپ قالدىم، يەنە بىر تەرەپتىن مۇندىن كېيىنمۇ بىزگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلارمۇ؟ بۇرۇنقى ئۆگەي ئانىمىزگە ئوخاش ئاشنىڭ سويۇقى، نامنىڭ كۆيۈكىنى بېرىپ قالارمۇ، ھازىرلا بىر نىمە دىيىش قېيىن مۇندىن كېيىن كۆرىمىز تېخى دەپمۇ ئويلۇدۇم، دىگەندەك بىزنى دادام بار ۋاقىتلاردا ياكى سىرتتىن مىھمان كەلگەن چاغلاردا بىزنى «ۋاي بالام » دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، نان يەڭ، ئاش ئىچىڭ دەپ

بىزگە بەك كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، يالغۇز قالغان چاغلاردا يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن مېنى ۋە ئۇكىلىرىمنى ئەيىپلەپ ھەر خىل تەنە سۆزلەرنى قىلىپ چېقىشۇالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا قاراپ ئاغزى يۇمشاق، دىلى قاتتىق تازا ھىيلىگەر ئايال ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. قازان بېشىدىكى قىلىقلىرى كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ، ياخشىراق تاماق ئەتكەن كۈنلىرى باشقىلارنىڭ قوسىقى تويۇش - تويماسلىقى بىلەن قىلچە چاتىقى يوق، ئالدى بىلەن ئۆزى يوغان قاچىغا لىققىدە تاماقنى ئېلىۋېلىپ، پۈشۈلداپ ئولتۇرۇپ ئاچ قالغان كالا ھەلەپ يېگەندەك يەپ قوسىقىنى تويغۇزۇپ ئالغاندىن كېيىن يەنە كەچتە ياكى ئەتىسى يېيىشكە يوغان ئاياقتا بىر قاچا تاماق ئېلىۋالىدۇ، ئەگەر لەغمەن ئەتكەن بولسا، باشقىلارغا تاماق يەتكەن - يەتمىگەنلىكى بىلەن چاتىقى يوق«مەن لەغمەن خېمىرىدا كومگەن كۆمەچنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ كۆمەچ كۆمۈپ ساقلاپ يەيدۇ، سىرتتىن ئادەم كەلسە بىزلەرنى ماختاپ ھارمايدۇ، ئادەم يوق چاغدا تىللاپ ئاغزى تالمايدۇ.

بەزىدە سىرتتىن ئۇرۇق - تۇققانلار كەلگەندە ئۆگەيئانىمىزنىڭ بىزگە بولغان مۇئامىلىسىنى ياكى كۆز قارىشىنى دادامدىن سوراپ قالسا، داداممۇ بۇ ئايالنى ماختاپ بىزگە قىلىۋاتقان «رەھىم - شەپقەتلىرى» نى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ سۆيۈنۈپ كېتىدۇ، بۇنى ئاڭلىغانلىرىمدا ئۇ خوتۇننىڭ ھىيلىگەر، تۈلكە، ئىككى يۈزلىمچى قىلمىشلىرىنى دەرھال دەۋەتكۈم كېلىدۇ، ئەمما دادامنىڭ يۈزىنى ئاياپ دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ گەپ قىلماي ئولتۇرىمەن.

بۇ ئايال دادامنىمۇ ئالدىدا ماختاپ قىلمايدىغان خۇشامەتلالەر قالمىغانلىقى ئۈچۈن داداممۇ بۇ خوتۇننى بەك ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا بىز ئامالسىز ئۇ خوتۇننى ئانا دىمىسەكمۇ ئاچا دەپ ھۆرمىتىنى قىلىپ جېدەل - ماجرا قىلمىدۇق. چۈنكى بىز

دادامغا بۇ ئايالنىڭ ئاغزى بەك يۇمشاق بولسىمۇ دىلى قاتتىق ئىكەنلىكىنى، بىزنى قازان بېشىدا قېيناۋاتقانلىقىنى دېگەن بولساقمۇ دادام بىزگە ئۆگەي ئاناڭلار سىزلەرگە ئۆز ئاناڭلاردەك قاراۋاتامدۇ، ئەمدى بۇنىمۇ يامان دىسەڭلار مەن پەقەت ئۆيلەنمەي كېلىن ئالدىدا خارلىنىپ ئۆتسەم بولامدۇ، مەن ئاغرىپ يېتىپ قالسام ئۇ چاغدا سىلەر قاريالمىساڭلار قانداق قىلىمەن، ئۆگەي دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدۇ. ئاتا ـ ئانا دېگەن بەزىدە تىللاپ قويسىمۇ ھېچ گەپ يوق دەپ نەسىھەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بىز بۇ خوتۇننىڭ ئەسكىلىكلىرى ئۈستىدە ئېغىز ئاچالماي پىشانىمىزدىن كۆرۈپ دەرتنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ يۈرىۋەردۇق.

بىر كۈنى مەكتەپتىن كەلسەم كىچىك ئۈكىلىرىم ئاتىخان بىلەن ئاينىيازخان ئالدىمغا يىغلاپ چىقتى، نىمە بولغانلىقىنى سورىسام «بۇگۈن ئاچام» لەغمەن ئەتكەنتى، بىزگە ئازراقمۇ بەرمىدى، قوسىقىمىز ئاچتى دىسەك سىلەرگە يەتمىدى، مەنتەڭلەرگە نان چىلاپ يەڭلار دەپ قاتتىق نانىنى ئالدىمىزغا تاشلاپ قويدى، ئالغىلى ئۇنىمىساق ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاۋاتىدۇ دېگەن ئىدى. مەن پەقەت چىداپ تۇرالماي سىلە تاماق ئېتىپ ئۈكىلىرىمغا ئازراقمۇ بەرمەپىلا ماڭغىغۇ ئەسلىمۇ ئېلىپ قويمايتىلا بىز يېتىملارنى بۇنداق خارلىسىلا ئۆلگەندە خۇدايىمنىڭ ئالدىدا نىمە دەپ جاۋاپ بېرىلا.....؟ دىيىشىمنى بىلىمەن «سەن مىنىڭ ئۆلىمىنى تىلەۋاتىسەن،سەن نىملەرگە ھەر قانچە قىلسامۇ ياخشى بولالمايدىكەنمەن، مەن ئۆز ئۆيۈمگە كەتمىسەم بولمىغۇدەك» دەپ يىغلاپ تۇرۇپ ئاغزىغا كەلگەن يامان سۆزلەر بىلەن بىزنى تىللاپ كەتتى.كەچتە دادام بازاردىن قايتىپ كېلىشى بىلەن مۇشتەك قاپاقلىرىنى ساڭگىلىتىپ دادامنىڭ يۈزىگىمۇ قارىماي يالغاندىن مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇردى. دادام سىزگە نىمە بولدى دەپ سورىشىغا «گەپنى مىنىڭدىن سورىماي ئاۋۇ قاراپ تۇرغان كۈچۈكلىرىدىن سورىسىلا، بۇ ئۆيدە ياكى مەن

تۇراي ياكى ئۇ كۈچۈكلىرى تۇرسۇن دەپ گىلىمغا پىچاق سانجىلغان تۇگگۇزدەك ۋارقىراپ كۆزلىرىنى ئوغرى مۇشۇكنىڭ كۆزلىرىدەك پاقىرىتىپ دادامغا ئىسىلماقچى بولدى. بۇ چاغدا مەن دادامغا ئەھۋالنى ئېيتىۋاتسام مېنىڭ ھەممە گەپلىرىمنى يالغانغا چىقىرىپ، تېخىمۇ سىرەن سېلىپ مەن ئۆز ئۆيۈمگە كېتىمەن دەپ بوخچىلىرىنى يوغۇشتۇرغىلى تۇردى، بۇ چاغدا ئاكام بىلەن يەڭگەم ئىشتىن قايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار بۇ ئايالغا يالۋۇرۇپ توختۇتۇپ قويدى. ئاندىن دادام بىزلەرگە ئاچچىقلاپ «مېنى قاچانغىچە قىينايسىلەر، مەن نەچچە بىرىشىگلارنىڭ دەردىنى قاچانغىچە تارتىمەن» دەپ قولىغا تاياق ئېلىپ مېنى ئۇرماقچى بولغان ئىدى. ئاكام تۇتۇۋېلىپ بىزنى ئۇرۇشقا قويمىدى. ئاگغىچە مەن تالاغا قېچىپ چىقىپ كەتسەم تالىپخان، ئاتىخان ئۇكام كىچىك سىگلىم ئايىنىيازخاننى يۆتىلەپ كەينىمدىن چىقىپتۇ. مەن ئۇكىلىرىمنى ئەگەشتۇرۇپ ئانامنىڭ تۇپرىقىنىڭ بېشىغا باردۇق. تۆتىمىز بىر ھازا ئانامنىڭ تۇپا دوگىلەپ قويغان قەۋرىسىگە بېشىمىزنى قويۇپ يىغلىدۇق، لېكىن تۇپراقتىن ھېچ قانداق سادا كەلمىدى. شۇ ئارىدا ھاۋا تۇتۇلۇپ، ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ چاقماق چىقىشقا باشلىدى، بىزنىڭ يىغىمىزغا ھەمدەم بولۇپ ئاندا ـ ساندا يامغۇرمۇ چۈشۈۋاتاتتى.

مەن ئانام ھاياتلىقىدا ياخشى كۆرىدىغان شائىر لى مۇتەللىپنىڭ ئۆگەي ئانا ناملىق كومېدىيەسىدىكى «يېتىملار زارى» دېگەن شېرىنى ئانامدىن بىزگە بىرەر بىشارەت بولۇپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇدۇم.

كەلدۇق يېتىم ـ يېسىرلار ئاچ قەۋرەڭنى جان ئانا،
يىغلاپ كەلدۇق قېشىڭغا ئاچ قەۋرەڭنى جان ئانا!
ئۆگەي ئانا شەرمەندە، ئۇرۇپ سوقتى ھەر كۈندە،
مادار قالمىدى تەندە ئاچ قەۋرەڭنى جان ئانا!

ئۇردى بىزنى چىقىردۇق، ۋايجانىدىدۇق پىقىردۇق.
جانسىز يېتىپ يىغلىدۇق، ئاچ قەۋرەڭنى جان ئانا!
ئاقىقان قاننى دەيلىمۇ، ئاچ قالغاننى دەيلىمۇ،
تىكى چايانىنى دەيلىمۇ، ئاچ قەۋرەڭنى جان ئانا!
ئالتۇن قوزۇق سەن ئىدىڭ، ئاق سۈت ئوزۇق سەن ئىدىڭ،
جانغا خولۇق سەن ئىدىڭ، ئاچ قەۋرەڭنى جان ئانا !
ئوغلۇم دەيتتىڭ كۆيەتتىڭ، قىزىم دەيتتىڭ سۆيەتتىڭ،
بالام دەيتتىڭ ئۆلەتتىڭ، ئاچ قەۋرەڭنى جان ئانا!
ئۆز ئانىدەك مېھرىبان بولماس ئىكەن ھېچ قاچان،
چەكمەكتىمىز بىز پىغان، ئاچ قەۋرەڭنى جان ئانا!
ئاقتى بىزنىڭ كۆزىمىزدىن قان بىلەن ياش،
شۇڭا بىز كۈن - تۈن غەم بىلەن مۇڭداش،
ئاچ قەۋرەڭنى جان ئانا !
ئۆگەيلەر قىلىپ زورلۇق، بىزلەرگە قىلىپ خورلۇق،
كۆرمىدۇق تۈزۈك خولۇق بۇ بىزلەرگە نىمە شۇرلۇق،
بۇ جانغا بىزمى تويدۇق، ئاچ قەۋرەڭنى جان ئانا!

دەپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقىنىمىزدا سىم - سىم يىغىۋاتقان يامغۇر خۇددى بىزنىڭ دەردىمىزگە يەتكەندەك قاتتىق يېغىشقا باشلىدى، بۇ يامغۇر كۆزىمىزدىن ئاققان ياشلار بىلەن قوشۇلۇپ كىيىملىرىمىزنى لەپشە - لەپشە ھۆل قىلىۋەتتى، بۇنىمۇ سەزمىگەن ھالدا يىغلاۋېرىپ خۇدىمىزنى يوقۇتۇپ قويۇپتۇق، شۇ زامان ئانامنىڭ قەۋرىسى يېرىلىپ ئانام ئاق كېپەن كىيگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولدى.

ئېزىلگەن يۈرەكلىرىمىز پارە - پارە بولۇپ كەتكەن بىز يېتىملار ئانا - ئانا جىنىم ئانا دېيىشىپ ئۆزىمىزنى مېھرىبان ئانىمىزنىڭ قۇچىقىغا تاشلىدۇق. ئانام بىزنى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلاپ سۆيەتتى، باشلىرىمىزنى مېھرىبان قولى بىلەن يۇمشاق ۋە يېقىملىق سىلايتتى. بىز بولساق ئانىمىزنىڭ قوش مەڭزىگە

بەس ـ بەس بىلەن تويىماي سۆيەتتۇق، قەدىردان ئانام بىز يېتىملارنى نۆۋەت بىلەن باغرىغا بېسىپ ئىككى كۆزىدىن ياش تۆكتى.

بىز: «ئانا ! جېنىم ئانا! بىزمۇ سىز بىلەن بىللە تۇرايلى، سىز بىزنى ئەمدى تاشلاپ كەتمەڭ دەپ ئانامغا ئېسىلىپ يىغلاۋاتقاندا ئانام بىزنىڭ زارىمىزغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي بىزگە تۆۋەندىكىدەك بىشارەتلەرنى بەردى.

ئاناڭلار كېتىپ يېتىم قالغان سىلەردەك خارى ـ زار بارمۇ؟ جۇدالىق دەردىدە يىغلىغان سىلەردەك خارى ـ زار بارمۇ؟ ئۆلۈم قوينىغا ئالغاندا، كۆزۈم كەينىمدە قالغاندا، «ئانا» دەپ ئېسىلغاندا، بۇ تەندە مادار بارمۇ؟

كېپەننى نەم قىلىپ ياشتىن، جىسمىمغا يېتىشىپ باشتىن چىقمىدى ئەۋاز توپراقتىن، يېتىملارگە شۇ ئازار بارمۇ؟

چىرايىڭلار سارغىيىپ شۇنچە، غازاڭ بوپتۇ كىچىك غۇنچە، زۇلۇم قىلدى كىملەر مۇنچە، چىداشقا بىقارار بارمۇ؟

ئۆرۈپ ـ تىللاپ، سىلەرنى خارلاپ، قويۇپ ئاچتۇق شوراپ قېنىڭلارنى، ئانام دەپ ياشلىرىنى تۆككەن، سىلەردەك نالە ـ زار بارمۇ؟

يىغاڭلار توختىسۇن ئەمدى،ئاناڭلار تىنجىسۇن ئەمدى، كۇچۇڭلار قوغدىسۇن ئەمدى، كۆرەشسىز ياز ـ باھار بارمۇ؟

دەپ بىشارەت بەرگەندىن كېيىن كۇزۇمدىن غايىپ بولدى، مەن «ئانا! ئانا!» دەپ كۆزۈمنى ئاچسام ئۇكىلىرىممۇ قەۋرىگە بېشىنى قويۇپ يىغلاۋېتىپتۇ، ئەمما ئانامنىڭ ئۆزى تۇگۇل سايىسىنىمۇ كۆرەلمىدىم. مەن چۈش كۆردۇممۇ ياكى ئوڭۇممۇ دەپ ئويلاپ ئانامنىڭ يوقىرىقى سۆزلىرىنى بىزگە بەرگەن بىشارىتى بولىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغاندىن كېيىن ئۇكىلىرىمنى چاقىرىپ ئۇلارغا «مەن ئانامنى كۆردۇم، بىزنىڭ زارىمىزنى ئاڭلاپتۇ، ماڭا ئانام بىشارەت بەردى» دىسەم، ئۇكىلىرىم ھەيران قالغان ھالدا

ئەمىسە بىز ئانامنى كۆرمىدۇق ھەم گېپىنى ئاڭلىمىدۇققۇ؟ ئاكا سىز چۇش كۆرمىگەنسىز ھە ......» دەپ مېنىڭدىن «راس ئانامنى كۆردىڭىزمۇ، ئۇ سىزگە نىملەرنى دىدى دەپ قايتا ـ قايتا سوراشتى». مەن بولغان ئەھۋالنى يىغلاپ تۇرۇپ ئۇكىلىرىمغا ئېيتىپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن 3 ئۇكامنى ئېلىپ شۇ كۈندىكى قاتتىق يامغۇرغا قارىماي چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىگە باردۇق، چوڭ ئانام بىزنىڭ ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرىمىزگە، ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىمىزگە قاراپ بالىلىرىم نىمە بولدۇڭلار، بۇ يامغۇردا كېلىپ قاپسىلەرغۇ دەپ سورىدى، چوڭ ئانامغا بولغان بارلىق ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن چوڭ ئانام بىزنىڭ نالە ـ زارىمىزنى ئاڭلاپ ئانامنى قوشاققا قېتىپ ئاۋازلىق يىغلاپ كەتتى.

چوڭ ئانام، ماڭا بالام سىز:«كارامەت كۆرۈپسىز، ئانىڭىز سىزنىڭ ئۆگەيئانىڭىزغا بوزەك بولماسلىقىڭىز ئۈچۈن مەدەت بېرىپتۇ، سىلەر بۇندىن كېيىن چوڭ ـ كىچىك ئىشلارغا يىغلاپ يۈرمەي ئۆگەيئانىڭىز ئىشلىتىۋاتقان ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى داداڭلارغا ئېيتىڭلار، ئۇمۇ بىر سىناپ كۆرۈپ باقسۇن، ئۆگەيئاناڭلارنىڭ ئىشلىتىۋاتقان ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئۇقسا دادىڭىز ھەرگىز ئۇ خوتۇننىڭ تەرىپىنى ئېلىپ سۆزلىمەيدۇ» دىدى، بىز ماقۇل دەپ يىغىمىزنى توختىتىپ چوڭ ئانام ئېتىپ بەرگەن لەغمەننى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. دادامغۇ گەپ قىلمىدى. شۇندىن كېيىن مەن ئۆگەي ئانىنىڭ بارلىق سۆز ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىدىغان بولدۇم.

ئۆگەيىنىمىزنىڭ قىزى تۇلكىدىنمۇ ھىيلىگەر ئايال بولۇپ دادامنىڭ ئالدىدا ماختاپ ھالى قالمايدۇ، ھەتتا بىرەر جايغا بېرىپ كەلسە ئالدىغا چىقىپ ئالاھىدە ھاردۇق سوراپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى ئېرتىشتۇرۇپ، چاپانلىرىنى قېقىپ، قوللىرىغا سو قۇيۇپ بېرىپ بەك خوشامەت قىلىدۇ. بىر كۈن مەھەللىمىزدىن نىيازخان دىگەن

ئايال كىرگەن ئىكەن ئۇنىڭغا دادامنى قېرى ئوغرى »دەپ تىللاپ بىرىۋاتىدۇ، مەن ئۇلاقلارغا ئوت سېلىش ئۈچۈن ئۆگىزىگە چىقىپ قېنى يەنە نىمىلەرنى دەركىن دەپ تىڭشاپ تۇرسام، ئاغزىغا كەلگىنىچە دادامنى ھاقارەتلىگىلى تۇردى. نىيازخان دېگەن ئايال سىلە نىياز ئاخۇنغا بەك ئامراق، بەكمۇ كۆيۈنىدىلاغۇ؟ دىسە ۋاي نىيازخان ئاچا مەن ئۇنداق قىلمىسام بولامدۇ، يەتتە ئەرگە تەگدىم، ئەمدى بۇ ئوغرىنى ئالدىدا ماختاپ، كىيمنى كىيدۈرۈپ، ئېشىنى يەپ غالچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ جان باقمىسام مۇنچە ياشقا كىرگەندە يەنە ئەرگە تېگىمەن. دەپ يۇرىمەنمۇ؟ دەپ ئۆزىنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى ئاشكارىلاپ قويدى، ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكرلىك سۆزلىرىنى مەھەللىدىكى باشقا ئاياللارغا ئېيتقان ئىكەن ئۇلار خۇداياتوۋا ما خوتۇنىنىڭ ئۇستاتلىقىنى، بۇنداق ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەر ئۆزىنى دەپ ھەر قانداق يامان ئىش قىلىشتىن يانمايدۇ، بۇ ئايال «تۇلكىلەرنىڭ پىرى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن» دىيىشىپتۇ.

يۇقارقىدەك ئەھۋاللارنى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەندىن كېيىن قوسۇقۇمغا پاتماي دادامغا دەرھال ئېيتقۇم كەلسىمۇ، بۇ خوتۇننىڭ سۆز ھەرىكىتىدىن تىنىۋېلىپ، ھەممە گۇناھنى ماڭا ئارتىپ قويۇشىدىن قورقتۇم، يەنە بىر تەرەپتىن ھازىرچە سەۋىر قىلىپ تۇرۇپ چوڭراق ئىش چىقارغاندا ئېيتاي دەپ ھېچ كىمگە گەپ قىلمىدىم، ھەمىدە كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ قالغاندەك بولىۋېلىپ، ئىشقا بويرۇسا ھە «ئاچا» ھازىر قىلىمەن دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ياخشىچاق بولۇپ ياۋاش قىياپەتكە كىرىۋېلىپ يۇرىۋەردىم. ئۆگەي ئانىمىزمۇ مېنى ۋە ئۇكىلىرىمنى ئاغزىنىڭ ئۇچىدە بولسىمۇ «ۋاي بالام» دەپ ئېيتىدىغان بولدى. مەن ئۆگەينىمىزنىڭ يەنە قانداق ھىيلە مىكرىسى بارلىغىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئاچ قالسامۇ چىداپ، ئۇكىلىرىم دەرت ئېيتسىمۇ نەسىھەت قىلىپ پۇرسەت كۈتۈپ يۇرىۋەردىم، شۇنىڭ

بىلەن داداممۇ خاتىرجەم بولدى، ئۆگەي ئانىمىزنىڭ ئىشەنچىسىگىمۇ ئىگە بولىۋالدىم.

بىر كۈنى ئۆگەيئىمىز تۇققانلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن چامغۇچى دېگەن ئەسلى يۇرتىغا بارماقچى بولدى. دادام ئىشەكنى توقۇپ ئۆگەينەمنى يولغا سېلىپ قويۇشنى ئېيتتى. ئۆگەيئىمىز دادامغا ئۆزىنى پاك كۆرسىتىش ئۈچۈن چۈمغۇچىنىڭ ئارىلىقى يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول چاتقالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرسا مېنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇشقا كۆڭۈللىرى ئۇنىمدۇ، دەپ دادامنىڭ كۆزىگە قاراپ يالغاندىن ھىجايغان ئىدى. دادام مېنى ئاچىڭىزنى چامغۇچىغا ئاپىرىپ تۇققانلىرىنى كۆرسىتىپ كېلىپ دېدى. مەنمۇ ئازنە كۈنلىكى مەكتەپكە بارمىغاندىن كېيىن بارسامىمۇ باراي دەپ ئۆگىنەم بىلەن يولغا چىقتۇق. ئۆگەينەم سامان تىققان تاغاردەك ئىشەكتە لاپىشىپ ئولتۇردى، مەن ئىشەكنى ھەيدەپ مېڭىپ قارا يۇلغۇن دېگەن يۇرت بىلەن چامغۇچىغا ماڭىدىغان ئاچال يولغا بارغاندا، ئىشەكنى چامغۇچىغا بارىدىغان يولغا ھەيدىمەي قارا يۇلغۇنغا بارىدىغان يولغا قاراپ ماڭدى. مەن «ئاچا» نەگە بارىمىز دېسەم قارا يۇلغۇندا بىر تونۇشۇم بار ئىدى، پەتە قىلىپ ئۆتۈپ كېتەيلى دېدى، ئىككى چاقىرىمدەك ماڭغاندا بىر چوڭ دەرۋازىلىق ھويلىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ئۆگەيئىمىز ئىشەكتىن چۈشمەكچى بولغاندا مەن ياردەملىشىپ ئىشەكتىن چۈشۈرۈپ قويدۇم. ئىشەكتىن چۈشۈپ ئۇچۇق تۇرغان دەرۋازا ئىچىگە كىرىشىمىزگە باغلاقلىق تۇرغان ئىككى ئىت بىزگە ئېتىلىپ تاس قالدى زەنجىرىنى ئۈزۈۋەتكىلى، ئاڭغىچە ئىچكىرىدىن 50 ياشلارغا كىرگەن چىچىغا ئاق كىرگەن بىر ئايال چىقىپ ئىتلارنى توسۇپ بىزدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. مەن ئىشەكنى ھويلا ئىچىدىكى بىر تۇگۈرۈككە باغلاپ قويۇپ ھېلىقى ئايال باشلىغان ئۆيگە ئۆگەينەم بىلەن بىرگە كىرىپ پاتمە قىلىپ ئولتۇردۇق.

بۇ چاغدا ئۆگەينەم ئەتراپقا قاراپ خۇددى كۆڭلىدىكى بىرەر نەرسىسى يوقىتەك باللا كۆرۈنمەيدىغۇ، ئاقساقال يوق ئوخشىمامدۇ دەپ سورىدى، ئۆي ئىگىسى ئايال بالا ئىشقا كەتكەن، تونىياز ئاخۇن بىرسىنىڭ ئۆيىگە بىر ئىش بىلەن كەتكەن ئىدى بىردەمدىن كېيىن كېلىپ قالار دەپ ئېيتقاندىن كېيىن دوستۇرخان سېلىپ چاي، نان ئېلىپ كەلدى، بىز چاي ئىچىشىپ ئولتۇرساق ئىشكتىن يوغانباش، يۇزلىرىنى پۇتۇنلەي چوپۇ (تۇك) بېسىپ كەتكەن ئاغزىلىرى كالچاك، كۆزلىرى خۇنۇك، ئېغىر ئاياق ئايالدەك قوسىقى ئالدىغا چىقىپ كەتكەن ئۆزى پاكار، بويىنى قىسقا خۇددى ئاش قاچىلايدىغان ئىدىشقا ئوخشاش بىر مەخلۇق كىرىپ كەلدى. بۇ مەخلۇقنى كۆرگەن ئۆگەينىمىزنىڭ گۇلە ـ قەقەلىرى ئېچىلىپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ بۇيانلىرىنى ئىگىشىپ، چوشقىدەك سېمىز بەللىرىنى تولغاپ تۇرۇپ تەزىم قىلىپ، ئايالى بىلەن مەن يېنىدا بولمىغاندا ھېلىقى مەخلۇقنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتىدىغاندەك ھالەتتە ئۇنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ كەتتى، ھېلىقى مەخلۇقمۇ خاتونى ھەم مەندىن بىر ئاز ئەيمەنگەندەك ئەدەپ يۇسۇندا ئۆزى ۋە باللىرىنىڭ سالامەت تۇرغانلىقىنى، ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشۈپ كېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئالدىراش بولۇپ بارالمىغانلىقى، بۇگۇن مۇبارەك قەدەملىرى يەتكەنلىكى ئۈچۈن قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى دادامنى بىرگە ئېلىپ كەلمىگەنلىكىگە ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كۆزىنى قىسىپ قويدى. ئۆگەينەم بولسا دادىسىنىڭ ئىشى ئالدىراش بولغىنى ئۈچۈن «ما بالامنى» قوشۇپ قويدى دەپ گەپ ئارىسىدا مېنى تونۇشتۇردى.

ھېلىقى ئادەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆز قولى بىلەن ئۆگەينەمگە چاي قويۇپ، مەزەگە تەكلىپ قىلىپ، تەخسىدىكى ياڭاقلارنى ئۆز قولى بىلەن چېقىپ ئۆگەينەمنىڭ ئالدىغا

ئىشتىرىپ قويۇپ تارتىنماي مەزەلەرگە بېقىشنى ئېيتىپ ئىتتەك كۆزلىرىنى قىسىپ ئۆگەيىنەمگە قاراپ يەنە بىر قېتىم ھىجايدى، ئۆگەيىنەممۇ بىز دېگەن ئۆز ئادەم تۇرساق سىلەر بار يەردە نىمىدىن تارتىناتتۇق دەپ بىر تال ياڭاق مېغىزىنى ئاغزىغا سېلىپ چاينا ـ چاينىماي بۇ ئەجەپمۇ بىر تاتلىق ياڭاقكەن، ھەر قاچان سىلەرنىڭ باغنىڭ ياڭىقىغۇ دەيمەن دىگەندە ئۇ ئادەم ھەئە. ئۆز بېغىمىزنىڭ ياڭىقى، سىلىدەك ئېزىز مېھمانلار كەلسە ئېغىز تەككۈزەرمىكىن دەپ ئالاھىدە ساقلىغان دەپ ئۆزلىرىنىڭ پەسكەش ھىسسىياتلىرىنى ئىپادىلەشتى، بۇ چاغدا ھېلىقى ئۆي ئىگىسى ئايال ئاشخانىغا چىقىپ كەتكەن بولۇپ ئۆگەيىنەم ھېلىقى ئادەمنىڭ سۆزىگە جاۋاپ بېرىمەن دەپ ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتقاندا ھېلىقى ئۆي ئىگىسى ئايال كىرىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆگەيىنەم دەرھال سۆزىنى يۆتكەپ بىزنىڭمۇ شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز بار ئىدى، رەھمەت ئۆزلىرىگە دەپ جىم ئولتۇردى.

ھېلىقى ئۆي ئىگىسى ئايال ئاشخانىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن ئۇلارنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارە سۆزلىشىشىگە توسقۇن بولۇپ قالدىمۇ نىمە؟ ئۆگەيىنەم ماڭا ئىشەككە ئوت بېرىپ قويۇڭ دىگەنتى مەن ئىشىتتىن قورقىمەن دىسەم ھېلىقى ساقاللىق مەخلۇق ئىشت باغلاغلىق زەنجىرىنى ئۈزىۋىتەلمەيدۇ، قورقماي چىقىۋەرسىڭىز بولىدۇ دەپ ئېيتتى. مەن ئامالسىز ئىشەككە ئوت سېلىپ بەرگىلى چىقىپ كېتىپ ھايال بولماي قايتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ يەنە نىملەرنى دىيىشىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقاي دەپ ئۇلار ئولتۇرغان دەرىزىدىن ماراپ تۇرۇپ گەپ تىڭشىسام ئۆگەيىنەم ھېچ بىر ئۇياتماستىن «سىز مېنى قېرى ئوغرىغا چېتىپ قويۇپ تاشلىۋەتتىڭىز بىرەر قېتىم يوقلاپ قويايمۇ دىمىدىڭىز، كېچە ـ كۈندۈز ئويلاپ، يولىڭىزغا قاراپ كۆزۈم تىشىلەيلا دەپ قالدى، بەك سىغىنىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن مەن تۇققانلىرىمنى كۆرۈشنى بانا قىلىپ ئۆزۈم كەلدىم» دەپ ھىجاراپ

كۆلۈپ تىلىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يۇتۇلۇپ كەتتى. ھېلىقى مەخلۇق «مەنمۇ بەك سىغىندىم، سىزنى كۆپ ئويلىۇدۇم، لېكىن بىر بەلگىلىكنىڭ باپكارلىرىغا مەسئۇل بولغىنىم ئۈچۈن باشقىلارغا قويۇلغان سىلىقنى سۆيلەش بانىسى بىلەن پات ـ پات سىلەر تەرەپكە بېرىپ سىزنى يوقلاپ تۇرىمەن دېگەن مەخسەت بىلەن شۇنى نىياز ئاخۇنغا تونۇشتۇرغان بولسامۇ ئىشىمنىڭ كۆپلىكىدىن بوسۇغا ئاتلاپ چىقالمىدىم، مېنى ئەپۇ قىلىڭ بۇندىن كېيىن ۋەدەمگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايمەن ۋاھاكازا» دەپ بىر مۇنچە ۋالاقلاپ كەتتى. مەن كۆڭلۈمدە ئۆگەينەم بولسا بۇ مەخلۇقنىڭ كونا ئاشنىسى ئىكەندە، شۇڭا ئۇنى مەخسەتلىك ھالدا دادامغا تونۇشتۇرۇپ ئۇزلىرى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىماقچىكەن خەپ دادامغا دەپ ئەدەپىڭنى بەرگۈزمەيدىغان بولسام دەپ ئويلىۇدۇم، شۇڭا يەنە كۈتۈپ تۇرۇشقا ۋىژدانىم قويماي ئۇلار ئولتۇرغان ئۆيگە كىرسەم ئۇلار مېنىڭ ئاياغ شەپەمنى ئاڭلاپ قىلىشىۋاتقان گېپىنى يۆتكەپ ئادەتتىكى پاراڭلارنى قىلىشىپ ئولتۇردى. ئاڭغىچە ھېلىقى ئۆي ئىگىسى ئايالمۇ تاماق كۆتۈرۈپ كىردى. تاماق يېيىلىپ بولغۇچە كۈنمۇ خېلى كەچ بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلغاندىن كېيىن ماڭماقچى بولۇپ ئورنىمىزدىن تۇرغاندا ھېلىقى مەخلۇق تۈك بېسىپ كەتكەن مەيدىسىنى سىلاپ تۇرۇپ بىزنى قونۇپ قېلىشقا زورلىدى، ئۆگەينەمنىڭ بۇ ئۆيدە قونۇپقالغۇسى بولسىمۇ، مېنىڭدىن تەپ تارتىپ ھېلىقى مەخلۇققا قاراپ كۆپ قېتىم رەھمەتلەرنى ئېيتىپ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى بىزنىڭ ئۆيگە بېرىشقا قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن يەنە ئىشەككە ئارتىلىپ تۇققانلىرىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن تۇققانلىرىنىڭ يۇرتى چامغۇرچىغا كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىن يېتىپ باردۇق، ئۆگەينەم بۈگۈن كەچ بولۇپ قالدى، ئەتە كېتەيلى دېگەن بولسىمۇ، مەن ئەتىسى ئەتىگەن مەكتەپكە بارىدىغانلىقىمنى بانا

قىلىپ ئىشەكنى مېنىپ قايتىپ كەلدىم، مەن خېلى كەچ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن دادام بىزدىن ئەنسىرەپ،ياتماي ساقلاپ تۇرغان ئىكەن، دادام مېنى كۆرۈپ ئۆگەينەمنىڭ نىمە ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىنى، نىمە ئۈچۈن يالغۇز كىچىدە قايتىپ كەلگەنلىكىمنى سورىدى، ئۆكىلىرىم ئالىقاچان ئۇخلاپ قالغان بولۇپ ئاكام ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كېتىپ دادام يالغۇز قالغانلىقى ئۈچۈن شۇ كۈنى تونىياز ئاقساقال دىگەننىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىمىزنى، ئۆگەينەم بىلەن تۇنىياز ئاقساقال مېنى چىقىرىۋېتىپ نىمىلەرنى دىيىشكەنلىكى، چامغۇرچىغا كەچ بارغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆگەينەمنىڭ قونۇپقالغانلىقىنى، مەن مەكتەپتىن قېپ قالىمەن دەپ قايتىپ كەلگەنلىكىمنى ئېيتسام دادام ھە... ! ئىش مۇنداق ئىكەندە تۇنىياز ئاقساقال دېگەن تاز ئۇ خۇتۇننى ماڭا مەخسەتلىك تونۇشتۇرغان ئىكەندە خەپ توختاپ تۇر. جالاپ دەپ ساقىلىنى ئىككى ـ ئۈچ قىلىپ تۇتۇپ كەتتى، مەن بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ بۇ خوتۇننىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ دادامنى تىللىغانلىقىنى باشقىلار نەسىھەت قىلغاندا ئېيتقان نومۇسسىز سۆزلىرىنى ئادەم ئىسپاتلار بىلەن قوشۇپ دەپ بەردىم، دادام «مەن بۇ خوتۇننىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئوقماي سىلەرگە كۆپ قېتىم ئازار بېرىپتىمەن، مەن بۇنى بۇرۇنراق ئۇققان بولسام ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىغان بولاتتىم، بولدى ھېلى ھەم كىچىكمەيمىز، بولدى ئۇ جالاپ، ياش ئادەمدىن بىرنى تېپىپ تىنچىۋالسۇن» دەپ غايىبانە تالاق قىلىۋەتتى.

ئۆگەينىمىزنى ئالغىلى ئادەم بارمىغانلىقى ئۈچۈن بىر ھەپتىگىچە ئۆيىگە قايتىپ كەلمىدى، بۇمۇ دادامنىڭ ئۆگەينىمىزنى تالاق قىلىۋېتىشىنىڭ بىر باھانىسى بولدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن يەكشەنبە بازارغا كېلىدىغان بازارچىلارنىڭ ئىشكىگە مىنىپ ئۆيگە كەلگەن ئىكەن، دادام ئۇنىڭ ئىككى

يۈزمىلىك، ئالدامچىلىق سۆز ھەركەتلىرىنى يۈزىگە سېلىپ، «تالاق قىلىۋاتقانلىقى» نى ئېيتىپ كەتكۈزۈۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ خوتۇن بىلەن قىلغان بىر قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلىپ بىزمۇ ۋاقىتلىق ئازات بولدۇق. لېكىن بىزنىڭ بۇ ئازاتلىقىمىز ئۇزۇن داۋاملاشمايدىغانلىقىنى ئويلىسام كۆڭلۈم غەش بولاتتى.

1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 ـ سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆينىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشكەچ قوي باقتىم، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇكىلىرىمغا قارىدىم، بۇنىڭ بىلەن ئۇكىلىرىممۇ خېلى كۆڭۈل ئازادىلىك ھىس قىلىپ خۇشال ـ خورام كۈن ئۆتكۈزدى. لىكىن 2 ـ قېتىملىق ئاپەتتىن قۇتۇلغان بولساقمۇ پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولۇپ كېتەلمىدۇق، دادام يەنە ئۆيلۈنۈشكە تەرەددۇتىنى قىلىپ يۈردى.

ئۆگەينىمىز سەيدىخاندىن ئايرىلىپ كېتىپ تېخى بىر يىل بولمايلا دادام ئارشو يەكشەنبە بازاردىن (بىزنىڭ ئۆي يېڭى بازارنىڭ ئارىلىقى بىر چاقىرىم كېلەتتى، بوۋىخان دېگەن ئىككى بالىسى بار، بىر ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇردى، بۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ ئىككى بالىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ يەڭگىسى بىلەن چىقىشالمىغانلىقى ئۈنىڭ ئۈستىگە 2 بالىسى ئاچ ـ يالىڭاچلىقنىڭ دەردىنى خېلى تارتقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئايال بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئۇكىلىرىمغا يامان ئەمەس قارىدى، ئۇ ئايالنىڭ بالىلىرى بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن بىزمۇ ئۇلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلدۇق، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئايال دادامدىن بىر قىز پەرزەنت كۆردى، بۇ ئۇكىمىزغا بىزمۇ خېلى ئامراق بولۇپ قولىمىزدىن چۈشۈرمەي باقاتتۇق، ئەمما ئۆگەينىمىز ئۇكىلىرىمغا بۇرۇنغىدەك قارىمايدىغان بولدى، سىڭلىم ئاتىخاننىڭ بېشىغا جاراھەت چىقىپ بېشىدا پىت بىلەن قۇرۇت يامراپ كەتتى، ئۇنىڭ بىلەن قىلچە

كارى بولمىغىنى ئۈچۈن مەھەللىمىزدىكى ئاياللارنىڭ سىڭلىمغا ئىچى ئاغرىپ پات ـ پات يۆيۈپ ـ تاراپ تازلاپ قويدى، ئۆكام تالىپخانىنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىنى قارا تەمرەتكە بېسىپ بەدەنلىرى ئالا ـ چىپار بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ كېسەلنى ساقايتىش ئۈچۈن نۇرغۇن يەرلىك دورىلارنى قىلىپ كۆرگەن بولساقمۇ پايدىسى بولمىدى، باشقىلارنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە بەدەننى سىرتتىن بېلىق مېيىدا مايلاپ ئىچ تەرەپتىن، شاپتۇل ئۈچكىسىنىڭ مېغىزىنى تاماققا قوشۇپ ئىچۈرۈپ بەرگىنى ئۈچۈن بۇرۇنقىدىن ياخشى بولغان بولسىمۇ تەل ـ تۆكۈس ساقىيىپ كەتمىدى، لېكىن ئۆكام تالىپخان شاپتۇل ئۈچكىسىنى يەۋېرىپ ئاشقىزىنى زەخمىلەنگەنلىكى ئۈچۈن يىگەن تامىقى سىڭمەي چىرايلىرى سارغىيىپ ئۆزىمى ئاجىزلاپ كەتتى. كونىلار بۇ تەمرەتكە دېگەن كېسەل بەدەندە ماي تۆگىگەنلىكى ئۈچۈن بولىدۇ، مايلىق گۆشلەرنى پىشۇرۇپ بېرىپ ياخشى باقسا ساقىيىدۇ، دېيىشتى. لېكىن بىزدە ئۇنداق قىلىشقا ئامالىمىز يوق ئىدى، ئۇ چاغدا چوڭ ئانامىمۇ ئاللىقاچان ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولۇپ ئانامنىڭ چوڭ سىڭلىسىنىڭ ئۆيىدىن باشقا بارىدىغان ـ كېلىدىغان يېرىمىزمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە بارساقمۇ بىرەر ۋاخ تاماقنى يەپ يېنىپ كەلمەي ئامالىمىز يوق ئىدى.

ئانامنىڭ باشقا سىڭىللىرىنىڭ ئۆيى يىراق بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە پىيادە بارالمايتتۇق. ئەمدى پەقەت ئۆگەينىمىزنىڭ قولىغا قاراپ قالغان ئىدۇق، ئۆگەينىمىز ئۆزىنىڭ باللىرى كەلگەن ۋاقىتتا (باللىرى ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغان بولسىمۇ بىر ھەپتىدە بىر ئىككى قېتىم بىزنىڭ ئۆيگە كېلەتتى) ياخشى تاماقلارنى ئەتسە ئۆز باللىرىغا ئاشنىڭ قويۇقى ھەم گۆشلىرىنى ئىلغاپ ئېلىپ بېرەتتى، ئۆكىلىرىمغا بولسا ئاشنىڭ سۇيىقى، قۇرۇق سەيلەرنى بېرەتتى. بەزىدە ئۆز

باللىرىنىڭ قوسىقى تويۇپ ئالدىدىن تاماق ئېشىپ قالاتتى. ئەمما ئۆكىلىرىم بەرگەن تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن قوسىقى تويمىسا، يەنە تاماق يەيمەن دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا قاچامدىكى گۆشلەرنى ئىلغاپ بېرەتتىم ھەم قاچامدىكى ئاشتىن بۆلۈپ بېرەتتىم ئاكامنىڭ ئۆيى باشقا بولغانلىقتىن ئۆز ئۆيىدە ياخشى تاماقلارنى ئېتىپ يەيتتى، چوڭ ئۆيدىمۇ يەڭگەم ئاكامنى ئېلىپ قويمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاكام ئۆينىڭ ھەممە كۈچ ئىشلىرىنى قىلغانلىقى، ئۆينىڭ ئىقتىسادى ئىلىم - بېرىم ئىشلىرىنى قلغانلىقى ئۈچۈن ئۆگىنەممۇ ئاكامنى ئۆگەيلەشكە جۈرئەت قىلالمايتتى، بىزنىڭ كۈنىمىز داۋاملىق ئەنە شۇنداق ئۆتمۇەرگەنلىكى ئۈچۈن بىزمۇ بۇ تۇرمۇشقا شۈكۈر - قانائەت قىلىشقا مەجبۇرى ئىدۇق. مەن ئۆينىڭ ۋە ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلغاندىن باشقا مال - كاللارنى بېقىپ بىكار تۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن بۇرۇنقىدەك بىكار نانىنى يەيدىغان تاپا - تەنىلەردىن خالى ئىدىم، ئۆگەينەم ماڭا ۋە باللارغا ئورۇنسىز ئازار بەرسە مەنمۇ تەڭ تۇرۇپ رەددىيە بېرەتتىم.

1944 - يىلى ئەتىياز پەسلىدە كىچىك باللارغا چېچەك كېسىلى تارقىلىپ مېنىڭ ئاتىخان، ئاينىيازخان ھەم ئۆگەينەمنىڭ دادامدىن بولغان قىز ئۆكىمىزغا چېچەك چىقىپ يېتىپ قالدى. ئەسلىدە چېچەك چىقىپ 7 كۈن بولغاندا چېچەك ئېسىلىپ قارا - مۇماچ بولۇپ يېنىشقا باشلايتتى. ئاينىيازخان ئۆكامغا چىققان چېچەك 7، 8 كۈندىن كېيىن يېنىشقا باشلىدى، ئۆگەينەم قىزىنىڭ چېچىكى ساقايماي ئۆلۈپ كەتتى. ئاتىخان ئۆكامغا چىققان چېچەك ئېسىلىپ قارا - قۇماچ بولمايلا بەدىنىگە سىڭىشىپ كېتىپ ئۆكامنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتتى، باشقىلار بۇ باللاچە شەپتۇ، شامال تېگىپ قاپتۇ، باشقا ئامال يوق دەپ ئېيتقاندىن كېيىن مەن كىچە - كۈندۈز غەم - ئەندىشە ئىچىدە يۈردۈم، ئۆكامنىڭ كېسىلىمۇ كۈندىن - كۈنگە

ئېغىرلىشىپ، چولپاندەك كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ئاناردەك مەڭزىلىرى سارغىيىپ، قەغەزدەك لەۋلىرىمۇ گەز باغلاپ، بۇرۇنلىرى قىسىلىپ داۋاملىق بىئارام بولۇپ يۈز ـ كۆزلىرىدىكى سولىشىپ كەتكەن چىچەك جاراھەتلىرىنى ئىككى قولى بىلەن تاتىلاپ قانىتىپ بىھوش ھالدا ياتاتتى. گەپ ـ سۆز قىلالمايتتى، مەن ئۇكامنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتىم. ئۇكام، دادام، يەڭگەم بۇ بالىنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ھويلا ئارامىلىرىنى تازىلاپ، ئاخىرەتلىكلىرىنى تەييارلاشقا باشلىدى، ئاخشىمى باشقىلار يېتىپ قالغان چاغدىمۇ مەن چىراغنى يېقىپ قويۇپ ئۇكامنىڭ بېشىدا يىغلاپ ئولتۇرسام، ئۆگەينەم چىراقنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاڭ دەپ بىر نەچچە قېتىم ماڭا ئالايغاندىن كېيىن چىراغنى ئۆچۈرگەن بولسامۇ ئۇكامنىڭ قېشىدىن بىرى كەتمەي ئولتۇرۇپ غەبلەت بېسىپ ئۇخلاپقاپتىمەن، ئەتىگىنى دادام نامازغا قوپىشى بىلەن ئويغۇنۇپ ئۇكامغا قارىسام ئۇكام ئاللىقاچان جان ئۈزۈپ بەدەنلىرى قېتىپ قاپتۇ، بۇنى كۆرگەن ئۇكام تالىپخان، ئايىنىيازخانمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئانامنىڭ ئۇرۇغ تۇققانلىرىغا چاقا ـ مەھەللىدىكىلەرگە خەۋەر قىلىپ جامائەت يىغىلغاندىن كېيىن يۇيۇپ، ئاخىرەتلىكرىنى كەيدۈرۈپ كەچتە يەرلىكتە قويدۇق. ئۇكامنىڭ بېشىدا 7 كۈنگىچە قۇرئان ئوقۇتتۇق، مەن قۇرئان ئوقۇغان قارىمغا ھەمرا بولۇپ ياتتىم، مەن كىچە ـ كۈندۈز ھەسرەت چېكىپ، «ئانام بولغان بولسا ئۇكامنى شامال تەككۈزمەي ياخشى باققان بولسا ئۇكام ئۆلۈپ كەتمەيتتى. ھەممىسى ئۆگەي ئانامنىڭ كاساپىتىدىن بولىۋاتىدۇ، مۇندىن كېيىن يەنە نىمە كۈنلەرنى كۆرەرمىز» دەپ يىغلاپ ئۇخلىيالمايتتىم، شۇندىن كېيىن ئۆگەينەم كۆزۈمگە باشقىچە سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ ئۇنىڭغا ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆچ بولۇپ كەتتىم.

ئۆگەينىمىزنىڭ دادامدىن بولغان قىزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇرۇنقىدەك ئۆيگىمۇ كۆيۈنمەيدىغان بەلكى پۇرسەت تاپسىلا ئۆيدىن ئۇن، گۇرۇچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە توشۇيدىغان بولۇپ قالدى، بۇ ئەھۋالنى ئاكام ۋە مەن دادامغا دىسەك، دادام مەنمۇ ئۆگەينەڭلارغا گەپ قىلدىم، سىلەرنىڭ ئاناڭلار بولمىغىنىغا ئوخشاش ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ دادىسى يوق، ئانچىۋالا قىلىپ كەتمىسەڭلارمۇ بولىدۇ، ئەمدى بۇنىڭ بىلەن چىقىشالمىساڭلار مەن قېرىغاندا يەنە خوتۇن ئېلىپ يۈرەمدىمەن دەپ بىزگە نەسىھەت قىلغىنى ئۈچۈن دادامنى ئاياپ ئۆگەينىمىزنى يۈرۈكىمىزدىن ياخشى كۆرمىسەكمۇ ئامالسىز «ئاچا » دەپ ئىززىتىنى قىلىپ كېلىشىپ ئولتۇردۇق.

ئۆگەينىمىزمۇ بالىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تولا يىغلاپ كېسەلچان بولۇپ يېتىپ قېلىپ ئاخىرى قولى تۇتماس ، پۇتى باسماس بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ قوسىقى ساق بولسىمۇ تاماقنى تۆكۈپ يىيەلمىگەنلىكى، تاھارەتكە ئۆزى چىقالماي تەرىتى ياتقان ئورنىدا بولغىنى ئۈچۈن مەن بۇ ئايالنى يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرمىسەممۇ كۆڭلۈم يۇمشاق بولغىنى ئۈچۈن تامىقىنى يىدۈرۈپ، چوڭ ـ كىچىك تەرەتلىرىنى ئېلىپ، ياتقان ئورنىنى قۇرۇغداپ قوياتتىم، ئۆگەينەممۇ ئىلگىرى ماڭا ۋە ئۈكىلىرىمغا ياخشى قارىيالمىغانلىقىنى ئېيتىپ مېنىڭدىن ئەپۇ سوراش بىلەن ماڭا كۆپ قېتىم رەھمەت ئېيتتى، شۇنداق قىلىپ 5، 6 ئايدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ياخشى بولۇپ قالدى، لېكىن ئۆگەينەم ساقايغاندىن كېيىن ھورۇنلىشىپ ھېچ ئىش بىلەن كارى بولمايدىغان بولۇپ قالدى، بۇنى كۆرگەن دادام ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلسا دادامغا گەپ ياندۇرۇپ پات ـ پات دادام بىلەن جېدەللىشىدىغان، بەزىدە ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر نەچچە كۈن كەلمەي يېتىۋالىدىغان بولىۋالدى. بۇ چاغدا ئۆگەينەمنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيىدىكى 2 بالىسى خېلى چوڭ بولۇپ قالغان بولۇپ

ئۆگەنەمنىڭ ئاكىسىدىن ناۋايلىقنى ئۆگىنىپ ئاكىسىغا ياردەملىشىپ ئائىلە ئىقتىسادى خېلى ياخشى بولۇپ قالغانلىقتىن بىزنىڭ ئۆيدىكى جاپادىن قېچىپ كۆپ قېتىم خېتىنى بېرىشنى تەلەپ قىلغىنى ئۈچۈن ئاخىرى دادام بۇ ئايالدىنمۇ ئايرىلىپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي دادام ئېنەك پانا دېگەن يەردىن بىر ئەرگە تەككەن 25 ياشلار ئەتىراپىدا بەيىسخان دېگەن بىر ئايالغا ئۆيلەندى. بۇ ئايالنىڭ چىرايى ئانچە سەت بولمىسىمۇ بەكمۇ ياۋاش بولغىنى ئۈچۈن بىز بۇ ئايالنى يامان كۆرمىدۇق، بۇ ئايال ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلالىسىمۇ بويرۇغان ئىشنى جاپادىن قورقماي خېلى جايىدا قىلالاتتى، بىزنى ئۆگەي ئورنىدا كۆرمەيتتى، شۇڭا بىز ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئوبدان چىقىشىپ قالدۇق. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن دادامدىن بىر ئوغۇل تۇغدى، بۇنىڭ ئىسمىنى ئابدىقادىرخان دەپ قويدۇق، ئۇ بالىنى بىزمۇ خېلى ياخشى كۆرەتتۇق، لېكىن دادامنىڭ ئاچىسى سانىخان ئاچامنىڭ بالىسى قادىر ئاكام دىگەننىڭ پەقەت بالىسى بولمىغىنى ئۈچۈن ئۇ ئادەم دادام بىلەن ئۆگەينىمىزگە كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلىپ ئۇ بالىنى دادام قادىر ئاكامنىڭ بالا قىلىۋېلىشىغا بېرىۋەتتى، قادىر ئاكام ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇ بالا قادىرئ اكامغا ۋارىسلىق قىلىپ خېلى ياخشى كۈن ئۆتكۈزىۋاتىدۇ، بىزمۇ هازىرغىچە ئىزدىشىمىز، بۇ ئايال بىلەن بىز خېلى چىقىشىپ قالغان بولساقمۇ، دادام ئۇنى ياۋاش، ئۆينى باشقۇرالمىدى دەپ خېتىنى بەردى.

ئازاتلىق هارپىسىدا دادام ئاكامنىڭ قاغىلىق سۇلتان ئېرىقتىكى يىراقراق تۇققىنى سامىخان دېگەن سىلىس كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئىككى قىزى بار بىر ئايالغا ئۆيلەندى. بۇ چاغدا ئائىلىمىزدە 13 جان ئادەم بولۇپ مەن، ئۇكام مەخمۇتخان ھەم دادامنىڭ بىر شاگىرتى بولۇپ 5 جان ئادەم

ئىشلەيتتۇق، ئاكام سايىم ئاخۇن بوياقچىلىق، سەگەزچىلىكنى ئۆگۈتۈپ، بۇ ھۆنەر بىلەن شۇغۇللىناتتى، بىزمۇ ئۇنىڭغا ھەمكارلىشاتتۇق، ئېتىزدىن چىققان پاختىنى ئۆزىمىز چىگىتتىنى چىقىرىپ، ئۆزىمىز ئېتىپ، ئايالالر ئۇنى ئىگىرىپ، چەكمەن، تولىما، ياغلىق، بەلۋاغ، خام، ئەستەلارنى توقۇپ خامنى بوياپ، ئەستەنى سەگىز ئېتىپ بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ تەييار يىپلارنى سېتىۋالاتتۇق، ھەمدە ئەستە، خاملارنىمۇ قوشۇمچە سېتىۋېلىپ، چوتا قىلىپ ساتاتتۇق. دادام، ئاكام، مەخمۇتخانلار ئاخشىمى خام دۇدانلىرىدا ئىشلەپ كۈندۈزى بوياقچىلىق ۋە چوتاچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، مەن مال ـ كالا، قويلارنى باقىقاچ ئايالالر قىلالمايدىغان ئۆي ئىشلىرىنى ھەم دىخانچىلىق، ھاشار ـ مەدىكار ئىشلىرىنى قىلاتتىم، ياز كۈنلىرى يەر تېرىشنى، يىغىشنى ئاساس قىلاتتۇق.يەردىن چىققان مەھسۇلاتىمۇ ئۆزىمىزنىڭ يېيىشىمىزگە يېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشىمىزمۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالدى.

مەن مەكتەپتىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مۇزدۇزلۇق ھۆنەر ئۆگەنگەنلىكىم ئۈچۈن كۈزدە ئۆيدىكىلەرگە ئاياغ تىكىپ بېرەتتىم، كونىلىرىدىن يېڭىلاپ چەملەپ، ياماپ بېرەتتىم، مەكتەپتە ۋاختىمدا توجاڭزا ئويۇشىنى ئۆگەنگەنلىكىم ئۈچۈن ئاكامنىڭ سەگەز باسىدىغان قېلىپلىرىنىمۇ ئويۇپ بېرەتتىم.

بىز يالغۇز ئاشلىق تېرىپلا قالماستىن بىر نەچچە مۇ يەرگە ياخشى ئىشلەپ ئەتىيازدا بالدۇر پىشىدىغان ئاقناۋات، شىكەر قوغۇن، ناشپگە دېگەن قوغۇنلارنى تېرىشىپ چاھار شەنبە بازار، يەكشەنبە بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ ئۆي خىراجىتى قىلاتتۇق، دادام ھېلىقى كېسەل ئايالغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن ساتقان قوغۇننىڭ پۇلىسىنى ئۆگەيىنىمىزنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا ئىشلەتتۇق، ئۇندىن باشقا خېلى كۆپ چىقىم قىلىپ ئۆگەيىنىمىزنىڭ كېسىلىنى ساقايتتۇق، ئۆگەيىنىمىز ساقىيىپ

قولى ئىشقا تەككەندىن كېيىن ئۆيىنىڭ پۈتۈن ئىگىدارچىلىقىنى قولغا ئالدى، سايىم ئاكامدىن بىر ئاز تەپ تارتىسىمۇ باشقىلارنى باشقۇراتتى.ئۆگەيئىمىزنىڭ كېسىلى ساقايماستا بەك مۇلايىم بولۇپ بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، كېيىن بىزگىمۇ باشقىچە مۇئامىلە قىلىدىغان ھەتتا تالىپخان، ئايىنىيازخان ئۇكىلىرىمنى پات ـ پات چېقىۋالىدىغان، دادام گەپ قىلسىمۇ تەڭمۇ ـ تەڭ جۇۋاپلىشىدىغان بولۇۋالدى. شۇڭا مەن بۇ ئايال بىلەن پات ـ پات ئۇكىلىرىمنىڭ ئارىسىغا كىرىپ جېدەللىشىپ قالاتتىم، دادام، ئاكاملار بازارغا كەتكەندە ئۆيدىكى ساندۇقتىن گۆرۈچ ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ ئاكامغا دېسەم ساندۇق ئىچىدىكى گۆرۈچ ئۇستىگە خەت يېزىپ قويۇشنى ئېيتتى. خەتمۇ يېزىپ قويدۇم، لېكىن ساندۇقنىڭ تېگىنى تېشىپ گۆرۈچ ئالغانلىقىنى، ئۇنى يوشۇرۇنچە بالىلىرىغا ئىۋەتىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدىم، بۇنى دادام بىلەن ئاكامغا دېسەم ئۇلار سۈرۈشتە قىلغان بولسىمۇ ئىقرار قىلمىدى، شۇڭا ئۆگەيئەم مېنى ئانچە ياخشى كۆرمەيتتى، سايىن ئاكام ئۆز تۇققىنى بولغانلىقى، ئۇكام مەخمۇتجان ئۆگەيئەمگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن خېلى چىقىشىپ قالغان بولسىمۇ ئىككى ئۇكام بىلەن مەن يەنىلا ئۆگەي ئازابىدىن خالى بولالمىدۇق.

ئۇكام مەخمۇتخانغا سايىم ئاكامنىڭ بىر نەۋرە تۇققىنى قۇربان خېتىپ ئاخۇنۇمنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردى، ئۇلار يۇرت ئىچىدە خېلى ئىناۋەتى بار باي ئادەملەر بولغىنى ئۈچۈن مەخمۇتخان ئۇكامنىڭ خېلى ئىززەت ھۆرمىتىنى قىلاتتى، لېكىن ئايالىنىڭ يېشى كىچىك ھەم بەك ياۋاش بولغىنى ئۈچۈن ئۇكام مەخمۇتخان ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالماي خېتىنى بەردى.

## 7. مەنمۇ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولدۇم

1949 ـ يىلى ئەتىياز پەسلىدە مەھەللىمىزدىن باشلانغۇچ

مەكتەپنىڭ 3 ـ سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان زەينەپخان دېگەن قىزنى ماڭا ئېلىپ بەرمەكچى بولدى، بۇ قىزنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئانىسى ئىخلىمەخان بەكمۇ ياۋاش، مۆمىن ئايال ئىدى، ئۇچ ئاكىسى بولۇپ چوڭىنىڭ ئىسمى داۋۇتئاخۇن بولۇپ موزدۇزلۇق ھۈنەر قىلاتتى، قالغان ئىككىسى (ساۋۇت ئاخۇن، روزى ئاخۇن) بايلارنىڭ ئۆيىدە يىللىقچى ئىشلەيتتى، بۇ قىزنىڭ ئانىسى بىلەن تونۇشقانچىلىقىمىز بولۇپ ئۆز ۋاقتىدا ئانام بىلەن بەكمۇ يېقىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن مەھەللىدىكىلەر ۋە بىز ھەممىمىز ئىخلىمىخان ئاچا دەپ ھۆرمەتنى قىلاتتۇق، شۇڭا مەن دادامنىڭ پىكىرىگە قوشۇلۇپ ئاددىغىنە توي قىلىپ ئۆيگە ئەكىلىۋالدۇق. بۇ قىز توي قىلغاندىكىن مېنىڭ بىر نەچچە ئاي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇپ تۇردى، بۇنىڭغا دادام ۋە ئۆگەيئانام، ئاكاملار نارازى ئىدى، مەنمۇ خاتىرجەم بولالمىدىم، شۇنىڭ بىلەن دادامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەكتەپنىڭ مۇدىرى، مۇئەللىملەردىن بىر نەچچىسىنى ئۆيگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا چەكمەن، تولىما، چوتاخام قاتارلىق نەرسىلەرنى قويۇپ يولدۇشۇمنى مەكتەپ تىزىمىدىن ئۆچۈرۈۋېتىشنى ئىلتىماس قىلدۇق. ئۇلار ئاكام تالىپ خاننى مەكتەپكە بېرىش شەرتى بىلەن بىزنىڭ ئىلتىماسىمىزغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن يولدۇشۇمۇ ئوقۇشتىن توختاپ ئۆي ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىمىز خېلى ياخشى بولۇپ ئوبدان ئۆتىۋاتقان بولساقمۇ ئىككى ئۆيدىكى چوڭلار چىقىشالمىغانلىقتىن 50 ـ يىلى كۈزدە ئاجرىشىپ كەتتۇق، شۇ چاغدا چوڭ ئوغلۇم ئابلىھەت ئانىسىنىڭ قوسىقىدا 6 ئايلىق بولغان ئىدى. ئابلىھەتخان 51 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كونا يىل ھىساۋىغا يىلان يىلىنىڭ چىقىشى ئات يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇرۇق ـ تۇققان ۋە مەھەللىدىكىلەر ماڭا ئايالىم بىلەن يېنىشىپ قېلىشنى

ئېيتىپ ماڭا كۆپ تەربىيە بەردى. ھەمدە مېنىڭ يېتىملىك دەردىنى كۆپ تارتقانلىقمىنى ئەسلىتىپ ئۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھايات تۇرۇپ يېتىم قىلماسلىقىمىزنى ئېيتتى. ئانامنىڭ 2 ـ سىڭلىسى مەختۇم ئاچام ئىككىمىزگە تۇققان بولغانلىقى (يولدۇشۇمنىڭ ئانىسىنىڭ يەڭگىسى) ئۇچۇن دادامغا ھەم يولدۇشۇمنىڭ ئانىسى، ئاكىسىغا خىزمەت ئىشلەپ بىزنى قايتا ياراشتۇرۇپ قويىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆگەينەم سامىخان تاماق قىلىپ بىر پارچە رەختنى ئېلىپ بالىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن بالىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەنلىكىنى، يولدۇشۇمنىڭمۇ قايتا يارىشىپ قېلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مېنىمۇ بالىنى كۆرۈپ چىقىشقا زورلىدى. مەنمۇ بىر قاچا تاماق بىر پارچە رەخت ئېلىپ بالىنى كۆرۈشكە ئايالىمنىڭ قېشىغا كىرىدىغان بولدۇم، يولدۇشۇم تۇغۇتتىن قوپقاندىن كېيىن مەن ئىش قىلغان جايلارغا ئاپىرىپ بالىنى كۆرسىتىدىغان بولدى، بىر ـ ئىككى قېتىم بالا ئاغرىپ قالغاندا بالىنى ئىككىمىز تېۋىپلەرگە ئاپىرىپ بالىنى كۆرسىتىشكە بىرگە ئاپىرىپ ئۆز ـ ئارا ھوزۇرخالىق ئېيتىشتۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ئائىلىدىكى چوڭلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتمۇ ئۇنتۇلۇپ ياخشىلىشىپ قالدى، ئۆگەينىمىزنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن بىر كۈنى بىر قازان پولۇ ئېتىپ مەھەللىمىزدىن بىر نەچچە ئادەمنى چاقىرىپ بىزگە نىكاھ ئوقۇتۇپ يېڭىۋاشتىن يېنىشتۇرۇپ قويىدى. يولدۇشۇمنى بالا بىلەن ئۆيگە ياندۇرۇپ چىقتۇق.

يولدۇشۇم ئۆيگە يېتىپ چىققاندىن كېيىن بالىنى ھەممەيلەن قوچاقتىن ـ قۇچاققا ئېلىپ تالىشىپ باقىدىغان بولدى، بولۇپمۇ ئۇكام تالىپخان بىلەن ئايىنىيازخان بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. لېكىن يولدۇشۇم كىچىك بالا بىلەن ئۆينىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، ئېتىز ئىشلىرىغا قاتنىشالمىغانلىقتىن ئۆگەينەم يولدۇشۇمنى گەپ ـ سۆزدە چىقىۋېلىپ ئازار قىلىدىغان بولۇپ

قالدى، بەزىدە تېخى دادامغىمۇ چېقىشتۇرۇپ يولدۇشۇمنى يامان كۆرسىتىپ يۈردى، ئۇكىلىرىمنىمۇ قازان بېشىدا ئۆگەيلەيدىغان، دۇشكەللەيدىغان بولىۋالدى، مەن 50 - يىلى 4 - ئايدا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپلىقىغا سايلىنىپ بىر مەزگىل ئىشلىگەن بولسامىمۇ، مۇئاش بەرمىگەنلىكى، ئۆيگە كەلسەم بەزى تاماق بار، بەزىدە تاماق يوق ئاچ قالىدىغانلىقىم ئۇچۇن خىزمەتنى تاشلاپ يازدا دېھقانچىلىق، كۈز، قىشتا مۇزدۇزلۇق ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتىم، بىر كۈنى ساۋۇت خاتىپ ئاخۇنۇمنىڭكىدە ھۈنەر قىلىۋاتسام يولدۇشۇم بالىنى كۆتۈرۈپ قېشىمغا يىغلاپ كەلدى، نىمە بولدى دىسەم، يولدۇشۇمنىڭ ئېيتىشىچە «قېينامنىڭ كىيىپ تاشلىۋەتكەن بىر پاختىلىق ئىشتىنى باركەن، ئۇنى سۆكۈپ بالىغا يۆگەك قىلىپ بەرسەم قېينىم تىللاپ ھاقارتلەپ قېيناتامغا يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بىلەن چاققان ئىدى، قېيناتام مېنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى» دىدى. مەن يولدۇشۇمغا بىر نەچچە كۈن ئانىمىزنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن قولۇمدىكى ئىش تۈگىگەندە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي دىسەم، يولدۇشۇم مەن ئانام بىلەن ئاكامنىڭ گېپىگە كىرمەي سىز بىلەن يېنىشقان تۇرسام، قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇ ئۆيگە كىرىمەن دەپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئىشىمنى قويۇپ سايىم ئاكامغا ئەھۋالنى ئېيتىپ يولدۇشۇم بىلەن بالىنى سايىم ئاكامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ ئۆز ئىشىم بىلەن شۇغۇللىنىۋاتسام بىر كۈنى يېزىلىق ھۆكۈمەت دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئەمەت ئاخۇن ئاكا قېشىمغا بېرىپ سىزنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپلىقىغا چوڭ يىغىندا ئامما سايلىغان ئىدى، سىز ئۇ ئىشنى قىلغىلى ئۇنىمىغاندىن كېيىن ئىلگىركى بوجاڭنىڭ كاتىپى قۇربانىنياز مەمەتمۇ مەن ئىلگىرى بوجاڭغا كاتىپ بولغاندا ئەرز - خەت چەك ياكى بولۇق (يەر خېتى) يازسام شەخسىلەر قەلەم ھەققى بېرەتتى، ھازىر ھۆكۈمەت قەلەم ھەققى ئىلىشقا تېخى

قويمىسا، يوقىرى مۇئاش تېخى بەرمىسە مەن بالىلىرىمنى قانداق باقىمەن دەپ بازارغا كىرىپ مۇئەللىم بولىۋالدى، يېزىدا كاتىپ يوق قېينىلىپ قالدۇق، سىز يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ خىزمىتىڭىزنى ئىشلەڭ دەپ مەسلىھەت سالدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ۋە يولدۇشۇمنىڭ يوقىرقى قېيىنچىلىقىنى ئېيتىپ مەنمۇ كاتىپلىق قىلسام يولدۇشۇم بىلەن بالامنى قانداق باقىمەن دىسەم «مەن نىياز ئاخۇن ئاكامغا دەپ يولدۇشىڭىزنى چوڭ ئۆيگە ئاپىرىپ قويسام يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارامسىز »دىدى. مەن ماقۇل دىدىم، ئۇ ئادەم دادامغا دېگەن ئىكەن، دادام يولدۇشۇمنى قايتۇرۇپ ئەكىلىشكە قوشۇلمىغاندا ئەمەت ئاخۇن ئاكا دادامغا سىز كېلىنىڭىزنى چوڭ ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىشكە قوشۇلمىسىڭىز، يولدۇشىڭىز سامى خاننى ئايالىلار جۇرىنى قىلىپ قويىمىز دىگەندە دادام ئۇنىڭغا قوشۇلماي يولدۇشۇمنى چوڭ ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ مېنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپلىقىنى قىلىشقا قوشۇلۇپ مېنى ھۆنەر قىلغان يېرىمدىن چاقىرتىپ كېلىپ ئايالىلارنى قانداق باشقۇرۇش توغرىسىدا بىر مۇنچە پەندى – نەسىھەت قىلىپ مېنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن يولدۇشۇم بالا بىلەن قېينالىسىمۇ چوڭ ئۆيدە تۇردى.

مەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارسام ناھىيەدىن بىر تۈركۈم كادىرلار ئەقلىغا مۇۋاپىق باج ئېلىش خىزمىتىگە چۈشكەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كونا ئوقۇتقۇچىلىرىم، بەزىلىرى مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم بولۇپ بەزىلىرى تونۇش بولمىغان كىشىلەر بولسىمۇ ئۇلار مېنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالدى. بىز يېزىلىق ھۆكۈمەت تونۇشتۇرغان بىرقانچە ئاكتىپلار بىلەن بىرگە «باج ئېلىش نىزامنى» ئۆگەندۇق. ناھىيەدىن چىققان كادىرلارنىڭ تامىقىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ تاماق خېلى ئالى بولسىمۇ، تاماققا پۇل تۆلىمەيدىكەن، مېنىڭ ئەھۋالىمنى دىھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىس ئەمەت ئاخۇن ئاكام

يوقىرىدىن كەلگەن كادىرلارغا تونۇشتۇرغانلىقى ئۈچۈن مېنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە تاماق يېيىشكە قوشۇۋالدى. مەن ئاخشىمى ئۆيگە كەلگەندە تاماق بولسا يەيدىم، بولمىسا يېمەيدىم، شۇنداق قىلىپ قىينالسامۇ باج نىزامىنى ئوبدان ئۆگىنىپ ماڭا تەخسىم قىلىپ بەرگەن خىزمەتنى ئاكتىپ ئىشلەپ ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ قالدىم. ھەمدە ماڭا بىر مەزگىل قىيىنچىلىقتا چىداپ ئىشلىسىڭىز خىزمەت ئاخىرىدا قايتا سايلام ئۆتكۈزۈپ سىزنى يېزىغا مۇئاۋىن باشلىق ھەم كاتىپ قىلىپ قويىمىز، كېيىن يېزا باشلىقى، دىخانلار ئويۇشمىسىنىڭ رەئىسىگە بىر كىشىلىكتىن، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، كاتىپقا يېرىم كىشىلىكتىن بىر كىشىلىك مۇئاش بېرىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ قىيىنچىلىقىڭىزمۇ ھەل بولىدۇ، ئۆگەي ئالدىدا خارلانمايسىز دەپ مېنى كۆپ ئىلھاملاندۇردى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاچ قالسامۇ چىداپ ھاردىم ـ تالدىم دىمەي بەك ئاكتىپ ئىشلىدىم، شۇنىڭ بىلەن خىزمەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىقى ئادەم ئورغانلىقتىن ئۇنى قالدۇرۇپ مېنى مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى قىلىپ سايلاپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن روھىم كۆتۈرۈلۈپ كېچە ـ كۈندۈز ئۆيگىمۇ بارماي تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلار مېنى قويۇۋەتمەي باشقا يېزىلارنىڭ باج ئىشى خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇردى. ھەتتا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بىزنىڭ ناھىيىگە قوشنا بىر يېزىسىغا (ھازىرقى پوسكامغا قارايدۇ) باج ئېلىش خىزمىتىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن كادىرلار مېنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ باردى، ئۇ يەردىمۇ ياخشى ئىشلەپ تەقدىرلەندىم.

1951 ـ يىلى 4 ـ ئايدا خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلسەم، ئەقلىغا مۇۋاپىق باج خىزمىتىگە چۈشكەن كادىرلار دىگەندەك 51 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە 4 ئايلىق مۇئاش

ئۇچۇن 180 يۈەن پۇل ئىككى تاغار بوغداي بەردى. شۇ ۋاقىتتا 16 جىڭ (بىر چارەك) بۇغدايىنى 5 موچەن ئالاتتى. بەرگەن بوغدايىنى چوڭ ئۆيگە بېرىپ پۇلنى دادام ۋە ئايالىم، ئۆكىلىرىمغا بەرمەكچى بولىۋاتسام سايىم ئاكام ماڭا: ــ «ئۇكام بۇ پۇلمۇ تۈگەيدۇ، سىزگە ھەممىشە مۇنداق كۆپ بەرمەسلىكى مۇمكىن، شۇڭا سىز ئۇيلاپ ئىش قىلىڭ، كۆرگەن كونىگىزنى ئۇنۇتماڭ، شىرە چورۇقىڭىنى قۇرۇتما دېگەن تەمسىل بار، سىزنىڭ ئۆز ئۆيىڭىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن تاتمىغان جاپايىڭىز، كۆرمىگەن كونلىرىڭىز قالمىدى، شۇڭا سىز بىر قوللۇق ئۆي سايىمنى ئېلىپ قويۇڭ» دېدى. مەن دادامغا 50 يۈەندەك پۇلنى بېرىپ قالغىنىنى ئاكامغا بەردىم، ئاكام بىر قازان، 2 چۆگۈن، 2 پارچە كىگىز، ئېلىپ بېرىپ قالغىنىغا 2 خام سېتىۋېلىپ ئۆيگە تۈتىدىغان بىر زەدىۋال بېسىپ بەردى. بۇ نەرسىلەرنى ئاكامنىڭ ئۆز ئۆيىدە ساقلاپ قويۇشقا بەردىم. مەن مۇئاشلىق كادىر بولۇپ قالغاندىن كېيىن يۇرت ئىچىدىكى ئابرويۇم- ئىززەت ھۆرمىتىممۇ ئۆسۈپ قالدى. ئائىلە ئىچىدىمۇ ئۆگەينەم ماڭا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ بىر جايغا ماڭسام خۇداغا ئانامەت دەيدىغان، ياخشىراق تاماق ئەتسە ماڭا ئالاھىدە ساقلاپ قويىدىغان بولدى. مەن بار يەردە ئۆكىلىرىمغىمۇ دەشنەم قىلمايدىغان گەپ قىلسام قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدىغان بولدى. مەن كىشىگە ئامەت كەلگەندە سىنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىڭمۇ ئۆسۈپ ھەممە ئادەم ساڭا خوشامەت قىلىدىكەن، ئەگەر سەندىن ئامەت قېچىپ ئاپەت كەلگەندە بولسا دۈشمەنلىرىڭ تاماشا كۆرسە، بەزى دوستلىرىڭمۇ سېنىڭدىن قاچىدىكەن، شۇڭا ئامەت كەلگەندە خۇدنى يوقۇتۇپ تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق ئاپەت كەلگەندە ئۈمىدسىزلىنىپ چۈشكۈنلىشىپ كەتمەسلىكنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلدىم. مەن يەنە شۇنداق ھېسسىياتقا كەلدىمكى: بۇ دۇنيادا بىرەر دۆلەت، بىر ئائىلە ياكى بىرەر شەخسى ئۈچۈن

ئېيتقاندا پۇلى بارلار كۈچلۈك، ئىناۋەتلىك، ھۆرمىتى چوڭ، سۆزى ئۆتكۈر بولىدىكەن، پۇلى بارلار، پۇلى يوقلارنى ئاسمىلاتسىيە قىلىشى، ئېزىشى، قان ـ قېنىنى شوراپ قۇل قىلالىشى، پۇل دېگەن نەرسىنىڭ كاساپىتىدىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن. كونىلارنىڭ :«پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ، ئات بول، ئىشەك بول، پۇل تاپ» دېگەن تەمسىلى بىكار چىقمىغان ئىكەن. شۇڭا مەن ئۆز كەسپىمنى قىزغىن سۆيۈپ خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكىم، تەقدىرلەنگەندە قىلچە مەغرۇرلانماي، ئۈگۈشسىزلىقتا ئۈچرىغاندا مەيۈسلىنىپ چۈشكۈنلەشمەي، پاك دىيانەتلىك بىلەن ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈم بەك ياۋاش، ساددا بولسامۇ سەپتىن چۈشۈپ قالماي بۈگۈنگىچە خۇداغا شۈكرى ياخشى كۈن ئۆزكۈزمەكتىمەن.

مەن كادىر بولۇپ ياشلار ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدۇم، شۇنداقلا خىزمەت دەرىجەممۇ قەدەممۇ ـ قەدەم يوقىرى كۆتۈرۈلدى، بۇ جەرياندا مەن بىرىنچىدىن ياراتقان خۇدايىمنى ئۇنۇتمىدىم، گەرچە بىر نەچچە يىل خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن خۇدا بويرىغان «5 پەرز» نى ئادا قىلالمىغان بولسامۇ بىزنى ياراتقان ئاللاھنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇمىدىم، ئىككىنچىدىن مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانامنى نارازى قىلمىدىم، ئانام 38 يېشىدا ئۆلۈپ كېتىپ باققان ئەجرىنى تۆلىيەلمىگەن بولسامۇ، دادامنى ئۆز ئۆيۈمدە خەۋەر ئېلىپ دۇئاسىنى ئالالمىغان بولسامۇ، ھەر ئايدا مۇئاشىمدىن پۇل بېرىپ دۇئاسىنى ئېلىپ تۇردۇم، ئۈچىنچىدىن مەن بىلەن جاپانى بىرگە تارتقان يولدۇشۇمنى تاشلىمىدىم، شۇڭا خۇدايىمنىڭ رەھىم، شەپقىتى، ئاتا ـ ئانامنىڭ دۇئاسى، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىمنىڭ غەمخورلىقى، ئائىلەمىزنىڭ ئىناقلىقى تىرىشىپ۔ تىرمىشىپ جاپالىق ئىشلىشى بىلەن بۈگۈن 5 ئوغۇل بىر قىز، 12 نەۋرىنىڭ بوۋا ـ مومىسى بولۇپ خۇداغا شۈكرى

يامان ئەمەس كۈن كۆچۈرمەكتىمىز.

ئەمدى يەنە ئۆز گېپىمىزگەقايتىپ كەلسەك: بالام ئابدىلئەھەت تۇغۇلۇپ ئەمدىلا ئىككى ئايلىق بولغاندا رايونلۇق ھۆكۈمەت ۋە پارتىيە كومىتېتىنىڭ قەشقەردە ئېچىلغان بىر ئايلىق تەپتىش كۇرسىدا ئوقۇيدىغانلىغىمنى ئۇختۇردى، مەن ناھىيىگە كىرىپ پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئېلىپ، ناھىيىدە ئېچىلىۋاتقان كونفوتسىيە (خەلق قۇرۇلتىيى) ۋەكىللىرىنىڭ داغدۇغۇلۇق ئۇزۇتۇپ قويىشى ۋە يولدۇشۇم بىلەن بالامنىڭ ئۇزۇتۇپ قويىشى بىلەن سابىق يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە كىرىپ تىزىمغا ئالدۇردۇم، لېكىن قاغىلىق، مەكىت ۋە يەكەن ناھىيەسىدىن كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلار تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بىزگە ئۆلارنى كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتىپ يەرلىك پارتكوم ئىچىدىكى بىر بىكار ئۆيگە مېنى ھەم پوسكام ژىما گوڭشې (رايون)دىن كىرگەن ماموت مەمەت دېگەن بالىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بىز 10 كۈن ئەتراپىدا ساقلىغان بولساقمۇ باشقا ناھىيەدىن كېلىدىغانلار كەلمىدى، بىر كۈن بىز ئەمدىلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ تاماق يەپ تۇرۇشىمىزغا بىزنى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدىن چاقىرتىپتۇ، بىز تەشكىلات بۆلۈمىگە كىرسەك بىر خەنزۇ ئايال باشلىق بىزدىن گەپ سوراپ ئەنكېتنى خەنزۇچە تولدۇردى، ئۇ خەنزۇ ئايال باشلىقنىڭ سۆزىنى ۋاڭ جىشاڭ دېگەن تەرجىمان ئۇنىڭ سوئالىنى بىزگە، بىزنىڭ جاۋاپ سىرىمىزنى ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئەنكېتنى تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى خەنزۇ ئايال بىر نىمە دېگەن ئىدى، تەرجىمان بىزگە ئائىلەڭلەرگە قايتىپ كېتىڭلار دەپ تەرجىمە قىلىپ بەردى. بىز ئۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ سورىماي يوتقان كۆرپىمىزنى يۈدۈپ ناھايىتى خاپا بولغان ھالدا پوسكامغا مېڭىپ يېرىم يولغا بارغاندا ژىماگوڭشېلىق ھېلىقى ساۋاقدىشىمنىڭ تونۇشى ئۇچراپ قېلىپ

بىزنىڭ يوتقان كۆرپىمىزنى ئىشەككە ئارتىپ ئالدى، بىز مېڭىپ خېلى كەچ پوسكام ژىما رايونلۇق ھۆكۈمەتكە كەلدۇق، مەن يوتقان كۆرپەمنى ھېلىقى ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ قويۇپ گۇلباغ رايونلۇق پارتكومغا كېلىپ ئەھۋالنى رايونلۇق پارتكوم شۇجىسىگە ئېيتتىم. ئۇ ئىشەنگەندەك قىلىپ بوپتۇ، تۇرۇپ تۇرۇڭ بىر سۆزلىشىپ باقايلى دىدى. مەن قايتىپ ئۆيگە كېتىشكە تەمشىلىۋاتسام بىزنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن يىغىنغا كەلگەن شاڭجاڭ (يېزا باشلىقى) مېنىڭ ئورنۇمغا تېخى كاتىپ تەيىيارلىمىغانلىقى ئۈچۈن دوكلات يازالمىغانلىقىنى (يېزا باشلىقى ساۋاقداش ئىدى) مەجلىستە ئولتۇرۇپ، بىر دوكلات تىزىسى يېزىپ ئۇزىنىڭ ئورنىدا رايونلۇق ھۆكۈمەتكە دوكلات بېرىشنى ئېيتقانلىقى ئۈچۈن مەن ئۆيگىمۇ قايتماي يېزا باشلىقىنىڭ ئورنىدا دوكلات بېرىپ مەجلىس تۈگىگەندە ئۆيگەقايتتىم، ئەتىسى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ مەن يەكەن ۋىلايەتتە تۇرغان ۋاختىمدا بېسىلىپ قالغان ئىشلارنى قىلدىم. ئۈچىنچى كۈنى يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئالدىراش ئىلەۋاتسام رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ بىر قارا خىزمەتچىسى مېنى چاقىرغىلى كەپتۇ، رايونلۇق پارتكومغا بارسام پارتكوم شۇجىسى مېنى سېنى تالлاپ زور ئىشەنچ بىلەن ۋىلايەتكە ئۇۋەتسەك قېچىپ كەپسەن دەپ تەنقىت قىلدى. مەن ھەقىقى ئەھۋالنى دىسەممۇ ئىشەنمىدى يوتقان كۆرپەمنى قارا خىزمەتچىنى بەلگۈلەپ ژىمادىكى ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلدۈرۈپ، ناھىيەلىك پارتكومغا ماڭا ئادەم قوشۇپ كىرگۈزدى. ناھىيىدە ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسىمۇ مېنى قاتتىق تەنقىت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيەدە 3 كۈن تۇرغۇزۇپ ناھىيىلىك پارتكوم كاتىبىنى ماڭا قوشۇپ يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكومغا كىرگۈزدى. مەن ئىلگىرى ئاتقا مىنىپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن يوتقان، كۆرپەمنى ھېلىقى كاتىپنىڭ مىنگەن ئېتىغا سېلىپ بېرىپ يالاڭ ئىگە ئۇستىگە

مىنگەنلىكىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئات جەڭدە مىنگەن سوك - سوك ئات بولغىنى ئۈچۈن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئاتخانىسىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشەلمەي بىر ئات باقىدىغان ئادەم ياردەملىشىپ ئاتتىن تەستە چۈشۈرۈپ قويدى، يالاڭ ئېگەر سوڭگەچلىرىمنى چىقىپ قاناپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۈچامدىكى ئۆزۈن چاپان بىلەن ئىشتان ئېگەرگە چاپلىشىپ كەتكەن ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە كۈندە ئاران ساقايدى. بىزنىڭ ئۆيىمىزگە قايتىپ كېتىش سەۋەبىنىمۇ تەشكىلات بۆلۈمىدىكى خەنزۇ ئاياللغا ئېيتتۇق.شۇنداقتىمۇ 3 كۈنگىچە يەرلىك كومىتېتدىن سىرتقا چىقىشقا قويمىدى. - 3 كۈنى بىزگە ئىككىدىن موما بىر كويدىن پۇل بېرىپ قەشقەرگە بارىدىغان بىر تەييار ماشىنىغا سېلىپ قويغان ئىدى، بىز قەشقەر ۋىلايەتلىك يەرلىك كومىتېتىنى 2 كۈن ئىزدەپ ئاران تېپىپ تونۇشتۇرۇش ئالغان بولساقمۇ، ئوقۇيدىغان جاي مەكتەپ بولماي، بىر ساراي بولغىنى ئۈچۈن قەشقەر سىفەن، ھەزرەتلەردىكى مەكتەپلەرگە يوتقان كۆرپىمىزنى يۈدۈپ مېڭىپ يۈرۈپ، خەلقتىن تىل - ھاقارەتلەرنى ئاڭلاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ بىر جەڭچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن كېچىدە ئوقۇيدىغان ھېلىقى سارايىنى تېپىپ ئۆزىمىزنى تىزىمغا ئالدۇردۇق.

ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى 1950 - يىلى قۇرۇلغان بولسىمۇ، ۋىلايەت، ناھىيىلەردە تېخى قۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى (ئۇ چاغدا خەلق پروكۇراتورسى دەيتتى) ئىلى ئوبلاستى بىلەن قەشقەردە تەپتىش كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچقان بولۇپ، قەشقەردىكى كۇرۇسقا كورلىدىن خوتەنگىچە بولغان ۋىلايەتلەردىن 40 نەپەرگە يېقىن ئوقۇغۇچى كەلگەن بولۇپ يەكەن ۋىلايىتىدىن 11 نەپەر ئوقۇغۇچى كەلگەن ئىكەن، يەكەندىن كەلگەنلەرگە توخنىياز بەختى، مامۇت بارات دىگەنلەر مەسئۇل بولغان ئىكەن.

بىز بۇ مەكتەپكە كىچىدە كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۇ مەكتەپنىڭ تەشكىلى تۈزۈمى ۋە باشقا ئەھۋاللاردىن قىلچە خەۋەرىمىز يوق ئىدى. بىزگە كىمنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتۇق. مەن ئىلگىرى بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇيالمىساممۇ بىر ۋاقىت بامدات نامىزىنى تەرك قىلماي ئوقۇيتتىم، بىزنىڭ ئوقۇيدىغان مەخسۇس مەكتىپىمىز يوق بولۇپ ھېلىقى بىز ياتقان ساراي ئىچىدىكى چوڭ بىر زالدا ياتىدىغان بولۇپ ئوقۇيدىغان يېرىمىزمۇ ياتقان ياتىقىمىزدا ئىكەن. مەن ئورنۇمدىن سەھەر تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ئويغۇتۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ پەم بىلەن سىرتقا چىقسام بىر ئادەم سەي ئادالاپ ئولتۇرۇپتۇ، تەرەت ئالماي دىسەم ئېدىشتا سۇ بولسىمۇ تەرەت ئالىدىغان چۆگۈن ياكى ئىۋرىق بولمىغاچقا ساراي سىرتىغا چىقىپ تەرەپ ئالىدىغان ئېقىن سۇ ئىزدەپ يۈرسەم ھېلىقى يەكەن ۋىلايىتىدىن كەلگەنلەرگە مەسئۇل بولغان توخنىياز بەختى دىگەن چىقىپ ماڭا ئاچچىق بىلەن قاراپ:«سەن نىمە ئىش قىلىپ يۈرسەن، يەكەندىن قېچىپ كەتكەندەك بۇ يەردىنمۇ قاچاي دەمسەن» دەپ ۋاقىردى. مەن يۈز يۇيۇدىغان سۇ ئىستەپ چىققان ئىدىم دىسەم، سۇ ئېدىشتا تۇرمامدۇ دەپ ئالدىغا سېلىپ ساراي ئىچىگە ھەيدەپ كىرىپ سەن بۈگۈن كەچتە ئۆزۈڭنى تەكشۈرىسەن دەپ بۇيرۇق قىلدى. شۇ كۈنى يەكشەنبە بولۇپ ھەممە ساۋاقداشلار خوشال ـ خورام تاماشا قىلغان بولسىمۇ، مەن كوچىغىمۇ چىقماي تۈززۈكرەك تاماقمۇ يېيەلمەي غەم ـ ئەندىشە بىلەن ئۆتتۈم. كەچتە يەكەن گۇرۇپپىسىدا ئالاھىدە يىغىن ئېچىپ مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى تەكشۈردى. مەن ئاخىرى ناماز ئوقۇماقچى بولۇپ تاھارەت ئالغىلى چىققانلىقىمنى ئېيتساممۇ ئىشەنمىدى، ماڭا قاتتىق تەربىيە بېرىپ تەنقىت قىلدى، كۈنىگە ئەتتىگىنى قەشقەرنىڭ تۈمەن دەرياسى بويىغا يۈز يۇغىلى ئاچىققاندا باشقىلار يۈز ـ قولىنى

يۇسا مەن ھېلىقى مامۇت مەمەت دېگەن ساۋاقدىشىم بىلەن تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيتتىم، ھېلىقى بىزنىڭ گورۇپپا باشلىقىمىزنى بىزنى خوراپات دەپ مەسخىرە قىلىسىمۇ، لېكىن باشقىلار گەپ ـ سۆز قىلمايتتى.

ئۆگىنىشىمىز ئاخىرلىشىپ بىزدىن ئىمتىھان ئالغاندا مەن خېلى ياخشى ئوقۇغان بولسامىمۇ، ئىمتىھانىنىڭ بىر سوئالىغا بېرىلگەن جاۋاپنى ئالماشتۇرۇپ قويغانلىقىم ئۈچۈن «ھېلىقى گورۇپپا باشلىقىمىز سەن دوستىنى، دۈشمەن» دەپ يېزىپ سەن سىنى قەشقەردە تۇرمىغا سولايدۇ دەپ قورقۇتۇپ ئىككى كۈن يىغلىدىم، يەنە بىر مۇئاۋىن گورۇپپا باشلىقىمىز بىزگە دەرس ئۆتكەن مۇئەللىملەرگە ئەھۋالنى ئېيتىپ ماڭا قورقماسلىقىم ھەققىدە تەربىيە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىزگە زىيابەت ئورنىدا پولو ئېتىپ بېرىپ، خوتەن، يەكەندىن كەلگەنلەرگە ئات ھارۋىسى كىرا قىلىپ يولغا سېلىپ قويدى. بىز ھارۋا بىلەن 4 كۈندە يەكەن ۋىلايىتىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىغا چۈشۈپ ئون بىر ئادەم بىر ئېتىز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇق. ئۇ، ئۆيدە كارۋات بولمىغانلىقى ئۈچۈن يىپ گىلەم ئۈستىگە ئوزنىمىزنىڭ ئورۇن كۆرپىمىزنى سېلىپ بىر ئاي دەم ئالدۇق. بۇ جەرياندا جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ چوڭ ئىشىكىدە ئەسكەرلەر نۆۋەت بىلەن ئىشىككە قارىغانلىقى، تۇرما(ۋاقىتلىق توختۇتۇپ قويۇش ئورنى) ئىدارە ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دەرۋازا قاتتىق نەزەربەنت قىلىنغانلىقى، بىزلەرنىڭ كىيىم ـ كېچىمىز يۇقراچە بولۇپ جىنايەتچىلەر بىلەن بىزنى پوستا تۇرغانلار ئايرىپ ئالالمىغانلىقتىن كىرىپ ـ چىقىشتا ئەسكەرلەر بىلەن جېدەللىشىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن بىزگە سىماۋۇ كىيىم،رەڭ شەيكە تارقىتىپ بەردى بىزنى جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملىرىگە تەقسىم قىلىپ

قىلىدىغان ئىشىمىزنى كۆرسىتىپ بەردى. مېنى 2 ـ باشقارمىغا تەخسىم قىلىپ تۇرمىدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى رەتلەپ لازىغا يېزىپ چىقىشقا مەسئۇل قىلدى. مەن بۇ خىزمەتنى بىر ئايدەك ئىشلىگەندىن كېيىن بىر كۈنى سايىم ئاكام، سىڭلىم ئاينىيازخان ھەمدە يولدۇشۇم ۋە بالامنى ئېلىپ كەپتۇ، سايىم ئاكام، سىڭلىم ھەم يولدۇشۇمنىڭ ئۆگەيىنىمىز بىلەن چىقىشالماي كۆپ قىينالغانلىقىنى تىزراق ئۆي ئايرىپ چىقىشىمنى ئېيتتى. مەن ماڭا ئەمدىلا خىزمەت تەقسىم قىلدى لېكىن تەقسىم قىلغىنى ئۆز كەسپىمىز ئەمەس، ئوتتۇرا سوت، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىۋاتىمىز، تېخى مەھكىمىسى رەسمى قۇرۇلۇپ بىزنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن يولدۇشۇمنى قايتۇرۇپ كىرىپ ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرايلى، ھازىر ئۆيمۇ يوق، ئۆي تۇتقۇدەك تەييارلىغىمىز ھەم يوق، شۇڭا بىر نەچچە ۋاقىت قىينالسىمۇ چىداپ چوڭ ئۆيدە تۇتۇپ تۇرسۇن دىسەم يولدۇشۇم ئەگەر سىز مەن بىلەن ئۆي تۇتسىڭىز سىز بىلەن قەپ قالاي، بولمىسا خېتىمنى بېرىڭ، بىراق چىقىپ كېتىپ ئانامنىڭ ئۆيىدە ئولتۇراي دەپ چىڭ تۇرىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئامال يوق يولدۇشۇمنى ئېلىپ قالدىم، بىر نەچچە كۈن خىزمەتداشلىرىمنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇپ تاماقنى بازاردىن يەپ يۈردى. ئاڭغىچە مەن بىر شەخسىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى ئىجارە ئالدىم، ئاكام ماڭا ئالغان ئۆي سايمانلىرىنى ئەكىرىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئاددى ئۆي تۇتۇپ ئولتۇردۇق، بالىمۇ خېلى سەمىرىپ ماڭالايدىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن يولدۇشۇم بىلەن بالام ئۆگەي ئانامنىڭ تىل ـ ئاھانەتلىرىدىن ئازات بولغان بولسىمۇ تالىپخان ئۇكام بىلەن سىڭلىم ئاينىيازخان ئۆگەي ئالدىدا قېلىپ ئازاپ تارتماقتا ئىدى.

يەكەن ۋىلايەتلىك تېخى مەھكىمىسى رەسمى قۇرۇلۇپ ئېلان

قىلىنغان بولسىمۇ، ئورۇن بولمىغانلىقتىن يەنىلا جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسى ئىچىدىكى ئىككى ئېغىز ئۆينى ئىشخانا قىلىپ ئولتۇرغان بولۇپ تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقلىقىنى باشقارمىنىڭ سىياسى بۆلۈمىدىكى جاڭ XX دېگەن قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان بولۇپ تەپتىش كەسپى خىزمىتى بىلەن باشقارمىنىڭ خىزمىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەيتتۇق.

1951 ـ يىلى يوقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن يەكەننىڭ ۋىلايەت، ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە «ئۈچكە قارشى ھەرىكەت » (خىيانەتچىلىك، پارخورلۇق،ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش) ھەركىتى داغدۇغۇلۇق ئېلىپ بېرىلىپ مەن ۋىلايەتلىك «3 كە قارشى ھەركەت » ئىشخانىسىدا ئىشلىدىم. ھەمدە ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىم، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق ، ئاقارتىش ئويۇشمىسى، ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشقا مەسئۇل قىلىنىپ ھەركەت ئوبىكتىلىرىنى ئۇرۇش، باغلاش، ئېسىشدەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى «3 كە قارشى ھەركەت» ئىشخانىسى ھەم تەپتىش مەھكىمە باشلىقلىرىغا دوكلات قىلىپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن باھالاش يىغىنىدا مېنى تەقدىرلەپ بىر دەرىجە مۇئاش قوشۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشىمۇ خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. يولدىشىم، بالامغىمۇ كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بەرگەننىڭ سىرتىدا دادامغىمۇ ھەر ئايدا پۇل بېرىپ دادامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ تۇردۇم، دادامىمۇ ئۆيدىن گۇرۇچ ، بۇغداي قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكىرىپ بىزنى داۋاملىق يوقلاپ تۇراتتى.

مەن ھېيت قۇربان مۇناسىۋىتى بىلەن يولدۇشۇم ۋە بالامنى ئېلىپ دادامنى يوقلاپ پوسكام شاڭ ئارشۇغا چىقسام سىڭلىم

ئايىنىيازخان يوق تۇرىدۇ، ئاكامدىن سورىسام ئۆگەي ئالدىدا بەك قىيىنىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تۇرمۇشقا چىقاردۇق دىدى، مەن بەكمۇ ھەيران قالدىم،ئۇنىڭ يېشى كىچىك تۇرسا نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىسىلەر دىسەم، ئامال يوق شۇنداق قىلدۇق، ئۆگەي ئالدىدا قىينالغاندىن كۆرە تۇرمۇشلۇق بولسا ياخشىراق كۈن كۆرەرمىكىن دەپ شۇنداق قىلدۇق، ئەمدى سىز ھەر قانچە تاپا ـ تەنە قىلسىڭىزمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ دەپ يەرگە قارىشىپ ئولتۇردى. سىڭلىم كىچىك بولغىنى ئۈچۈن بىر نەچچە ئاي تۇرمايلا خېتىنى ئېلىپ ھازىر چوڭ ئوغلى تۇرسۇن ئاخۇنىنىڭ دادىسى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ بىلەنمۇ كېلىشەلمەي بالىسىنى ئېلىپ چوڭ ئۆيدە تۇرغان ئىكەن، مەن دادامنى يوقلاپ 2 ـ قېتىم چىققاندا ئاجراشتۇرۇپ ئاتتىم، سىڭلىمنى مەن يەكەنگە ئەكىتەي قېشىمدا تۇرۇڭ دىسەم كىچىك بالام بار، چوڭ ئۆيدە تۇراي دەپ ئۇنىمىدى. چوڭ ئۆيدە ئۆگەينىمىز سىڭلىمنى ۋە بالىسىنى خارلىغانلىقى ئۈچۈن ئۆيدىن بالىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىپ قارغىلىق ناھىيەسىنىڭ چاچقۇم دېگەن يۇرتىدىكى جەيدىخان مازارغا بېرىپ بىر نەچچە كۈن دۇئايى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن قاغىلىق جاڭگىلەسكىدىكى توقۇقانلارنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋاتقاندا سايىم ئاكام ئىستەپ بېرىپ قايتۇرۇپ كەپتۇ، چوڭ ئۆيدە ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇشقا ئىمكان بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھازىرقى يولدىشى ئەبەي خاتىپ ئاخۇنۇم بىلەن توي قىلىپ ھازىر 8 بالىلىق ۋە نەۋرىلىك بولۇپ يامان ئەمەس كۈن كۆچۈرمەكتە.

ئۇكام تالىپخاننىڭ ئۆگىنىشى ياخشى بولغانلىقتىن پوسكام ۋە يەكەندە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچى تىببىي ئىنىستىتوتقا قوبۇل قىلىنغان ئىدى. ئوقۇش جەريانىدا نېرۋا كېسىلى بولۇپ قېلىپ

مەكتەپ بىر يىل دەم ئېلىشقا قايتۇرغان ئىكەن، مەن پوسكام ناھىيەسىنىڭ شەنجاڭلىرىغا ئىلتىماس قىلىپ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىكىگە تونۇشتۇرۇپ قويغان ئىدىم، خىزمەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ خىزمەتدىشى تۇردىخان بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ بالا ھەم نەۋرىلىك بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئۇكام ئۆگەي ئازاۋىدىن قۇتۇلۇپ راھەت - پاراغەتتە تۇرمۇش كۆچۈرمەكتە. لېكىن دادام بىر نەچچە يىل ئۆگەيئىمىز ئالدىدا خارلانغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا چىداشلىق بېرىپ ئۆگەيئىمىز بىلەن بىللە ئۆتكەن ئىدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆگەيئىمىز دادام بىلەن ئاجرىشىپ ئۆز يۇرتىغا كېتىپ قالدى. دادام سايىم ئاكام، سىڭلىم ئاينىيازخانلارنىڭ خەۋەر ئېلىشى بىلەن 1972 - يىلغىچە ساق سالامەت ئۆز ھاياتىنى ياشىغان بولسىمۇ شۇ يىلى كېسەل بىلەن 114 يېشىدا ۋاپات بولدى.

ئەمدى يەنە ئۆز كۆچۈرمىشلىرىمنى بايان قىلسام. 1952 - يىلى 10 - ئايدا ۋىلايەتلىك سىياسى قانۇن ئورۇنلىرىدىن بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ مەكىت ناھىيەسىنىڭ يەر ئىسلاھاتى خەلق سوت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتمەكچى بولۇپ ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسى نامىدىن مېنى بۇ گۇرۇپپىغا قاتناشتۇردى. مەن بىر - ئىككى كۈن تەييارلىق قىلىپ ئۆيدىكى مۇھىمراق نەرسىلەرنى چوڭ ئۆيگە ئاچىقىپ قويۇپ يولدۇشۇمنىمۇ دادام قېشىدا تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ مەكىتكە خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن كېتىپ تېخى بىرىنچى باسقۇچلۇق خىزمەتنى ئاياغلاشتۇرماستا، يولدۇشۇم بالىنى دادام قېشىدا قويۇپ ئۆزى مەكىت ناھىيىسىگە بېرىپتۇ، نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىسام يەنە شۇ ئۆگەيئەم بىلەن چىقىشالمىغانلىقى ئۈچۈن مىنىڭ قېشىمغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى، مەن بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ

كېتىشنى ئېيتسام مەن قېشىڭىزدا تۇرىمەن دەپ ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن، مەكىت سوتىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى ئارىيەت ئېلىپ ئاددى ئۆي سايمىنى قازان ـقومۇچلارنى ئېلىپ ئۆي تۇتۇپ ئولتۇردۇق. مەن كۈندۈزى يېزىغا چىقىپ ئىشلەپ ئاخشىمى يولدۇشۇمغا ھەمرا بولدۇم، بىر ئايدىن كېيىن دادام بىلەن ئاكام كېلىپ يولدۇشۇمنى ياندۇرۇپ كەتتى، مەن بىر يىلغا يېقىن مەكىتتە خىزمەت ئىشلىدىم، خىزمەت ئاخىرلىشىپ ئەمدىلا دادامنىڭ ئۆيىدىن يولدۇشۇمنى ۋە ئاچىقىپ قويغان ئۆي سايمانلىرىنى ئەكىرىپ خاتىرجەم ئولتۇرىدىغان بولدۇم دەپ تۇرۇشىمغا مەملىكەت بويىچە ئومۇمى سايلام خىزمىتى باشلىنىپ مېنى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئومۇمى سايلام خەلق سوت خىزمىتىگە قاتنىشىشقا بەلگىلىدى. ئامال يوق مەن يەنە ئۆي سايمانلىرى بىلەن يولدۇشۇم ۋە بالامنى پوسكامدىكى چوڭ ئۆيگە ئاچىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، مەن باشقا ئورۇنلاردىن ئاجىرىتىلغان كادىرلار بىلەن قاغىلىقنىڭ جاي تىرەك دېگەن يېزىسىغا بېرىپ ئومۇمى سايلامنىڭ خەلق خىزمىتىگە قاتنىشىپ بۇ يەردىكى ئومۇمى سايلام سىناق خىزمىتى ئاياقلاشقاندىن كېيىن قابىلىق ناھىيەلىك فايۇەننىڭ بېسىلىپ قالغان دېلولىرىنى ئېنىقلاپ ـ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتنىشىپ خاتا قولغا ئېلىنىپ، خاتا ھۆكۈم قىلىنغان بىر پارچە باسقۇنچىلىق ئەنزىسىنى تەكشۈرۈپ ناھىيىلىك فايۇەننىڭ قوشۇلىشى بىلەن قولغا ئېلىنغان جىنايەتچىنى ئاقلاپ قويۇۋەتتىم. بۇنىڭ بىلەن قاغىلىق ناھىيىسىدىكى سىياسى قانۇن باشلىقلىرىنىڭ ھەم ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسىدىكى باشلىقلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتىم.

1954ـ يىلى 1 ـ ئايدا بىر كۈن چۈشتىن كېيىن قابىلىق فايۇەن ئىشخانىسىدا مەجلىسكە قاتنىشىۋاتسام بىرسى ماڭا بىر

ئايالنىڭ مېنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى.سىرتقا چىقسام يولدۇشۇم دەرۋازا ئالدىدا مېنى كۈتۈپ قاراپ تۇرغان ئىكەن، قارىسام چوڭ بالامنى ئېشەككە مىندۈرۈپ ئۆزى مېڭىپ قاغىلىققا بېرىپتۇ، نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىسام، مېنى كۆرگىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى، لېكىن ئۆزى ناھايىتى خاپا كۆرۈندى، شۇنداق ئىغىرلىشىپ قالغان تۇرۇخلۇق يالغۇز كەلگەنلىكىگە بەكمۇ ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، «بىر ھارغانغا گەپ قىلما، بىر ئاچقانغا » دەپتىكەن، كېيىن سۆزلىشەرمەن دەپ ئويلاپ ئارتۇقچە گەپ قىلماي دادامنىڭ تاغا ئىنىسى ئەيسا ئاكامنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، ئۇلارمۇ قىزغىن قارشى ئالدى، مەن قايتىپ كېلىپ يىغىنغا قاتنىشىۋاتسام بىر سائەت ۋاقىت ئۆتمەيلا يولدۇشۇم يەنە خىزمەت ئورنۇمغا چىقىپ «قوسىقۇم ئاغرىۋاتىدۇ، دوختۇرغا بېرىپ كەلسەم» دەپ ئېيتتى، ئۆزۈم مەجلىسدە بولغىنىم ئۈچۈن ئامال يوق دوختۇرخانا ئورۇنلاشقان كوچىنى كۆرسۈتۈپ قويدۇم، كەچتە ھېلىقى توققۇنۇمنىڭ ئۆيىگە كىرسەم، يولدۇشۇم تاماقمۇ يىيەلمەي ۋاي قوسىقۇم مەن بولالمىدىم دەپ كەينى ـ كەينىدىن توتۇۋاتقان قاتتىق تولغاقتا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكتىن ئىچىنىشلىق ھالدا نالە ـ پەريات قىلىپ، يارىلانغان كىيىكتەك ئۆزىنى ھەر يانغا ئۇرۇپ تام ـ تۇرۇكلەرگە ئېسىلىپ، بەزىدە يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ يۇمۇلاپ قاتتىق يىغلاۋېتىپتۇ، مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نىمە قىلىشىمنى بىلەلمەي توققىنىمىز ئەيسا ئاكامنىڭ يولدىشى ھەمراخان ئاچامنى چاقىرىپ كىردىم. ئۇ ئايال ئۆيگە كىرىپ يولدۇشۇمنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ: ــ ۋاي ئىسىت، بىچارە سىڭلىم بەك قىينىلىپ كېتىپسىز، خۇدايىم تۇغۇتىڭىز ئوڭۇشلۇق قىلغاي دەپ خۇدايىمدىن ئامان ئىسەنلىك تىلىگەندىن كېيىن دەرھال يولدۇشۇمنىڭ قېشىغا بېرىپ جېنىم سىڭلىم ئاغرىسىمۇ

چىداشلىق بېرىپ يېتىۋالماڭ، بولمىسا، تۇغۇتىڭىز قېيىنلىشىپ كېتىدۇ دەپ يولدۇشۇمنىڭ قولتىقىدىن يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئۆزى يولدۇشۇمغا ھەمكارلىشىپ تام تۇتقۇزۇپ ماڭغۇزدى، يولدۇشۇم ھەمراخان ئاچامنىڭ زورلىشى بىلەن ئاران - ئارانلا بىر نەچچە قەدەم ماڭغان بولسىمۇ، ئاغرىققا چىداشلىق بېرەلمەي ۋاي جان بولالمىدىم دەپ بىزگە يېتىش ئۇچۇن سېلىپ بەرگەن كۆرپە ئۈستىگە يېقىلىپ ئولتۇرۇپ چىملاپ قالدى. شۇ ئارلىقتا ئۇخلاۋاتقان چوڭ بالام ئابلەئەھەت ئانىسىنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ خۇددى ئانىسىغا ھېسداشلىق قىلغاندەك يىغلاپ ئويغۇنۇپ كەتتى. مەن ئۇنى ئەللەي ئېتىپ ئالداپ يەنە ئۇخلىتىپ قويدۇم، ئانىسىنىڭ جىملاپ قالغىنىنى كۆرۈپ قېشىغا بارسام يەرگە سېلىپ بەرگەن كۆرپە چىكىتەك سوقۇيغاندەك ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەمراخان ئاچامدىن خىجىل بولغان ھالدا «ۋاي ئىسىت، چاتاق بوپتۇ، شۇنچە ئېغىرلىشىپ قالغاندا بۇ يەرگە كېلىپ نىمەمۇ قىلار ئىدى»دەپ يولدۇشۇمغا قارىسام، ھەمراخان ئاچام ماڭا «ئۇكام نىمە دىگەنلىرى ئۇ، يوتقان - كۆرپە دىگەن بىر لاتا، ھەممىدىن مۇھىمى بالا بىلەن ئانىنىڭ ھاياتى، سىلە 2 - ئۇنداق گەپنى قىلمىسىلا دەپ ماڭا تەنبىھ بەردى، مەنمۇ قىلغان سۆزۈمگە بەكمۇ پۇشايمان قىلدىم، ھەمراخان ئاچام .... ئەمدى ياخشى بولدى، بالىنىڭ باش سۇيى كەلگەندىن كېيىن ئەمدى بالا چۈشىدىغان بولدى دەپ بىزنى خوش قىلغان بولسىمۇ، بالا يەنىلا چۈشمىدى، بىر سائەت ، ئىككى سائەتمۇ ئۆتتى بالا چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن يولدۇشۇم ۋايجان دەپ ۋاقىراپ بەك قىينىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا ھەمراخان ئاچام ئەمدى دوختۇرغا ئاپارساق بولمىدى، قانداق ئاپارساق بولار دەپ ئالدىراپ كەتتى. بۇ توقۇنمىزنىڭ قورۇسى يىراق يېقىندىن كەلگەن كىشىلەر قونىدىغان ساراي بولۇپ ئۇ يەردە ئات، ئىشەك،

ھارۋىلىرى بولسىمۇ، تۇغۇت ئىشى مەخپىي تۇتۇلىدىغان ئىش بولغىنى ئۈچۈن باشقىلارغا خەۋەر قىلىشقا ياكى ھارۋىكەشلەرنى ئۇيغۇتۇشقا تېخىمۇ بولمايتتى، ئەمدى زەمبىلگە سېلىپ ئۆزىمىز كۆتۈرۈپ ئاپىرىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى، زەمبىلنى تاپقاندىن كېيىنمۇ، كۆتۈرۈپ ئاپىرىشقا ئادەممۇ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە دوختۇرخانىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولۇپ ئۈچ كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلەتتى. زەمبىلگە ئورۇن، كۆرپىلەرنى سېلىپ يولدىشۇمنى ياتقۇزۇپ زەمبىلنىڭ بىر بېشىنى مەن كۆتۈرۈشكە تەمشىلىپ تۇرسام ھەمراخان ئاچام سىلە بالىغا قاراپ تۇرسىلا مەن ئىنىلىرى مەخمۇتخان بىلەن كۆتۈرۈپ ئاپىراي، سىلەر كەتسىلە بالا يەنە ئويغىنىپ قالسا ماڭا ئەل بولمايدۇ دىدى (ئىنىمۇ يولدىشىمدىن ئەنسىرەپ قاغىلىقتا كىچىدە كەلگەن ئىكەن) ئامال يوق مەن ماقۇل دىدىم، ھەمراخان ئاچام ئەندى 40 ياشلارغا كىرگەن چىراي شەكلى خېلى پاكىزە بولۇپ ئۆزى تەمبەل ئەر كىشىدەك كۈچى بار ئايال ئىدى.

شۇ كېچىسى ھاۋا تۇتۇلۇپ قار يېغىپ سىرتتا قاتتىق شىۋىرغان بولىۋاتاتتى، كىرىستالدەك قار ئۇچقۇنلىرى ئادەمنىڭ يۈزلىرىگە نەشتەردەك ئۇرۇلۇپ كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇكام مەخمۇتخان بىلەن ھەمراخان ئاچام زەمبىلنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. مەن يولدىشىمدىن ئەنسىرەپ بىر مىنۇتمۇ خاتىرجەم بولالمىدىم.

ئۇلار زەمبىلنى كۆتۈرۈپ يول ئىگىز - پەس تۇپا يول بولغىنى ئۈچۈن مۇدۇرۇلۇپ ئارانلا ئىككى كولو مېتىردەك يول ماڭغاندا يولدىشۇم يەنە ۋايجان - ۋايىەي بەك ئاغرىپ كەتتى زەمبىلنى يەردە قويۇپ مېنى سەل ئارام ئالغىلى قويۇڭلار دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئۇلار نىمە بولۋاتقىنىنى بىلەلمەي زەمبىلنى يەردە قويۇپ تۇرۇشىغا يەنە قايتا - قايتا تولغاق تۇتۇپ يولدىشۇ قاتتىق

ئاۋازىلەن ئىككى قېتىم ۋايجان دەپ ۋاقىرىشى بىلەن تەڭ بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، يوتقاننى ئازراق ئۆرۈپ قارىسا بالا ئاللىقاچان تۇغۇلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، دوختۇرغا ئاپىرىشقا ئۈلگۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن يول ئۈستىدىكى بىر يالغۇز ئۆينى كۆرۈپ دەرھال ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ قايتا - قايتا ئادەم بارمۇ دەپ ۋاقىرغاندىن كېيىن ئۆيدە ئۆزىدىن باشقا ئادەم بولمىغانلىقتىن قورقۇپ كەتكەن بىر ئايالنىڭ «كىم سىلەر» دېگەن ئاۋازىنى ئارانلا ئاڭلاپتۇ، ھەمراخان ئاچام ئىشىك تۈۋىدە ۋاقىراپ تۇرۇپ ئەھۋالنى ئېيتىپ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىن ئاتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغان بىر قېرى ئايال ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ زەمبىلدە بىر ئادەمنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، زەمبىلدىكى نىمە ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ سورىماي زەمبىلنى ئۆيگە ئەكىرىشنى ئېيتىپتۇ، يولدۇشۇمنى زەمبىل بىلەن ئىسسىق ئۆيگە ئەكىرگەندىن كېيىن ھامراخان ئاچام يوتقاننى شۇنداق ئېچىشىغا بالا ئاللىقاچان تۇغۇلغان بولسىمۇتېخى بالىنىڭ ھەمرىيى چۈشمىگەنلىكىنى، يولدۇشۇم يەنىلا بىئارام بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھېلىقى ئايالغا قانداق قىلىمىز دەپ مەسلىھەت سورىغاندا ئۇ ئايال يولدۇشۇمنى ئۆرە قىلىپ ئارقىسىدىن يۆلەپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، ئۆزى بالىنى يوتقاندىن ئېلىپ تازىلاپ كېيىندىكىنى كېسىپ ، يۆگەك - كۆرپىلەرگە بالىنى ئوراپ زاكىلاپ بېرىپتۇ، ئاڭغىچە بالىنىڭ ھەمرىيىمۇ چۈشۈپ قوسقىنىڭ ئاغرىقى قويۇپ بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر چىنە قايتاقسۇ ئۇچۇرۇپ بىر ئاز دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتۇرۇپ كەپتۇ، مەن ئۇلار قايتىپ كەلگۈچە ئىدارىغا بېرىپ ئىشىم چىقىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ قايتىپ كەلگەن ئىدىم، يولدۇشۇمغا ئورۇن سېلىپ ياتقۇزۇپ

قويغاندىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ ماڭا قاراپ ئاۋازىنى چىقارماي يىغلاپ كەتتى، مەن كۆزلىرىدىكى ياشنى ئېرتىپ«تېنىچ ئامان يەڭگۈۋالدىڭىز يىغلىماڭ» دەپ تەسەللى بەردىم، ھەمراخان ئاچام بالىنى قولىغا ئېلىپ يۈزىنى ئېچىپ ماڭا كۆرسەتتى، قارىسام ئۇ بالا شۇنداق بۇدرۇق، بېشى چوڭ، كۆزلىرى بۇلاقتەك، قاشلىرى خۇددى ئانىسىغا ئوخشاش قاپ ـ قارا قاڭشالىق بولۇپ ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرەتتى. بالىنى قوچۇقۇمغا ئېلىشىم ھامان بالا خۇددى ئۆزى ۋە ئانىسىنىڭ تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى ماڭا داتلىغاندەك يىغلاپلا كەتتى، مەن ئۇنى ھەر قانچە بەزلەپ ئالداپ باقسامۇ زادى توختىمىغانلىغى ئۈچۈن ئاخىرى ئانىسىنىڭ قوچىقىغا سېلىپ بەردىم، ئانىسى ئاغزىغا ئەمچەك سالغاندىن كېيىن يىغىسىنى توختاتتى. بالا يىغلىغاندا چوڭ بالام ئۇيقۇسىدىن ئويغۇنۇپ ئۇكىسىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ھالدا ئانىسىغا تەلپۈنگەن ئىدى، بىز ئۇنىڭغا ئانىڭىز سىزگە بىر ئۇكا تۇغۇپ بەردى كۆرۈپ بېقىڭ دەپ ئۇكىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارساق ئۇنىڭ كۆزى ئۇكىسىدا بولسىمۇ، ئانىسىنىڭ يۈزىنى سىلاپ كەتتى، ئانىسى ئۇنىڭ قوللىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ بۇ كىم دەپ ئۇكىسىنى كۆرسەتكەن ئىدى، ئۇكام ..... ئۇكام دەپ ئۇكىسىنىڭ باشلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ يۈزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى، بىز ئۇكىڭىزنى بېسىۋالماڭ دەپ ئۇنى ئېلىۋالدۇق.

ئانىسى كۆزىنى ئېچىپ ئۆي ئىچىگە سەپ ـ سېلىپ قارىغاندىن كېيىن بالىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويغان بولسىمۇ، يەنە گەپ سۆز قىلماي كۆزىنى يۇمۇۋالدى، قارىسام كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ باش ـ كۆزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ«كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ھەر نىمە بولسا سالامەت بوشىنىۋالدىڭىز، بۇ ئۆيىمۇ ئۆز ئۆيىمىزگە ئوخشاش» دەپ تەسەللى بەردىم، ئۇ يەنە گەپ ـ سۆز قىلماي جىم ياتتى. ئېھتىمال كىشىنىڭ ئۆيىدە يەڭگىپ قالغىنىغا خىجىل بولۇپ

يىغلىغان بولىشى مۇمكىن دەپ ئويلۇدۇم. بۇ چاغدا ھەمراخان ئاچام كىچىككىنە سويۇق ئاش قىلىپ بىرەي دەپ ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتكەن ئىدى. مەن يولدۇشۇمدىن نىمە يىگىڭىز بار دەپ سورىسام ھىچ نىمە يىمەيمەن دەپ ئۇنىمىدى، شۇنداقتىمۇ بازارغا چىقىپ بىر قاچا لەغمەن ئەكىرىپ بەرگەن بولسامۇ ئازراق يەپ يىگىلى ئۇنىمىدى، ئۇكام مەخمۇتخان مەن زەينەپخاندىن ئەنسىرەپ كەلگەن ئىدىم، ھەر نىمە بولسا تىنىچ ئامان يەڭگۇالدى، مەن قايتىپ كەتمىسەم ئۆيدىكىلەر ئەنسىرەپ قالىدۇ دەپ چوڭ بالامنى ئېلىپ پوسكامغا قايتىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ 7، 8 كۈنمۇ بۇلدى، يولدۇشۇممۇ خېلى ياخشى بولۇپقالدى، بالىمۇ ياۋاش بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمگۈسى كەلسە ئاندا ـ ساندا يىغلىغاندىن باشقا خېلى تىتىكلىشىپ كۆزلىرىنى چوڭ ـ چوڭ ئېچىپ ئۇيان ـ بۇيان قاراپ ئادەمنى خېلى جەلىپ قىلغۇدەك بولۇپ قالدى.

بىر كۈن تۇرسام سابىق يەكەن ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسىدىن مېنىڭ قايتىپ بېرىشىم توغرۇلۇق جىددى تىلىگىراممىا كەپتۇ، بۇ چاغدا مېنىڭ بېشىم تازا قاتتى، تۇغۇتلۇق ئايالنى ھىچ بولمىغاندا بىرەر ئاي بولماي تۇرۇپ يۆتكەشكە بولمايتتى. ئامال يوق ئىكى كۈن ئۆتكەندە ئەھۋالنى داۋۇت ئاكام بىلەن ھەمراخان ئاچامغا دىدىم، ئۇلار سىلە يەكەنگە بېرىپ ئەھۋالنى تەشكىلگە دەپ قويۇپ قايتىپ كەلسىلە، سىڭلىمدىن ئەندىشە قىلمىسىلا، بىز ياخشى قارايمىز، بۇمۇ ئۆز ئۆيىگە ئوخشاش، ھازىر يۆتكەلسە بالىغىمۇ، ئانىغىمۇ تەسىر بولىدۇ دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، مەن ھازىرچە ماقۇل دېگەن بولسامۇ كۆڭلەمدە مەن ئۇنى تاشلاپ كەتسەم ئايالىم تېخىمۇ يېتىمسىراپ قالىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئايالىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرگىنىم ياخشى دەپ ئويلاپ ئۆي خالى قالغاندا ئەھۋالنى ئايالىمغا ئېيتسام ئۇ سىز كەتسىڭىز مەن تونۇشمىغان يەردە تېخىمۇ يېتىمسىراپ قالىمەن، مېنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىپ پوسكامغا ئانامنىڭ

ئۆيىگە ئاچىقىپ قويۇڭ دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، داۋۇت ئاخۇن ئاكام ھەمراخان ئاچاملار قويۇۋەتمەي قاتتىق تۇتۇۋالغان بولسىمۇ گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن بىر مەيىنى كىرا قىلىپ يولغا چىقتۇق، يولدا مەيىنى ناھايىتى ئاستا ھەيدەپ، بالىنى ئىككىمىز دەملىشىپ قوچىقىمىزدا كۆتۈرۈپ ئولتۇرغان بولساقمۇ، پوسكامغا بېرىپ قارىسام بالىنىڭ بېشى ئۈزۈراپ قاپتۇ، ئانىسىمۇ ئۇستىخانلىرىم ئاغرىيدۇ دەپ تاماق يېگىلى ئۇنىمىدى، پوسكامغا كەچ يېتىپ بارغانلىقىمىز ئۈچۈن بىر تونۇشىمىزنىڭ ئۆيىدە قونۇپ ئەتىسى بىر ھارۋا كىرا قىلىپ يولدۇشۇمنى پوسكام شاڭ ئارشۇغا يولغا سېلىپ قويۇپ مەن يەكەنگە كىرىپ كەتتىم، مەن يەكەن ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسىگە كىرىپ كېچىكىپ قېلىش سەۋەبىنى ئېيتسام مەھكىمە رەھبەرلىرى مېنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن تەنقىت قىلماي بەلكى يولدۇشۇمنى ئۆزۈم بىرگە ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويمىغان سەۋەنلىكىمگە خاپا بولۇپ ماڭا تەنبىھ بېرىشتى، مەن ئۆزۈممۇ قاتتىق پۇشايمان قىلدىم، يولدۇشۇم مېنىڭ بىرگە چىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويمىغانلىقىمغا قوسىقى كۆيۈپ بىزنىڭ چوڭ ئۆيگىمۇ كىرمەي ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يېتىپتۇ.

مەن بەك ئىنتائەتچان، قۇرقۇنچاق بولغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ شەخسى ئىشىمنى دەپ تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان ئىشىغا ھەرگىز دەخلى يەتكۈزمەيتتىم. مەن مەكتەپتە يەر ئىسلاھات خىزمىتىگە قاتنىششۋاتقان ۋاقتىمدا مېنىڭ بىلەن بىر تۇققان (دادا باشقا ، ئانا بىر) ئاچام زىۋىرنىساخاننىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندا ئاچامنىڭ 7 نەزىرىسىگە بولسىمۇ بېرىشنى ئېيتىپ روخسەت سورىسام، بىزگە مەسئۇل بولغان خەنزۇ باشلىق ئاچىڭىزنى يەرلىكتە قويۇپ بوپتۇ، بارسىڭىزمۇ يۈزىنى كۆرەلمەيسىز، ھازىر خىزمەت بەك ئالدىراش،ئەگەر

ئومۇمەننىڭ ئىشى تۈرۈپ تۇرسىمۇ مەيلى زادى بارمىسام بولمايدۇ دىسىڭىز مەيلى بېرىڭ» دىگەندە مەن بارمەن دىيىشكە پېتىنالماي بارمىغانلىقىم ئۈچۈن تۇققانلار مېنىڭدىن كۆپ نارازى بولغان ئىدى، مەن ئىدارىگەقايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىش بەك ئالدىراش بولغىنى ئۈچۈن رۇخسەت سوراشقا پېتىنالماي دادام باللىنىڭ ئىتىنى قويىمىز رۇخسەت سوراپ چىقسۇن دىگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ يولدۇشۇمنى يوقلاپ چىقسام ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ياتقان ئىكەن ئەھۋال سورىسام ئىككى ئېغىزلا جاۋاپ بېرىپ باشقا گەپ قىلمىدى، ئاندىن بالىنى قۇچۇقۇمغا ئېلىپ بىردەم ئەركىلىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم. باللىمىزا ئاتاپ بىر قوي ئېلىپ يولدۇشۇم ئۆزى بېقىپ سەمرىتكەن ئىدى، شۇ قوينى ئۆلتۈرۈپ باللىمىنىڭ ئات تويىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، يولدۇشۇمنى چوڭ ئۆيگە چىقىپ ئات تويىغا قاتنىشىپ ساقىيىپ بولغۇچە شۇ ئۆيدە تۇرۇشنى تاپىلاپ بىر مۇنچە ياخشى گەپلەرنى ھەتتا ئۆزۈمنىڭ توغرا قىلمىغانلىقىمنى ئېيتىپ ھوزۇر ئېيتسام بىللە چوڭ ئۆيگە چىقىشقا ئۇنۇمىغانلىقى ئۈچۈن بالىنى ئاچىقىپ ئىسمىنى ئابدۇل ھىمىت دەپ قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرگۈزىۋېتىپ خوشلاشمايلا يەكەنگە كىرىپ كەتتىم، كېچە - كۈندۈز باللىمىنىڭ روخسارى كۆز ئالدىمدىن كەتمەي بەك كۆرگۈم كەلگەن بولسىمۇ چىداپ 3 ئايغىچە يۇسكامغا چىقمىدىم. 3 ئاي بولغاندا يولدۇشۇم بالىنى كۆتۈرۈپ ئۆزى كىرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەنە بۇرۇنقىدەك قىزغىن مۇئامىلە قىلدىم. بالا ناھايىتى خوش چىراي تېتىك بۇدۇرۇق پەقەت يىغلاپ خاپا قىلمايتتى، ماڭا شۇنداق ئامراق ئىدىكى قوچۇقۇمدىن زادى چۈشمەيتتى. ئىدارە بىلەن ئۆي ئارىلىقى بەك يېقىن بولغانلىغى ئۈچۈن 10 مىنۇتلۇق دەم ئېلىش ۋاقتىلىرىدىمۇ ئالاھىدە ئۆيگە كىرىپ بالىنى بىرمۇنچە ئوينىتىپ قويۇپ كىرىپ كېتەتتىم.

## 8. بېيجىڭغا قىلغان تۇنجى سەپەر.

1954 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سابىق يەكەن ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمە تەشكىلى بېيجىڭ سىياسى قانۇن مەكتىۋىگە ئۆگىنىشكە بارىدىغانلىقىمنى ئۇختۇردى. بۇ چاغدا 2 ـ ئوغلۇم ئابلىمىت ئەمدىلا توققۇز ئايلىق بولۇپ تازا تىتىك ئۆمىلەيتتى. ئۆزىمۇ پاقلاندەك سېمىز بولۇپ ئادەمنىڭ تازا ئىچىنى كۆيدۈرەتتى، بالامنى دىسەم پەقەت ئوقۇشقا بارغۇم بولمىسىمۇ، بۇ قېتىمقى پۇرسەتنىڭ مەن ئۈچۈن ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى، نۇرغۇن تالاش ـ تارتىش، كۆرەشلەر ئارقىلىق ئارانلا مېنىڭ بېرىشىمنى قارار قىلغانلىقىنى، مەن بارمىغاندا مەن ئۈچۈن سۆزلىگەن نۇرغۇن يولداشلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويىدىغانلىقىمنى، شۇڭا جەزمەن بېرىشىم لازىملىقىنى ئىدارىمىزنىڭ تەرجىمانىدىن ئاڭلىغان ئىدىم. شۇڭا مەن ناھايىتى تېز تەييارلىق قىلىپ ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئاتام، ئاكا، ئۇكىلىرىم بىلەن خوشلىشىپ، ئۆينى يەنىلا پوسكامغا كۆچۈرۈپ ئاچىقىپ قويۇپ،يولدۇشۇمنىمۇ پوسكامدا تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئىدارىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى باشلىقى تۇرغۇن ئاخۇن يەكەن ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئابلا ئايۇپ، [1] قارغىلىق ناھىيەسى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مامۇت باراتلار بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايون بويىچە بېيجىڭغا ئوقۇشقا بارىدىغانلارنى تىزىملاپ دوختۇردا تەكشۈرتۈپ يولغا سالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىز يەكەندىن يولغا چىقىپ ئۈرۈمچىگە يەتتە كۈندە قارا ماشىنا بىلەن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن شۇ ۋاقىتتىكى گېزىتخانە يېنىدىكى كادىرلار

[1] ئابلا ئايۇپ، سەيپىدىن ئېزىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدىكى كاتىپى.

نازارىتىنىڭ مېھمان كۈتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇق. باشقا ۋىلايەتتىن كېلىدىغانلار يېتىپ كەلگۈچى شۇ مېھمان كۈتۈشتە ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇلار يىغلاپ بولىشى بىلەن ھازىرقى ئىككىنچى دوختۇرخانىدا سالامەتلىكىمىزنى تەكشۈردى، تەكشۈرگەنلەردىن بىر قانچىسى كېسەل بولغىنى ئۈچۈن دوختۇردىن ئۆتەلمىدى. بىر قانچىسى ھاراق ئىچىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارمۇ قايتا تەكشۈرۈشكە قالدۇرۇلدى. مەن يولدا كېلىپ بولغۇچە زۇكامداپ قالغىنىم ئۈچۈن مېنىمۇ قايتا تەكشۈرۈشكە قالدۇرۇلدىم. دوختۇردىن ئۆتكەنلەر بىزنىڭ ئالدىمىزدا بېيجىڭغا مېڭىپ كەتتى. قايتا تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن بىر نەچچىسى ئۆتەلمىدى. ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇلۇپ، تۇرپان ۋىلايىتى (ئۇ چاغدا ئورۇمچىگە بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە ئىدى) دىن

كەلگەن نىياز ھېمىت بىلەن مەنلا قالغان ئىدۇق. قەشقەر ۋىلايىتىدىن كېلىدىغانلار تېخى

يېتىپ كەلمىگىنى ئۈچۈن ئۇلارنى كۈتۈپ مېھمان كۈتۈشتە تۇردۇق، ئۇلار يېتىپ كېلىپ دوختۇرلارنىڭ سالامەتلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار بىلەن كىرا ماشىنىسى بىلەن لەنجۇغا بارغاندا پويىزغا ئالمىشىپ ـ 10 ئاينىڭ ـ 5 كۈنى بېيجىن سىياسى قانۇن

مەكتىۋگە يېتىپ باردۇق ئۇ چاغدا بىزدىن بۇرۇن بارغانلار ـ 10 ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى دۆلەت بايرىمىدا دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىدا پاراتتىن ئۆتۈپ دۆلەت بايرىمىنى ئويناپ ئەمدىلا دەرس باشلاش ئالدىدا تۇرغان ئىكەن، مەن ۋە مېنىڭ بىلەن بىرگە بارغانلار بىر گۇرۇپپىغا تەقسىم قىلىندۇق. شىنجاڭدىن بارغان ئوقۇغۇچىلار جەمئى 64 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلاردىن بولۇپ 34 نەپەر كىشى بىر ياچايكا بولۇپ بىزگە تەرجىمان ئارقىلىق دەرس ئۆتەتتى. ئۇ يەرگە بارغانلاردىن يوقىرىسى باشقارما باشلىقى، ۋىلايەتنىڭ باش تەپتىش، مۇئاۋىن باش تەپتىش ھەمدە ناھىيىلىك تەپتىش

مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ ماڭا ئوخشاش ئادەتتىكى كادىرلاردىن بىر نەچچىمىزلا بار ئىدۇق، بىزلار مەكتەپتىكى تۇرمۇشىمىزنى ئاددى ـ ساددا ئۆتكۈزەتتۇق، مەكتەپنىڭ تۈزۈم ۋە ئىنتىزاملىرىگەقاتتىق رىئايە قىلاتتۇق. كۆپ قىسىمدىكى جۇجاڭ، تەپتىشلارنىڭ مۇئاشى يۇقىرى ولغىنى ئۈچۈن ھەپتىدە بىر كېلىدىغان يەكشەنبە بىر نەچچىسى بىرلىشىپ ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ھەتتا نۆۋەت بىلەن رىستۇرانلاردا مېھمان بولۇشۇپ ئاخشاملىرى مەس بولۇشۇپ ناھايىتى كەچ قايتىپ كېلىپ دەرۋازىنى ئېچىپ بەرمىسە دەرۋازىغا قارايدىغانلار بىلەن ئۇرۇشۇپ بىزنىڭ ياچايكىغا بىر مۇنچە گەپمۇ تېپىپ بېرەتتى. بەزىلەر چەت ئەللىكلەر بىلەن بىرگە ئويناپ رەسىمگە چۈشۈپ بىزگە كۆز ـ كۆز قىلىشاتتى. بەزىلەر بولسا شەخسلەرنىڭ قاۋاقخانىلىرىدا ھاراق ئىچىپ كوتوچى بوزۇق ئايالالارنى بىر ـ بىرىدىن كۈنلۈشۈپ ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىشىپ ئۆز ـ ئارا يىرىگدىشىپمۇ قالاتتى. بەزىلەر تونۇشمىغان خەنزۇ ئايالالار بىلەن مۇھەببەتلىشىپ ئۇلار بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ مەكتەپ تەشكىلىگە بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىقلارنى تېپىپ بەرگەندى.

1955 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە خۇفېڭ ئەكسىل ئىنقىلاۋى گۇرۇھىنى پاش قىلىش، پىپەن قىلىش كۆرۈشى ئېلىپ بېرىلىپ، بىزنىڭ ئىچىمىزدىمۇ مەكتەپ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان ھەركەتلەرگەن تەنقىدى تەربىيە بېرىلدى.

1955 ـ يىلى بېيجىڭدا ئىسسىق 40 گىرادۇستىن ئېشىپ كەتكىنى ئۈچۈن بىزنىڭ چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى. ھەتتا يەرلىك كىشىلەرمۇ بېيجىڭدا بۇنداق ئىسسىق بولمىغىنىغا 40 يىلدىن ئارتۇق بولغان دېيىشتى. كۈندۈزى دەرستە ئولتۇرساق تەرلەپ كىيىملىرىمىز بەدىنىمىزگە چاپلىشىپ كېتەتتى، شۇڭا مۇزاكىرىنىمۇ كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا مەكتەپ ئىچىدىكى كىچىك باغچىدا قىلاتتۇق. كېچىسى ياتاقتا يېتىشقا بولمىغانلىقتىن

سىرتتا ياتساق پاقىلارنىڭ ۋاقىرىشى، پاشىلارنىڭ چېقىشى بىلەن كۆز يۇمماي تاڭ ئاتقۇزاتتۇق. شۇڭا 34 مىللى ئوقۇغۇچىدىن 22 كىشى ئېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدۇق، ھەتتا بەزىلەر ئىختىيارسىز كوچىلارغا چىقىپ كېتىپ بېشى چۆگىلىگەن يەرلەردە يۈردى، بەزىلەر دەرەخلەرگە چىقىۋېلىپ دەرسكە قاتناشمىدى ئۇلارنى بېقىشقا مەخسۇس كىشىلەر قويۇلدى. بەزىلەر يۇتىدىكى ئايىغى سېلىپ 2 قولىغا ئېلىۋېلىپ، ساراڭلاردەك قالايمىقان سۆزلەپ مەكتەپكە كۆپ ئاۋارىچىلىقلارنى تېپىپ بەردى. مەكتەپ تەشكىلى ئۇلارنى دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ داۋالىتىپ ھالىدىن بەكمۇ ياخشى خەۋەر ئالغىنى ئۈچۈن كۆپ قىسمىمىز خېلى ياخشى بولۇپ قالدۇق.

مەنمۇ ئېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ كېچىلىرى ئۇخلىيالماي، كۈندۈزى ماڭلىيىم، بېشىم قېيىپ ئۆزۈمنى باشقۇرالماي دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالانغان بولساممۇ، تازا ياخشى بولۇپ كېتەلمەي قايتا دوختۇرغا كۆرۈنسەم ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا بېرىپ يېتىشىمنى ئېيتقاندا قورقۇپ دوختۇرغا قايتا كۆرۈنمىدىم، ئاڭغىچە ھاۋامۇ بىر ئاز سالقىنلىغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئوڭشىلىپ قالدىم.

بىز 1955 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كالدۇق. مەن قەشقەر، يەكەن، خوتەندىن بارغان ساۋاغداشلىرىم بىلەن ئۈرۈمچىدىن بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ 7 كۈن بولغاندا يەكەنگە يېتىپ كەلدۇق. مەن يوتقان ـ كۆرپەمنى يەكەندىكى ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ ئەتىسى پوسكامغا چىقىپ ئاتامنى، ئۇكىلىرىمنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىمنى يوقلاپ چىقاي دېگەن ئوي بىلەن ئىدارىغا كىرسەم خىزمەتداشلىرىمنىڭ ئېيتىشىچە يولدۇشۇمنىڭ يەكەندىكى ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ سورۇشتۇرمەي ئۆيگە بارسام يولدۇشۇم ھەيران قالغان ھالدا مېنىڭدىن ھاردۇق سورىدى. چوڭ ئوغلۇم پوسكامدا دادام قېشىدا بولۇپ كىچىك ئوغلۇم ئابلىمىت

ئانىسىنىڭ قېشىدا ئىكەن، ئۇنى قوچىقىمغا ئالاي دىسەم دەسلەپ مېنى تونىمىدى، كېيىن مەن ئېلىپ كەلگەن ئويۇنچۇقلارنى كۆرسۇتۇپ «مەن دادىڭىز، قېشىمغا كېلىڭ دىسەم» ئارانلا قوچىقىمغا چىقتى. بالا كىچىك قالغىنى ئۈچۈن مېنى تونۇمىغان بولىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ ئانچە ھەيران قالمىدىم، ئەتىسىدىن باشلاپ مېنىڭدىن بىر مىنوتمۇ ئايرىلمايدىغان بولدى.

## 9. ئۆز يۇرتۇمغا قايتىش

بىز ئوقۇشتىن قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا سابىق يەكەن ۋىلايىتى ئەمەلدىن قېلىپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە كۆچۈۋاتقان ۋاقىت ئىكەن. مەن كېلىپ 2 كۈندىن كېيىن تەشكىل مېنى چاقىرتىپ، پوسكام ناھىيىسىدە تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلماقچى سىز پوسكامغا چىقىپ ئىشلەڭ دېدى. مەن ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھەركەتلىرىدە يەكەن، قاغىلىق، مەكىتتە ئىشلىدىم، پوسكامدىكى كادىرلار بىلەن تونۇشمايمەن، مەن پوسكامغا بارماي باشقا ناھىيىگە باراي دىسەم باشقا ناھىيەلىك تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ شتاتى تولۇق، باشلىقلىرى بەلگۈلىنىپ بولدى، پوسكام ئۆز يۇرتىڭىز بولغاندىن كېيىن شۇ يەرگە چىقىڭ، خىزمەت جەريانىدا كادىرلار بىلەن ئاستا ـ ئاستا تونۇشۇپ قالىسىز دىگەندە مەن يەنىلا ئۆز پىكرىمدە چىڭ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنداق بولمىسا سىزنىڭ مۇئاش تونۇشتۇرۇشىڭىز بىزدە قالسۇن، سىز چىقىپ تەپتىش مەھكىمىسىنى قورۇشۇپ بېرىپ كادىرلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىپ كەتسىڭىز ئىشلەيسىز، بولمىس اقايتىپ كىرەرسىز دېدى، مەن خىزمەت تونۇشتۇرۇشۇمنى ئالغاندىن كېيىن بالا ـ چاقامنى ئېلىپ ئۆي سايمانلىرىمنى ھارۋىغا كىرا قىلىپ پوسكامغا چىقتىم، ئۇ چاغدا ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئۆزىمۇ يوق، ئۆيىمۇ يوق بولغىنى ئۈچۈن تونۇش بىر ئادەمنىڭ

بىر ئېتىز ئۆيىنىڭ ئىجارىسىنى ئېلىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىم بىلەن بالامنى شۇ يەردە قويۇپ تونۇشتۇرۇشۇمنى كۈتۈرۈپ ناھىيىلىك پارتكومغا بارسام ئۇلار ئالىقاچان ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن قايتىپ كېتەي دەپ تۇرسام بىرەيلەن شەنۆيى شۇجىسىنى كۆرسىتىپ قويدى. شۇجى ئىشىك ئالدىدا تاماق ئېتىۋاتقان ئىكەن، مەن قېشىغا بېرىپ تونۇشتۇرۇشۇمنى بەرسەم ئۇ ئادەم ئىشىنى قويۇپ تونۇشتۇرۇشۇمنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇ ئدەم سىز ھازىرچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دىلولىرىنى بار، شۇنى ئىشلەپ تۇرۇڭ، تەتىش مەھكىمىسىنى قۇرۇش مەسىلىسىنى كېيىن ئويلىشىپ كۆرەيلى دېدى، مەن شۇجىگە بالىلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، دادامنى كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن ئىشقا چىقىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بالىلىرىمنى ئېلىپ دادامنى ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرىمنى يوقلاپ چىقتىم، چوڭ بالامغا دادام بەك ئامراق بولغىنى ئۈچۈن بالا خېلى ياخشى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كۆك يۆتەل بولۇپ قالغان ئىكەن دادام قېشىدا 2 كۈن تۇرۇپ بالىنى قايتۇرۇپ كىرىپ دوختۇردىن دورا ئېلىپ بېرىپ ساقايتتىم، ئاندىن كېيىن شۇجىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ ھېلىقى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەنزىسىنى سورىسام، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا تېلفون بېرىپ ھېلىقى ئەنزىنى ئاچىقتۇرۇپ بەردى. بۇ ئەنزە گۇلباغ گوڭشېسىنىڭ قارا يۇلغۇن داۋىنىڭ داۋىيجاڭى خۇدا بەردى ئاخۇن دىگەننىڭ ئېغىر بوي ئايالىلارغا توپا يۆتكۈزۈپ بالىسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان ئايالىلار بىلەن ئىستىل مەسىلىسى مۇناسىبەت ئۆتكۈزگەنلىك توغرىسىدىكى ئەنزە بولۇپ ئۇنى بىر نەچچە كۈن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ خۇلاسە يېزىپ شۇجىگە دوكلات قىلدىم، شۇجى ئۇنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ پارتكومدا مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن ناھىيە بويىچە ئومۇمى ئۇختۇرۇش قىلدى. ھەم مېنىمۇ ماختاپ ئەنزىنى ياخشى ئىشلەپسىز دەپ ئېيتقاندىن كېيىن ماڭا

سىزنىڭ ئەسلى يۇرتىڭىز پوسكام ناھىيەسىدىن ئىكەن، سىز مۇشۇ يەردە ئىشلەپ قېلىڭ، بىز ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسىگە ئالاقە يازايلى، خىزمەت تونۇشتۇرۇشى بىلەن مۇئاش تونۇشتۇرۇشىڭىزنىمۇ يۆتكەپ بەرسۇن دەپ ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلدى. مەنمۇ ماقۇل دىدىم، ماقۇل دىمىسەممۇ بولمايتتى. چۈنكى ئائىلەمنى كۆچۈرۈپ كەلگەن بولغاچقا قايتا كۆچۈپ يۈرۈش، بولۇپمۇ قەشقەرگە كۆچۈپ بېرىش مەن ئۈچۈن قىيىن ئىش ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام ۋە ئۇكىلىرىم ھەم ئۇرۇق تۇققانلارنىڭ تەلىۋىمۇ پوسكامدا ئىشلەپ قېلىش بولغانلىقتىن مېنىڭ ماقۇل دىمەسلىكىمگە ئامالىم يوق ئىدى. شۇ ۋاقىتتا پوسكام ناھىيىلىك گوڭئەنجۈي، فايۈەن 1955 ـ يىلى توپلاپ قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئەنزىسىنى قايتا تەكشۈرۈۋاتقان بولغاچقا مېنىمۇ شۇ خىزمەتكە قاتنىشىشىمنى ئېيتتى، ھەمدە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى خىزمەت ناھىيىسىدىن بىر ئىتىز ئۆي، بىر نەپەر خەنزۇ كادىر بەردى. مەن ھىلىقى بېسىلىپ قالغان ئەنزىلەرنى قايتا تەكشۈرۈش جەريانىدا خېلى كۆپ كادىرلار بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، بولۇپمۇ 1952 ـ يىلى مەكتەپتە بىر ئىسلاھات خەلق سوت خىزمىتىدە بىرگە ئىشلىگەن ئابدىكېرەم داۋۇت، باشلانغۇچ مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ھەم بىرگە مۇئەللىم بولغان ئەيسا تۇردى يۇسۇپ، ھاشىم چاۋار قاتارلىق ناھىيىلىك سوت، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتقان يولداشلار بىلەن خېلى چىقىشىپ قالدىم، مېنىڭ خىزمەت ۋە مائاش تونۇشتۇرۇشۇمنى يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىن 1956 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ مائاشىمنى پوسكام ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ئالدىم.

1956 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۇرۇمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ بىر يىغىنى ئېچىلىپ بۇ يىغىندا ھەر بىر ناھىيىنىڭ شتاتى مۇزاكىرە قىلىنىپ بېكىتىلگەن ئىدى. مەن پوسكام ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى نامىدىن بۇ يىغىنغا

قاتناشقان بولۇپ يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يىغىننىڭ روھىنى پوسكام ناھىيىلىك پارتكومغا يەتكۈزدۈم، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ناھىيىنىڭ شۇجىسى ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىگە 6 نەپەر كادىر بەرگەنلىكىنى، پوسكام ـ 2 رايوننىڭ شۇجىسى ئابدىرىم قۇدرەتنى بىزگە باش تەپتىش قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى بەرگەن كادىرلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىلىك بولۇپ پەقەت مەنلا پارتىيە ئەزاسى ئەمەسلىكىمنى تەپتىش،مۇئاۋىن باش تەپتىشلارنىڭ چوقۇم پارتىيە ئەزاسى بولۇشى شەرت ئىكەنلىكىنى، مەن پارتىيە ئەزاسى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن شەرتىم توشمىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىشخانىنىمۇ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە يۆتكەپ ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ ئۇختۇرۇش تارقاتتى. شۇندىن كېيىن تەپتىش كەسپى خىزمىتىنى تۇتۇپ ئىشلىگەن بولساقمۇ، ھەر بىر كەسىپنى تۇتۇپ ئىشلەيدىغان بۆلۈمچە ياكى مەخسۇس ئادەم يوق بولۇپ ھەممىنى بىر تۇتاش ئىشلەيتتۇق. چۈنكى بىزگەمەسئۇل بولغان باش تەپتىش بىر رايوننىڭ شۇجىسى بولۇپ مائاشىنى ھەر ئايدا ئاپىرىپ بېرەتتۇق،ئەمما ئۆزى بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە قاتناشمايتتى. قاتناشقان تەقدىردىمۇ تەپتىش كەسپىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى، يېڭىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن بىر خەنزۇ، بىر تەرجىمان 2 كەسپى كادىر ئۆزى پارتىيىلىك خېلى كونا كادىرلاردىن بولسىمۇ ئۇلارمۇ تەپتىش كەسپىنى بىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش، ئەيىپلەش، سوت ئۇستىدىن نازارەت قىلىش، قاماقخانىلارنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قولۇمدىن ئۆتەتتى. مەن بىر تەرەپتىن ئىشلەپ ئەمىلى خىزمەت ئارقىلىق ئۇلارغا ئۆگەتتىم. مەيلى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسۇن، مەيلى ئۈچ ئورۇن رەھبەرلىكى قاتناشقان ئەنزە مۇزاكىرە قىلىش يىغىنلىرىدا بولسۇن كۆپ قىسىمىدىكى يولداشلار مېنىڭ

ئاغزىمغا قارايتتى، ياكى مېنىڭ پىكرىمنى قوللايتتى. شۇڭا مەيلى رەھبىرى كادىرلار ئىچىدە بولسۇن تۆۋەن قاتلامدا بولسۇن مېنىڭ ئىناۋىتىم خېلى يۇقىرى ئىدى.

تەپتىش مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ قانۇنى نازارەتچىلىك ئورنى بولغىنى ئۈچۈن بىز قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتاتتۇق، بولمىسا خاتا قولغا ئېلىش، خاتا ھۆكۈم قىلىشتىن خالى بولغىلى بولمايتتى، شۇڭا بىز جامائەت خەۋپسىزلىك ئورنىدىكى كادىرلار بىلەن كۆپرەك تالاش - تارتىش قىلىپ بىرلىككە كەلمىگەندە پارتكوم رەھبەرلىگىنىڭ قارار قىلىپ بېرىشىگە ئىلتىماس قىلاتتۇق. بۇنداق تالاش - تارتىشلاردا مەن كۆپرەك پىكىر قىلغانلىقىم ئۈچۈن بەزى كادىرلار بىلەن زىتلىشىپمۇ قالاتتۇق، ئۇلارنىڭ قارىشىچە كۆپرەك قولغا ئېلىپ ئېغىر جازالىغاندا جەمئىيەت ئامانلىقىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن بىرەر قۇي ئوغرىلىغانلارنىمۇ قولغا ئالىمىز دەپ چىڭ تۇرىۋالاتتى. مەن پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش، جازالاش بولسا تەدبىر، ئالدىنى ئېلىش ئاساس، شۇڭا قولغا ئالسىمۇ، ئالمىسىمۇ بولىدىغانلارنى قەتئىي قولغا ئېلىشقا بولمايدۇ دەپ ئۆز پىكرىمدە چىڭ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سىياسى قانۇنغا مەسئۇل شۇجىسىمۇ مېنى«سەن بۇنداق قاراشتا بولىۋەرسەڭ كىلەچەكتە بىزگە ئوخشاش رەھبىرى كادىر ئەمەس بەلكى ئوغچى بولۇپ قالىسەن» دەپ بىر نەچچە قېتىم تەنقىت قىلغان بولسىمۇ مەن پىرىنسىپتا چىڭ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن ۋىلايەتكە يوللانغان ئەنزىلەرنىڭ ئىچىدىكى مەن قوشۇلمىغانلار قولغا ئېلىشقا تەستىقلانمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ۋىلايەتنىك تەسدىقىنى ئىلاجىسىز ئىجرا قىلسىمۇ ئىدىيىسىدە قايىل بولمايتتى. ياكى گۇنا مەندىن كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەزالىقىغا، سوتنىڭ يوەنجاگى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى تونۇشتۇرۇپ پارتىيە ئەزالىرى

قوشۇلغاندىن كېيىن ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىغا يوللىغاندا «مېنى دىنغا ئىشىنىدۇ،ئىدىيىسى ئوڭغا مايىل» دېگەن تۆھمەتلەر بىلەن پارتىيىگە كىرىدىغان ۋاقتىمنى 6 ئاي كېچىكتۈرۈۋەتتى.

لېكىن مەن يوقىرقىدەك ناھەقچىلىكقا ئۇچۇرساممۇ قىلچە مەيۇسلەنمەي، خىزمەتتە ئارقىغا چېكىنمەي، ئۆز كەسپىمنى سۆيۈپ ئىشلىگەنلىكىم، تۇرلۇك بېسىم ـ تەھدىتلەرگە باش ئەگمەي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئاخىر پارتىيىگە كىرىپ كېيىن يەنە خەلق كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، سىياسى قانۇن ئۇچ ئورۇن پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىدىم، ھەمدە ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان خىزمەت ئىلغارلىرى يىغىنىغا قاتنىشىپ، بىر قانچە قېتىم ماددى جەھەتتە مۇكاپاتلاندىم، ئەمىلى خىزمىتىمدىكى بۇ نەتىجىلىرىمنى ھېچ كىم ئىنكار قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن پوسكام ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىدە كاتىپ، تەپتىش، مۇئاۋىن باش تەپتىش، باش تەپتىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ ئاز بولمىغان قېيىن ئەنزىلەرنى دادىل ئىشلەپ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان خاتالىقلارنىڭ ئالدىنى ئالدىم، ھەمدە ئىلغار تەپتىش كادىرى بولۇپ ۋىلايەت ئاپتونوم رايوندا ماددى مۇكاپاتقا ئېرىشتىم.

## 10. ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىش

1965 ـ يىلى پوسكام ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى مېنى ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا ئۆستۈرمەكچى بولۇپ قەشقەر ۋىلايەتلىك يەرلىك پارتىيە كومىتېتىغا تەستىقلاتقان بولۇپ ئىلان قىلىش ئالدىدا تۇرغاندا ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى ئىدارە، جەمئىيەتلىرىگە كادىرلارنى تاللاشقا مەسئۇل بولغانلار مېنىڭ

يەرلىك كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىدىكى ئارخىۋىمنى كۆرۈپ مېنى يۆتكەش ئوبىكتى قىلىپ تاللىۋالغانلىقى ئۈچۈن ۋاقتىنچە ئېلان قىلماي توختۇتۇپ قويغان ئىكەن. (مەن بۇنى كېيىن ئۇقتۇم.)

1965 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پوسكام ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ جۇجاڭى مېنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئىيغىز سانائەت نازارىتى ليۇداۋان مىكانىزىملىق مۇئاۋىن خاڭجىڭى قوشۇمچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ جۇشىسى (رەئىسى) لىققا تەيىنلىگەنلىك توغرىسىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەم خەلق كومىتېتىنىڭ ئۇختۇرۇشىنى كۆرستىپ مېنىڭ تېزدىن تەييارلىق قىلىشىمنى ئۇختۇردى. بۇ ئۇختۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزۈمنۇ ناھايىتى تەساددىپىلىق ھېس قىلىپ ھەيران قالدىم. مەن بىلەن بېقىن ئۆتكەن يولداشلار بۇ خەۋرنى ئاڭلاپ «سىلەر كۆمۈرخانىغا بارمىسىلا، دېگەن تاغ ئىچىدە بولىدۇ، ئۇرۇمچىگە بېرىپ كۆمۈر كانغا خاڭجاڭ بولغاندىن كۆرە، پوسكامنىڭ يېزىلىرىغا بېرىپ دادۇيجاڭ بولغان ياخشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىنىڭ كۆمۈر كان كەسپى بىلەن تونۇشلىقلىرى بولمىسا قانداق خىزمەت ئىشلەيلا» دەپ ماڭا ئۆزىنىڭ ھېسداشلىقىنى بىلدۈردى. مەنمۇ بارماسلىقىنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ يولدۇشۇم مەن بىلەن بىللە ئۇرۇمچىگە بېرىشقا قوشۇلمايدۇ، بالىلىرىم تېخى كىچىك، ئۇرۇمچى قىممەتچىلىك، بىر ئادەمنىڭ مائاشى بىلەن ئۆزۈمنى ۋە بالىلىرىمنى بېقىپ كېتەلمەيمەن دەپ تەشكىلات بۆلۈمىگە بىر قانچە قېتىم پىكىر قىلسام، ئۇلار بۇ بىزنىڭ پىكرىمىز ئەمەس، ئۇلار سىزنىڭ ئارخىۋىڭىزنى كۆرۈپ ئۆزلىرى تاللىغان، ئاپتونوم رايوننىڭ قارارىنى ئىجرا قىلماسلىق بولمايدۇ، بارمىسىڭىز سىزگە تەشكىلنىڭ قارارىغا بوي سۇنمىغان دەپ چارە كۆرۈشى مۇمكىن دېگەن سۆزلەرنى قىلىپ كۆپ قېتىم تەربىيە بەردى، ھەم يولدۇشۇمغىمۇ خىزمەت ئىشلەپ قايىل قىلدى.

بۇ چاغدا چوڭ بالام ئابلىھەت 14ياشقا، 2 ـ ئوغلۇم ئابلىمىت 11 ياشقا، قىزىم دىلبەر 6 ياشقا، 3 ـ ئوغلۇم پەرھات 5 ياشقا، 4 ـ ئوغلۇم ئەنۋەرجان 4 ياشقا كىرگەن بولۇپ ئەڭ كىچىك ئوغلۇم ئەركىنجان ئىككى ياشقىمۇ توشمىغان،ئانىسىنى ئېمىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. بۇ باللار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، ھۇشيار چوڭ بولغان بولۇپ بۇ باللارنى ئەگەشتۈرۈپ كوچىلاردا ماڭساق ھەممە ئادەم باللارغا نەزەر سېلىپ بىر ـ بىرىگە كۆرسىتىپ ماختىشىپ كېتەتتى، باللارمۇ ئانىسىغا ۋە ماڭا بەكمۇ ئامراق ئىدى، بىزمۇشۇ باللارنى ساق ـ سالامەت چوڭ قىلىپ شۇنچىلىك قىلالىغانلىقىمىز ئۈچۈن خۇداغا كۆڭگە مىڭ قېتىم شۈكرى ئېيتىپ ئىنتايىن پەخىرلىنەتتۇق. دادام ، ئۆكىلىرىم ھەم يولدۇشۇمنىڭ ئانىسى ئاكا ـ ئۆكىلىرىمۇ باللارنى بەك ياخشى كۆرگەچ ئايرىلىشقا پەقەت قىمايتتى. مەنمۇ باللارنى تاشلاپ قويۇپ ئۆزۈم ئۈرۈمچىگە يېنىپ كېلىشكە تېخىمۇ چىدىمايتتىم. يولدۇشۇم كەينى ـ كەينىدىن ئۇششاق تۇققانلىقى ئۈچۈن بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئارانلا 15، 20 كۈنلا ياتالايتتى. باللار ياۋاش بولسىمۇ، 6 بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىش ئاسان بولمىغىنى ئۈچۈن ئۇ نىمە دىسە مەن دىگىنىنى قىلىپ بېرەتتىم، خىزمەتتىن قايتقاندا باشقا كادىرلار تاماشا قىلىپ ئويىنسا مەن يولدۇشۇمغا ھەمكارلىشىپ باللارغا قارىشىپ بېرەتتىم. ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋا كىلىماتى سوغاق ھەمدە قىممەتچىلىك، بېشىمغا كۈن چۈشۈپ ياخشى ئىشنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالغۇدەك ئۇرۇق تۇققان ياكى يېقىنراق تونۇشۇممۇ يوق، دادامىمۇ ياشىنىپ قالدى، يولدۇشۇمنىڭ ئانىسى كېسەلچان، ئاكىسى 2 پۇتىدىن ئايرىلغان بولۇپ ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالمايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا مەن ئۇلارنى تاشلاپ قانداقمۇ كېتەلەيمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر باھانە تېپىپ بارمىغىنىم ياخشى دەپ ئويلاپ يۇقارقىدەك ئەھۋالنى ئېيتىپ بارالمايدىغانلىقىمنى، ئەگەر مۇمكىن بولىغاندا دادام

بىلەن چوڭ ئىنىم مەخمۇتخاننى بىرگە يۆتكەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسام ئۇنىڭغىمۇ قوشۇلمىدى، دادامىمۇ مەن قېرىدىم، ئارىلىق يىراق، ئاغرىپ سىلاپ قالسام ياكى ئۆلۈپ تارتىپ كەتسەم ئاكا، ئۇكىلىرىڭىز بارالمايدۇ، مېنىڭ جەسىتىمنىمۇ كىشىنىڭ يۇرتىدا،ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالىدۇ، شۇڭا سىز كادىر بولغاندىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىغا بېرىپ ـ كېلەلەيسىز، ئىنسان يارىتىلغان ئىكەن بېشىغا كەلگەننى كۆرمەي ئامال يوق، سىز بىزگە تارتىشماي ھۆكۈمەت بەلگۈلىگەن يەرگە بېرىۋېرىڭ، خۇدا ئامان ـ ئىسەن قىلسا يەنە كۆرىشىمىز دەپ نەسىھەت قىلدى. مەن دادامنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بولدى بارسامىمۇ ـ باراي دەپ تەييارلىق قىلدىم، ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ مەن بىلەن بىرگە بارىدىغان يەنە 2 كادىر بولۇپ ئۇچىمىزگە بىر قارا ماشىنا بەردى. بىز چوڭ كىچىك 20 ئادەم بىر ماشىنىغا ئولتۇردۇق. ماشىنىغا سىغمايمىز دەپ ئۆزىمىزنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە، قازان ـ قومۇچلارنى ئېلىشقا رۇخسەت قىلغانلىقى ئۇچۇن قالغان نەرسىلەرنى ئۇرۇق ـ تۇققانلارغا بېرىۋاتتۇق.

مەن ئۇرۇمچىگە ماڭىدىغان كۇنى ئۇزۇمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى، يولدۇشۇمنىڭ ئانىسى، كىچىك ئاكىسى ھەمدە ئەل ـ ئاغىنە خىزمەتداشلارنىڭ ھەممىسى كۆزلىرىگە ئىسسىق ياشلارنى ئېلىپ بالىلىرىمنىڭ مەڭزىلىرىگە يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيۈپ بىزگە تېنىچ ـ ئامانلىق تىلەپ ئۇزۇتۇپ قويدى. جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانىدىن، بىر ئەمچەكنى تالىشىپ ئەمگەن بىر تۇققان قېرىنداشلىرىڭىزدىن، بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان يۇرتداشلىرىڭىزدىن، نەچچە يىل بىرگە ئىشلەپ بىر تۇققاندەك بولۇپ قالغان خىزمەتداشلىرىڭىزدىن، كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن مۇنبەت زېمىنلىرىڭدىن، باغۇ ـ بوستان چىمەنزارلىق يۇرتىڭدىن ئايرىلىش كىشىگە بەكمۇ ئازاپلىق تويۇلىدىكەن. مەن ئاتا ـ ئانا،

ئۆرۈق ـ تۇققان، دوست ـ بۇرادەرلىرىم بىلەن خوشلىشىۋېتىلىپ كۆزۈمدىن ياش قاتتىق يىغىۋاتقان يامغۇردەك توختىماي تامچىپ ماشىنىدىن ئۆلارنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتقىلى تاس قالدىم، ئاڭغىچە ماشىنا مېڭىپ كەتكىنى ئۈچۈن كۆزۈم ئارقىمدا تاكى پوسكام چىگرىسىدىن چىققۇچە ئۆز يۇرتۇمنىڭ مەنزىرىسىگە تويماي قاراپ قالدىم.

بىز يول ئۈستىدە مىڭ بىر جاپا- مۇشەققەتلەرنى تارتىپ يەتتە كۈن بولغاندا ئارانلا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. مەن بىلەن بىرگە كەلگەن مەھەممەت ئەخمەت دېگەن كادىرنى 6 كىچىك بالسى بىلەن 9 جان ئادەمنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىگە چۈشۈرۈپ قويدى، ئۇ مەر سەيپۇل دىگەننى (يولدىشى بالىسى) ئورمانچىلىق نازارىتىگە چۈشۈرۈپ قويدى.رەھمىتۇللا ئەيسا دېگەن كىشىنى يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتوتىغا ئاپىرىپ قويدى. مېنى بولسا يولدۇشۇم ئالتە بالام بىلەن لىۇداۋان مىكاڭغا ئېلىپ ماڭدى، بۇ جاي ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سىرتىدا بولۇپ ئۈرۈمچىگە شۇ چاغدا 5 كىلومېتىردىن كۆپرەك كېلىدىكەن، بۇ جايغا چىقىشتا بىر داۋاندىن ئاتلاپ، ئىگىز ـ پەس، ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ بىر چۆل ـ جەزىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كىچىككىنە ئورمانلىق ئىچىدىكى بىر قەۋەت سېلىنغان ئۈچ ئېغىزلىق لىۇداۋان مىكاڭنىڭ ئىشخانا بىناسىغا بېرىپ ماشىنىدىن چۈشتۇق. بۇ چاغدا ئىشخانىدىكى كادىرلار چۈشلۈك تاماقتا كەتكەن بولۇپ بىر ئايال خەنزۇ كادىر ئىشىكنى تاقاپ ئۆيىگە مېڭىش ئالدىدا تۇرغان ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا جەنۇپتىن كانغا يۆتكىلىپ كەلگەنلىكىمنى ئېيتسام ئۇ چۈشتىن كېيىن كېلىڭ دەپ گېپىمنى چۈشەنمىدى، سومكامدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئېلىپ كۆرسەتسەم ئۇ ھەيران قالغان ھالدا بىر نەچچە كادىرنى چاقىرغان بولسىمۇ، نەرسە كېرەكلەرنى قويىدىغان ئۆي بولمىغاچقا ئامال يوق كادىرلار ئىشقا چۈشكىچە ماشىنىدا تۇرۇپ تۇردۇق. چۈشتىن كېيىن كانىڭ شۇجىسى، كان باشلىقلىرى

چىقىپ بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ ئۆز ـ ئارا تونۇشقاندىن كېيىن بىزنى كاننىڭ مېھمان كۈتىشىنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيىنى بىكارلاپ شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. بىر نەچچە كۈن تاماقنى كاننىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى مىللى ئاشخانىسىدىن يىگەن بولساقمۇ بالىلار يىگىلى ئۇنىمىدى. بۇنى كۆرگەن تۆتىنى ئىنقىلاش كادىرلىرى كۆمۈر بىلەن ئوچاققا ئۆت يېقىپ بەردى. (بىز ئوچاقلاردا كۆمۈر قالاشنىمۇ بىلەلمەيتتۇق) بىز ئۆزىمىز ئەكەلگەن قازان بىلەن تاماق ئېتىپ يىدۇق. بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى خېلى ياخشى بولۇپ كاننىڭ ئىشخانا بىنالىرى دەرەخزارلىق ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ غەربىي تەرىپى چوڭ يولغا تۇتىشىدىكەن، چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئائىلىكلەر قورۇسى بولۇپ ھەممىسى كېسەك بىلەن سېلىنغان بىر قەۋەتلىك پاكار ـ پاكار ئۆيلەر بولۇپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆزلىرى سېلىۋالغان ئۆيلەرمۇ خېلى كۆپ ئىكەن، كاندا خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ھەم ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپ بىر ـ بىرىگە تۇتاش سېلىنغان بولۇپ ئۇنى « پەرزەنتلەر مەكتىپى » دەپ ئاتايدىكەن. بۇ مەكتەپنى كان ئۆزى بىۋاستە باشقۇرىدىكەن، كان قولۇبى بولۇپ قىش كۈنلىرى كىنونى قۇلۇپ ئىچىدە، يازدا قۇلۇپ ئالدىدىكى مەيداندا قويىدىكەن. يەنە بىر دوختۇرخانا بولۇپ 20 كارۋاتلىق بالنىسىمۇ بار ئىكەن، كان قودىقى ئىچىدە خەتەرلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ يەڭگىلرەك بولغانلىرىنى ۋە ئادەتتىكى يەڭگىل كېسەللەرنى بۇ دوختۇرخانىدا داۋالايدىكەن، ئېغىرلىرىنى شەھەر ئىچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ داۋالايدىكەن.

بۇ كاندا 600 دىن كۆپرەك ئائىلە 7000 مىڭدەك نوپۇس بولۇپ ئاز سانلىق مىللەت 60%، خەنزۇلار 40% نى تەشكىل قىلىدىكەن، بۇ كاننىڭ 1200 دەك ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولۇپ، مىللىيلارنىڭ 80% قۇدۇق ئاستىدا ئىشلەيدىكەن شۇڭا قۇدۇق ئاستىدا خەتەرلىككە ئۇچراپ ئۆلگەن، مېيىپ بولۇپ قالغان، زەخىملەنگەنلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى مىللى

ئىشچىلار ئىكەن.

بۇ كان ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بۇلاق تاغ (شىمىگو) رايونى تەۋەلىكىدە بولغانلىقى ئۈچۈن قانۇنى ۋە مەمۇرى جەھەتتىكى ئىشلارنى شۈيمىگو رايونلۇق ھۆكۈمەت باشقۇرىدىكەن. كاندا قوغداش بۆلۈم، قۇراللىق بۆلۈم، ئەدلىيە بۆلۈم، پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش، تازىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈملىرى بولۇپ ئۇلارغا كەسپى جەھەتتىن شۈيمىگو رايونلۇق ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىدىكەن.

مەن ليۇداۋان كۆمۈر كېنىغا بېرىپ ئەتىسى كاننىڭ كاڭجاڭ، شۇجىلار مېنى يوقلاپ كىردى ھەمدە قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ياخشى دەم ئېلىشىمنى تاپىلىدى.

مەن بىر ھەپتىدەك ئۆيۈمدە دەم ئالدىم، بۇ جەرياندا ناھايىتى زېرىكىشلىك ھېس قىلدىم، ئۆيگە كىرسەم باللار بىلەن پاراڭلىشىپ كۆڭلۈم خېلى خوش ئۆتىسىمۇ، سىرتقا چىقسام بىرمۇ ئادەمنى تونۇمايمەن، مېنى كاننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە تونۇتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن مېنى كۆرگەن كىشىلەر مېنىڭ نىمە ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئۇقمايدۇ، كىشىلەر توپلىشىپ پاراڭلىشىۋاتقان جايلارغا بېرىپ قالسام مېنىڭ سالىمىمنى ئېلىك ئالغاندىن باشقا بىر ئېغىز گەپ قىلمايدۇ، ئۇلار ئۆز - ئارا تونۇشلارگە ئۇچراشقان چاغلىرىدا نەگە ماڭدىڭىز؟ ئىشقا ماڭدىڭىزمۇ ياكى ئىشتىن قايتتىڭىزمۇ دېگەن سۆزلەر بىلەن سالاملىشىدىكەن، قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدىغان ئادەتلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىكەن، شۇڭا مەن ئۆزۈمنى خۇددى ھايۋاناتلار باغچىسىغا بېرىپ قالغاندەك بەكمۇ يېتىمسىراپ كىچە - كۈندۈز ئۆز يۇرتۇمنى، ئاتامنى،ئۇكىلىرىمنى ۋە ئەل ئاغىنىلىرىمنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدىم، يۆتكىلىپ كەلگىنىمگىمۇ ناھايىتى كۆپ پۇشايمان قىلدىم،مەن شۇجى، كاڭجاڭلارغا ماڭا ئىش تەقسىم قىلىپ بېرىشنى بىر نەچچە قېتىم ئېيتسام ئۇلار سىز يىراق يەردىن يۆتكىلىپ كەلدىڭىز بىر

نەچچە كۈن دەم ئېلىنىڭ دەپ ئىش تەقسىم قىلىپ بەرمىدى. بىر كۈن مېھمان كۈتۈشتىن ئىشىك ئالدىغا چىقسام يىراقتا بىر چاقپەلەكتەك بىر نەرسىنىڭ چۆگىلەۋەتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆمۈر چىقىرىدىغان قۇدۇق ئوخشايدۇ، كۆرۈپ باقاي دەپ بارسام، ئۇ بىر شامال ماشىنىسى ئىكەن، ئۇ يەردىن قايتىشتا بىر جايدا بىر نەچچە كىشىنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بارسام ئۇلار ماڭا گەپ سۆزمۇ قىلماي ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى، يەنە بىر قانچە قەدەم ماڭسام بىر ئادەم بىردىن تۆمۈر ۋاگوننى ئىتتىرىپ كۆمۈر توكۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋاگوننىڭ تۆمۈر يول ئۈستىدە ماڭىدىغانلىقىنى ئۇقماي ئۇلارنىڭ باتۇرلىقىغا ھەيران قالدىم، قايتىپ كېتەي دەپ تۇرۇشۇمغا بىر ئىشچى قېشىمغا كېلىپ ئۆزلىرىنى نەدىن سورايمىز دېگەن ئىدى. ئۆزۈمنىڭ يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەنلىكىمنى،يۇرتۇمنى ئېيتىپ بەرسەم، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدىن بولۇپ ئاكىسى پوسكامغا شۇجى ئىكەنلىكىنى، ئاكىسىنىڭمۇ ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەلمەكچى ئىكەنلىكىنى كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى ئۇقالمىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەمدە كانغا كەلمەكچى بولغان كاڭجاڭ ئۆزلىرىمۇ؟ دەپ سورىغاندا ھەئە دەپ جاۋاپ بەردىم. شۇ ئارىدا بىزنىڭ قېشىمىزغا يەنە ئىككى كادىر سۆپەت ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەنۇپتىن يېقىندا يۆتكىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ گېپى ئاخىرلاشمايلا ھېلىقى قاغىلىقلىق ئىشچىنى باشقىلار چاقىرىپ كەتتى. ھېلىقى ئىككەيلەن مېنى سورىغان ئىدى، مەنمۇ كانغا يېڭى يۆتكىلىپ كەلگەن دەپ ئېيتتىم. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىك قۇدۇققا بارىدىغانلىقىنى، ئۇ يەردە يېڭى ئېچىلىۋاتقان بىر كان بارلىقىنى ئۇ كاننى كۆرۈپ بېقىپ شارائىتى ياخشى بولسا بارىدىغانلىقىنى، بولمىسا بارمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلاردىن بىرى لىيۇداۋان كۆمۈركان ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىغا كەلگەن بولۇپ، يەنە بىرەيلەن تىك قۇدۇققا بەلگۈلەنگەن ئىكەن ، ئۇلار مېنىمۇ بىللە بېرىپ كۆرۈپ كېلىشىمنى ئېيتتى. مېنىڭ باشقا

ئىشىم بولمىغىنى ئۈچۈن بىللە باردىم، ئۇ يەرنىڭ شارائىتى لىيۇداۋاندەكمۇ ئەمەس ئىكەن، دەرەخ، ئۆي ـ ئىمارەتمۇ يوق، بىر نەچچە يەردە جاڭپاڭ تىكىپ ئىشلەۋاتقان ئىشچىلار بولۇپ ئۇلارمۇ بىزدىن بىر ئېغىز گەپ سورىمىدى. بىز بىر ـ ئىككى كىشى بىلەن بۇ جاينىڭ ئەھۋالىنى ئوقۇپ لىيۇداۋانغا كەلگەندە ھېلىقى لىيۇداۋان ئىشچىلار ئويۇشمىسىغا يۆتكىلىپ گەلگەن كادىر ئۆيىگە باشلىدى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىسمى ياسىن جامال گەرچە مېنى تونۇمىسىمۇ خېلى قىزغىن مۇئامىلە قىلدى. لېكىن مەن ئۇلارغا كانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ كەلگەنلىكىمنى ئېنىق ئېيتمىغانلىقىم ئۈچۈن ھېلىقى ئۆي ئىگىسى بىلەن بىرگە خوتەندىن يۆتكىلىپ كەلگەن كادىر ئۆز ئارا خوتەننىڭ پاراڭلىرىنى قىلىپ ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن مەن زىرىككەنلىك ھېس قىلىپ ئۆيگە قايتىپ كېتەي دەپ تۇرشىم ئۇلار مەندىن سىلىگە كاندا نىمە خىزمەت تەقسىم قىلىندى دەپ سوراپ قالدى. مەن خىزمىتىمنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى مەن بىلەن باشقىدىن كۆرۈشۈپ مېنىڭدىن ئەپۇ سوراپ مېنىڭ تاماق يەپ كېتىشىمنى ئېيتىپ چىڭ تۇرىۋالدى، مەنمۇ ئامال يوق تاماق پىشقىچە ئولتۇرۇپ تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆيگە بېرىشقا تەكلىپ قىلسام ئۇلار كېيىن بارايلى دەپ ھوزۇر ئېيتىپ مەن بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدە قالدى. ئەتىسى ھېلىقى ئۆي ئىگىسى ياسىن جامال دېگەن يولدىشىنى ئېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىلەن بېرىپ كېلىش قىلىپ يۈردۇق.

مەن كانغا كېلىپ 15 كۈندەك بولغاندا كەچتە پارتىيە كومىتېتى يىغىنى ئاچىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا مېنىمۇ قاتنىشىدىغانلىقىمنى ئۇختۇردى. كەچتە يىغىنغا كىرسەم كان باشلىقى ياسىن كېرەم بىلەن مەندىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى خەنزۇ بولۇپ كان باشلىقى، خەنزۇچىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ماڭا

مەخسۇس بىر تەرجىمان چاقىرىپ ئۇلارنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. كېيىنكى بىر نەچچە قېتىملىق يىغىنلاردىمۇ شۇنداق بولدى، لېكىن خىزمەت ئۈستىدە مەخسۇس تەرجىمان ئىشلىتىشكە بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە قانداق خىزمەت قىلارمەن دەپ غەم - ئەندىشە ئىچىدە يۈرگىنىمدە ھېلىقى ياسىن جامالدىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىۋىدە جەنۇپتىن يۆتكۈلۈپ كەلگەن كادىرلارنى مەخسۇس تەربىيىلەش ئۈچۈن كۇرس ئېچىلغانلىقىنى، ياسىن جامالمۇ شۇ مەكتەپكە كىرمەكچى ئىكەنلىكىنى، ئۇ مەكتەپتە خەنزۇچە دەرسمۇ ئۆتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ كاننىڭ بىرىنچى شۇجىسى شىڭ روڭچاڭغا ئۆزەمنىڭمۇ شۇ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشۇمنى ئىلتىماس قىلدىم. ئۇ ئادەم ئېغىر سانائەت نازارىتى ۋە مەكتەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ مېنىڭ ئوقۇشۇمغا قوشۇلدى. ھەمدە مەكتەپكە كىرىپ چىقىشقا مەخسۇس ماشىنا ئاجرىتىپ بەردى. مەن ياسىن جامال دېگەن كادىر بىلەن پارتىيە مەكتىۋىگە كىرىپ تىزىمغا ئالدۇردۇق. بىز مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنى ياچېيكا، گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ مېنى ئېغىر سانائەت ۋە يېنىك سانائەت ساھەسىدىن ئوقۇشقا كەلگەن 40 نەپەردەك ئوقۇغۇچىغا ياچېيكا شۇجىسى قىلىپ بەلگۈلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياش قۇرامى 50 تىن ئاشقانلاردىن بىر نەچچىسىلا بولۇپ قالغانلار 40 ياشتىن تۆۋەن يولداشلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلاتتى، سەۋىيە جەھەتتە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر كۆپ بولۇپ، داشۆ، باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر ئاز ئىدى، دەرىجە جەھەتتە ناھىيە دەرىجىلىك كادىردىن مەن بىلەن يەنە بىرەيلەن بار ئىدۇق. قالغانلارنىڭ كۆپ قىسمى بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلار ھەم ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. گەرچە مېنىڭ سەۋىيەم ئانچە يوقىرى بولمىسىمۇ، ياچېيكاخىزمىتىدە ياچېيكا ۋېيىۋەنلىرى بىلەن با مەسلىھەت ئىش قىلغانلىقىم، پىرىنسىپالنى ئىشلارنى چىڭ تۇتۇپ ئۆششاق ئىشلارغا ئىېسلىۋالماي ياكى گۇرۇپپىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا چات

كىرىۋالماي، ئۆگۈنۈش، ئىنتىزام ھەم باشقا پائالىيەتلەردە ئۇزۇم بىۋاستە باشلامچىلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن ساۋاقداشلارنىڭ قىزغىنلىقى يوقىرى بولۇپ باشقا ياچېيكىلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتۇق، شۇڭا مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ماختىشىغا ئىگە بولغان ئىدۇق، شۇڭا تۆۋەندىكىلەر مېنى ياخشى كۆرەتتى ھەم ھۆرمەت قىلاتتى.

بىز بۇ مەكتەپتە ئاساسلىغى پەلسەپە، سىياسى ئىقتىساد ھەمدە ماۋجۇشىنىڭ ″ زىدىيەت توغرىسىدا دېگەن ئەسەرلىرى ھەم پارتىيە تارىخى قاتارلىق دەرىسلەرنى ئۆگەنگەندىن باشقا بىر ھەپتىدە ئىككى كۈن 2 سائەتتىن 4 سائەت خەنزۇچە دەرس ئۆتەتتى، بىز جەنۇپتىن يۆتكۈلۈپ كەلگەن ھەمدە ئىلگىرى خەنزۇچىدىن ھېچ قانداق ئاساسىمىز بولمىغاچ تىلىمىزنى كەلتۈرەلمەي خېلى قېينالدۇق.شۇنداقتىمۇ تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن گېزىتتىكى ئاددى ماقالىلەرنى ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشەنگۈدەك بولغان ئىدۇق، بىراق مەكتەپتىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى ئەمىلى خىزمەت جەريانىدا ئىشلەتمەي ئۇنتۇپ كەتتىم.

مەن مەكتەپتە بۇتۇن زىھنىمنى، ھەركىتىمنى ئۆگۈنۈشكە سەرپ قىلىپ ئۆينىڭ ئىشلىرىغا دىگەندەك ھەمكارلىشالمىدىم، شەنبە كۈنى كەچتە ئۆيگە چىقسام يەكشەنبە كۈنى كەچتە مەكتەپكە يېنىپ كىرىپ ھەر بىر گۇرۇپپىلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكى ۋە باشقا مەسىلىلەرنىڭ بار - يوقلىقىنى ئوقۇشاتتىم، يولدۇشۇم مېھمان كۈتۈشتە بولغىنى ئۈچۈن باشقىلار بىلەن تونۇشمايتتى. شۇڭا مەن ئۆيگە چىققاندا يولدۇشۇم « بىزنى تونۇمايدىغان يەرگە ئەكىلىپ قويۇپ ئۆينىڭ ھېچ قانداق ئىشى بىلەن كارىڭىز يوق» دەپ قاخشايتتى، مەن ئۇنىڭغا ئوقۇشىمىز ئاياغلاشقىچە بىر مەزگىل چىداپ تۇرۇشنى ئېيتىپ تەسەللى بېرەتتىم.

بىر كۈنى بىزگە بەنجۇرۇن بولغان مۇئەللىم ھەپتىنىڭ

بىرىنچى كۈنى مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە كاپىدىرا باشلىقلىرى بىزنىڭ ياچېيكىنىڭ مۇزاكىرەسىگە قاتنىشىپ بېرىلگەن دەرسنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئوقۇشماقچى ئىكەنلىكىنى ئۇختۇردى. بۇ ھەپتىنىڭ 6 - كۈنى بولۇپ كەچتە جىددى گۇرۇپپا باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ ئۇلارغا ئوبدان تەييارلىق قىلىشنى ئۇختۇرۇپ قويۇپ ئۆيگە چىقسام 4 - ئوغلۇم پەرھات بىلەن قىزىم دىلبەر تاماقمۇ يىمەي قۇرۇق ھۆ قىلىپ يېتىپتۇ. يولدۇشۇمدىن بالىلارنىڭ نىمە بولغانلىقىنى سورىسام 2 كۈن ئىلگىرى يەر تەۋرىگەندە مېھمان كۈتۈش ئۆينىڭ مورىسى ئۆرۈلۈپ كېتىپ تۈتۈن ئۈستىگە چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن بالا ياتقان ئۆينىڭ خوچىڭدىن تۈتۈن يېنىپ ئىس ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى، مەن دەرھال يولدۇشۇم بىلەن 2 بالىنى كۆتۈرۈپ دوختۇرغا كۆرسىتىپ دورا ئېلىپ بەردىم. ئەتىسى كاندا ئىشچى - خىزمەتچىلەر دەم ئالغانلىقى ئۈچۈن مەمۇرى بۆلۈمنىڭ رىمونت ئىشچىلىرى ئىشلەۋاتقان يەرگە بېرىپ ئۇلارنىڭ بىر خەنزۇ باشلىقىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ ئۆينىڭ مورا - خوچاڭلىرىنى رىمونت قىلىپ بېرىشنى ئېيتسام ئۇ مېنى تونۇمىغانلىقى ئۈچۈن مەمۇرى بۆلۈمنىڭ كوجىڭدىن خەت ئەكىلىشىمنى ئېيتتى، لېكىن مەن كوجاڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئۆينىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئايالىمغا ئوچاق بېشىدا چىلەككە سۇ ئېلىپ قويۇپ يېتىپ تۇرۇڭلار دەپ يەكشەنبە كەچتە مەكتەپكە يېنىپ كىردىم، ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرە قىلماقچى بولۇپ تۇرغىنىمىزدا مەكتەپنىڭ مۇدىرى ۋە كابىدىرا باشلىقلىرى كىرىپ ئولتۇردى، مۇزاكىرىنى ئەمدى باشلايلى دەپ تۇرۇشىمىزغا ماڭا لىۋداۋاندىن تېلىفون كەلدى دەپ بىرسى خەۋەر قىلىپ كىرىپتۇ، چىقىپ تېلىفوننى ئالسام « كىچىدىن بالىلىرىڭىزنى ئىس ئېلىپ كېتىپ ھەممىسى ياتىدۇ، تېز چىقىڭ دىگەنلىكى ئۈچۈن مەن قورقۇپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن پاختىلىق

چاپانىمۇ ئالماي روخسەت ئېلىپلا ئالدىراش ئۆيگە چىقسام، يولدىشىم بىلەن 5 بالا ئۆيدە قاتار يېتىپتۇ، ئۆينىڭ ئىچىگە ئىس توشۇپ كېتىپتۇ، دوختۇرلار كېلىپ داۋالىغان بولسىمۇ، ھاۋا ئالماشتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ياخشى بولالماپتۇ، ئانىسى ئورنىدىن تۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن بالىلارنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقىش ئۇياقتا تۇرسۇن بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەي قۇرۇق ھۆ قىلىپ ياتقان ئىكەن، ئۆينىڭ ئىچىگە كاننىڭ شۇجىسى، كاڭجاڭ، كوجاڭ، رېمونتچى ئىشچىلارغا قەدەر ئادەملەر توشۇپ كېتىپتۇ، مەن بۇ ھالەتنى كۆرۈپ ھېلىقى رېمونتچى ئىشچىلارغا قاراپ سىلەر تونۇگۈن ئىككى ئادەم ئاجرىتىپ ئۆينىڭ مورىسىنى رېمونت قىلىپ بەرگەن بولساڭلار بۈگۈنكى ئەۋارىچىلىق بولمايتتى، بالىلىرىمنى خۇدايىم ئۆز دەرگاھىدە ساقلاپتۇ، 5 بالا بىلەن يولدىشىم ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ چاغدا سىلەر بىلەن ئاخىرغىچە داۋالىشاتتىم» دېدىم. بۇ چاغدا شۇجى، كاڭجاڭلار رېمونتچى ئىشچىلارنىڭ گۇرۇپپا باشلىقىنى تەنقىت قىلدى. ماڭىمۇ ھوزۇر خالىق ئېيتتى، مەن ″ ھېلىمۇ چوڭ بالام ياندىكى ئۆيدە ياتقان ئىكەن، ئۇنىمۇ ئىس ئېلىپ كەتكەن بولسا ھەممىسى تۈگۈشۈپ كېتىدىكەن، مەن بۇ يەرگە كەلگەندە مېھمان كۈتۈشتە بىر نەچچە كۈن ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ ئۆي ھەل قىلىپ كۆچۈرۈپ قويىمىز دېيىشكەنتىلە، مەن بۇ مېھمان كۈتۈشتە ئولتۇرغىلى 6 ئايدىن ئاشتى، بۇ قېتىم يەر تەۋرىگەندە بىز ئوقۇۋاتقان پارتىيە مەكتىۋىنىڭ سىنىپلىرىمۇ تەۋرەپ دەرىزە ئەينەكلىرى چېقىلىپ كەتتى، بىزمۇ كۈندۈزى بولغاچ بىنادىن ئارانلا يەرگە چۈشۈۋالدۇق، يەر يەنە تەۋرىمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ، مەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتسام ئەگەر يەنە بۇ ئىش تەكرارلىنىپ قالسا بالىغا قاراشقا ئادەم بولمىسا ئۇ چاغدا مەن قانداق قىلىمەن، سىلە ۋاختىدا ئۆي ھەل قىلىپ كۆچۈرۈپ قويساڭلار ″ دېسەم ئۇلار دەرھال ئۆي ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن بالىلارنى نۆۋەت بىلەن كۆتۈرۈپ تالاغا ئاچىقىپ ھاۋا

ئالماشتۇردۇم، دوختۇر دورا ئەكىلىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن باللار ئۇخلىنىپ بولغۇچە مەكتەپكە تېلفون بېرىپ رۇخسەت ئېلىپ باللارغا قارىدىم. كېيىن يولدۇشۇمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە: يەكشەنبە كۈنى كەچتە ئۆيگە ئۇتمۇ ياقماي خوچاڭنىڭ ئوچىقى ئۇستىگە بىر چىلەك سۇ ئېلىپ قويۇپ يولدۇشۇم 5 بالا بىلەن چوڭ ئۆيدە يېتىپتۇ، چوڭ بالام ئابدىلئەھەت ياندىكى ئۆيدە ياتقان ئىكەن. ئانىسى باللار بىلەن ياتقان ئۆي بىلەن تۇتاش ئۆيدە ئىچكىرىدىن كانغا توققانلىرىنى يوقلاپ كەلگەن خەنزۇلار ياتقان بولۇپ ئۇلار كېچىدە ئوت قالىغاندا 2 ئۆينىڭ خوچىڭى بىر بولغاچ تۇتۇن بۇزۇلغان موردىن ئۇستىگە چىقالماي باللار ياتقان ئۆينىڭ ئوچىقىدىن چىقىپ باللارنى ئىس ئېلىپ كېتىپتۇ، خۇداغا شۈكرى، كىچىك ئوغلۇم يوتقان ئىچىدە ئانىسىنى ئىمىپ ياتقاچ قوسقى تويغاندىنكېيىن يوتقان ئىچىدە ئىسسىپ كېتىپ يىغلاپتۇ، ئانىسى بالىنى ئۇستىگە ئېلىشقا قانچە قىلسىمۇ بېشىنى كۆتۈرەلمەپتۇ، قورقۇپ كېتىپ باللارنى بىر - بىرلەپ ئويغۇتۇپ چىراقنى يېقىشقا بويرىغاندا بەزىسى ئورنىدىن تۇرالماپتۇ، بەزىسى تۇرغان بولسىمۇ ماڭالماي يىقىلىپ قاپتۇ، ئامال يوق ئانىسى ئۆمىلەپ بېرىپ ياندىكى ئۆينىڭ تېمىنى مۇشلىغان ئىكەن، مىڭ بىر تەستە چوڭ بالام ئويغۇنۇپ مېھمان كۇتۇشنىڭ كۇتكۇچىسى بىر خەنزۇ ئايالنى چاقىرىپتۇ ئۇ ئايال دوختۇرخانىغا تىلفون بېرىپ دوختۇر چاقىرىپ كېلىپ باللارنى قۇتقۇزۇپ ئاپتۇ، بولمىسا ھەممىسى ئۆلۈپ كېتەر ئىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزۈممۇ چۆچۈپ كەتتىم، ھەمدە بۇ ئورۇنغا يۆتكۈلۈپ كەلگىنىمگە مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ، خەپ ئۆگۈنۈش تۈگىگەندە بۇ يەردە ھەرگىزمۇ ئىشلىمەسمەن دەپ ئويلىدۇم. ئون كۈن ئۆتكەندە ماڭا ئائىلىكلەر قورۇسىدىن بۇرۇن كاننىڭ باش كاڭجىڭى ئولتۇرغان 3 ئېغىزلىق ئۆيدىن بىرنى بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن مەكتەپتىن رۇخسەت سوراپ چىقىپ شۇ ئۆيگە كۆچۈۋالدىم. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر

شەنبە كۈنلىكى ئۆيگە چىقسام يولدۇشۇم ئاغرىپ يېتىپتۇ، پېشانىسىنى تۇتۇپ باقسام قىززىپ ئوت - ئاتەش بولۇپ كېتىپتۇ، ئۆزىمى تاماق يىمەپتۇ، باللارغىمۇ تاماق ئېتىپ بېرەلمەپتۇ، باللار ئانىسىنى دوختۇرغا كۆرسىتەلمەي قوسىقى ئېچىپ يىغلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ، بىز ئۇ يەرگە يېڭى كۆچۈپ بارغانلىقىمىز، قوشنىلار بىلەن تونۇشمىغىنىمىز ئۈچۈن ئۇلار بىرەر قېتىم كىرىپ ئەھۋال سوراپمۇ قويماپتۇ، مەن بىر ئايالنى چاقىرىپ تاماق ئەتكۈزۈپ بەردىم، لېكىن يولدۇشۇم بىر - ئىككى قوشۇق يەپلا گېلىمدىن ئۆتمىدى دەپ يىگىلى ئۇنىمىدى، دوختۇرغا ميېڭىپ چىقالمىغىنى ئۈچۈن ئىدارىنىڭ بىر تەرجىمانى بىلەن دوختۇرخانىنىڭ كېسەل كۆتىدىغان زەمبىلى (دەنجا ) بىلەن دوختۇرغا ئاچىقىپ كۆرسەتسەم دوختۇرلار تەكشۈرۈپ كۆرۈپ قوسىقىدا باللىسى بار ئىكەن دەپ ئېيتتى، يولدۇشۇم بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەن ئۆرۈمچىدە تۇغمايمەن، ساقايسام ئۆرۈمچى دېگەن يەردىمۇ تۇرمايمەن دەپ يىغلاپ كەتتى، بۇ چاغدا دوختۇرلار بالا 6 بولغاندىن كېيىن قوسىقىدىكى باللىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتەيلى دەپ ماڭا كۆپ تەربىيە بېرىپ كەتتى، مەنمۇ باللىنىڭ ئانىسى بالا تۇغۇشىقا ئۇنۇمىغاندىن كېيىن مەيلى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتىڭلار دىدىم، شۇنىڭ بىلەن 5 ئايلىق بولغان باللىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتتى. باللىنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەنمۇ ، ئانىسىمۇ كۆپ پۇشايمان قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن قىزىم دىلبەر يالغۇز قىز بولۇپ قالدى.

بىز پوسكام ناھىيىسىدە ۋاختىدا ئاشلىق نورمىسىز بولغانلىقى ئۈچۈن 80% ئاق ئۇن 20% قارا ئاشلىق بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇققانلار ئاق ئاشلىق، گۈرۈچ، قوغۇن، تاۋۇز، سەي كۆكتات قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكىرىپ بېرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن يىمەك، ئىچمەك جەھەتتە خېلى باياشات ئۆتەتتۇق، مائاشىم 99 يۈەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئاز - تولا ئىقتىساد قىلىپ

قالاتتۇق. شۇڭا مەن ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەندە 500 جىڭدەك ئاق ئۇن، 100كىلودەك گۈرۈچ ئېلىپ كەلگەن ئىدىم، ئۈرۈمچىدە ئاق ئاشلىق ھەر بىر كىشىگە 50 پىرسەت بېرىلىدىكەن.بىر مەزگىل ئۆزىمىز ئەكەلگەن ئاق ئاشلىقىمىزنى قوشۇپ يىگەن بولساقمۇ كېيىنچ ئۇمۇ ئاياقلىشىپ قالدى. مائاشىم ئۈرۈمچى باھاسى بويىچە مۇكاپات پۇلى بىلەن قوشۇپ 118 يۈەن بەرگەن بولسىمۇ، مەن مەكتەپتىكى تاماق پۇلىغا تۆلەپ قالغان 80 يۈەندەك پۇل ئائىلىمىزنىڭ نورما، گۆش،ماي، سەي كۆكتات ئېلىپ بىر ئايمۇ يەتمەيدىغان بولدى، كېيىن نورمىمىز يېتىشمىگەچكە باشقىلارنىڭ ئالمىغان قارا ئاشلىقىنى سوراپ ئېلىپ نان يېقىپ يىدۇق، مەن مەكتەپتىن ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم 20، 30 نان مۇما ئاچىقىپ بەردىم، بۇمۇ يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن باللارغا كۈنگە بىر قېتىم ياغيۇ پۇشۇرۇپ بەردۇق. ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسى شالاڭ بولغانلىقى، مائاش ۋە نورمىمىز يەتمەي تۇرمۇشتا قىينالغانلىغىمىز ئۈچۈن باللىرىم تولا كېسەل بولۇپ كۆپ قىينالدۇق، شۇڭا يولدۇشۇم ۋە باللىرىم مېنىڭ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىشكە ماقۇل بولغانلىقىمغا نازارىلىق بىلدۈرۈپ ماڭا كۆپ قېتىم تاپا ـ تەنە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. مەن مەكتەپكە كىرسەم كۆڭلۈم خېلى ئېچىلىپ قالاتتى. چۈنكى مەكتەپتىكى ساۋاغداشلار ھەممىسى دىگۈدەك جەنۇپتىن يۆتكىلىپ كەلگەنلەر بولغىنى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ كەتكەن ئىدىم. بولۇپمۇ ئۆزۈم باشقۇرۇۋاتقان ياچېيكىدىكى ساۋاقداشلار بىلەن بەكمۇ چىقىشىپ كەتكەن بولۇپ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا مېنىڭ ياتقىنىمغا كىرىپ مەن بىلەن پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. مەن ئۇلارنى ياتقىمدا بار نەرسىلەر بىلەن كۈتۈۋالاتتىم، ئۇلارمۇ مېنى ياتاقلىرىغا باشلاپ كىرىپ ھەر خىل يەلىپمىشلار بىلەن مېھمان قىلاتتى. لېكىن ئۆيگە چىقسام ئۆيدىكى قىيىنچىلىقلارنى كۆرۈپ بىشىم قاتاتتى. سىرتقا چىقسام ھېچ كىم بىلەن تونۇشمىغانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن

زېرىكمىشلىك ھېس قىلاتتىم. شۇڭا ئۆيدە بالىلار بىلەن پاراڭلىشىپ كۈننى كەچ قىلاتتىم. كېچىسى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىماي گۈزەل ئانا يۇرتۇمنى، مېھرىبان ئاتا ـ ئانامنى، جان ـ جىگەر قېرىنداشلىرىمنى، يېقىن ئۆتكەن خىزمەتداشلىرىمنى ئويلاپ تاڭ ئاتقۇزاتتىم.

بىزنىڭ ئوقۇش مۇددىتىمىز ئەسلى ئىككى يىل بولغان بولسىمۇ« مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى باشلىنىپ شىنجاڭ داشۆدىن باشلانغۇچ مەكتەپلەرگىچە دەرس توختاپ قالغىنى ئۈچۈن بىزنىڭ ئوقۇش مۇددىتىمىز توشماستىنلا ئۆز ئورنىڭلارغا بېرىپ ئىنقىلاپ قىلىڭلار دەپ ئۆز ئورۇنلىرىمىزغا قايتۇرۇۋەتتى.

# ئىككىنچى قىسىم

## مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرىم

1966 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى باشلانغانلىقىنىڭ دەسلەپقى سىگنالى چېلىندى، ئۇ چاغدا بىز مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، شۇ چاغدا خەلق گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «خەيروينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلىشى» بېيجىن شەھەرىنىڭ باشلىقلىرىدىن «دىڭتو، ئوخەن، ليۇمۇشا» دىگەنلەرنى پىپەن قىلىش ھەمدە ئۇلار يازغان قاتارلىق ماقالە، سەھنە ئەسەرلىرى ۋە قارايىپ دەپ قارالغان سۆز، ھەرىكەتلەرنى ئۆگۈنۈپ شىنجاڭنىڭ ئەمىلىيىتى، ئۆز ئەمەلى ھەركىتىمىزگە بىرلەشتۇرۇپ ئۆگۈنۈش قىلغان ئىدۇق، 1966 ـ يىلى 7 ـ ئايدا بىز چىتەي ناھىيەسىگە ئوما خىزمىتىگە ياردەم بېرىشقا بېرىپ قايتىپ كەلسەك ئۈرۈمچىنىڭ ئاپتونوم رايون ۋە شەھەر دەرىجىلىك ئىدارىلىرىدا بەس مۇنازىرىلەر باشلىنىپ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى توختاپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئوقۇۋاتقان پارتىيە مەكتىۋىدىمۇ ئوقۇش توختۇتۇپ بىزنى ئۆز ئورۇنلىرىمىزغا قايتۇرۇۋەتتى. مەن ليۇداۋان كۆمۈر كانىغا چىقىپ تېخى خىزمەتكە قول تىقماستىنلا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مېنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ خىزمەتچىلىكىگە چاقىرتىلغان ئۇختۇرۇش چىققانلىقى ئۈچۈن مەن يەنە قايتىپ كىرىپ يىغىنىنىڭ كاتىبات ئىشخانىسىدا كارىكتورلۇق خىزمىتىنى ئىشلىدىم.بۇ جەريانىدا ۋاڭ ئىنماۋ شۇجىنىڭ جۇڭگياڭدا ئېچىلغان يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش دوكلادى،

ھەر قايسى گۇرۇپپىلارنىڭ مۇزاكىرە خاتىرىلىرى ھەم پاش قىلىش ماتېرىياللىرىنى كارتوتېكىلاشتۇرۇپ تارقاتتۇق. مەن شۇ چاغدا لىن بىياۋنىڭ فۇجۇشى بولغانلىقىنى، كاڭشىڭ، جاڭ جۇنچاۋ، جاڭچىڭ، ياۋۋېيۈەنلارنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىرى بولغانلىقىنى ئۇقتۇم. ھەمدە مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت، پىرىنسىپلىرىدىن ئىبارەت «16 ماددا» دىن خەۋەر تاپتىم. شۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىغا بىرلەشتۈرۈپ ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە ھۆكۇمەت باشلىقلىرى ئۆزلىرىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەمدە باشلىقلارنىڭ مەسىلىسىنى پاش قىلىشنى ئويۇشتۇردى. بۇنىڭدا زاكىروپ، ئىمىنوپ قاتارلىق فۇجۇشىلارنىڭ سەيپىدىن ئەزىز شۇجىنى پاش قىلغان، سەيپىدىن ئەزىز ئۇلارنى ھەم باشقىلارنى پاش قىلغان ماتېرىياللىرىنى كارتوتېكىلاش قىلىش جەريانىدا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرگە ھەيران قالدىم ھەم چۆچۈپ كەتتىم.

يىغىن ئېچىلىپ بىر نەچچە كۈن بولمايلا شىنجاڭدىن بېيجىڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئوقۇشقا بارغان ھەر قايسى ئىنىستىتوتلارنىڭ يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى كېلىپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئالدىدىكى مەيداننىڭ تېمىغا «ياخشى ئادەمنىڭ بالىسى ياخشى بولىدۇ، يامان ئادەمنىڭ بالىسى يامان بولىدۇ»، «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنى توپقا تىتايلى»، «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسىنى ئوتتا كۆيدۈرەيلى» دېگەن شوئارلارنى چاپلىدى، بۇنىڭ بىلەن خەلق مەيدانى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ ھەممىلا يەردە مۇنازىرە قوزغۇلۇپ كەتتى. ھەتتا كېچە سائەت 12 لارگىچە داۋاملاشتى. شۇ پەيتتە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مەخسۇس تەشۋىقات ماشىنىلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ، ۋاڭ ئېنماۋ باشچىلىقىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە ئازاتلىقتىن بېرى قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەر ساھەدىكى نەتىجىلەرنى تەشۋىق قىلىش بىلەن «ئاپتونوم

رايونلۇق پارتكومنىڭ «قىزىل داڭۋى» ۋاڭ ئىنىماۋنىڭ «قىزىل سىلىك ئىكەنلىكىنى ئۇنى توپقا تۇتۇشقا، ئوتتا كۆيدۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى كۆپلىگەن پاكىتلار بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارغا رەدىيە بەردى. ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىۋىدىكى زىيالىلارنى «دىخان ۋەكىلى»،«ئىشچى ۋەكىلى» دىگەن نام بىلەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. ئۇ چاغدا ئىسسىيانكارلارنىڭ سانى چەكلىك بولغانلىقى ھەمدە ئۇلار ئەمىلى پاكىت كۆرسىتەلمىگەنلىكى ئۇچۇن ھەمدە نەزەرىيە جەھەتتە «ئىشچىلار ۋەكىلى»، «دىقانلار ۋەكىلى»، «شۇنىڭدەك ئامىمىغا تەڭ كىلەلمىگەنلىگى ئۇچۇن ئاخىرى خەلق مەيدانىدا «جىم ئولتۇرۇش كۆرۈشى»، ئاچلىق ئىلان قىلىش كۆرۈشى» ئىلىپ بىرىپ ۋاڭ ئىنىماۋنىڭ ئۆزلىرىنى قوبۇل قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ۋاڭ ئىنماۋ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ شۇئارىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى،ھەممىنى ئوخشاش توپقا تۇتۇشقا، كۆيدۈرۈشكە تېخىمۇ بولمايدىغانلىغىنى، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئىلىپ بېرىلىدىغانلىغىنى، بولمىغاندا ھۆكۈمەتسىزلىك كىلىپ چىقىپ ئۇنىڭدىن سىنىپى دۇشمەنلەر پايدىلىنىپ ئىنقىلاپ ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقى شۇنىڭ بىلەن پارتىيە ۋە دۆلەتكە ئېغىر خەۋىپ كەلتۈرىدىغانلىغىنى سۆزلىگەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ بىز ھەممىنى توپقا تۇتقاندا، كۆيدۈرگەندە، ھەقىقەتەن قىزىل بولسا، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بىرىپ تېخىمۇ تاۋلىنىدۇ ھەقىقى قىزىل سىلىڭبۇ، قىزىل سىلىڭ ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ. بولمىسا يوقۇلىدۇ دەپ چىڭ تۇرىۋالغانلىقى ئۇچۇن ۋاڭئىنىماۋ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن باشقا پاراكەندىچىلىك ئەھۋاللار كىلىپ چىقىشتىن ئېھتىيات قىلىپ يىغىننى قارىمايغا يۆتكەپ ئېچىشنى قارار قىلىپ يىغىننى قارامايغا يۆتكەپ كەتتى. شۇنىڭ

بىلەن مەن لىيۇداۋان مىكاڭغا قايتىپ چىقتىم.

مەن يىغىندىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن لىيۇداۋان كان پارتكومى، ماڭا كاننىڭ مەمۇرى خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىشىمنى قوشۇمچە جەنۇپتىن يېڭىدىن ۋاقىتلىق ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىپ ئېلىپ كەلگەن 94 نەپەر يېڭى ئىشچىلارنىڭ سىياسى ئىدىيىۋى خىزمىتىگەمەسئۇل بولۇپ ئىشلىشىمنى ئۆتۈندى.

شۇ چاغدا كاننىڭ بىرىنچى شۇجىسى شىڭ روڭچاڭ دېگەن كىشى بولۇپ ئۇ كاننىڭ ئومۇمى ئىشلىرىگە مەسئۇل ئىكەن، بۇ ئادەمنىڭ سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ،ئەمىلى خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە، مەسىلىگە خېلى ئەتراپلىق قارايدىغان كەڭ قۇرساق ئادەم بولۇپ خەنزۇ ، مىللى ئىشچىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كاندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئائىلىلىكلەرگىچە ھىمايە قىلىدىكەن.

مۇئاۋىن شۇجىسى فىڭ زىڭلىڭ دېگەن كىشى بولۇپ ئۇ سىياسى خىزمەتكە ھەم تەشكىلى خىزمەتلەرگە مەسئۇل ئىكەن، ئۇ خىزمەتكە خېلى ئەستايىدىل بولسىمۇ، سۇبيېكتىۋچى، مەنمەنچى، قىزىققان ئادەم ئىكەن، شۇڭا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنى ئانچە ياقتۇرمايدىكەن.

كاننىڭ بىرىنچى قول باشلىقى (كۇاڭجاڭ) ياسىن كېرەم دېگەن كىشى بولۇپ ئەسلى خوتەندىن بولسىمۇ كېيىن سۈيدوڭگە بېرىپ ئۇ يەردە ناۋايلىق ھۈنەر ئۆگىنىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن شۇ يەردە مۇئاۋىن رايون باشلىغى بولۇپ بېيجىندا ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن كانغا مۇئاۋىن كان باشلىقى، ئېغىر سانائەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى كاننىڭ بىرىنچى كان باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن ئىكەن. بۇ ئادەم كاننىڭ مەمۇرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىگە ئومۇمى يۈزلۈك مەسئۇل ئىكەن. يەنە مۇئاۋىن كان باشلىقلىرى بار بولۇپ بۇلارنىڭ بىرى باش ئېنژىنىر يەنە بىرى ماشىنا توك ئىشلىرىگە مەسئۇل ئىكەن.

ياسىن كىرەمنىڭ كاندا تۇرغان ۋاقتى خېلى ئۇزۇن بولغاچ كەسىپكە خېلى پىششىق ئىكەن. ئۇنىڭ سەۋىيىسى ئادەتتە يامان ئەمەس بولسىمۇ، ئۆزى تەكەببۇر، شۆھرەتپەرەس، ھەسەتخور، ئۆچ ئېلىش ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ۋاي ...... دىسىمۇ كەينىدە تىللايدىكەن. بۇ كاندا 18 ئاساسى قاتلام رايون- بۆلۈملىرى بولۇپ بۇلارنىڭ بىردىن شۇجى، ئىككىدىن چۇجاڭ، ياكى كوجاڭلىرى بولۇپ ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا بەنزە 3 (سىمىنا ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ھەر بىر سىمىنانى بىر بەنزە دەپ ئاتايدىكەن) گۇرۇپپىلىرى بار ئىكەن. خاڭ يوللىرىنى ئېچىش(جۇجىڭ) رايونىدىن بىرسى، كۆمۈر قېزىش رايونىدىن ئىككىسى، شامال رايونى(خاڭنىڭ گاز مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈش ۋەئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خاڭ ئۈستى، ئاستىدىكى سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش رايونى ) ھەمدە بىخەتەرلىك رايونى، قاتناش رايونى قاتارلىق ئورۇنلار 3 سىمىنا بولۇپ خاڭ ئاستىدا ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن بۇلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار ئىكەن. قالغان بۆلۈملەر بىر سىمىنا بولۇپ كۇندۇزى مىكاڭ ئۈستىدىكى بۆلۈملەردە ئىشلەيدىكەن بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇ - خۇيزۇلار ئىكەن.

خاڭ ئاستىدا ئىشلىگەنلەرنىڭ مۇئاشى بىر ئاز يوقىرى ھەم قوشۇمچە ياردەم پۇلى بولسىمۇ خەتەرلىككە ئۇچراپ ئۆلگەن، مېيىپ بولغان، زەخىملەنگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى قۇدۇق ئاستىدا ئىشلىگەن ئىشچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن قۇدۇق ئاستىدا ئىشلەشتىن ئىشچىلاردىن تارتىپ ئائىلە - تاۋاباتلىرىغىچە بەك قورقىدىكەن.

بۇ كان ئازاتلىقتىن كېيىن بىرىنچى قېتىم ئېچىلغان كونا كان بولغىنى ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن خېلى نامى بار كان بولۇپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئازاتلىقتىن ئىلگىرى جەنۇپ ۋە شىمالدىن ھەر خىل سەۋەپلەر بىلەن ئۇرۇمچىگە

چىقىپ كېتەلمەي بالا ـ چاقلىق بولۇپ قالغانلاردىن بولۇپ باداۋان، شىسەن، كۆمۈر كاندىن كەلگەنلەر ياكى ئەمگەك ئىدارىسىگە ئىش تەلەپ قىلىپ كەلگەنلەردىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىكەن. شۇڭا ئۇلارنى كونا ئىشچىلار دەپ ئاتاشقا ئالاھىدە قارايدىكەن، 1958 ـ يىلى جەنۇپتىن ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ تەستىقى ۋە ھەمكارلىشىشى بىلەن يۆتكەپ كېلىنگەنلەر يېڭى ئىشچىلار بولۇپ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خاڭ ئاستى ۋە ئاساسى قاتلامدا ئىشلەيدىكەن، بۇلار كۆپ قىسمىنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىسى بولمىغاچ بويتاقلار ياتىقىدا ياتىدىكەن. بۇ كاندا سىياسىي- ئىدىيىۋى خىزمەت چىڭ تۇتۇلمىغانلىقى، بويتاقلار ياتىقىدا ياتقان يېڭى ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى بويتاق بولۇپ خوتۇن، بالا ـ چاقىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار قىمار ئويناش، نەشە چېكىش، پاھىشە قىلىش، ئوغۇرلۇق قىلىش، ئۇرۇش ـ ماجىرا قىلىشتەك ھەر خىل يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

مۇشۇنداق پەيتتە 1965 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ليۇداۋان كۆمۈر كان بىر تۈركۈم مىللى ئىشچى قوبۇل قىلماقچى بولۇپ ئەمگەك ئىدارىسى ۋە ليۇداۋان كۆمۈر كاندىن جەنۇپقا بارغان كادىرلار: شەھەر يېزىلاردىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئىشچىلارنىڭ شەرتلىرىنى ئېيتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى، ئىدىيە، ئەخلاق پەزىلىتىنى ياخشى تەكشۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن بىر قىسىم ئەمگەك قىلىشنى خالىمايدىغان، ئوغرى، يانچۇقچىلارمۇ ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغان، ئۇلار رەسمى ئىشچى ئەمەس، كېلىشىم ئىشچىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن خوتۇن ـ بالا چاقىسى يوق بولۇشى ، ئۆيلەنمىگەن بولىشى، كېلىشىم مۇددىتى توشقىچە خوتۇن ئېلىشقا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بەزى ئائىلىسى بارلارمۇ كۆز بوياپ ئىشچىلىققا كىرىۋالغان. بۇلار كانغا كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىمۇ بويتاقلار ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلانلىغى ئۈچۈن ئۇلارمۇ كونىلارنىڭ يامان

ئىستىلىنى ئۆگۈنۈپ ھەر خىل يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى باشلىنىپ ھۆكۈمەتسىزلىك يامراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كان تەشكىلى ئۇلارنى تىزگىنلەشكە ئامالسىز بالغان بىر پەيتتە، مەن كانغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن مېنى ئۇلارغا سىياسى ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەشكە مەسئۇل قىلىپ قويدى.

مەن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ كونكىرىتنى ئەھۋالىنى ئىگەللەش گۇرۇپپىلار بويىچە يىغىن ئېچىپ تەربىيە بېرىش، ئايرىم سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمىنىڭ ياخشى ياكى ئاساسەن ياخشى ئىكەنلىكىنى،ئەسكىلىرى ناھايىتى ئاز ساندا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئىككى باشنى (ياخشى، ياكى ئاساسەن ياخشىلارنى ، ناچارلىرىنى ) چىڭ تۇتۇپ، ئوتتۇرىدىكىلەرنى ياخشىلار ئارقىلىق يېتەكلەش بىلەن ناچار ـ ئەسكىلىرنى يېتىم قالدۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق سىياسى ئىدىيىۋى خىزمەتنى تۇتتۇق.

مەن مەكتەپتىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى باشلىنىپ ھۆكۈمەتسىزلىك يامراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يېڭى كەلگەن ئىشچىلار ئۆز بەك، ئۆز خان بولىۋېلىپ ئىشقىمۇ چۇشمەي ئاخشىمى ياتىقىدا قىمار ئويناپ، كۈندۈزى ئېغىر سانائەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك ئىدارىسىغا بېرىۋېلىپ مۇئاش داۋاسى، ئۆي داۋاسى، خوتۇن داۋاسى قىلىۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە كاندا قارايىپلارنى پاش قىلىپ پىپەن قىلدۇق دەپ كان دەرىجىلىك كادىرلارنى كۆنگە چۈشتىن كېيىن ئاممىۋى يىغىنلاردا ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ پىپەن قىلىپلا قالماستىن بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنىمۇ ئۇلارنىڭ گۇماشتى، قول چومىقى دەپ ئاممىا ئالدىغا چىقىرىپ تىللاپ ھاقارەتلەپ چەتكە چىقىرىپ قويغانلىقتىن كاننىڭ سىياسى ئىدىيە خىزمىتىدىن ئېغىز ئېچىشقىمۇ بولمايدىكەن، ئىشلەپچىقىرىش كۆنلۈك ۋەزىپىسى 1600 تونىنا بولسىمۇ، 600

تونىمۇ كۆمۈر ئىشلەپچىقىرالمايدىكەن.

كانىنىڭ مەجلىسخانا، ئاشخانا ۋە ئىشخانا تاملىرى، ئوغۇرلۇق، خىيانەتچىلىك، پارخورلۇق قاتىللىق ھەتتا پاھىشىۋازلىق ھەركەتلىرى پاش قىلىنغان چوڭ خەتلىك گېزىتلار بىلەن توشۇپ كەتكەن، بولۇپ ئۇنىڭ راس - يالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەن يوقارقى مەسىلىلەرنى پاش قىلىغان ياكى ئىنكاس قىلىپ كەلگەنلەرگە ھىچ قانداق پوزىتسىيە بىلىندۈرمىدىم. مەن يېڭى ئىشچىلارنىڭ سىياسى ئىدىيىۋى خىزمىتىنى تۇتۇپ ئۇلارغا كۆپ قېتىم تەربىيە بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىشقا چۈشۈپ ياخشى ئىشلەشكە دەۋەت قىلىپ كۆپ ساندىكىدىلەرنى قايىل قىلدىم. بەزەن قېيىنچىلىقى بارلارنىڭ قېيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلايدىغان بولدى.

ئېغىر سانائەت نازارىتىنىڭ نازىرى بەيچىمىڭ دىگەن بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يوقىرى كادىرلارنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئەھمىيىتى، لۇشيەن، فاڭجىن ، سىياسەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ ئىدىيە جەھەتتە ھۇشيارلىقنى ئۆستۈرۈش، سىنىپى دۈشمەنلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى جەريانىدىكى بەزى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىش، ھەركەت جەريانىدا كۆز قارىشى ئېنىق، مەيدانى توغرا بولۇش لازىم. بۇ ھەر بىر ئىنقىلاۋى كادىرلار ئۈچۈن قاتتىق سىناق، بۇ سىناقتىن چوقۇم ياخشى ئۆتۈشىمىز لازىم، دەپ تەكىتلىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆز قارىشىم روشەن قىلىپ بەزى خاتا سۆز ھەركەتلەرگە تەنقىت بەردىم.

لىيۇداۋان كان پارتكومىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، خەلق مەيدانىدا « جىم ئولتۇرۇش، ئاچلىق ئېلان» قىلىش كۆرۈشكەقاتناشقانلارنى تىزىملىدىم، شەھەرگە كىرىپ ئىش تاشلاپ مۇنازىرىگە قاتناشقانلارنىڭ مائاشىنى تۇتۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن ئىسيانكارلار

ئاستىرتىن ھەرىكەت قىلىشتىن مەخپىي ھەرىكەت قىلىشقا ئۆتتى. لېكىن ئۇلار كانىنىڭ شۇجىسى شىڭ رۇڭجاڭ، كان باشلىقى ياسىن كېرەم، مۇئاۋىن كان باشلىقى جاڭ يوۋى(باش ئېنژېنىر)لارنى قويۇۋەتمەي داۋاملىق پىپەن قىلىمىز دەپ ئۇلارنىڭ خىزمەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى. شۇڭا ئېغىر سانائەت نازارىتى نازارەت تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى ياڭ دىمىننى كانىنىڭ ۋاقىتلىق بىرىنچى شۇجىسى قىلىپ بەلگۈلەپ چىقاردى.

مەن كانغا قايتىپ چىقىشتىن ئىلگىرى كانىنىڭ ئىلگىركى شۇجىسى شىڭروڭچاڭ يوقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن كان پەزەنتلەر مەكتىۋىگە بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى ئېۋەتكەن بولۇپ ئۇلار مەكتەپتە پاش قىلىنغان بەزى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈۋاتقاندا ماۋجۇشىنىڭ «سىڭلىڭبۇنى توپقا تۇتايلى» دېگەن يوليورۇقى خەلق گېزىتىدە ئېلان قىلىنىپ، لىيۇشاۋچىنىڭ يولدىشى ۋاڭ گۇڭمېي باشچىلىقىدا بېيجىن چىڭخۇا داشۆ، بېيجىن داشۆلەرگە ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدە « بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەنى يۈرگۈزدى، ئىنقىلاپچىلارنى باستۇرۇپ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقوقدارلارنى قوغدىدى» دەپ پىپەن قىلىنىدى شۇنىڭدەك جايلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئېۋەتىش خاتا دېگەن باش ماقالىلار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن پەرزەنتلەر مەكتىۋىگە ئەۋەتىلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى خىزمەتنى ئاياغلاشتۇرمايلا قايتىپ كەلگەن ئىدى شۇنىڭ بىلەن مەكتەپنى باشقۇرۇشقا ئادەم يوق بولغىنى ئۈچۈن مەكتەپنىڭ خىزمىتى پالاچ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن لىيۇداۋان پارتكومىنىڭ يېڭى شۇجىسى مېنى مەكتەپكە بېرىپ مەكتەپنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش تۇرۇشقا بىر ئادەمنى سايلاپ قويۇشنى ئېيتىقان ئىدى.

مەن مەكتەپكە بېرىپ ئىلگىركى مۇدىر ۋە ئىلمى مۇدىرلارنىڭ مەكتەپنى باشقۇرۇشنى ئېيتقان بولسامۇ، ئۇلارنى «سەۋىتكە باغلانغان، شۆيجىڭجۇيىچى» دەپ بىر قىسىم ئىسيانچىلار

قوشۇلمىدى. مەكتەپكە يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن مۇدىردىن ئىلياس دىگەننى كۆرسەتسەم ئۇنىمۇ«ئاغمىچى» دىگەنگە ئوخشاش بىر قانچە قۇرۇق قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ ئۇنىڭغىمۇ قوشۇلمىدى. ئۇنىڭدىن باشقىلارنى سايلاشقا كان پارتىيە كومىتېتى قوشۇلمىغانلىقى ئۈچۈن مەن مەكتەپتىكى مۇئەللىملار ئىچىدىكى گۇرۇھۋازلىق ئەھۋاللارنى كان پارتىيە كومىتېتى شۇجىسىگە دوكلات قىلغاندىن كېيىن مومىن ئىلياسقا كەيدۈرۈلگەن قالپاقلارنى تەكشۈرۈپ ئەگەر مومىنگە قوشۇلمىغۇچىلارنىڭ پاكىت بولمىسا، مۆمىننى مەكتەپكە مەسئۇل قىلىش قويۇشنى ئېيتقانلىقى ئۈچۈن مەن مومىننىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ قوشۇلمىغۇچىلارنىڭ ھېچ قانداق پاكىت ئاساسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن مۆمىن ئىلياسنى مەكتەپكە مەسئۇل بولىدىغانلىغىنى ئۇختۇرۇپ مەكتەپتىن قايتىپ كەلدىم.

شۇ ئارىلىقتا بېيجىڭ شەھەرنىڭ باشلىقى پېڭجىننى بىيجىن شەھىرىدىن تارتىپ چىقىرىلغان قارا يىپلارنىڭ ئارقا تىرىگى، ئۇ پرولتارىيات ئىنقىلاپچىلارنى بېسىپ كاپىتالىزىمغا ماڭغان ھوقوقدارلارنى قوللىغان دەپ تارتىپ چىقىرىپ مەركىزى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ نامىدا خەلق گېزىتى باش ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئىسيانكارلار پۇرسەت كەلدى - ئۇۋۇسىدىن چۇۋۇلۇپ چىقىپ مەكتەپ ۋە كاندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ ھە دەپ مالىمانچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاسماندا قارا بۇلۇتلار لەيلىشىپ كۈن نۇرىنى توسۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ياخشى بىلەن يامانىنى ، ھەق بىلەن ناھەقنى پەرق ئېتەلمەي كىشىلەر قايمۇقۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغان ياخشى كىشىلەر بېسىلىپ، يامان ئادەملەرنىڭ ھەيۋىسى ئۆسۈپ كەتتى.«4 نى ئېنىقلاش خىزمەت گۇرۇپپىسى، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى خىزمەت گۇرۇپپىسى» كە قاتناشقان كادىرلار « ئىنقىلاپچىلارنى باستۇرغان»دېگەن قالپاق ئاستىدا باش

كۆتۈرەلمەي بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، ئۇلارنىڭ گورۇپپا باشلىقى ۋە ئەزالىرىغىچە ئىسيانكارلار تەرەپىدىن تۇتۇپ قېلىنىپ دەھشەتلىك كۆرەش، رەھىمسىز زەربىگە ئۇچرىدى. ئىدارە، مەكتەپ، كان، كارخانا باشلىقلىرى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار، تۆۋەندىكى باشقارما، بۆلۈم، باشلىقلىرى بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەننى ئىجرا قىلغۇچىلار دەپ سەھنىگە تارتىپ چىقىرىلىپ ھېچ قانداق پاكىتسىزلا كۆرەش، پىپەن ھەتتا بويۇنلىرىغا يوغان تاختايلارنى ئېسىپ سازايى قىلىندى.بەزى پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە ئىچىدە ھېچ قانداق رەسمىيەت ئۆتمەيلا پاكىتتىن ئىسپاتلار تەرىپىدىن پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى ئېلان قىلىندى. مەنمۇ كان پەرزەنتلەر مەكتىۋىگە بىرىپ ئىسيانكارلارنىڭ باشقىلارغا ئاساسسىز كەيدۇرگەن قالپاقلىرىنى بىكار قىلغانلىقىم، ئۇلارغا تەنقىد بەرگەنلىكىم ھەمدە «جىم ئولتۇرۇش كۆرۈشى، ئاچلىق ئېلان قىلىش كۆرۈشى» گە قاتناشقانلارنى تىزىملىغان، كان ۋە مەكتەپتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ياخشى، ئورتا، ناچار دەپ رەتكە تۇرغۇزغان «خاتالىقىم» ئۈچۈن «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەننى ئىجرا قىلغۇچىلار قاتارىدا پىپەن قىلىندىم.

## 12. مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلىش تەييارلىق ھەيئىتى.

ئاپتونوم رايوندا جۇملىدىن لىيۇداۋان كۆمۈر كاندا ھۆكۈمەتسىزلىك تازا ئەۋجىگە ئېلىپ كان پارتكوم ۋە كان مەمۇرىيىتىدىكى رەھبىرى كادىرلارنىڭ كۆپ قىسمى تارتىپ چىقىرىلىپ پىپەن قىلىنىۋاتقانلىقتىن كاننىڭ سىياسى ۋە مەمۇرى خىزمەتلىرى پۈتۈنلەي پالاچ ھالىغا چۈشۈپ قالدى. بەزىدە بىر باشلىق تارتىپ چىقىرىلسا بىر نەچچە كىشىنى ئۇنىڭ

گوماشتىسى دەپ ئوتتۇرىغا ئاچىقىپ تۇرغۇزۇپ قويۇلدى. شۇڭا ھەممە كادىرلار جۇمىلىدىن تۆۋەندىكى بەزى گۇرۇپپا باشلىقلىرىمۇ قۇرقۇنچ دەھشەتكە چۈشۈپ ئۆز خىزمىتىنى بىجىرىشكە ئامالسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن كانىنىڭ كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى ناھايىتى تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈپ ئىشلەپچىقىرىش توختاش ھالىتىگە دۇچ كەلدى.

يوقۇرقىدەك ئەھۋال ئاستىدا ئامالسىز مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلىش تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا نۇرئاخۇن دېگەن ساۋادسىز بىر كونا ئىشچىنى مەسئۇل قىلىپ ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىر ئىشخانا تەشكىللەندى، ئىشخانا قارمىغىدا كۆرەش پىپەنلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىش، ماتېرىياللارنى رەتلەش، يېزىش، تەكشۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش، بىخەتەرلىك خىزمەتلەرگە مەسئۇل گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا ئىسيانكارلارنى مەسئۇل قىلىپ بىر قىسىم كادىرلارنى قاتناشتۇرغان بولسىمۇ، قاتناشتۇرۇلغان كادىرلارنىڭ باشقۇرۇش ھوقوقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن كانىنىڭ خىزمىتى يەنىلا پالاچ ھالدا تۇرىۋەردى.

مەن بۇ كانغا يېڭى كەلگەنلىكىم، كىملارنىڭ ياخشى،كىملەرنىڭ يامان ئادەملىكىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ھېچ قانداق ئىشقا قاتناشمىدىم. پەقەت تەرجىمانلارغا ياردەملىشىشدىن باشقا ئىش قىلمىدىم. لېكىن مۇشۇنداق بىر ئادەتتىكى ئىشتىمۇ پۈتىلىكاشاڭغا يولۇقتۇم.

ھېلىقى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋىيەنخۇيىنىڭ باشلىقى مەرھۇم نۇراخۇن ئاكا ئىسيانكارلارنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلماي، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. كادىرلارنى چەتكە چىقىرىپ قويۇش خاتا، بۇنداق قىلغاندا ئىنقىلاپنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولمايدۇ دەپ ئېيتقانلىقى ئۈچۈن ھېلىقى تەييارلىق قىلىش ۋىيەنخۇي خىزمەت ئىشلىمەي

تۈرۈپلاپ ئىسپانكارلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ «ھوقوقدارلارنى قوغدىغان، بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەنىنى يۇرگۈزگەن خاتالىقنى» تەكشۈرۈشكە مەجبۇر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەيىارلىق ھەيئىتىمۇ پالاچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئامال يوق مەرھۇم نۇراخۇم ئاكا ئۆزىنى تەكشۈرمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ تەكشۈرۈش دوكلات تېزىسىنى بىر خەنزۇ يېزىپ چىققان بولۇپ ئۇنى بىر تەرجىمان ئىبغىزچە تەرجىمە قىلدى. مەن قەغەزگە يېزىپ چىقدىم. ئۇنىڭدا بىر جۈملە سۆز خاتا يېزىلىپ قالدىمۇ، ياكى تەرجىمان خاتا تەرجىمە قىلدىمۇ ، ئۇقمايمەن، نۇراخۇن ئاكا يېزىپ بەرگەن چوڭراق خەتلەرنى ئاران ئوقۇيالايدىغان بولغىنى ئۈچۈن خاتا پېتىچە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئىسپانكارلار ئەنە شۇ بىر جۈملە سۆزگە ئېسىلىۋېلىپ چاتاق چىقارماقچى بولغاندا ئۇ خاتالىقنى ماڭا ئىتتىرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن مېنىمۇ ئۆزۈمنى تەكشۈرۈشكە مەجبۇرلىدى، مەن ئامالسىز ئۆزۈمنى تەكشۈرسەم بىر قىسىم ئىسپانكارلار ئۇ خاتالىقنىڭ ئىدىيە مەنبەئىنى سۈزلىسۇن دەپ تۈرىۋالغاندا كۆپ ساندىكى كىشىلەر قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قۇتۇلۇپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن 2 ـ ئۇلارنىڭ ھېچ قانداق ئىشىغا ئارىلاشمايدىغان بولدۇم.

لېكىن ئۇلار مېنى بوش قويماي بېيجىڭگە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە چىۋەنلەنگە بارىدىغانلارغا خىزمەت ئىشلەشكە مەسئۇل قىلىپ قويدى.مەن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ھېلىقى ھەيئەت تەستىقلايتتى. ئەسلىدىكى بەلگۈلىمە بويىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دىن يوقىرى سىنىپلار ياكى ئالى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى چۋەنلەن قىلىشقا باراتتى. ئۇلارنىڭ چىقىمىنى شۇ مەكتەپكە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئورۇنلار ھەل قىلاتتى. ئۇلار پويىز بىلەن بېيجىڭغا بارغان دىن كېيىن ئالدى بىلەن ماۋجۇشى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن باشقا ئۆلكە رايونلارغا بېرىپ چۋەنليەن قىلىپ قايتىپ كېلىدىكەن،

لېكىن بۇ مەزگىلدە بەزى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بېيجىڭغا پىيادە بېرىپ ماۋجۇشىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغانلىقىنى گېزىتلەردە ئېلان قىلىنىپ رادىئولاردا ئاڭلاتقانلىقى ئۈچۈن لىيۇداۋان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مىللى ۋە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ پىيادە بېيجىڭغا بېرىپ چوڭلەن قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تورىۋالغانلىقتىن مەن ھېلىقى تەييارلىق ھەيئەتكە ھەمدە ئاممىۋى تەشكىلات باشلىقلىرىگە دوكلات قىلىپ ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن چوڭلىيەنگە بېرىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. رۇخسەت قىلامايمۇ ئامال يوق ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 6 ـ سىنىپىغا ئەمدىلا قوبۇل قىلىنغان ئوغلۇم ئابلىمىتمۇ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ پىيادە بېيجىڭغا بېرىشىغا قوشۇلمىدىم. چۈنكى ئۇ ھەممە بالىلاردىن كىچىك بولۇپ تېنچ ـ ئامان قايتىپ كېلەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەيتتىم. ئۆز سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە كېلىشنى تەلەپ قىلىپ تورىۋالغاندا مەن "ئۇنىڭغا بېرىشكە پۇلۇم يوق "دىسەم ئوقۇغۇچىلار بىز پۇل يىغىش قىلىپ بىللە ئېلىپ بارىمىز دېدى. كىچىك مېڭىپ بارالمايدۇ دىسەم ئۇلار ھېرىپ قالسا بىز كۆتۈرىۋالىمىز دەپ چىڭ تورىۋالدى، بالامۇ ماڭا يالۋۇرۇپ چىڭ تورىۋالغاندا، ئۇنىڭغا سەن يوتقان ـ كۆرپەڭنى كۆتۈرۈپ چىداۋانغا بېرىپ ئۇ يەردىن پويىز ئىستانسىسىنى ئايلىنىپ ئۆيگە كېلەلىسەڭ مەن بېرىشقا رۇخسەت قىلاي دىسەم مەكتەپكە بېرىپ ئۆز سىنىپىدىكى بالىلارغا دىگەنلىكى ئۈچۈن بالامنىڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىشخانامغا كېلىۋېلىپ بالامغا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تورىۋالغانلىقى، مۇئەللىملەرمۇ ئۇنى ئۆزلىرى مەسئۇل بولۇپ تېنچ ئامان ئاپىرىپ ئەكىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تورىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئامال يوق باشقا ساۋاقداشلىرى بىلەن يولغا سېلىپ قويدۇم. ئۇلار كاندىن پىيادە ئۈرۈمچى شەھىرىگە كىرىپ پويىز

بىلەن بىيجىڭغا بېرىپ ماۋجۇشىنىڭ 11 ـ قېتىملىق ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ بىر ئاي تۇرۇپتۇ بىر كۈنى بىيجىڭنىڭ كوچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرگەن بالام ئابلىمىت باشقا بالىلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ تيەنمىندا ئېزىقىپ قاپتۇ، بىيجىڭ پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرستېت ياتىقىغا بارىدىغان ئاپتوۋۇز بېكىتىنى تاپالماي يىغلاپ يۈرگەندە بىر نەپەر خەنزۇ ئايال ھەربى ئۇنى كۆرۈپ ئاپتوۋۇز بېكىتىگە ئاپىرىپ ئاپتوۋۇزغا سېلىپ قويۇپتۇ.لېكىن ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىشتە، ئادەم چۈشىدىغان كىرا پويىزى يوق يۈك پويىزىغا چىققاندىن كېيىن پويىزنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن 12 ـ ئاينىڭ سوغۇقىدا پۇتى توڭلاپ پۇتىغا سوغۇق ئۆتۈپ پېيى تارتىشىپ قالغانلىقتىن مۇئەللىم ئۆيگە كۆتۈرۈپ ئەكەپتۇ، بىز ئۇنى دەرھال دوختۇرغا ئاپىرىپ بىر نەچچە كۈن بالىنىستا ياتقۇزۇپ ساقايتتۇق. مەن بالامدىن يوقارقى ئەھۋاللارنى ئۇققاندىن كېيىن ھېلىقى ھەربى ئايالنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن تەسىرلىنىپ غايىبانە كۆپ قېتىم رەھمەت ئېيتتىم.

بالام بىيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ بولغۇچە مەكتەپتە قېپ قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاتالمىش «2 ـ سىلىقبۇغا» قاتنىشىپ «ۋاڭ ئىنماۋنى يوقۇتايلى» دەپ ۋاقىراپ ـ جاقىراپ ئىسيان كۆتۈرۈشۈپ يۈرگەن ئىدى. مەن بالامغا ئىسيانچىلار تەشكىلاتىغا قاتناشماسلىقنى ئېيتقانلىقىم ئۈچۈن ئۇلار بالامنى بوزەك قىلىپ ئۇنى بۇخاگېپەي (ھوقوقدارلارنى قوغدىغۇچى) دەپ تىللاپ بېشىغا تۇكۇرۇك قاچىسىنى كەيدۇرۇپ، قولىنى ئارقىغا قايرىپ ئايرۇپىلان شەكلىدە قىلىپ مەكتەپ ئىچىدە سازايى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ مەكتەپكە بارغىلى ئۇنىمىدى، ئۇ چاغلاردا مەكتەپلەردا ئوقۇش توختىغانلىقى ئۈچۈن مەنمۇ بالامنى مەكتەپكە بېرىشقا زورلىمىدىم.

شۇنىڭ بىلەن بالام ئابلىمىت بىر كىچىك توك سىيا بىلەن بىر دانە چوڭ موبى قەلەمنى ئېلىپ يۈرۈپ، كانىنىڭ كۆرۈنەرلىك

جايلىرىدىكى تام ۋە دەرەخلەرگە« ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى ياشىسۇن!» ۋە «ۋۇگۇاڭنى يوقۇتايلى!» دېگەن شۇئارنى خەنزۇچە يېزىپ «قىزىل قوغدىغۇچى» (ۋاڭنى قوغداپ ۋۇگۇاڭنى يوقىتىش كۆز قارىشىدىكى تەشكىلات) دىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى، ئۇلار بالامنى كىچىك جەڭچى، كىچىك قوغدىغۇچى دەپ ئاتايدىغان بولدى، دىمىسىمۇ بۇ بالا بەكمۇ ئەخلاقلىق، چىدامىلىق،ئەقىللىق چوڭ بولغان ئىدى. مەن نىمە دىسەم ئۇ گېپىمنى قولىقىدا چىڭ تۇتاتتى. بۇيرىغان ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن قولىدىن كىتاپنى چۈشۇرمەي ئۆگۈنۈش قىلاتتى، ئۆي ئىشلىرىدا ئاپىسىغا ياردەملىشىپ ئۇكىلىرىنى بېقىپ بېرەتتى، ۋاقتىنى ھەرگىز بىكار ئۆتكۈزمەيتتى. بۇ بالىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، تىرىشچانلىقىنى كۆرگەن ھەممە ئادەم ماختىشاتتى، كونىلارنىڭ «بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق، قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا باق» دېگەن تەمسىلىسىمۇ بىكار ئېيتقىلمىغان ئىكەن.

ئۇ 1969 - يىلى پىچانغا ئاكىسى بىلەن قايتا تەربىيە ئېلىشقا بارغاندىمۇ، دادۇي كادىرلىرىنىڭ تەخسىم قىلىپ بەرگەن ئىشلىرىنى جاپادىن قورقماي كېچە - كۈندۈز ياخشى ئىشلەپ، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلغانلىقى، كادىرلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچ قانداق رەھبىرى كادىرلارنىڭ بالىسىنى ئىشچى ياكى كادىرلىققا قوبۇل قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، 70 - يىلى چۇداڭۋېيدىن (ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم) باسما زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىقىغا، تىيانشان مېھمان كۇتۇشنىڭ ئىشچىلىقىغا بالا قوبۇل قىلىشقا بارغانلار باشقىلارنى قوبۇل قىلماقچى بولغاندا دادۇي كادىرلىرى ئەگەر قايتا تەربىيىنى قوبۇل قىلغانلارنى ئالمىز دەيدىكەنسىلەر ئابلىمىتنى قوبۇل قىلىڭلار، ئۆزىمىز تاللىۋالىمىز دىسەڭلار بىز دادۇي ئىگە بولمايمىز ھەمدە تامغا بېسىپ بەرمەيمىز دەپ چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئوغلۇمنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان، شۇنىڭ بىلەن

ئۆ تىيانشان مېھمانخانىسىدا 77 ـ يىلىغىچە ناھايىتى ياخشى ئىشلىگەنلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆيغۇرچە، خەنزۇچە كىتاپلارنى ياخشى ئۆگىنىپ تۇرغانلىغى ئۈچۈن 1977 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئالى مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلگەندە شىنجاڭ داشۆگە ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىنىپ ، 5 يىل تارىخ فاكولتېتىدا پاكولتېتىدا ئەلا دەرىجىدە ئوقۇپ 1983 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ داشۆنىڭ تارىخ پاكولتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. ـ 1993 يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ، ھازىر شۇ ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە، بۇ بالامنىڭ ياخشى ئەخلاق پەزىلىتى، تىرىشچان، كەمتەر، ئېھتىياتچانلىقى، ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان مېھرىبانلىقىنى ئويلىغانلىرىمدا ئاتىلىق سۆيىتىم بىلەن پەخىرلەنمەي تۇرالمايمەن.

## 13. تالمىش يانۋار بورىنى

ۋەزىيەت كەسكىنلىشىپ ئىسيانكارلار بىلەن كۆپ سانلىق تەرەپ تەشكىلاتلىرى بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ تىركىشىۋاتقان پەيتتە « ماۋجۇشى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلاردىن ھوقۇق تارتىۋېلىڭلار» دېگەن چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا 1967 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شاڭخەيدىكى ئىسيانلارلار شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم ۋە شاڭخەي شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىقى، ئۇنى مەركىزى كومىتېت مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ قوللىغانلىقى خەلق گېزىتى ۋە مەركىزى خەلق رادىيو ئىستانسىسىدا ئوچۇق ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەممە جاي ھەممە ساھەلىرىدە كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ماڭمىغانلىقىدىن قەتئى

نەزەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىن باشلاپ تۆۋەندە نازارەت، باشقارما بۆلۈملارنىڭ كان ، كارخانىلارنىڭ رايون، سېخلىرىغىچە ھوقۇق تارتىۋېلىش بورىنى چىقىپ بەزى ئورۇنلاردا كۆپ سانلىقلار تەشكىلاتى بەزى ئورۇنلاردا ئىسيانكارلار ھوقۇقىنى ئىگەللىۋالدى. ليۇداۋان كۆمۈر كاندىمۇ كان پارتكومىدىن تارتىپ ئاساسى قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ئىسيانكار تەشكىلاتى تارتىۋالدى. ھوقۇق تارتىۋالغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن كان پارتكومىنىڭ سېكرتار ۋىيەنلىرىدىن ھوقۇق تارتىۋالغانلىقىنى قوللاش ياكى قوللىماسلىق توغرىسىدا پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە قىستىدى. بۇ چاغدا كان پارتكومىنىڭ شۇجىسى« ھوقۇق تارتىۋېلىشنى ماۋجۇشى ئوتتۇرىغا قويغان بۇنى ئەلۋەتتە قوللايمىز، لېكىن كان پارتكومى كاندىكى پۈتۈن پارتىيە ئەزلىرىنىڭ سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن شۇڭا پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ بەلگۈلىمىسىگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن ئۇنىڭ پىكىرىگەقوشۇمچە قىلىپ، پارتىيە ھوقۇقىن كاندىكى پارتىيە ئەزالىرى تەرىپىدىن سايلانغان پارتىيىلىك كىشىلەر تۇتىشى كېرەك دىدىم. كاننىڭ مۇئاۋىن سېكىرتارى فېڭ زىلىڭ بىلەن يەنە بىر مۇئاۋىن كاڭجىڭى تيەنروڭسوڭ«ھوقۇق تارتىۋېلىشنى قالايمىقان ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ماۋجۇشى ئېيتقاندەك: كاپىتالىزىمغا ماڭغان ھوقۇقدارلاردىن تارتىۋېلىش كېرەك» دەپ قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چۈنكى ھوقۇق تارتىۋالغانلار ئىچىدە پارتىيەسىز ئىسيانكارلار ھەتتا 4 ئىنقىلاشتا جازا - چارە كۆرۈلگەنلەرمۇ بار ئىدى.

ھوقۇق تارتىۋالغان ئىسيانكارلار كان پارتكوم ۋە كان مەمۇرىيىتى ۋە ئاساسى قاتلام ئورۇنلارنىڭ 18 تامغىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ توگچىلىق قىلىدىغان پارتىيىسىز بىر ساراڭ خەنزۇغا تۇتقۇزغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ھەممىنى بىر خالتىغا سېلىپ

يېنىغا ئېسىۋېلىپ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى، بۇنىڭ بىلەن يامان ئادەملەرنىڭ ھەيۋىسى ئۆسۈپ، ياخشى كىشىلەر زەربىگە ئۇچرىدى.

بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ قۇدۇق ئاستى، قۇدۇق ئۈستى، دەم ئېلىش ئورۇنلىرى ھەتتا ئائىلىلەرگىچە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تەرەپبازلىق بەس ـ مۇنازىرە، جېدەل ماجىرالار كۆپىيىپ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىق بۇزۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. كاننىڭ كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ئورۇنلانمايلا قالماستىن بەلكى كاننىڭ گولو، چايخانا، مۇنچىلىرىمۇ توختاپ قالدى. كاننىڭ ئائىلىكىلەرگە كۆمۈر بولمىغانلىقتىن ئىشچىلار كان ئاستىغا تاغار ـ تاغارلارنى كۆتۈرۈپ چۈشۈپ قالايمىقان كۆمۈر ئېلىپ خاڭ يوللىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ھەتتا ئىلگىرى كۆمۈرنى ئېلىۋېلىپ گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن ئورۇنلارنى كولاپ شەخسى كان ئېچىپ نەچچە ئادەم ئۆلۈپمۇ كەتتى. بۇنى كۇندۇزى چەكلىسە كېچىسى ئوغۇرلۇقچە كۆمۈر كولىدى. ئىسيانكارلار يوقىرقى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دەم ئېلىش كۇنلىرى كادىرلارنى خاڭ ئاستىغا چۈشۈرۈپ كۆمۈر قېزىشقا سالغان بولسىمۇ ئۇنىڭمۇ ھېچ قانچە ئۇنۇمى بولمىدى. كاننىڭ بىخەتەرلىك بۆلۈمى پالاچ ھالغا چۈشۈپ قالغىنى ئۈچۈن، بىخەتەرلىكنى تۇتىدىغان ئادەم يوق، بولغاندىمۇ بىخەتەرلىك كەسپىنى ياخشى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ئىشچى ئۆلۈپ كېتىپ ئىككى كونا ئىشچىنى بەلگۈلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. لېكىن بىر نەپەر كېلىشىم ئىشچىسى ئۆلۈم پۇلى ھەم ئاتا ـ ئانىلىرىغا غەمخورلۇق پۇلى بېرىلگەن بولسىمۇ ئۇلار كونا ئىشچىلارغا ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغانلىقى ئۈچۈن كاننىڭ ھوقوقىنى تۇتۇپ تۇرغان ئىسيانكارلار ھېچ قانداق ئامال تاپالماي كاننىڭ كونا رەھبەرلىرىنىڭ بىر تەرەپ

قىلىشىغا ئىتتىرىپ قويماقچى بولدى. مەن كاندىكى كونا كادىرلار ئىچىدە بىر مىللىي باشلىق بولغىنىم ئۈچۈن باشقا خەنزۇ كونا كادىرلارمۇ مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمنى تەۋسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن خىزمەت ئىشلەش، ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى ماڭا كۆپ ئىزا - ئاھانەتلەرنى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىدىيە جەھەتتە ناھايىتى كۆپ ئازاپلاندىم. ئاخىرى ئېغىر سانائەت نەزارىتىدىن ئادەم چىقىپ ھەل قىلدى. - 1967 - يىلى - 5 - ئايدا ئىسيانكارلار شىنجاڭ گېزىتخانىسى بېسىۋېلىپ، خەلق گېزىتىنىڭ نامىنى «ئىسيان گېزىتى» دەپ ئۆزگەرتىپ ئۇنىڭدا كۆپ سانلىقلار تەشكىلاتىنى يىپەن قىلىش قاتارلىق ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. يەنە ئۇلار ئاتالمىش «جوڭياڭدىن كەلگەن خەۋەر ۋە تېلېگىرام» لارنى بېسىپ تارقاتتى، ھەممە خەلق مەيدانىنى ئىگەللىۋېلىپ ئۇرۇپ، چېقىش، بۇلاش بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن جامائەت پىكرى توپلاپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ ئالداش، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇللىرى بىلەن ئۆز تەشكىلاتىنى كۆچەيتىپ قارشى تەرەپنى يۇتۇنلەي يوقاتماقچى بولدى.

لېكىن لىۋداۋان كۆمۈر كاندا ئىسيانكارلار تەشكىلاتىغا قاتناشقانلار 20% كۆپ سانلىق تەشكىلاتقا قاتناشقانلار80%، پارتىيە ئەزالىرى ھەم ئاساسى قاتلامدىكى كادىرلار 99% نى ئىگەللىگەنلىكى ئۈچۈن ئىسيانكارلار كان دەرىجىلىك، رايون دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز تەشكىلاتىغا قوبۇل قىلىنغانلىغىنى ئۇختۇرۇپ چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاپ كادىرلارنى پوزىتسىيە بىلدۇرۇشكە چاقىرغانلىقى ئۈچۈن مەنمۇ بۇ يىغىنغا قاتناشتىم، مېنى پىكىر بېرىشكە قىستىغانلىقتىن « ھوقوق تارتىۋېلىش ماۋجۇشىنىڭ چاقىرىقى، لېكىن كاندا ھوقوقنى كىملەر - كىملەردىن تارتىۋالدى، كاندا ھوقوق تارتىۋالغۇچىلار زادى قانداق كىشىلەر، بىزدىن تارتىۋالغان ھوقوقنى قانداق ئىشلىتىۋاتىدۇ» بۇ مەسىلىلەرنى ئوبدان

ئويلۇنۇپ كۆرۈشكە تېگىشلىك، بىز كادىرلار بىر تەرەپتىن تەشكىلاتتا قاتنىشىپ يەنە بىر تەرەپتىكى ئاممىنى باسساق بولمايدۇ، شۇڭا مەن بۇ تەشكىلاتقا قاتنىشالمايمەن دەپ پوزىتسىيە بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئىسيانكارلاردىن مەلۇم بىر ئوقۇتقۇچى « بەزى ھوقوقدارلار تىخ ئۆچىنى بىزگە قارىتىپ ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، ھوشيار بولىشىمىز كېرەك» دەپ ماڭا تەھدىت سالغانلىقى ئۈچۈن مەن يىغىندىن قايتىپ چىقتىم، ھەمدە بىر قانچە رايون دەرىجىلىك ۋە ئادەتتىكى كادىرلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەر ئىككى تەشكىلاتقا تەۋە بولمىغان « ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنى قوغداش تەشۋىقات دۈيى» دېگەن بىر گۇرۇپپىنى قۇردۇق. ئۇ تەشكىلاتنىڭ مەخسىدى: قايسى تەشكىلات ياكى شەخسىنىڭ سۆز ـ ھەركىتى ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن بولسا شۇنى قوللاش ئىدى. بىز بۇ تەشۋىقات دۈيىگەقاتناشقان 18 نەپەر كادىرنىڭ ئىسمىنى يېزىپ ئۆزىمىزنىڭ خىزمەت نىشانىمىز بىلەن بىرگەئېلان قىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن ئىسيانكارلار تەشكىلاتىغا قاتناشقان كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار، ئىشچىلار ئۆزىنىڭ ئىلگىركى قاتناشقان تەشكىلاتىدىن چېكىنىپ چىقىپ بىزنىڭ قۇرغان تەشكىلاتىمىزغا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلىدى، شۇنداق قىلىپ ئىسيانكارلارنىڭ كاندىكى «لېخوتوەن» «يالقۇن تۇەن »دېگەن تەشكىلاتى پارچىلىنىپ كەتتى. شۇ چاغدا شىنجاڭدا ھوقوق تارتىۋېلىشنىڭ چوڭ يۆنىلىشى خاتا دېگەن شوئارلار كۆپىيىپ ھەر ئىككى تەشكىلاتقا كۆز قارىشى ئوخشىمايدىغان « 3 ـ سىلىڭبو» دېگەن تەشكىلات قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ كۆز قارىشى پۈت تىرەپ تۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن كېيىنچە ئۇنىڭ ئىسمى ـ جىسمى يوقاپ كەتتى. بىز باشلامچىلىق قىلىپ قۇرغان«ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنى قوغداش تەشۋىقات گۇرۇپپىسىنىڭ» كۆز قارىشى كاندىكى كۆپ سانلىق تەشكىلات «قىزىل قوغدىغۇچىلار دۈيى» دېگەن تەشكىلات بىلەن

ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن بىزلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتۇق. شۇنداق قىلىپ مەنمۇ ئىختىيارسىز ھالدا كۆپ سانلىق تەرەپ تەشكىلاتقا قاتنىشىپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئىسيانكارلارنىڭ ماڭا بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ پىپەن قىلىش نىشانىسى قىلىنۋالدى.

## 14. ھەربىي ئىدارە قىلىش.

شىنجاڭدا جۇملىدىن ليۇداۋان كۆمۈر كېنىدا ھەربى ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلۇپ تيەن جۇدون دېگەن بىر ھەربى (تۇەنجاڭ دەرىجىلىك) بىر نەچچە ھەربىنى باشلاپ چىقىپ كاندا ھەربى ئىدارە قىلىشنى يولغا قويغانلىغىنى ئۇختۇرۇپ ئىلگىرى ئاتالمىش ئىسيانكار يالقۇن تۇەن ئىگەللىۋالغان ئىلگىرىكى پارتكوم ئىشخانىسىغا ئورۇنلاشتى.

ئىككى تەشكىلاتنىڭ كاتىۋاشلىرىنى چاقىرىپ جىددى يىغىن ئېچىپ ئۇلارغا ئىنقىلاپنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، قالايمىقان ئادەم تۇتماسلىق، قالايمىقان كۆرەش، پىپەن قىلماسلىق، كان ئىچىدە ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بارماسلىق ھەمدە باشقا ئورۇنلارغا بېرىپ ئۇ خىل ھەركەتلەرنى ئېلىپ بارماسلىق توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىنقىلاپ ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا پايدىلىق بولغان سۆز ھەركەتلىرىنى قوللايدىغانلىغىنى، ئۇنداق بولمىغاندا قوللىمايدىغان ھەتتا چەكلەيدىغانلىغىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ئىسيانكار تەشكىلات لىخوتوەن تارتىۋالغان 18 دانە تامغونى دەرھال قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا بويرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ ئامالسىز تامغۇلارنى ھەربى ئىدارە قىلىشى ۋيەنخۇيىغا قايتۇرۇپ بېرىپ مۇندىن كېيىن ھەربى ئىدارە قىلىش ۋيېيۈەنخۇينىڭ رەھبەرلىكىدە ئىش قىلىش توغرىسىدا بويرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ ئامالسىز تامغىلارنى

ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىيەنخۇيىغا قايتۇرۇپ بېرىپ مۇندىن كېيىن ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىيۈەنخۇيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىش قىلىش توغرىسىدا ئىپادە بىلدۇرۇشتى.

يەنە كاندىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى يىغىپ ئىككى تەرەپ تەشكىلات كاتىۋاشلىرى قاتناشتۇرۇلغان بىر چوڭ يىغىن ئېچىپ كادىرلارغا دەرھال ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىيۈەنخۇيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆز خىزمەتلىرىنى داۋىل ئىشلەپ، يېڭى خىزمەت كۆرسىتىپ خاتالىقى بارلار خاتالىقىنى يۇيۇش، ئىككى تەرەپ تەشكىلات كاتىۋاشلىرىغا كادىرلارنىڭ ئۇلارنىڭ داۋىل خىزمەت ئىشلىشىگە ئوڭايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە چات كىرىۋالماسلىق، كادىرلارنىڭ قىسمەن خاتالىق، كەمچىلىكلىرىگە ئېسىلىۋالماسلىق، توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ كان دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ خىزمەت تەخسىماتىنى ئۇختۇردى. مەن كاندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىگە ۋە مىللىي ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسى ئىدىيىۋى خىزمىتىگە مەسئۇل بولدۇم ، ئۇندىن باشقا ھەپتىدە ئىككى كۈن 24 سائەت كاننىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىك خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلىش بىلەن ئىككى كۈن خاڭ ئاستىغا چۈشۈپ بىر تەرەپتىن ئەھۋال ئۇقۇپ يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتناشتىم.

كاندىكى ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىيۈەنخۇي ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات كاتىۋاشلىرىغا يوقىرىقىدەك قاتتىق تەلەپلەرنى قويۇپ خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتقان بولسىمۇ، ئىككى تەشكىلات ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، جېدەل ـ ماجىرالار تۈگىمىدى. بولۇپمۇ ئىسيانكارلار كېچىلىرى ئائىلىكلەر ئۆيلىرىدە ئوغۇرلۇقچە قارا يىغىنلارنى ئېچىپ ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت ـ پىلانلىرىنى تۈزۈپ، كۈندۈزلىرى قالايمىقان تارتىپ چىقىپ، قالايمىقان كۆرەش،

پىپەن يىغىنلىرىنى ئېچىپ كادىرلارنىڭ دادىل خىزمە ئىشلىشىگە ئىمكانىيەت بەرمىدى. باشقا ئورۇنلارغا ياردەملىشىش نامى بىلەن ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ھەرىكەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ،ئىنقىلاپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىتتىپاقلىشىشقا پايدىسىز سۆز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىۋەنخۇي ئۇلارنىڭ يوقىرقى ھەرىكەتلىرىنى چەكلەپ تەنقىت قىلغان ھەمدە ھەر ئىككى ئامىمۋى تەشكىلاتقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ،ئىسيانكارلار قەستەن ئېغۋا تارقىتىپ، « ھەربى ئىدارە قىلشى ۋېيىۋەنخۇيى بىر تەرەپنى قوللاپ بىر تەرەپنى باستى» دەپ ھەر خىل تۆھمەتلەرنى چاپلاپ ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىۋەنخۇي ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئۇرۇندى، ھەمدە كۆپ سانلىقلار تەشكىلاتى[1] « سوجىڭخوينى» "促进会" پاچاقلىۋەتمەكچى بولدى.

ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ جورىنى ئۇلارنىڭ سوئى قەستىنى ئالدىن سېزىۋالغاندىن كېيىن چوڭ يىغىن ئېچىپ ھەممە ئىشچى خىزمەتچىلەرنى

ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىنقىلاپنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە چاقىردى.

لېكىن ئىسيانكارلار يامان نىيىتىدىن يانماي باشقا ئورۇنلاردىكى ئىسيانكارلار بىلەن ئۆز ئارا ئالاقە باغلاپ 1967 – يىلى 5 – ئايدا ئۇرۇمچى شەھىرىدىن 35 ماشىنا بىلەن ئىسيانكارلار چوڭ قوشۇننى باشلاپ چىقتى. بۇ خەۋەرنى كۆپ سانلىقلار تەشكىلاتى «سوجىڭخوينىڭ كاتىۋاشلىرى ئالدىن سېزىۋالغانلىقتىن ئۆز تەشكىلاتىدىكى ئىشچى – خىزمەتچىلەرنىڭ جىددى يىغىنى چاقىرىپ ئۇلارنى كالتەك،

---

[1] «پورتلىتارىيات ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ چوڭ بىرلىشىپ بىر تۇتاش ئىنقىلاۋى كومىتېت قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر» ياكى «ئىنقىلاۋى كومىتېتقا تەييارلىق كۆرۈش ئۇيۇشمىسى».

تۆمۈر، بولقا ، كىسلاتا قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ كانىنىڭ چوڭ قولۇبىدا ئورۇنلاشتۇردى.

شەھەردىن چىققان ئىسيانكارلار چوڭ قوشۇنى خۇددى ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جاللاتلىرىدەك قوللىرىغا پىچاق، نەيزىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ ھەيۋە بىلەن يېتىپ كېلىشتى. مەنمۇ شۇ چاغدا كۆپ سانلىق تەشكىلاتقا قاتناشقان ئىشچىلار بىلەن چوڭ قولۇپقا مۆكۈنىۋالغان ئىدىم. ئىسيانكارلار قوشۇنى كاندا كېلىپلا رادىيو ئوزولىنى ئىگەللىۋېلىپ ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىيەنخۇيىنى قورشىۋالدى. لېكىن چوڭ قولۇپتىكى ئىشچىلارغا ھوجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئۇلار كاندىكى بۆلۈم، ئىشخانانىلەردە ۋە ئائىلىسىدە قېپ قالغان كۆپ سانلىق تەشكىلاتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن بىر نەچچە كىشىنى تىرتىۋېلىپ كان قولۇبىدىكى ئىشچىلارنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنى سورىغان بولسىمۇ ئېيتىپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن بەزىلىرىنى ئۇرۇپ زەخمىلەندۈرۈپ، بەزىلىرىنى نەزەربەنت قىلىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار ھېچ قانداق ئامال قىلالماي رادىئو ئارقىلىق كان قولۇبىدا تۇرىۋاتقانلارغا ھەيۋە

قىلىپ ئۆزلىكىدىن تەسلىم بولۇشنى بولمىسا ئاقىۋىتىگە جاۋاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ ئۇنىڭغا ھېچ قانداق جاۋاپ ئاالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىككى تەرەپ ۋەكىل سايلاپ سۆھبەتلىشىشكە چاقىردى.

شۇ ئارلىقتا كۆپ سىنلىقلار تەشكىلاتىنىڭ بىر كاتىۋېشى بولغان بەكرى ھاشىم مىنىڭ ئوغلۇم ئابلىمىتنى ئويلىغان بولۇپ بېرىپ شەھەردىن چىققان ماشىنىلارنىڭ نومۇرىنى مەخپى يېزىپ كېلىشكە .بۇەتكەندە شەھەردىن چىققان ئىسيانكارلار ئۇنى قوغلىۋېتىپتۇ.

ئۇلارنىڭ مەخسىدى سۆھبەتكە قاتنىشقا چىققانلارنى تۇتۇۋېلىپ شۇ ئارقىلىق قارشى تەرەپنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىماقچى ئىدى. قولۇپتىكىلار ئۇنىڭغىمۇ پوزىتسىيە

بىلدۈرمەي تۇرىۋاتقاندا قولوپ ئىچىدە ئىشىك، دەرىزىلەرنى بېقىپ تۇرىۋاتقانلاردىن ئىرادىسى ئاجىز، قورقۇنچاق 2 ، 3 نەپەر كىشى چوڭ تەھارەت قىلىشنى بانا قىلىپ(قولوپ ئىچىدە تەرەتخانا يوق ئىدى) سىرتقا چىقىپ ئائىلىسىگە ماڭغاندا بازاردىن قوراللىق چىققانلار كۆرۈپ قېلىپ ئۇلارنى تۇتۇپ ئۇرۇپ قىيناپ قولوپ ئىكىلەرنىڭ تەييارلىقنى سورىغاندا ئۇلار قولۇپتا بار ئادەملەرنىڭ 500 دىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى، قولۇپنىڭ ئالدىنقى تەرەپ 2 ـ قەۋىتىدە 10 مېتىرلىق تۆمۈر يولدىن بىر قانچە توك كىسلاتا بار بولۇپ بىرنى تاشلىسا نەچچە 10 ئادەمنى بىسىپ ئۆلتۇرەلەيدىغانلىغىنى، بىر قانچە توك ئىسكىلاتى بولۇپ ئۇنى چاچقاندا كىشىلەرنى كۆيدۈرۈپ مېيىپ قىلىپ قويىدىغانلىغىنى، نەچچە تونىنا تاش بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى قوغدىيالايدىغانلىقىنى، يەنە پارتلاتقۇچ دورىلار بولۇپ قولۇپنىڭ ئىشىك دەرىزىلىرىنى ساقلاۋاتقانلارغا تارقىتىدىغانلىغىنى، ئەگەر سىرتتىن ھوجۇم قىلسا پارتىلىتىپ ئۆزىنىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئۆلتۇرىدىغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ تىرىك ھالدا تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى تازا گەۋدىلەندۈرۈپ سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ئۇلار قولۇپقا ھۇجۇم قىلىشتىن قورقۇپ، بىز تولۇق تەييارلىق بىلەن چىقىپ ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىمىز دەپ ئاستا ماشىنالىرىغا چىقىشىپ تىك قۇدۇق، ۋىيخۇلياڭ كۆمۈر كان ، ئېلىكتىر ستانسىسىگە بېرىپ كۆپ سانلىقلار تەشكىلاتىنىڭ بىر قانچە باشلىقلىرىنى تۇتۇپ باغلاپ شەھەرگە ئېلىپ كەتتى.

## 15. كاندىن ۋاقتىلىق چېكىنىش ھەم قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈش

كاندا تۇرىۋاتقان كۆپ سانلىقلەر تەشكىلاتى سۇجىڭخونىڭ كاتىۋاشلىرى ئىسيانكارلارنىڭ قايتارما ھوجۇم قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن كان ھەربى ئىدارە قىلىش ۋىيىۋەنخۇيىغا ھەمدە

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھەربى رايونغا تېلېفون بېرىپ ئۇلارنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار «سىلەر ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىنقىلاپنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىڭلار لازىم، لېكىن ئۇلار قايتا باستۇرۇپ كەلسە، بىز ئۇلارنى باستۇرۇپ سىلەرنى قوغدىيالمايمىز، سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارغا بىز كېپىللىك قىلالمايمىز» دەپ جاۋاپ قايتۇرغانلىقى ئۈچۈن سۇ جىڭخوي تەشكىلاتتىكىلەر ئاندىن ۋاقىتلىق چېكىنىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. بۇ چاغدا مەن قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي كان ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىۈەنخۇيىغا تېلېفون بېرىپ يولىيورۇق سورىسام ئۇلار سەن كاندا تۇرساڭ بىز سېنىڭ ھاياتىڭغا كېپىللىك قىلالمايمىز» دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن قولۇپتا تۇرىۋاتقان كونا ئىشچىلار سىلەر بىز بىلەن بىرگە شەھەرگە كىرىپ كەتسىلە، بىز سىلىنى قوغدايمىز دېيىشتى. لېكىن سوجىڭخوي تەشكىلاتىنىڭ كاتىۋاشلىرى « سەن بىر ھوقوقدار، ئەگەر سەن بىز بىلەن بىرگە ماڭساڭ يولدا قارىشى تەرەپ بىلەن توقۇنۇشۇپ قالساق سېنى بىز قوغداپ قالالمايمىز. ئەگەر سېنى تۇتىۋالسا ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. بىزگىمۇ گەپ تېپىپ بېرىسەن، بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزدىكى كان باشلىقلىرىمۇ قېچىپ كېتىپتۇ، شۇڭا ئۆزۈڭنىمۇ، بىزنىمۇ ئاسراپ باشقا جايغا كەتكىنىڭ ياخشى» دىگەنلىكى ئۈچۈن مەن ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئۆيگە قايتىپ چىقىپ بالا چاقىلىرىمغا ئېيتسام ئۇلار يىغلىشىپ سىز بىر يەرگە كەتسىڭىز بىز قانداق خاتىرجەم بولالايمىز دەپ يالۋۇرۇپ تۇرىۋالغان بولسىمۇ، مەھەللىمىزدىكىلەر دەرھال ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالسىلا، سىلىنى ئىسيانكارلار ئىزدەپ يۈرگۈدەك دەپ مېنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالدى. ھېچ ئامال قىلالماي بالا - چاقىلىرىمگە بىر مۇنچە ياخشى گەپلەر بىلەن تەسەللى بېرىپ ئېغىر سانائەت نازارىتىگە كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتماقچى بولۇپ شەھەرگە يېزىدىكى چىغىر يوللار بىلەن مېڭىپ بىر نەچچە جايدا

قويۇلغان توساقلاردىن ئۆتۈپ مىڭ بىر جاپادا ئېغىز سانائەت نازارىتىگە بارسام كادىرلار ئىشتىن چۈشۈپ تاماققا كېتىپتۇ، ئېغىر سانائەت دەرۋازىسىدىمۇ 3 جايدا پوس قويۇلغان بولۇپ مېنى كىرگىلى قويمىدى، مەن ئۆزۈمنىڭ لىۋداۋان كۆمۈر كېنىنىڭ ئىشچىسى ئىكەنلىكىمنى، ئېغىر سانائەت نازارىتى خەلق ئىشلار باشقارمىسىغا ئىنكاس قىلىدىغان ناھايىتى مۇھىم ئىشىم بارلىغىنى خەنزۇ ھەربىيلەرگە مىڭ تەسلىكتە ئۇختۇرسام 2 ـ پوستىكى ئېغىر سانائەت نازارىتىنىڭ كادىرلىرىغا ئېيتىشنى ئىشارەت بىلەن ماڭا ئۇختۇرۇپ كىرگۈزۈۋەتتى. 2 ـ پوستا تۇرغان خەنزۇلارغا يەنە يوقىرقى سۆزۈمنى قىلىپ خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاسىم ئېزىز بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى ئېيتسام ئۇلار كادىرلار تاماققا كەتتى، ساقلاپ تۇرغىن دىگەنلىكى ئۈچۈن مەن ئۇلار «سەن كۆرسىتىپ بەرگەن يەردە ئولتۇرسام مېنىڭدىن ئۇلار ئىشچىمۇ، كادىرمۇ ؟ قايسى تەشكىلاتقا قاتناشقان، لىۋداۋاندا بىر نەچچە كۈن ئىچىدە قانداق ۋەقەلەر يۈز بەردى» دەپ گەپ سورىغىلى تۇردى، مەن ئۇلارنىڭ بەزى گەپلىرىنى ئۇققان بولساممۇ سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئۇقالمىدىم دەپ خەنزۇچە جاۋاپ بېرىپ ئەترايىمغا قارىسام كاندا 50 ـ يىللىرى ئىشچى بولۇپ قوغلاندى قىلىنىپ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ئەرىز قىلىپ كەلگەن بىر ئادەم يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، ئەگەر ئۇ ئادەم ئويغۇنۇپ مېنى كۆرۈپ قالسا، ئۇ ئادەمنىڭ ماڭا ئېسىلىۋېلىشىدىن مېنىڭ خاڭجاڭ (كاننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ قويۇشىدىن قورقۇپ خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ كەينىدىكى تامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، قولۇمدىكى ئوقۇۋاتقان كىتاۋىمنىمۇ ئۈششاق باللار ئېلىۋاپتۇ، بىر چاغدا بىرسى ئويغۇتىدۇ، قارىسام ھېلىقى مەن ئىشلىگەن قاسىم ئېزىز قاراپ تۇرۇپتۇ، مەن چاپانلىرىمنى قېقىۋېتىپ ئۇ ئادەم بىلەن ئىشخانىغا كىرىپ بارلىق ئەھۋالنى ئېيتتىم، ئۇ ئادەم ئۆز

يېنىڭمۇ ئامال قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، مەن ئەگەر سىلەر ئامال قىلالمىساڭلارماڭا رۇخسەت قىلىڭلار ئەسلى يۇرتۇمغا قايتىپ كېتىمەن دىسەم ئۇ ئادەم يەنە باشقىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرىدىغانلىقىنى مېنى سىرتتا كۈتۈپ تۇرۇشۇمنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. ئەتتىگىنى يىگەن تاماقچە قوسىقىم ئاچ، تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە ساقلاپ تۇردۇم، بىر چاغلاردا ئۇ ئادەم مېنى قېچقىرىپ ئېغىر سانائەت نازارىتىنىڭ مېھمان كۈتىشگە باشلاپ كىردى، ماڭا : سىزدىن بىرسى نىمە ئادەم دەپ گەپ سورىسا مەن شىسەن مىكاڭنىڭ ئىشچىسى، دەپ ئېيتىڭ» دېدى. مەنمۇ ئۇ ئادەمنىڭ دېگەن سۆزى بىلەن مېھمان كۈتۈشكە تىزىمغا ئالدۇرۇپ مەن ياتماقچى بولغان ئۆيگە كىرسەم بىر قانچە كىشىلەر ئولتۇرۇپتۇ، ئۇلار بىلەن سالام ـ سۆھبەت قىلىشىپ ئۇلارنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلاردىن قېچىپ كىرگەن كادىرلار ئىكەنلىكىنى ئۇختۇرم ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋىيخۇلياڭ مىكاڭنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى مەرھۇم كامالمۇ بار بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن خېلى چىقىشىپ قالدىم. ئۇ يەردە مەن ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن مېھمان كۈتۈشكە مەسئۇل بولغان ئىسيانكار كۆز قارىشىدىكى بىر ئايال بىزگە بەكمۇ قوپال مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى ئۇ ھەر قېتىم تاماققا كىرگىنىمىزدە سىلەر ئىشچىلارنى ئورۇشقا سېلىپ قويۇپ بۇ يەردە راھەتلىنىپ دەم ئالامسىلەر، سىلەر ئۆز ئورنىڭلارغا قايتىپ چىقىپ نىمە ئۈچۈن ئىنقىلاپ ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشمايسىلەر دەپ تاپا ـ تەنە قىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ گېپىنى بىۋاستە ئۇقالمىساممۇ باشقىلاردىن ئاڭلاپ ئاشخانىغا كىرمەي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ قوروسىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر يۇرتلۇق بىرگە يۆتكۈلۈپ كەلگەن، پارتىيە مەكتىپىتىكى ساۋاقدىشىم مۇھەممەت ئەخمەتنىڭ ئۆيىدە تاماق يىدىم، ئۇلار ئارقىلىق بالا ـ چاقىلىرىمغىمۇ خەۋەر قىلىپ ئۇلارنى ئەكىردۇرۇپ شۇ يەردە كۆرۈشتۈم. ئۇلارنىڭ تېنچ ـ ئامان تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خېلى

خاتىرجەم بولدۇم. ئەمما ئىككى كۈندىن كېيىن ئېغىر سانائەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، لىيۇداۋان كۆمۈر كانىنىڭ بىرىنچى باشلىقى ياسىن كېرەم مېنى نازارەت ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ كانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى تۇتۇڭ، ھازىر سىزدىن باشقا كاڭجاڭلار قېچىپ كېتىپتۇ دېدى. مەن چىقسام ھاياتىم خەتەرلىك، بۇ ھەقتە ھەربى ئىدارە قىلىش ۋىييۇەنخۇي بىلەن سۆزلەشكەن دىسەممۇ ئۇ ئادەم زادى ئۇنىمىدى. مەن ھەربى ئىدارە قىلىش ۋىييۇەنخۇي بىلەن قاسىم ئېزىز جۇجاڭ ئارقىلىق سۆزلىشىپ كۆرسەم، ئۇلار چىقسام قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئەمما بىخەتەرلىكىمگە كاپالەتلىك قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن قايتىپ چىقماسلىق قارارىغا كېلىپ مېھمان كۇتۇشكە قايتىپ چىقىپ كېتەي دەپ ئولتۇرشۇم ئىسيانكارلار كۆز قارىشىدىكى لىيۇداۋان كۆمۈر كانىنىڭ مۇئاۋىن كان باشلىقى لى x دېگەن ئۇچراپ سەن كانغا چىقساڭ مەن ماشىنا بىلەن ئېلىپ چىقىپ كېتەي دەپ چىڭ تۇرىۋالدى، مەن بىر ئاز ئىشىم بارلىقىنى كەچتە ئۆزۈم چىقىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قاسىم جۇجاڭغا لى x بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىمنى ئېيتسام، ئۇ ئادەم ئەمدى سىز قايتىپ چىقمىسىڭىز بولمىغۇدەك، بولمىسا، ئىسيانكارلار نازارەتكە بېسىپ كىرىپ بىزنى ئەۋارە قىلىدۇ دەپ چىڭ تۇرىۋالغانلىقى ئۈچۈن كەچتە ئاپتوبوسقىمۇ چۈشمەي چىغىر يوللار بىلەن مېڭىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيگە ئارانلا بېرىۋالغان بولسامۇ،ئۆيدە يېتىشتىن قورقۇپ قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدە ياتتىم، لېكىن غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە يېتىپ پەقەت ئۇخلىيالمىدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە كان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا بارسام كانىنى قوغداشقا بىر لىيەن ئەسكەر كەلمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى كادىرلار بىلەن ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەملەشتىم. ھەربىيلەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنى تەييارلىغان ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرى بىلەن ئىككى كۈننى ئۆتكۈزدۇم. ـ 3

كۆنى ئىسىيانكارلارنىڭ بىر ئادىمىنى مەجلىسكە چاقىرىپ كەپتۇ، بارسام ئىسىيانكارلارنىڭ كاتىۋاشلىرى ھەمدە ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ كاتىپىشى ئولتۇرۇپتۇ، يىغىننى ئىسيانكارلار كاتىۋېشى باشقۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ « ماۋجۇشىنىڭ چاقىرىقىغا ئەمەل قىلىپ» ئىنقىلاپنى تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇچۇن كاندا قېپ قالغان ئىشچىلارنى تەشكىللەپ ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى، لېكىن سىرتقا قېچىپ كەتكەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ (كۆپ سانلىق تەشكىلاتنى دىمەكچى) ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش نىيىتىدىن تېخى يانمىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تويۇقسىز ھوجۇم قىلىش ئېھتىمالى بارلىغىنى، شۇڭا قودۇق ئاستىدا مەسىلە چىقسا مېنىڭ مەسئۇل بولۇشۇمنى، ئۈستىدە مەسىلە چىقسا ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىۋەنخۇي مەسئۇل بولىدىغانلىغىنى ئېيتتى. ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ كاتىپىشى پىكىر قىلىپ ئەگەر بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، ھوجۇم قىلىدۇ دىيىلسە ئۇنى ئەلۋەتتە سىنىپى دۈشمەنلەر قىلىدۇ، ئەكسىل ئىنقىلاپچىلار قىلىدۇ، ئىنقىلاۋى ئاممىنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ناتايىن، بىز ھەربى ئىدارە قىلىش كومىتېتى ھەرگىزمۇ سىنىپى دۈشمەنلەرنىڭ ئەكسىل ئىنقىلاپچىلارنىڭ قوماندانى ئەمەس، شۇڭا بىز مەسئۇل بولالمايمىز دەپ پوزىتسىيە بىلدۈردى. مەن پوزىتسىيە بىلدۈرمىدىم، شۇ كۈنى كاننىڭ مۇئاۋىن ئىنژىنىرى زوتىيەنروڭ كاننىڭ قۇدۇق ئاستى، ئۈستىگەمەسئۇل باش دۈجۈرنى بولماقچى بولغان بولسىمۇ ئۇ ئاللىقاچان قېچىپ كېتىپتۇ، شۇڭا ئىسيانكار تەشكىلاتنىڭ بىر كىچىك كاتىۋېشى مېنىڭ دۈجۈرنى بولىشىمنى ئېيتتى، مەن ئامالسىز ماقۇل دىدىم، لېكىن كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشۈپ زوتىيەنروڭ ئىسيانكار تەشكىلاتنىڭ مۇھىم ئادىمى ھەم باش ئىنژىنىرى تۇرۇپ نىمە ئۈچۈن قېچىپ كېتىدۇ؟ بۇگۈن كېچە بىرەر ئەھۋال يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلسەكېرەك دەپ پەقەت

خاتىرجەم بولالمىدىم. شۇڭا دىۋورنى ئىشخانىسىغىمۇ كىرمەي تېلېفونىس نۇرئەخمەت دېگەن قازاق ئىشچىنىڭ قېشىدا ئولتۇردۇم، شۇ جەرياندا ئىسپانكارلارنىڭ كاتىۋاشلىرى قوتىرىشىپ ئۆز ئارا مەخپى پاراڭ قىلىشىپ يوشۇرۇن ھەركەتلەرنى قىلىشىپ يۈردى. مەن ئۇلارنىڭ ھەركىتىدىن تېخىمۇ گۇمانلاندىم، تېلفونىست نۇرئەخمەت مېنى زوڭجىبەر (باش دىۋورنى) ئىشخانىسىغا كىرىپ بىر دەم ئارام ئالسىلا، ئەگەر بىرەر ئىش چىقىپ قالسا مەن سىلىنى ئوغۇتاي دېدى، ئۇ كۆپ سانلىق تەشكىلات كۆز قارىشىدا بولغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ دۇجۇرنى ئىشخانىسىغا كىرىپ ئەمدى يېتىپ تېخى ئۇخلىماي تۇرسام ئۇ مېنى چاقىردى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ نىمە بولدى دىسەم ئۇ، ھازىر ئىسپانكارلار قودۇق ئاستىغا تېلفون بېرىپ ئۆز ئادەملىرىنى ئۈستىگە ئاچىقىپ بولدى، بىزمۇ ئاستا بىرەر جايغا يوشۇرۇنمىساق بىزگە ئۇلار زىيانكەشلىك قىلغۇدەك دېدى. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ نۇرئەخمەت بىلەن سىرتقا چىقماقچى بولۇپ ماڭساق ئىشكتە بىر يېڭى ئىشچى سوگۇنى تۇتۇپ تۇرغان بولۇپ ئۇ بىزنى توسۇۋالدى. نىمە قىلغىنىڭ بۇ دىسەم مېنى سىلەرنى سىرتقا چىقارماي سىلەرنى بېقىشقا قويغان دېدى. مەن ھازىر قۇدۇق ئاستىدىن تېلىفون كەلدى، بىز بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقمىساق بولمايدۇ دەپ يالغان ئېيتىپ سىرتقا چىقىۋالدۇق، ھېلىقى ئىشچىمۇ ئۆيگە كەتتى. ئىككىمىز قۇدۇق بېشىغا بارساق قۇدۇق ئاستىدا ئىشلەۋاتقان ئىسپانكارلارنىڭ ھەممىسى قۇدۇق بېشىغا توپلىشىۋاپتۇ، ئۇلار مېنى كۆرۈپ قېلىپ « ھە! سەن نىمىشقا كەلدىڭ، سېنىڭ قوتىرىتىشىڭ بىلەن بىزنىڭ ئادىمىمىزنى شۈيمگونىڭ باۋخۇاڭ پەيلىرى (كۆپ سانلىق تەشكىلاتتىكىلەرنى دىمەكچى) توسىۋاپتۇ، سەن بىزنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئىشپيونلۇققا كەپسەن» دەپ ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. مەن باش دۇجۇرنى بولغانلىقىم ئۈچۈن كەلدىم دەپ گېپىمنى

داۋاملاشتۇرۇۋاتسام تىك قۇدۇق تەرەپتىن بىر ئىسيانكارلار كېلىپ تىك قۇدۇققا خەۋەر قىلدىم ئۇلار ھازىر يېتىپ كېلىدۇ، بىز تەييارلىق قىلىپ تۇرايلى دەپ تۇراتتى. ماشىنا توك بۇلۇم تەرەپتىن 2 ــ 3 نەپەر ئىشچى بىر مۇنچە تۆمۈر كالتەكلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇلارغا تارقاتقىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن مېنى قورشىۋالغانلارمۇ ھېلىقى تۆمۈر كالتەكلەرنى ئېلىشقا ئالدىراپ مېنى تاشلاپ كېتىپ قالغىنى ئۇچۇن مەن كانىنىڭ گوچەي (سۇ تارتىش ماشىنىسى) خانىسىغا يوشۇرۇنىۋالدىم ئۇ يەردە ئىشلەۋاتقان بىر ئايال (بىز بىلەن ئوخشاش كۆز قاراشتا) مېنى سىلە دەرھال ئۆيگە كىتىۋالسىلا دەپ ئېيتتى. مەن ئۆي تەرەپكە ئارقا يول بىلەن مېڭىشىم ئۇلار شۇيمگو تەرەپكە كېتىشتى، بىر قىسىم كىشىلەر ئىككىلىنىپ تۇرغاندا ئۇلارغا باشلامچىلىق قىلىۋاتقان بىر ئىسيانكارلارنىڭ چاپارمىنى« كىم بىز بىلەن بارمىسا ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ» دەپ مەجبۇرلاپ ئېلىپ كېتىشتى.

مەن مەخپى ھالدا ئۆيگە كېلىپ نىمە قىلىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغىنىمدا بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزدىكى تونۇش كىشىلەر مېنىڭ تىزدىن بىر يەرگە يوشۇرۇنىشىمنى، بولمىسا ئۇلار ماڭا زىيانكەشلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مېنى يوشۇرنىشقا ئالدىراتتى.مەن ئويلاپ سىرتقا چىقىشقا ئامال بولمىغانلىقى ئۇچۇن يالغان كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىۋالاي دەپ دوختۇرغا كىرسەم بەختىمگە قارشى ئىسيانكارلار كۆز قارشىدىكى بىر مىللى دوختۇر كېسەل كۆرۈۋاتقان ئىكەن، مەن ئامالسىز ئۇنىڭ قېشىغا بارسام ئۇ مېنىڭ كېسەل ئەھۋالىمنى سوراپ بىر ئاز دارا بېرىپ قايتۇرىۋاتتى. مەن دورىخانىغا كىرسەم دورىگەر مەريەم دوختۇر دېگەن ماڭا ئىچىنى ئاغرىتىپ سىلە بىر جايغا كەتمەي بۇ يەردە نىمە ئىش قىلدىلا دېدى. مەن يوقىرقى ئەھۋالىلارنى ھەم ئۆزۈمنىڭ دوختۇرغا

كېلىشتىكى مۇددىئايىمنى دىسەم، مېنى دورىخانىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، مەن بالىنىسقا كىرىپ چىقاي، ئەگەر بوش كارۋات بولسا جىلىڭ دوختۇرغا ئەيتىپ دوختۇردا ياتقۇزۇپ قويايلى دەپ بالىنىسقا چىقىپ كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن كىرىپ ھازىر دوختۇرخانا بالىنىسدا ھېلىقى شىمىگولىقلار تۇتىۋاپتۇ دېگەن ئىسيانكارلار يېتىۋاپتۇ، سىلىنى جىلىڭ دەيپو (دوختۇر) ئۇرۇمچى ھەربى رايونىغا ئاپىرىپ يولدىشىغا ئېيتىپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ بىزنىڭ كۆپ سانلىق تەشكىلاتىدىكىلەر با رئۇرۇنغا ئاپىرىپ قويسۇن دېدى. مەن ماقۇل دەپ دورىخانىدا مۇكۇپ تۇرسام ھېلىقى جىلىڭ دەيبۇ دوختۇر دېگەن چاقىرىپ ماڭا سەن ئەرلەر تاھارەتخانىسىغا كىرگىن، مەن ئاياللار تاھارەت خانىسىغا كىرىپ قايتىپ چىقىپ ئۆي تەرەپكەماڭغاندا سەن مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىپ مەن بارغان جايغا (سىلىڭبۇغا) بارساڭ مەن يولدىشىم بىلەن سۆزلىشىپ ماشىنا بىلەن شەھەرگە ئەكىرىپ قويايلى دېدى. مەن ئۇنىڭ دىگىنى بويىچە ئۇرۇمچى شەھەرلىك ھەربى رايونىغا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بېرىپ دوختۇرنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ تۇردۇم، ئۇ ئېرى بىلەن (ئېرى ئۇرۇمچى شەھەرلىك ھەربى رايون سىلىڭى) بىلەن تىلىفون ئارقىلىق سۆزلىشىپ بىر كىچىك ماشىنا بىلەن ئىككى ھەربى بىرلىكتە مېنى ھەربىلارنىڭ پەرزەنتلەر مەكتىۋىدىكى كاندىكى كۆپ سانلىقلار تەشكىلاتى تۇرۇۋاتقان جايغا ئەكىرىپ قويدى. ئۇلار مېنى ناھايىتى قىزغىن كۇتىۋالدى. ئۇلارغا كانىنىڭ ئىنقىلاپ ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەردىم . ئۇلار بىر – ئىككى كۇن ئىچىدە كانغا قايتىپ چىقىپ ۋەزىيەتنى ئوڭشايدىغانلىغىنى ئېيتىشتى. ئۇلار مۇندىنكېيىن ئۆزلىرى بىلەن بىرگە تۇرۇشنى، تەشۋىقات ئىشلىرىغا ياردەم بېرىپ باشقا ئىشلارغا ئارىلاماسلىقىمنى ئېيتتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قوشۇلدىم.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلار بىلەن بىرگە تۇردۇم، ئۇلارنىڭ چوڭ

خەتلىك گېزىت ۋە شوئارلارنى يېزىپ كوچىلارغا چاپلاش ۋە باشقا يېزىقچىلىق ئىشلىرىگە ياردەملەشتىم. شۇ جەرياندا كانغا بىر نەچچە ئادەمنى يوشۇرۇن ھالدا چىقىرىپ كاننىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ تۇردى. بىر كۈنى لىيۇداۋان كۆمۈر كانغا يوشۇرۇن ھالدا ئەھۋال ئۇقۇش ئۈچۈن چىققان ئىسمائىل (ھازىر ئۈرۈمچى كاۋۇجۇيىنىڭ فۇشۇجىسى) نى ئىسيانكارلار ئېتىۋېلىپ قاتتىق ئۇرغانلىقى، كاندىن بازارغا يېنىپ كىرگەن ئىشچىلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى بوزەك قىلغانلىقى ئۈچۈن مەن بىلەن بىرگە تۇرغان ئىشچىلار قاتتىق غەزەپلىنىپ «بىز دەرھال كانغا قايتىپ چىقىپ ئۇلاردىن ئۆچ ئالىمىز دەپ» قاتتىق تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن كۆپ سانلىق تەشكىلاتنىڭ باشلىقلىرى ئاپتونوم رايوندىكى كۆپ سانلىق تەشكىلاتنىڭ يوقىرى دەرىجىلىك باشلىقلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ شۇيىمگو رايونى بويىچە شەھەرگە يېنىپ كىرگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن تەركىب تاپقان چوڭ قوشۇن تەشكىللەپ لىيۇداۋان كۆمۈر كانغا چىقىپ ئىسيانكارلارغا ھۇجۇم قىلىپ، بويسۇنغانلارغا چىقىلماي،قارشىلىق قىلغانلارنى تۇتۇپ باغلاپ شۇيىمگودىكى قوماندانلىق مەركىزىگە ئەكىلىپ تازا ئەدەپلەپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئىسيانكارلاردىن ھوقوقىنى تارتىۋېلىپ لىيۇداۋان كاندىكى ھەربىي ئىدارە قىلىش ۋېيۋەنخۇيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېنقىلاپ ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ،كاندىكى ئىسيانكارلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاغزىدا بوي سۇنغان بولىۋېلىپ كېچىسى ئوغۇرلۇقچە شىنجاڭ داشۆ ۋە گېزىتخانا ھەم خەلق مەيداننى ئىگەللەپ ياتقان ئىسيانكارلارغا قوشۇلۇپتۇ، تەشۋىقات دۈيىدىكىلەر بۇ ئىشتىن كېيىن خەۋەر تاپتۇق، لېكىن مېنى يەنىلا كانغا چىقماي بىر نەچچە كۈن ھېلىقى پەرزەنتلەر مەكتىۋىدە تۇرۇشۇمنى ئېيتقانلىقى ئۈچۈن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كانغا چىقىپ كاندىكى كۆپ سانلىقلار تەشكىلاتى سانسو (كېيىن ئۆزگەرتىلگەن تەشكىلات نامى) نىڭ تەشۋىقات دۈيىدە ئىشلىدىم.

## 16. ئەلەم كۆرۈشنىڭ رەسمىي باشلىنىشى

ماۋجۇشى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ باشلىنىشى بىلەن «قەلەم كۆرۈشى قىلىپ، ئەلەم كۆرۈشى قىلماسلىق «توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن بولسىمۇ لېكىن مەركەزدىكى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ گوتوجىڭى جاڭچىڭ « قەلەم بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئەمەم بىلەن قوغدۇنۇش» دېگەن ئەكسىيەتچى شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەلەم كۆرۈشى قىلىشنى تەرغىپ قىلدى، لېن بىياۋ : « ياخشى ئادەم ، ياخشى ئادەمنى ئۇرسا يامان بولغىنى، ياخشىلار يامان ئادەملەرنى ئۇرسا ئۆزىنى قوغدىغىنى، يامان ئادەم يامان ئادەمنى ئۇرسا، زەھەربىلەن زەھەرنىڭ ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلغىنى، ئۇ تېخىمۇ ياخشى بولغىنى» دېگەن ئەكسىيەتچى شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن مەملىكەتنىڭ جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، ئۆت قويۇش، ئۆلتۈرۈشتەك پاشسىك ھەرىكەتلەر ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

1967 - يىلى ئىسيانكارلار شىنجاڭ گېزىتخانىسىنى ئىگەللىۋالغاندىن كېيىن خەلق گېزىتىنىڭ نامىنى «ئىسيان» گېزىتىگە ئۆزگەرتىپ، گېزىتتە ئۆزلىرىنى «سولچى ھەقىقى ئىنقىلاپچى» كۆپ سانلىق تەشكىلاتنى « ئوڭچى، ھوقۇقدارلارنى، بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەننى قوغدىغۇچى دۈشمەن» دەپ كۆرسىتىپ ئۇلارنى ئىنتايىن قەبىھ سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىدى. ھەتتا مەركىزى كومىتېتدىكى كونا ئىنقىلاپچىلارنى تارتىپ چىقىش، كۆرەش، پىپەن قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. خەلقئارا دىپلوماتىيە ئىشلىرىگىمۇ قارا قولىنى سۇنۇپ بەزى دۆلەت باشلىقلىرىنىمۇ ھاقارەتلىدى.

گېزىتخانا ئەتراپىدىكى خوڭسەن يولىدىن ئۆتكەن ماشىنىلارنى توسۇپ ئادەملەرنى ئاختۇرۇپ، ئۇرۇپ ئازاپلىدى،

ماشىنىدىكى يىمەك ـ ئىچمەكلەرنى بولۇۋالدى. ئۇلار ئۇرۇپ ئازاپلىغانلاردىن مېيىپ بولۇپ قالغان، ئۆلگەن ئادەملەرمۇ ئاز بولمىدى.

مەركەز بىر قانچە قېتىم ئىسيانكارلارنى گېزىتخانىدىن چىقىپ كېتىشكە ئەگاھلاندۇرغان بولسىمۇ ئۇلار ئۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلماي ئۆزلىرىنىڭ رەزىل ھەركەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. شىنجاڭ جونچوي ئۇلارگە بىر قانچە قېتىم خىزمەت ئىشلەپمۇ ئاڭلىتالمىدى.

كۆپ سانلىق تەشكىلاتنىڭ ئاپتونوم رايوندا تۇرۇشلۇق باشلىقلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شۇيمگو كان رايونىدىكى (ليۇداۋان، ۋېيخۇلياڭ، باداۋان مىكاڭ) ئىشچىلارنى تەشكىللەپ شىنجاڭ داشۆگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن گېزىتخانىدىكى ئىسيانكارلار شىنجاڭ داشۆنى قوغداش ئۈچۈن گېزىتخانىدىن چىقىشى بىلەن كۆپ سانلىق تەشكىلاتىكلەر گېزىتخانىنى تارتىۋالماقچى بولۇپ، شىنجاڭ داشۆگە يالغان ھۇجۇم قىلغاندا گېزىتخانىدىكى ئىسيانكارلار ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئوقۇۋالغىنى ئۈچۈن گېزىتخانىدىن شىنجاڭ داشۆگە ياردەمگە بارمىغان بولسىمۇ، شىنجاڭ داشۆنى ئىگەللىۋالغان ئىسيانكارلار شۆيمگو رايونىدىن بارغان بىر قانچە ئىشچىنى ئۇرۇپ زەخمىلەندۇرۇپ، ليۇداۋاندىن بارغان 5 نەپەر ئىشچىنى تۇتۇۋاپتۇ، مەن ئەتىگەن ئىشقا كەلسەم ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئالدىدا بىر نەچچە كىشىلەرنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى ئۈچ نەپەر كىشىنىڭ بېشى يېرىق، قاپاقلىرى كۆكەرگەن ھالدا ناھايىتى خاپا ھالدا تۇرغانلىقىنى، 3 ، 4 نەپەر كىشىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرى بەكرى ھاشىمگە تاپا ـ تەنە قىلىپ سىلەر بالىلىرىمىزنى داشۆگە ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئىسياكنارلارغا تۇتۇپ بېرىپ ئۆزۈڭلار يېنىپ كەپسىلەر، بالىمىزنى ئەكىلىپ بەرمىسەڭلەر، بىزلەر ئۆيگە قايتمايمىز دەپ ۋاقىراپ ـ جاقىراپ

تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بەكرى ھاشىمدىن بۇ نىمە ئىش دەپ سورىسام، ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى كىشىلەرگە بىر مۇنچە تەسەللى سۆزلەرنى قىلىپ، تۇتۇۋېلىنغانلارنى چوقۇم قۇتقۇزۇپ ئەكىلىمىز دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىپ كېتىپ، ماڭا ئىشخانىغا كىرىپ سۆزلىشىشنى ئېيتتى. مەن ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن ماڭا 5 نەپەر كىشىنىڭ نىمە ئۈچۈن تۇتۇۋېلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىپ،مېنى داشۆگە بىرگە بېرىپ ھېلىقى ئادەملەرنى قايتۇرۇپ كەلسەك دەپ ئېيتتى، مەن ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلغان بولساممۇ، ئۇ بۇ دېگەن كان شۇجىڭخۇيدىكى كاتىۋاشلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، سىلە بىز بىلەن بىرگە كىرىپ شىنجاڭ داشۆدىكى ئوقۇغۇچىلارغا بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلسىلا، ئۇلار چوقۇم تۇسۇۋېلىنغانلارنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ دەپ چىڭ تۇرىۋالغانلىقى ئۈچۈن مەنمۇ ياخشى ئويلىمايلا ماقۇل دەپتىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىقىپ كېتىپ ھايال بولمايلا 2 قارا ماشىنىغا 50 دەك كىشىنى ئېلىپ كەپتۇ، ماشىنىغا مەنمۇ چىقتىم، ماشىنا يۈز مېتىردەك ماڭمايلا قولۇڭلاردىكى سائىتىڭلارنى ئېلىۋېتىڭلار دېدى. بەكرى ھاشىم دېگەن كاندىكى كۆپ سانلىق تەشكىلات سۇجىڭخونىڭ كىچىك تۇتۇرى بولغىنى ئۈچۈن مەنمۇ ئۇنىڭغا بوي سۇنۇپ قولۇمدىكى سائەتنى ئېلىۋەتتىم، يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئوك بىلىكىمىزنى تۇرىۋېتىشنى ئېيتتى. مە ئۇنىڭدىن بۇ نىمە گەپ، بىز زادى نەگە بارىمىز دىسەم ئۇ ھېچ قانداق قورقۇنۇچلۇق ئىش يوق، بىراق يولدا توسۇدىغانلار كۆپ، شۇڭا ئۇلار بىزنى بىلمەي توسۇۋالمىسۇن دەپ شۇنداق قىلدۇق دېدى. لېكىن مەن گومان ئىچىدە ئويلۇنۇپ قالدىم، شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ماشىنىنى شىنجاڭ داشۆگە ئەمەس ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى تەرەپكە ھەيدەپ ئېلىپ ماڭدى. بىزئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىغا بېرىپ ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقاندا بىر توپ ئادەملەر شۇئارلارنى توۋلاپ بىزنى قارشى ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بىزنى گېزىتخانىنىڭ

جەنۇبىدىكى ئىشىكنى بېقىشقا، سىرتتىن ئادەم كىرگۈزمەسلىكنى تاپىلىدى. بۇ چاغدا ئاللىقاچان شەھەردىكى كۆپ سانلىق تەشكىلات ئادەملىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن گېزىتخانىغا بېسىپ كىرگەن ئىكەن. شۇندىنلائۆزۈمنىڭ ئالدىنىپ قالغانلىقىمنى سەزدىم. شۇ پەيتتە، گېزىتخانىدىكى ئىسيانكارلار گېزىتخانا ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ تۆۋەنگەقارىتىپ تاش ۋە تەشۋىق ۋاراقلارنى ئاتقىلى تۇردى. تۆۋەندىكىلەرمۇ ھەر تەرەپتىن ئۆگزىگە يامىشىپ تاش ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپتىن 100 دىن ئارتۇق ئادەم زەخىملىنىپ يىقىلدى. ئۇلارنى ھەربىيلەر ماشىنا بىلەن دوختۇرخانىلارغا توشۇشقا باشلىدى، مەن توپتىن ئايرىلىپ تامنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەن يېرىدىن سىرتقا قېچىپ چىقىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. كەچتە گېزىتخانىدىكى سوقۇشۇشتا يەنگىل زەخىملىنىپ قېچىپ چىققانلاردىن گېزىتخانىدىن ئىسيانكارلارنى تازىلىغانلىقىنى كۆپ سانلىق تەشكىلات گېزىتخانىنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ھەربىيلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، لېكىن مەن ئامان قالغان بولسامۇ،كاندا قالغان ئىسيانكارلار مېنى كاندىكى كۆپ سانلىق تەشكىلاتنىڭ ئارقا تېرىگى، ئىككى ماشىنا ئادەمنى گېزىتخانىغا باشلاپ كىرىپ ئۇرۇش، چېقىشقا قاتناشتۇردى، ئۇلارنىڭ بۇ ئايلىق مۇئاشىنى مۇھەممەت نىياز كاڭجاڭ بېرىشى كېرەك» دەپ چوڭ خەتلىك دازىباۋدا ئېلان قىلدى، مەن قورقۇپ كېتىپ كاندىكى ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىەنخۇيىغا كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتسام ئۇلار گېزىتخانىنى بىر مەلۇم تەرەپ تەشكىلاتنىڭ ئىگەللىۋېلىشى خاتا، سىزنىڭ گېزىتخانىغا كىرگەنلىكىڭىز توغرا، ئۇنىڭ قورقۇپ كەتمەڭ. گېزىتخانىغا كىرگەنلەرنىڭ مائاشىنى مالىيەدىن بېرىدۇ، سىز خاتالىقىمنى تەكشۈرىمەن دەپ يۈرمەڭ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ كۆپ سانلىق تەشكىلاتنىڭ تەشۋىقات دۈيىدە ئىشلەۋەردىم. شۇندىن كېيىن كاندىكى ئىسيانكار تەشكىلاتنىڭ ئادەملىرى بىر –

بىرلەپ شىنجاڭ داشۆگە قېچىپ كىرىۋالدى. ئۇلارنىڭ بالا ــ چاقىلىرى كاندا قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشىنى كان ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىۋەنخۇي ماڭا تاپشۇردى. مەن ئۇلارنى ئائىلىسىدىكى جان سانى ۋە باشقا قېيىنچىلىق ئەھۋالىغا قاراپ تۇرمۇش سوممىسى بەلگۇلەپ ھەر ئايدا پۇل تەستىقلاپ بەردىم. مالىيەدىن مېنىڭ تەستىقىم بويىچە پۇل بېرىپ تۇردى، شۇڭا ئۇلار ماڭا ئانچە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىمايدىغان بولدى، ئۇنداق قىلماسلىقىقا ئامالىمىز يوق ئىدى. ئۇلار جىدەل قىلسا بېرىلىۋاتقان تۇرمۇش پۇلىمۇ بېرىلمەيتتى.

كاندىكى كۆپ سانلىق تەشكىلات باشلىقلىرى ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن كاننىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كۆپ سانلىق ئىشچىلارنى قالدۇرغاندىن باشقا قالدىلىرىنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ كانغا كېلىدىغان چوڭ يوللارنى بېقىشقا ئادەم قويدى. ھەم سەييارە چارلاشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن كانغا تونۇش بولمىغان ھەر قانداق ئادەم ۋە ماشىنىلار بۇ يەرگە ئىختىيارى كىرىپ چىقالمايتتى، گۇمانلىق كىشىلەر تۇتۇپ كېلىنىپ سوراق قىلىناتتى.

كاندىكى كۆپ سانلىق تەشكىلات سۇجىڭخوينىڭ ئۇرۇپ ــ چېقىشتا خېلى نامى چىققانلىقى ئۈچۈن بايىنوڭشۆيۈەن، سىفەن شۆيۈەن، گوڭشۆيۈەن، چارۋىچىلىق دوختۇرخانىسىدىكى چوڭ ئۇرۇشلارغىمۇ شەھەردىكى مەركىزى قوماندانلىق شتابىنىڭ بويرۇقى بويىچە كاندىكى گوڭسۆخۇينىڭ (سوجىڭخوي، گوڭسخوي دىگەنلەر ئەمەلىيەتتە كاندىكى كۆپ سانلىق تەشكىلاتنىڭ ئىسمى) ئەزالىرى قاتناشتۇرۇلدى، شۇنداق قىلىپ نەنمىڭ خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ بۇ تەرىپىنى كۆپ سانلىق تەشكىلات ئىگەللىدى.نەنمىڭنىڭ ئۇ تەرىپىدىن شىنجاڭ داشۆگىچە ئىسيانكارلار ئىگەللەپ ئۇنى «قىزىل رايون» دەپ نام قويۇۋالدى. نەنمىڭنىڭ بۇ تەرىپىنى «ئاقلار رايونى» دەپ ئاتاشتى. شۇڭا ھەر

ئىككى تەرەپ ئۆز تەۋەلىكىدىكى جايلاردىن گۇمانلىق ئادەملەر ئۇچراپ قالسا ئۇنى تۇتۇپ، ئۇرۇپ ، قىيناپ سوراق قىلاتتى. ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ چوڭ ـ كىچىك كاتتىۋاشلىرىنى تۇتۇۋالسا قاتتىق قىيناپ ئۇرۇپ جاراھەتلەندۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ تاشلىۋېتەتتى. ياكى مېيىپ قىلىپ تاشلاپ قوياتتى. بىر كۈنى كان پارتكومىنىڭ شۇجىسىنىڭ ئايالى (مۇئەللىم) كېچىدە شىنجاڭ داشۆدىن كانغا باللىرىنى يوقلاپ چىققاندا كاندىكى پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈپ قويغاندا، ئۇنى قورقۇپ كېتىپ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلۈپ قالغان دەپ دوختۇرلار ئانكىت يازغاندىن كېيىن قويىدۇرۇۋەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ئۇرۇمچى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەممە ۋىلايەت ناھىيەلىرىدە ئەۋج ئېلىپ كەتكىنى ئۈچۈن ئۇنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەممۇ يوق، بولغاندىمۇ ئۇنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئىمكانىيەتمۇ يوق ئىدى. كېيىن دەسلەپ قول سالغان ئوقۇغۇچىنى قاتىل دەپ قامىدى.

بۇ جەرياندا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى ھەربىي ئىدارە قىلىش ۋېيىۋەنخۇيلىرىمۇ يوقارقىدەك مالىمانچىلىق، ھۆكۈمەتسىزلىكنى توساپ قالالمىدى. بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئىككى خىل كۆز قاراش مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن ھەربىي ئىدارە قىلىش ۋېيىۋەنخۇيلارمۇ ئۆز كۆز قارىشىدىكى تەرەپنى قوللاپ قارشى تەرەپنى باساتتى. ھەتتا شىنجاڭدا ھەربىيلەرنىڭ قورال ئامبارلارنى بولاش يوقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەندە ھەربىيلەر ئاغزىدا ئۇلارنى توسقان بولۇپ ئەمەلىيەتتە ئۆز كۆز قارىشىدىكى تەرەپنىڭ قورال بولۇشىغا ياردەم بەرگەن ئىشلارمۇ خېلى كۆپ يۈز بەردى.

1967 ـ يىلى 6 ـ ئايلاردا مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ «16 ماددىلىق» پروگراممىسىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى شىنجاڭ جۇنچۈنىڭ

رەھبەرلىكىدە خەلق مەيدانىدا ئېچىلدى. بۇنىڭغا ھەر ئىككى تەرەپ تەشكىلاتىنىڭ ئادەملىرى قاتناشتى، يىغىندا شىنجاڭ جۇنچۇينىڭ جىڭۋېيسى ساۋدانوپ سۆز قىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ كاتىۋاشلىرى يىغىن رىياسەت ئەزاسى بولۇپ قاتنىشىپ 2 تەرەپتىن ئىككى كىشى سۆز قىلدى. يىغىن خېلى غەلىبىلىك ئېچىلىپ تاماملانغاندىن كېيىن تامايىش قىلماقچى بولغاندا بىز لىۋداۋاندىن كىرگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر نامايىش قوشۇنى بىلەن داشىزىغا بارغاندا ئىسيانكارلار كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە توپلىشىۋېلىپ بىزنى تىللاپ، شاپاق، تاش قاتارلىقلارنى ئېتىشقا باشلىدى دەل شۇ پەيتتە خەلق مەيدانى تەرىپىدىن بىر مىزىگان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، كېتىۋاتقان نامايىش قوشۇنىنىڭ سېپى بۇزۇلۇپ بىزلەرگە تاش شاپاق ئاتقان ئىسيانكارلارنى قوغلاپ كېتىشتى. بۇ چاغدا مەن چوڭ كوچا ئوتتۇرىسىدا قايسى تەرەپكە مېڭىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدىم، قارىسام كوچىنىڭ ھەممە يېرى ئاياغ، ۋېلسىپىت ھەتتا سېتىقچىلارنىڭ نەرسە كېرەكلىرىگە توشۇپ كېتىپتۇ، مەن قورقۇپ ھېچ يەرگە بارالماي تۇرسام لىۋداۋاننىڭ ئادەملىرى ئىسيانكارلار تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ شىنجاڭ داشۆگە قېچىپ كەتكەن لىۋداۋان كۆمۈر كاننىڭ كونا ئىشچىسى تۇردى بوزەك دېگەن ئادەمنى تۇتۇپ كەپتۇ، ئۇنى باشقىلار قولىدىكى كالتەك بىلەن ئۇرۇۋاتقاندا لىۋداۋان كۆمۈر كان ئىككىنچى رايوننىڭ شۇ ۋاقىتتىدىكى شۇجىسى تەۋەككۇل توسىۋېلىپ ئۇرغىلى قويمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئادەمگە بىر نەچچە كالتەك تېگىپ زەخىملەنگەنلىكى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرالمىغاندا ماشىنىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى.

بىز نامايىشتىن تارقاپ كانغا يېنىپ چىققاندىن كېيىن كۆپ سانلىق تەشكىلات گوڭسىخويىنىڭ بىر ئەزاسى (كونا ئىشچى) ئۆزىچە پو ئېتىپ «مەن داشۆدا ئىسيانكارلاردىن بىرىسىنىڭ قوسىقىغا نەيزە بىلەن بىرنى تىققان ئىدىم، نەيزە ئارقا تەرەپتىن

چىقىپ شۇ يەردىلا ئۆلدى» دەپ يۇرگەنلىكى ئۈچۈن كېيىنكى يىلى ھوقۇق ئىسيانكارلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان چاغدا ئۇنى ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل دەپ دوختۇرخانىدىن كېسەللىكىگىمۇ ئېتىبار بەرمەي كانغا ئەچىقىشىپ قاتتىق ئۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتتى.

مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى يامان ئادەملەرنىڭ جاھاننى ئالا ـ تويىلاڭ قىلىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ جىنايى ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلىشىغا ناھايىتى ئوڭشۇشلۇق شەرت شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن زاۋۇت ، كان ـ كارخانىلار ئىشتىن توختىدى، يېزا ئىگىلىكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. خەلق نامراتلاشتى، ياخشى ئادەملەر سىياسى، ئىقتىسادى ۋە جىسمانى جەھەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ناھەق ئۆلۈپ كەتتى، كۆپ قىسمى مېيىپ بولۇپ تارتمىغان زولۇم كۈلپەتلىرى قالمىدى. لېكىن لىنبياۋ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ئەڭ زور، زىيان ئەڭ ئاز دەپ يەنىلا ئەلەم كۆرۈشى قىلىشقا قوترىتىپ دۆلىتىمىزگە ئورنىغا كەلتۈرۈپ بولالمايدىغان بالايى ئاپەتلەرنى كەلتۈردى.

1968 ـ يىلى ماۋجۇشى «ئىنقىلاۋى ۋىيۇەنخۇي ياخشى» دېگەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىنقىلاۋى چوڭ بىرلىشىشكە چاقىرىق قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ھېچ قانچە ئۇنۇمى بولمىدى، ئاپتونوم رايون جۇملىدىن نازارەت ئورۇنلاردا قۇرۇلغان ئىنقىلاۋى ۋېيۇەنخۇي ۋە ئىنقىلاۋى چوڭ بىرلىشىشنىڭ ھوقوقىنى يەنىلا ئىككى تەرەپنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئىگەللىۋېلىپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت تۈگىمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ھەرىكەتلىرى داۋاملىشىپ جىنايى ھەركەتلەر كۆپىيىپ خەلقنى، دۆلەتنى ، پارتىيىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. لىيۇداۋان كومۇر كېنىدە بولسا « 3 تەرەپ بىرلىشىش» (كادىرلار، ئىككى تەشكىلات) ئەمەس ئىككى تەشكىلاتمۇ بىرلىشەلمىدى، كان دەرىجىلىك بىرمۇ كادىر رەھبەرلىك

بەنزىنىگە قاتناشتۇرۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن كانىنىڭ قالاق ھالىتىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى.

## 17. بىيجىڭدىكى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىش

1969 ـ يىلى چاغان(باھار) بايرىمىدىن كېيىن ھاۋا خېلى سوغۇق بولۇپ ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرغان بولسىمۇ، بوران ـ چاپقۇن، شىۋىرغانلار توختاپ بەزىدە كۈن چىقىپ ھاۋا ئىسسىپ قالغاندا تام تۈۋلىرىگە چۈشكەن ئاپتاپتا قېرى ياشانغانلار ئاپتاپ سىنىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

ئاپتونوم رايوندا ئۈچ تەرەپ ۋەكىللىرى قاتناشقان ئىنقىلاۋى ۋېييۈەنخۇي قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا قارمۇ ـ قارشىلىق تۈپتىن ھەل بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقىدەك ئوچۇق ئاشكارە ئەلەم كۆرۈشى قىلالمايتتى. ئەگەر بىرەر ئورۇندا ئەلەم كۆرۈشى يۈز بەرسە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلاۋى ۋېييۈەنخۇي ۋەكىل ئەۋەتىپ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلاتتى. شۇڭا ئەلەم كۆرۈشى توختاپ جاھان بۇرۇنقىدىن خېلى تېنجىپ قالغان بولسىمۇ، جەمئىيەتتە ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، قاتىللىق قىلىشتەك جىنايى ھەركەتلەر پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇ خىل دىلولارنى كۆڭۈلگە ئالغان ئورۇنلىرى تەكشۈرسىمۇ، نەق مەيداندا تۇتۇلۇپ قالغانلاردىن باشقا ئەنزىلەرنى پاش قىلىش ئۇلارغا ناھايىتى تەسكە چۈشەتتى. چۈنكى كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن جىنايەت سادىر قىلغان جىنايەتچىلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىپ يوشۇرۇپ قالاتتى، پاش قىلىنغان ئەنزىلەرمۇ ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمايتتى. چۈنكى سىياسى قانۇن ئورۇنلىرىدىمۇ ئىككى خىل كۆز قاراش مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن پىكىر بىرلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن قانۇن

توغرا ئىجرا قىلمايتتى. قانۇننى نازارەتچىلىك قىلىدىغان تەپتىش ئورگانلىرى ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن خاتا، ناھەق ئەنزىلەر كۆپ ئىدى.

ليۇداۋان كۆمۈر كېنىدىمۇ ھەر خىل جىنايى ئەنزىلەر كۆپ بولسىمۇ يوقىرقىدەك ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن پاش قىلىنمايتتى. ھەتتا نەخ جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنغان بەزى جىنايەتچىلەرمۇ قۇتقۇزۇپ قىلىنغان ئىدى.

مەن شۇ ۋاقىتتا تەشۋىقات دۈيىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىۋاتقان ئىشچىلار ئۆزىنىڭ ئۆي، ئائىلە، بالا ـ چاقىلىرىدىن ئەنسىرەپ ئىشقا چۈشمەي مېنى بەك ئەۋارە قىلىۋاتقان بىر پەيتتە كۆپ سانلىق تەرەپ تەشكىللاتىنىڭ بىر كاتىۋېشى ئابدۇجېلىل ئۆيگە كىرىپ كەلدى، ئۇ تېخى ئولتۇرمايلا سىلىگە بىر خوش خەۋەر ئەكەلدىم دېدى، مەن نېمە خوش خەۋەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تۇرغىنىمدا سىلە بېيجىڭغا ئۆگىنىشكە بارىدىغان بولدىلا تېز تەييارلىق قىلسىلا، ئەتىلا شەھەرگە كىرىپ تىزىمغا ئالدۇرىدىلا دەپ ئېيتتى. ھەمدە بىر دانە ماۋجۇشى يۈلۈسىنى ماڭا سوغا قىلدى. ئۇ چاغدا ئابدۇجېلىل ليۇداۋان گوۋېيخۇيىنىڭ فۇجۇرىنى بولۇپ سايلانغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ راسلىقىغا ئىشىنىپ، شۇ كۈنى ئىشقىمۇ بارماي تەييارلىق قىلدىم. كەچتە تۇرسام توختى مەھەممەت ئوتكۈر دېگەن بىر ئىشچى سىلىنى بەكرى ھاشىم چاقىرىپ كېلىڭ دېدى دەپ مېنى ئالدىراتتى. نېمە ئىش بىلەن چاقىرىدىغانلىقىنى سورىسام سىلىنى بېيجىڭغا ئۆگىنىشكە بارىدىكەن ئۇزۇتۇپ قويىمىز چاقىرىپ ئەكىلىڭ دېگەنلىكى ئۈچۈن كەلدىم. باشقىلار سىلىگە ساقلاپ قالدى دېدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىم بار ئىكەنلىكىمنى، بارالمايدىغانلىقىمنى ئېيتسام ئۇ ئادەم ئۆزلىرى بېرىپ ئازراق ئولتۇرۇپلا قايتىپ كەلسىلىمۇ بولىدۇ ـ دەپ بەك تەڭقىسىر كەلتۈرۈپ تۇرىۋالغىنى ئۈچۈن ئامالسىز بەكرى ھاشىمنىڭ ئۆيىگە بارسام ئۇنىڭ ئۆيىدە

10 نەچچە كىشى ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ، مەن ئۇيگە كىرىشىمگىلا ئۇلار ماڭا تەنە سۆزلەرنى قىلىپ چاقچاق قىلغىلى تۇردى، مەن كىرىپ ئولتۇرا ـ ئولتۇرماي ماڭا ھاراق تۇتتى. مەن ئۇلارنىڭ تەنە سۆزلىرىدىن ،تامالاشمىغان قىلىقلىرىدىن ئۇلارنىڭ يامان غەرەز بىلەن مېنى چاقىرىپ كەلگەنلىكىنى بايقاپ ھاراق ئىچىشكە ئۇنىمىدىم ئۇلار كۆپ سۆزلەپ ئىلتىجا قىلىپ تۇرىۋالغانلىقى ئۈچۈن ماڭا تەڭلىگەن بىر رومكا ھاراقنى ئىچىپ تۇرۇشۇم، سورۇندا ئولتۇرغان بىر قانچە يامان غەرەزدىكى كىشىلەر ئۆزىگە كەلگەن ھاراقنى ماڭا تەڭلەپ مېنى مەس قىلىپ مېنىڭدىن گەپ ئالماقچى بولغانلىقىنى بايقاپ قالدىمدە، ئۇلارنىڭ تۇتقان ھارىقىنى ئىچكىلى ئۇنىمىدىم. ئۇلار ئامالسىز ئۆزلىرىنىڭ قارا نىيىتىنى ئاشكارىلاپ «سىلەنىڭ بېيجىڭغا بارىدىغانلىقلىرىنى كىم تەستىقلىدى، نىمە ئۈچۈن ياسىن كېرەمنى ئىشەتمەي سىلىنى ئىشەتىدۇ، بۇ ئىشتا چوقۇم بىر سىر بولىشى مۇمكىن، ئۇنى بىزگە ئېيتىپ بەرسىلە» دەپ تۇرىۋالدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇقمايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ چىڭ تۇرىۋالدىم. ھەمدە بۇ ئىشنى ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىۋەنخۇي بىلەن گىۋېيخۇيدىن سوراڭلار دىسەم بىر نەچچىسى كىچىدە گوۋېيخۇيغا بېرىپ ئادەم تاپالماي قايتىپ كېلىشتى. مەنمۇ داۋاملىق ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇشنى خالىماي ئۆيگە قايتىپ كەلدىم .

ئەتىسى ئەتىگەندە ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىۋەنخۇيى مېنى چاقىرىپ مېنىڭ بېيجىڭغا ئۆگۈنۈشكە بېرىشىمغا كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەرەپ ئاساسەن قوشۇلغانلىقىنى ئەمما كۆپ سانلىق تەشكىلات ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر قوشۇلماي ياسىن كېرەمنى ئەۋەتىشنى تەرغىپ قىلغان بولسىمۇ، ئىسيانكارلار تەشكىلاتىدىكىلەر قەتئى قوشۇلمىغانلىقى ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق گوۋېيخۇينىڭ مېنىڭ بېرىشىمنى تەستىقلىغانلىقىنى كەچتە 8 قەۋەتكە كىرىپ تىزىمغا ئالشۇرۇشۇمنى ئۇختۇردى. مەن شۇ كۈنى كەچتە بالا ـ چاقام

بىلەن خوشلىشىپ كانىنىڭ ماشىنىسى بىلەن 8 قەۋەتكە كىرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ ياتاقتا ئورۇنلاشتىم .

مەن ئۇ يەردە ئىككى كۈن تۇردۇم، بۇ جەرياندا ئابدۇجېلىل ھەم باشقا مەن بىلەن يېقىن ئۆتكەنلەر مېنىڭ بېيجىڭغا بېرىشىمنى تەبرىكلەپ ئالاھىدە مېنى ئۇزۇتۇپ كىردى. ئۇلاردىن ياسىن كېرەمنىڭ قۇترۇتىشى بىلەن بەكرى ھاشىم قاتارلىق بىر ئوچۇم كىشىلەر ياسىن كېرەم نېمىشقا بارمايدۇ» دەپ داۋا قىلىپ كان گىۋيىخويغا بېرىپ ئابدۇجېلىلنى قوشۇۋېلىپ ئۇنى ھاقارەتلىگەنلىكى ھەتتا ئاپتونوم رايونلۇق گوۋيىخۇيغىچە بېرىپ داۋا قىلىپ ئاقتۇرالمىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. چۈنكى بەكرى ھاشىم كان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يالLANما كادىر قاتارىدا ئىشلىتىۋاتقان ئادەم بولۇپ مەن كانغا مۇئاۋىن باشلىق قوشۇمچە كان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ كەلگەندە ئۇ ماڭا خوشامەت قىلىپ قىلمىغان ئىشلىرى قالمىغان دائىم ياسىن كېرەم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ئۇنى تىللاپ يۈرگەن ئىدى. ياسىم كېرەممۇ ئۇنىڭغا چىش تىرنىغىچە ئۆچ بولۇپ بەكرىنى كاناي دەپ تىللاپ يۈرگەن. مەن بىر نەچچە قېتىم رەسمى كادىرلىققا ئۆستۈرەيلى دىسەم پەقەت قوشۇلمىغان ئىدى. ئىلگىرىكى بۇ رەقىپلار ئەمدى قانداق بولۇپ بىر - بىرىنى قوللىغۇچى ۋە قوغدىغۇچى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ بۇرۇنقىلارنىڭ« ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا»دىگىنى راست ئىكەن دەپ قالدىم. بەكرى ھاشىمنىڭ بۇرۇن يېقىنلىشىشى ئەمدى ماڭا قارىشى تۇرۇشىدىكى مەخسىدىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى يۈزلىمچى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك: بىزنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ ئۆگۈنۈش قىلدۇرۇشتىكى سەۋەپ ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايونلۇق ھەر قايسى نازارەت، ئىدارە، كان - كارخانىلاردا ئىنقىلاۋى ۋيۇەنخۇي (گوۋيىخۇ) قۇرلغان بولسىمۇ،

ئەسلىدىكى كادىرلارنىڭ كۆپ قىسمى چەتكە چىقىلىپ ئىنقىلاۋى ۋىيىۋەنخۇيغا قاتناشتۇرۇلمىغانلىقتىن بىزنى ۋە ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرىنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش قىلدۇرۇپ يەنە بىر تەرەپتىن «خاتالىقلىرىمىز» نى تەكشۈرتۈپ، ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرىنىڭ ماقۇللىغىنى ئالغاندىن كېيىن ئۆز ئورنىمىزدىكى ئىنقىلاۋى ۋىيىۋەنخۇيغا كىرگۈزمەكچى ئىكەن. بىگىتۇەن ۋە يەرلىكتىن بولۇپ 1600 نەپەر كىشى 8 قەۋەتكە ئىككى كۈن ئىچىدىلا يىغىلىپ بولدۇق. 2 - كۈنى كەچتە ماڭماقچى بولۇپ پويىز ئىستانسىسىگە بارساق بىزنى بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىشقا بەلگۈلەنگەن پاراۋۇزنى تۆمۈر يول ئىدارىسىدىكى ئىسيانكارلار بەرگىلى ئۇنىماي، كېچىچە پويىز بېكىتىدە ئولتۇرغىلىمۇ ئورۇن يوق ئۆرە تۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق گوۋيۈەنخۇي جوگياڭغا تېلىفون ئارقىلىق دوكلات قىلغاندىن كېيىن، مەركىزى تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق تۆمۈر يول ئىدارىسىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بىزگە مەخسۇس پويىز بەلگۈلەپ بەرگەندىن كېيىن پويىزغا چىقتۇق لېكىن پويىزدىن چۈشۈپ باشقىلار بىلەن خوشلىشىشقا، پويىز ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈشكە روخسەت قىلىنمىدى. بىز خۇددى شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە يۆتكىگەن جىنايەتچىلەردەك قورقۇپ ئولتۇردۇق. شۇ ئارىلىقتا كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى پويىزغا چىقىپ پويىزنىڭ ئىچىگە چوڭ خەتلىك گېزىتلارنى (ۋاڭ ئىنماۋنى يوقۇتايلى، ۋوگواڭنى يوقۇتايلى) چاپلاپ پويىز ئىچىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. پويىز سىگنال بېرىپ ماڭغاندىن كېيىن ھەممىمىز خۇدايا شۈكرى دەپ ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشتۇق. پويىز لەنجۇغا بارغاندىن كېيىن پويىز ۋاگونلىرىنىڭ ئىچى - تېشىغا چاپلانغان چوڭ خەتلىك گېزىت، شوئارلارنى يۇيۇپ تازىلاپ ئۆزىمىزنى خېلى ئەركىن ھىس قىلدۇق.

بىز ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ - 5 كۈنى ئەتىگەندە بېيجىن

پويىز ئىسىيانسىسىگە يېتىپ بارغاندا پويىزدىن چۈشۈپ بىزگە تەييارلىغان مەخسۇس ماشىنىلار بىلەن ئۇدۇل تىيەنئەنمىن مەيدانىغا بېرىپ ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىگە 3 قېتىم تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئۆزىمىز كوللىكتىپ يازغان قەسەم نامىمىزنى ئوقۇپ بولۇپلا، يەنە ماشىنا بىلەن ھاۋا ئارمىيە مەكتىۋىگە باردۇق. ھاۋا ئارمىيە مەكتىۋىنىڭ ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ «ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلاۋى كادىرلىرىنى قىزغىن قارشى ئالايلى» دەپ ئۇنلۇك شۇئارلارنى توۋلاپ بىزنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالدى. بىز مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى باشلانغاندىن بېرى بۇنداق شۇئارنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغانلىغىمىز ئۈچۈن خېلى كۆپ كىشىلەر ھاياجىنىمىزنى باسالماي كۆزلىرىمىزدىن تاراملاپ ياش چىقىپ كەتتى.

بىز مەكتەپكە بېرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن بېيجىندىكى بېيجىن خان سارىيى، بىخەي باغچىسى قاتارلىق ئاتاقلىق باغچىلارنى ۋە مۇھىم ئورۇنلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. ئاندىن يۈز نەچچە مىللى كادىرنى بىر ياچېيكا قىلىپ ئۇنىڭغا بىز بىلەن بىرگە بارغان سانجى ھەربى رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى سەيدە ئەخمەتنى سىكىرتارلىققا تەيىنلىدى. ھەمدە بىر نەچچە گۇرۇپپىغا ئايرىپ گۇرۇپپا باشلىق، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا ئوقۇغۇچىلاردىن بەلگۇلىدى، مەن نازارەت 10 دەرىجىلىك كادىرلار بىلەن بىرگۇرۇپپىدا بولۇپ ئۇنىڭدىكىن 10 نەپەر كىشى ئىچىدە 4 نەپىرىمىز ناھىيە دەرىجىلىك بولۇپ قالغان 6 نەپىرى نازىر دەرىجىلىك كادىر ئىدى. 10 نەپەر كىشى ئىچىدە ئىسيانكارلار كۆز قارشىدىكى ئىبراھىم دېگەن بىر نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك كادىر بولۇپ ئۇ گۇرۇپپىنىڭ كاتىپى ئىدى. بىزنىڭ گۇرۇپپا باشلىغىمىز ئىقتىسادى كومىتېتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن باشلىقى داۋۇت سەتتار مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىغىمىز يولداش يۈسۈپلار بولۇپ ئۇلار ناھايىتى ئېغىر ـ

بىسىق،كەمتەر كىشىلەر ئىدى، گورۇپپىلارنى تەشكىللەپ بولغاندىن كېيىن مەكتەپنىڭ تۈزۈمى ۋە بىزلەر رىئايە قىلىشقا تىگىشلىك بولغان تۈزۈملەرنى ئوختۇرۇپ شەخسلەرنىڭ پىچاق، بىلتىۋالىرىمىزنى يىغىۋالدى. بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن« فىۋرال ئەكسىل ئىنقىلاۋى تەتۈر ئېقىمى» دېگەن ھۆججەت تارقىتىلدى. بۇ ھۆججەت ئەسلى مەركىزى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى رەھبەرلىك گورۇپپىسىدىن تارقىتىلغان بولۇپ ئۇنىڭ ئاساسى مەزمۇنى: «يېجيەنيىڭ، چىنيى، تەنجىنلىن قاتارلىق مارشاللار ئۆز- ئارا يىغىن ئۇيۇشتۇرۇپ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ شۇ چاغدىكى مەركىزى كومىتېتقا سۇنغان دوكلادى» ئىكەن ئۇنى جىياڭ چۈنچياۋ، جياڭچىڭلار بۇرمىلاپ ئۇلار — «بۇ ھۆججەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغان» دېگەن باھانە بىلەن ئۇ ھۆججەتلەرنى پىپەن قىلدۇرۇش ئارقىلىق يوقىرى دەرىجىلىك ھەربى باشلىقلارنى يوقاتماقچى ئىكەن، بىز بۇ ھۆججەتنى ئۆگىنىپ مۇزاكىرە قىلدۇق. ھەممە ئۆزىمىزنىڭ «ئاتالمىش خاتالىق» لىرىمىزغا بىرلەشتۇرۇپ پىكىر بايان قىلىشتۇق، كۆڭلىمىزدە بۇ ھجەتنىڭ مەزمۇنىنىڭ توغرىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەن بولساقمۇ، ئۇنى ئوچۇق سۆزلەشكە جۇرئەت قىلالمىدۇق. بىز كۇندۇزى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى توغرىسىدىكى مەركەزنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىپ ئۇنىڭغا بىرلەشتۇرۇپ ئۆز «خاتالىقلىرىمىز» نى سۆزلەيتتۇق. ئاخشىمى ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنى كەشتە تىكىپ ماۋجۇشىغا سادىق ئىكەنلىكىمىزنى ئەمىلى ھەركىتىمىز ۋە رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلەيتتۇق، كىمكى رەسىمنى چوڭ ھەم چىرايلىق تىكسە ئۇ كىشى ماۋجۇشىغا سادىق بولدى دەپ ھېسابلىناتتى.ئەگەر بىپەرۋالىق قىلىپ رەسىمنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋەتسە، ئۇ تېخنىك مەسلىسى بولماي بەلكى سىياسى مەسىلە ھىسابلىنىپ تەنقىت

قىلىناتتى.

مەكتەپنىڭ تۈزۈمى چىڭ، دەم ئېلىش ۋاقتىمىز ئاز بولسىمۇ، ئۆزىمىزنى بەك ئازادە تۇرمۇشىمىزنى كۆڭۈللۈك ھېساپلايتتۇق، پەقەت ئاتا - ئانا، بالا - چاقىلىرىمىزنىڭ غېمىدىن باشقا ھېچ قانداق غەم قايغۇمىز يوق ئىدى. شىنجاڭدىن بارغانلارغا جۇزۇڭلى بىلەن جاڭچىڭ مەسئۇل بولغان بولۇپ، شىنجاڭ ئۆمۈكىدە شىنجاڭ جونچوي ھەم قەشقەر، سانجى، ئۈرۈمچى ھەربى رايونلىرىنىڭ سىياسى كومىسسارى، سىلىڭلىرىدىن ۋە ئاپتونوم رايونلۇقئىنقىلاۋى ۋىيىۋەنخۇينىڭ فوجۇرنى ئىرغىلى قاتارلىق 21 ئادەمدىن تەركىپ تاپقان رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۆگۈنىشىمىزگە مەسئۇل ئىدى.

بىز بىلەن بىرگە ۋاڭ ئىنماۋ شۇجىمۇ بارغان بولۇپ بىز ياتقان بىنانىڭ 2 - قەۋىتىدە تۇراتتى. ئۇ بىز بىلەن ئوخشاش ئۆگۈنۈش قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ ياچېيكا ياكى گۇرۇپپىمىزغا قاتناشمايتتى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىمۇ يوق ئىدى. 1969 - يىلى 4 - ئايدا بىزنىڭ ئۆگۈنىشىمىزگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ھەر قايسى جىبۇلارنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ بىزنى ئازات قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭدىن 200 دىن ئارتۇق ئامىۋى تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرى كېلىدىغانلىقى، بىزنىڭ ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشىمىز. ئۇلارنىڭ ئورۇنلىشىغا ئاكتىپ ياردەم بېرىشىمىز، ئۇلارنى ياخشى مېھمان قىلىپ ئەپۇ قىلىشنى ئىمكان قەدەر تېز قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەكلىكىنى تاپىلىدى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇلار مەكتەپكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەممەيلەن چىقىپ قارشى ئالدۇق. ئورۇن كۆرپىلەرنى ياتاقلىرىغا ئاپىرىپ بېرىپ، ھەر قايسىمىز ئۆز ئورنىمىزدىن كەلگەنلەرنى ئالاھىدە ياتاقلىرىمىزگە چاقىرىپ كېلىپ مېھمان قىلدۇق، ھەم ئۇلارغا ماۋجۇشىنىڭ ئىزنەكلىرىنى تەقدىم قىلىپ قىزغىن كۈتىۋالدۇق. لىۋداۋان مىيكاڭدىن 2 تەرەپ ۋەكىللىرىدىن 2 خەنزۇ، 2 مىللى كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ماڭا

خېلى قىزغىن مۇئامىلە قىلدى، لېكىن ئىلگىرى مەن بىلەن بىرگە كەلگەن 3 خەنزۇغا بولسا، ئۆز كۆز قارىشىنى ئاساس قىلىپ يىقىنلاشقان بولسىمۇ، كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغانلىرىگە بولغان مۇئامىلىسى ئانچە قىزغىن بولمىدى ئۇلارنى بۇرۇنقىدەكلا داڭچەنپەي (ھوقوقدار) دەپ ئىسمىنىمۇ ئاتىمىدى.

ئۇلار بىز بىلەن بىر ئاشخانىدا تاماق يېگەنلىكى ئۈچۈن، كادىرلار ئۇلارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ پايپېتەك بولۇپ كەتسىمۇ ئەمما ئۇلار كادىرلارنى ئانچە كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايتتى. بەزىدە كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى گەپ تالىشىپ سوقۇشۇپمۇ كېتەتتى. قاتتىقراق ئۇرۇشۇپ قالغانلار مەكتەپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا سۆرۈشۈپ كىرەتتى.

بىز مەكتەپنىڭ قائىدە تۈزۈملىرىگە ئىزچىل بوي سۇنۇپ كەلگەن بولساقمۇ، ئۇلار مەكتەپنىڭ قائىدە تۈزۈملىرىگە بوي سۇنماي ئۆگىنىش ۋاقىتلىرىدا رۇخسەتسىز سىرتقا چىقىپ كېتەتتى. بەزىلىرى تېخى رۇخسەت ئالالمايلا بېيجىن ئەتراپىدىكى رايون بازارلىرىغا ھەتتا تيەنجىنگە بېرىپ تاماشا قىلىپ بىر نەچچە كۈندە قايتىپ كېلەتتى، مەكتەپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى چوڭ يىغىنلارنى ئاچقاندا قولۇپ ئىچىدە ئىختىيارى پاراڭلىشىپ، ھەتتا لويىڭلارنى قويۇپ يىغىن روھىنى ئۆزى ئاڭلىمايلا قالماستىن باشقىلارنىڭ ئاڭلىشىغىمۇ يول قويمايتتى، بەزى چاغلارغا سۆزلەۋاتقان رەھبەرلىك گۇرۇپپا باشلىقلىرىغا قالايمىقان سوئاللارنى قويۇپ سۆزنى داۋاملاشتۇرۇشقا يول قويمايتتى. شۇڭا ئىلگىرى چوڭ يىغىن ئاچقاندا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلارنىڭ ھەممىسى سەھنىگە چىقىپ ئولتۇراتتى، كېيىن ئۇلار كەلگەندىن كېيىن يىغىندىكى قالايمىقانچىلىقتىن قېچىپ كۆپ قىسمى سەھنىگە چىقمايدىغان چىققانلارمۇ تۈزۈك سۆز قىلالمايدىغان بولدى.

مەكتەپتە يوقىرقىدەك ئىنتىپاقسىز، ئىنتىزامسىز ھەرىكەتلەر داۋاملىق يۈز بېرىپ مەكتەپتىكى رەھبەرلىك

گۇرۇپپىسى باشقۇرۇشقا ئامالسىز قالغانلىقى ئۈچۈن جۇڭنىڭ زوڭلى ئاخشاملىرى بىر نەچچە قېتىم مەكتەپكە كېلىپ ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن ئۇلار بىر نەچچە كۈن ئۇرۇش- جېدەل قىلىشقا پېتىنالماي ئۆز - ئارا سوركىلىشىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش، كىچىك دائىرىدىكى ئۇرۇش - ماجىرالار يەنىلا توگىمىدى.

ۋاڭ ئىنماۋ بىز ياتقان بىنانىڭ - 2 قەۋىتىدە كاتىپى بىلەن بىرگە تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، ئىسيانچى ئۇ تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ قورشىۋېلىشىدىن قورقۇپ سىرتقا ئانچە چىقالمايتتى. بىر كۈنى سىرتقا چىققاندا تويۇقسىز قەشقەردىن كەلگەن بىر ئىسيانكار ۋەكىلگە ئۇچراپ قېلىپ ۋاڭئىنماۋدىن ئاغزىغا كەلگەن سۇئاللارنى سوراپ ئالدىنى تورىۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرگە ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن چوقىقدار (كادىرلار) ۋە 2 تەرەپ ۋەكىللىرى يىغىلىپ ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغان ئىكەن مەنمۇ بېرىپ نىمە ئىش بولغاندۇ دەپ قاراپ تۇرسام ئۇلارنىڭ قويغان ھەر خىل سۇئاللىرىغا ۋاڭئىنماۋ جاۋاپ بەرگىلى ئۇنىماي تۇرىۋالدى. ئاڭغىچە ۋاڭئىنماۋنى قوغداش تەرەپتىكى ۋەكىللەر كېلىپ« سىلەر ۋاڭئىنماۋ شۇجىنى نىمە ئۈچۈن قورشىۋالىسىلەر » دەپ ئۇلار بىلەن تالاش - تارتىش قىلىۋاتقاندا ۋاڭئىنماۋ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز ياتىقىغا تىكىۋەتتى. بۇنداق ئەھۋال بىر نەچچە قېتىم داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن ۋاڭئىنماۋ قورقۇپ سىرتقىمۇ چىقالمايدىغان، كىشىلەرگىمۇ كۆرۈنمەيدىغان بولدى.

1969 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەكتەپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن ھەممەيلەننىڭ تەييارلىق قىلىپ بېيجىن خەلق سارىيىغا بارىدىغانلىقىمىزنى، ماۋجۇشى قوبۇل قىلىدىغانلىغىنى ئۇختۇردى. بىز شۇ كۈنى كەچ سائەت 6 لاردە (بېيجىن ۋاختى) خەلق سارىيىغا يېتىپ باردۇق، ئۇ يەرگە باشقا ئۆلكىلەردىن كەلگەن ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرى ھەممە ئۆگۈنىشكە بارغان

بىزگە ئوخشاش كادىرلارمۇ بارئىكەن. مەجلىس باشلانغاندىن كېيىن بىز ماۋجۇشىنى كۆرۈشكە ھەممىمىز ئىنتىلىپ تۇرغان پەيتتە ئالدى بىلەن چىكىي سەھنىگە چىقتى، ئارقىدىن ماۋجۇشى، لىن بياۋ قاتارلىق شۇ چاغدىكى جوڭياڭ رەھبەرلىرى سەھنىگە چىقىش بىلەن « ماۋجۇشى ياشىسۇن» دېگەن شۇئارلار ئۈزۈلمەي زال ئىچى ئىنتايىن شاد ـ خوراملىقتا تولدى. ماۋجۇشى قول ئىشارىتى بىلەن بىزنى قوبۇل بىلدى. بۇ چاغدا مەن ھاياجىنىمنى باسالماي كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياشلار ئېقىپ كەتتى. مەن سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغىنىم ئۈچۈن ماۋجۇشىنى تېخىمۇ ئوچۇقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئىختىيارسىز ئولتۇرغان بەندىك ئۈستىگە چىقىپ ئۆرە تۇرۇپ قاپتىمەن. ماۋجۇشى سەھنىسىدىن چۈشۈپ كېتىشىگە مەنمۇ بەندىڭ ئۈستىدىن چۈشۈۋالدىم. شۇ چاغدا مەن ئۆز خاتىرە دەپتىرىمگە « ھاياتىمدىكى ئەڭ بەختلىك مىنوتلار» دەپ يېزىۋالغانلىقىم ھېلىمۇ ئېسىمدە.

كەچتە قايتىپ كېلىپ تاماق يېگەندىن كېيىن مەكتەپنىڭ چوڭ قولۇبىدا تەسىرات سۆزلەش يىغىنىغا قاتناشتۇق، بۇ يىغىن ناھايىتى داغدۇغۇلۇق ھەم غەلىبىلىك ئېچىلدى. بۇ يىغىندا ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرىنى ۋە جىنايى قىلمىشلىرىنى بەس ـ بەس بىلەن سۆزلەپ ئىككى تەرەپنىڭ چوڭ كاتتۋاشلىرى يىغلىپ تۇرۇپ بىر ـ بىرىنى قوچاقلاپ بىر ـ بىرىدىن كېچۈرۈم سوراشتى ھەمدە مۇندىن كېيىن ماۋجۇشى باشچىلىقىدىكى مەركىزى كومىتېتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قەتئى ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈرۈشتى. ئۆگۈنۈشكە بارغان رەھبىرى كادىرلارمۇ ئۆزلىكىدىن سەھنىگە چىقىپ كۆز قارشى ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەرەپتىكى ئامىمدا گۇنا يوقلىقىنى، ئۇلارنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىگە ئۆزلىرى سەۋەپچى بولغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆز ئىپادىلىرىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن

شىنجاڭدىن بارغان 14 تەشكىلاتنىڭ باشلىقلىرى ھەم شۇ ئورۇنلاردىن كەلگەن كادىرلار سۆزلەپ نۆۋەت لىيۇداۋان دىن كەلگەن ۋەكىللەرگە كەلگەندە ئەتىگەن سائەت بېيجىن ۋاقتى 6 بولۇپ تاڭ ئېتىپ قالغىنى ئۈچۈن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مەجلىسىنى ئەرتىدىن باشلاپ داۋاملىق ئاچىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يىغىننى ئاخىرلاشتۇردى، ئەتىسىدىن باشلاپ كادىرلارنى قاتناشتۇرماي ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ۋىلايەت، ھەم ھەر قايسى نازارەتلار بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ يىغىننى بىر نەچچە كۈن داۋاملاشتۇردى. بۇنىڭ ئۇنۇمى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ مەكتەپ ئىچىدىكى تەرەپبازلىق ، ئىتتىپاقسىزلىقلارمۇ ئاساسەن تۈگەپ ۋەزىيەت خېلىلا ياخشىلاندى.

1969 - يىلى 9 - ئايدا پارتىيەنىڭ 9 - قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ بىز مەكتەپ ئىچىدە نامايىش قىلدۇق، قۇرۇلتاي ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدۇق. قۇرۇلتاينىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈپ خەۋەرلەندۈرۈپ تۇردى. قۇرۇلتاي يېپىلغاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى بىرىنچى سىكرتارى لوڭ شۇجىن شىنجاڭدىن بارغان 26 ۋەكىلنى باشلاپ بىزلەردىن ھال سورىغىلى مەكتەپكە كەلدى. بىز يىغىن زالىغا كىرىپ ئۇلارنى كۈتۈپ ئولتۇرساق لوڭ شۇجىن باشلىق 25 ۋەكىل كىردى، ۋاڭئېنماۋ بولسا ئەڭ ئاخىرىدا كىرىپ يىغىن سەھنىسىنىڭ ئەڭ ئارقىسىدا ئولتۇردى. يىغىن باشقۇرغۇچى لوڭ شۇجىننى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن بىزلەردىن ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ ۋاڭئېنماۋنىڭ يىغىن جەريانىدىكى ئىپادىسى ياخشى بولمىغانلىقىنى، ماۋجۇشى ۋاڭئېنماۋنى گاڭلۇڭ دەپ تەنقىت قىلغانلىقىنى ، جاڭچىڭمۇ ۋاڭئېنماۋنى « ئىككى يۈرەك» دەپ تەنقىت قىلغانلىقىنى ئېيتتى، ھەم قۇرۇلتاي جەريانىدا ئۆزىنى ئوبدان تەكشۈرۈپ خاتالىقىنى ياخشى تونۇمىغانلىقىنى سۆزلىدى.

ئارقىدىن بىر نەچچە كىشى سۆزلىمەكچى بولغاندا تۇۋەندە ئولتۇرغان ئىسيانچى تەشكىلات ۋەكىللىرى «ۋاڭ ئىنماۋ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنى تەكشۈرسۇن» دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاقىرىشىپ كېيىنكىلەرنىڭ سۆز قىلىشىغىمۇ ئىمكان بەرمىگەنلىكتىن يىغىن باشقۇرغۇچى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ۋاڭئىنماۋ ئۆزىنى تەكشۈرىدۇ دەپ يىغىن زالىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى پەسەيتكەندىن كېيىن خۇلەنسەي سۆزلىدى، ئارقىدىن ئىسيانچى تەشكىلاتنىڭ شىنجاڭدىكى باش كاتىۋىشى ياڭلىيى سۆزلەپ يەنىلا ۋاڭ ئىنماۋنى تىلغا ئېلىپ بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىشى بىلەن يىغىن زالىدا «ۋاڭ ئىنماۋ ئوتتۇرىغا چىقسۇن» دېگەن ۋاقىراش ـ جاقىراشلار پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ ياڭ لىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ۋاڭ ئىنماۋنى ئوتتۇرىغا چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. ۋاڭ ئىنماۋ چىقىپ «يولداشلار مەندە خاتالىق بار» دېگەن گەپنى ئارانلا دېيەلىدى. ئاخىرىنى سۆزلەشكە ئىمكانىيەت بەرمىگەنلىكتىن يىغىن باشقۇرغۇچى ئارانلا دىگىدەك يىغىندىكىلەرنى تىنجىتىپ، بۈگۈن ۋاڭ ئىنماۋنىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈشىنى جوڭياڭ ئورۇنلاشتۇرمىغان، جوڭياڭ ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن چوقۇم ئۆزىنى تەكشۈرىدۇ دەپ ئالدىراپ ـ تېنەپ يىغىنىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئۇختۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى. بىزمۇ ياتاقلىرىمىزغا چىقىپ كەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن لوڭشوجىن ئىتتىپاقسىزلىق ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ قويۇپ قويرۇقىنى تىكىۋەتتى.

شۇندىن كېيىن مەكتەپتە ئىتتىپاقسىزلىق، ئۇرۇش ـ جىدەل بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپىيىپ مەكتەپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىمۇ ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالغىنى ئۈچۈن پالاچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ئۆگىنىشكىمۇ قاتناشماي خالىغانچە سىرتلارغا چىقىپ بىر ـ بىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا يىغىنلارنى ئېچىپ ئۆز ـ ئارا، قارمۇ ـ قارشىلىق

تېخىمۇ كۆچىيىپ كەتتى. ۋەكىللەر ئىچىدىكى كۆپ سانلىق تەشكىلات تەرەپ شىنجاڭدىكى 30 نەچچە تەشكىلاتنىڭ نامىدا «ئوچۇق خەت» دېگەن نىمىنى ئېلان قىلىپ، جوڭيانىڭغا، جوڭيانىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلىش گورۇپپىسىغا، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق گوۋيۈەنخۇي، شىنجاڭ جۇنچۈي بىڭتۇەن قاتارلىق ئورۇنلارغا ھەممە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى كۆپ سانلىقلار تەشكىلاتلىرىغا ئىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋەزىيەت مەكتەپتىلا ئەمەس شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە كەسكىنلىشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن جۇزوڭلى مەكتەپكە ئىككى قېتىم كېلىپ مەكتەپتىكى ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىپ كۆپ سانلىق تەشكىلات ۋەكىللىرىنىڭ يازغان ئوچۇق خېتىنىڭ نىشانىسى، ئۇسۇلىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، ئاز سانلىقلارنىڭ شىنجاڭدىكى بەزى تەشكىلاتلىرىنىڭ پاكىستاننىڭ ئامبارلىرىنى بولىغانلىق خاتالىقلىرىنى تەنقىت قىلدى. 2 ـ قېتىم كەلگەندە كۆپ سانلىق تەشكىلات ۋەكىللىرىنىڭ ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ ۋەزىيەتنى يامانلاشتۇرۇۋاتقان خاتالىقىنى تونۇشى ۋە ئۇنى تۈزۈتۈش ئىپادىسىنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى، ئاز سانلىق تەشكىلات ۋەكىللىرى ئوچۇق خەت ئېلان قىلغاندا ئۆزىنى توتۇۋالغانلىقىنى تەقدىرلىدى، بۇ شۇ ۋاقىتتىدا جوڭيانىڭنىڭ «ئىككى چىنە سۇنى تەك كۆتەرگەنلىكى» ئىكەن.

1969 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بىز ئوقۇۋاتقان ھاۋا ئارمىيە مەكتىۋىگە ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئىككى تەرەپ تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆگۈنۈشكە كەلگەنلىكى ئۈچۈن جوڭيانىڭ بىزنىڭ شىنجاڭغا قايتىشىمىزنى ئورۇنلاشتۇردى. بىز شىنجاڭغا قايتىش ئارىلىقىدا جوزوڭلى باشلىق جوڭيانىڭ جىڭ جىجۈي (دائىمىي كومىتېت) نىڭ ۋىيىۋەنلىرى شىنجاڭ ئىنقىلاۋى ۋىيىۋەنخۇي ئەزالىرىنى يەنە بىر قېتىم قوبۇل قىلىپ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شىنجاڭ ئىنقىلاۋى ۋىيىۋەنخۇيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنقىلاپنى تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا يوليورۇق

بەردى، بىز شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ 3 كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىۋىگە يىغىلدۇق.

## 18. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە 2 ـ قېتىم ئوقۇشۇم

بىز شىنجاڭغا قايتىپ كېلىش ئارىپسىدە جوزوڭلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى لوڭشوجىنىغا تېلېفون بېرىپ ئەگەر شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئوڭشالمىغان بولسا بىزنى ئۆز ئورۇنلىرىمىزگە قايتۇرماي ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىدا داۋاملىق ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ياخشىلانغاندىن كېيىن ئۆز ئورۇنلىرىمىزغا قايتۇرۇش توغرىلۇق يوليورۇق بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش قورۇلۇش بىڭتۈەنى ۋە ئورۇمچى شەھەردىن بارغانلارنى باشقا ھەر قايسى ۋىلايەت، نازارەت، ئىدارە، كان كارخانىدىن بارغان كادىرلارنى پارتىيە مەكتىۋىدە داۋاملىق ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇردى.

مەكتەپنىڭ سىياسى ھاۋاسى، تەبىئى مەنزىرىسى 65ـ، ـ 66 يىلى بىز ئوقۇغان ۋاقىتتىدىكىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى، مەكتەپنىڭ سىنىپلار ۋە سەھنىلىرى توپا چاڭغا توشۇپ كەتكەن ھەم ئۈمۈچۈك تورلىرى قاپلاپ كەتكەن، سىنىپ، ئاشخانىلارنىڭ ئەينەكلىرى چېقىلىپ ۋەيرانە ھالەتتە بولۇپ خۇددى ئۆتمۈشتىكى سۇلاق خانىلارغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئوقۇتقۇچىلاردىن بىر ـ ئىككى تەرجىماندىن باشقىلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئاشپەزلەردىن ئاران بىر نەچچىسىلا بولۇپ ئۇلار بىزگە 3 ۋاق موما، بەزىدە سويۇق ئاش ئېتىپ بەرگەندىن باشقا ياخشىراق تاماقمۇ يوق ئىدى. ھەتتا كۈنىگە 2 ۋاق بېرىلگەن مومىغا بىرەر تەخسە سەيمۇ بەرمەيتتى. بىزگە بېرىلگەن 2 دىن مومىنى ئوتتۇرىدىن ئاجرىتىپ ئاشپەز ئۈستام قېشىغا ئاپارساق بىر نەچچە تال تۇزلۇق سەينى مومىنىڭ ئىچىگە سېلىپ بەرسە

قايناقسۇ بىلەن يەيتتۇق. سىرتقا چىقىپ تاماق يېيىشكە رۇخسەت قىلىنمايتتى. بىز بۇرۇنقىدەك ئاشپەزلەر ئۈستىدە پىكىر قىلالمايتتۇق. چۈنكى شۇ ۋاقىتلاردا مەكتەپتە خىزمەت توختىغان بولۇپ پۈتۈن ئىشچى خىزمەتچىلەر ئىشقا كەلمەي ئۆز ئۆيلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ شەخسى ئىشى بىلەن شۇغۇللانغىنى ئۈچۈن ئايلىق ئىش ھەققىنىمۇ ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ تارقىتىپ بېرىدىكەن، بۇنداق ئەھۋالدا بىر نەچچە ئاشپەزنىڭ مەكتەپكە كېلىپ بىزگە تاماق قىلىپ بەرگىنى ئۈچۈن ئۇلارغا پىكىر بېرىش ئەمەس بەلكى ئۇلارنى مەدھىيلەشكە تېگىشلىك ئىكەن. شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ بەزى قىلغان قوپال مۇئامىلىسىنىمۇ ھار ئالماي ئۇلارنى ماختاپ، بەرگەن تاماقنى يېيىشكە مەجبۇر بولدۇق. لېكىن (بېيجىڭدا نورمىسىز ياخشى تاماقلارنى يەپ سەمرىپ كەتكەن بەزى كىشىلەر شىنجاڭغا كېلىپ بىر نەچچە كۈندىلا سولىشىپ خۇددى قورۇلۇپ كەتكەن شاپتۇلدەك بولۇپ قالدى. (يالغۇز يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى مەسىلىلەرلا ئەمەس سىياسى جەھەتتىكى بېسىم روھى جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈك بىزنى بەكمۇ ئېغىر ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. )

پارتىيە مەكتىۋىدىمۇ بىزلەرگە ھەربىلار مەسئۇل بولۇپ، بىزنى بەن، گۇرۇپپىلارغا ئايرىغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئۆگۈنۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن ۋاڭ ئىنماۋنى پىپەن قىلىش ۋە ئۆز « خاتالىقىمىزنى »تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. تەكشۈرۈشتە ئاپتونوم رايون، ئۆزى تورۇشلۇق ئورۇننىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، خاتالىقنىڭ مەنبەئىنى ئىدىيە جەھەتتە چوڭقۇر قېزىپ، ئۇنىڭ تارىخى، ئىجتىمائى، سىياسى مەنبەلىرىنى تېپىپ چىقىپ، يۇكسەك پىرىنسىپقا كۆتۈرۈپ، خاتالىقنىڭ ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، بايرىغى روشەن ھالدا جوڭيالىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا يېقىندىن ئەگىشىپ، سىياسى جەھەتتە، ھەرىكەتتە بىردەك بولۇش دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىزگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ كۆز قارىشى

ئىسيانكارلارنىڭ كۆز قارىشىغا ئوخشاش بولغىنى ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلىرىمىزنى بايان قىلىشىمىزغا پەقەت يول قويۇلمىدى. پىپەننىڭ ئوبىكتىپ ۋاڭ ئىنماۋ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ خەلققە، ئىنقىلاپقا پايدىلىق بارلىق ئىشلىرىمۇ خاتالىق دەپ قارالدى، مەسىلەن ئۇنىڭ 67 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىنقىلاپنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدە ئاچقان يىغىنىمۇ «قارار يىغىن» دەپ قارالدى. ئۇنىڭغا قوشۇلمىغانلار قاتتىق تەنقىت قىلىندى.

شۇ چاغدا بىزگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ بىزگە قىلىۋاتقان مۇئامىلىسى بەكمۇ قوپال بولۇپ، جىنايەتچىلەرگە قارايدىغان قاراۋۇللارنىڭ جىنايەتچىلەرگە قىلغان مۇئامىلىسىدىنمۇ بەتتەر ئىدى. گەرچە بىزنى ئۇرۇپ تىللىمىسىمۇ چاقىرغاندا ئىسمىمىزنىمۇ ئاتىماي « داڭچەنپەي ـ ھوقوقدار» دەپ چاقىراتتى.

مەن بار گورۇپپىدا 18 نەپەر كىشى بولۇپ مەندىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى خەنزۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تارقىتىلغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە بولۇپ تەرجىمان بولمىغىنى ئۈچۈن، خەنزۇچىنى ئانچە ـ مۇنچە ئۇقساممۇ خەنزۇچە بىلمەيمەن دەپ ئولتۇراتتىم. ئۇلار نەلەردىندۇ بىرەر پارچە ئۇيغۇرچە ماتېرىيال تېپىپ ئەكىلىپ بەرسە ئۇنى بىر نەچچە كۈنگىچە تەكرار كۆرۈپ مۇزاكىرىلەرگىمۇ پىكىر قاتناشتۇرماي ئولتۇراتتىم. گەرچە بۇ مەن ئۈچۈن بىردىن ـ بىر پۇرسەت بولسىمۇ 17 خەنزۇ ئىچىدە ئەتىدىن كەچكىچە جىم ئولتۇرۇش بەك ئېغىر كېلەتتى.

لوڭشۇجىن ئىلگىرى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شۇجىسى بولغاندا ئاز ساندىكى ئىسيانكارلارنى قوللاپ كۆپ سانلىق ئاممىنى قانلىق باستۇرۇپ ئاتالمىش جوڭيياڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىش گورۇپپىسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش ئۈچۈن

ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى، گۇۋيىخۇيىنىڭ بىرىنچى جورنى قىلىپ ئۇۋەتىلگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئۆزىنىڭ كونا جاللاتلىق كەسپىنى شىنجاڭدا داۋاملاشتۇرۇپ كۆپ سانلىق تەرەپتە تۇرغان كادىر ۋە ئاممىنى قانلىق باستۇردى. بېسىم قانچىلىق ئېغىر بولسا، ئۇنىڭغا بولغان قارشىلىق شۇنچە كۈچلۈك بولىدىكەن. يۇقىرىقىدەك ئېغىر بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن كۆپ سانلىق تەرەپتىكى ئامما ئۇنىڭ بەلگۈلىگەن قائىدە نىزاملىرىگە بوي سۇنماي ھەممە ساھەلەردا قوزغۇلۇپ قارشى چىققانلىقى ئۇچۇن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى خېلى ئۆزۈنغىچە تېنچىمىدى، بۇنىڭدىكى مەسئۇلىيەتنى ئۇ ۋاڭ ئېنماۋغا ئىتتىرىپ قويىدى. ھەتتا جوڭگو سوۋېت چېگراسىدا بىر نەچچە قېتىم توقۇنۇش يۈز بېرىپ سوۋېت ئەسكەرلىرى چېگرادىن ئۆتۈپ دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنىغا ھوجۇم قىلغاندا ئۆز ۋاختىدا كۈچلۈك زەربە بېرىپ چېكىندۇرمەي «شىنجاڭنىڭ باغۇ ـ بوستانلىرىدىن ، كۆلىنىڭ (ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى دىمەكچى) قاقاس تاغلىرى ياخشى» دەپ قارىشى تۇرماي تەسلىمچىلىك قىلغاندا جوڭياڭ ئۇنى تەنقىت قىلسا، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ھەربىلەر ئىچىدىكى زەھىرى تازىلانمىغانلىقى ئۇچۇن چېگرادىكى ھەربىيلەر بويرۇقىمغا بوي سۇنمىدى دەپ يالغان دوكلات قىلغانلىقىنى كېيىن ئۇقتۇق.

لوڭشۇجون بىزلەرنى پارتىيە مەكتىۋىگە يىغىۋېلىپ سىياسى، ئىدىيە ۋە تۇرمۇش جەھەتتە بېسىم ئىشلىتىپ قېيناپ بوي سۇندارماقچى بولغان بولسىمۇ، بىزنىڭ ئىرادىمىزنى بوي سۇندۇرالمىدى. شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە ھېچ قانداق ئۆزگۈرۈش بولماي قالايمىقانچىلىق، ھۆكۈمەتسىزلىك بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقى ئۇچۇن ئامال قىلالماي« ۋاڭئېنماۋ يەر ئىسلاھاتىدا ئوڭچىلىق قىلىپ شىمال شىنجاڭدىكى چارۋىچىلارنىڭ تەركىۋىنى ئايرىمىغان» شۇنىڭ ئۇچۇن پارتىيە مەكتىۋىدە ئوقۇۋاتقان كادىرلار شىمالى شىنجاڭغا بېرىپ

چارۋىچىلارنىڭ تەركىبىنى ئايرىسۇن دەپ بۇيرۇق قىلغان بولسىمۇ، پارتىيە مەكتىۋىدە ئوقۇۋاتقان 1500 دىن ئارتۇق كادىرلار ئۇنىڭغا بىردەك قارشى چىقىپ« ئالدى بىلەن بىزنىڭ تەركىۋىمىزنى ئايرىپ بىزنىڭ بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەنىنى يۇرگۇزگەن ھوقۇقدار دېگەن قالپىقىمىزنى ئېلىپ تاشلىسۇن ئاندىن بىز باشقىلارنىڭ تەركىۋىنى ئايرىشقا بارىمىز، بولمىسا بىز بارالمايمىز» دەپ چىڭ تۇرىۋالغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇيرۇقىمۇ ئىجرا قىلىنماي سوغا چىلىشىپ قالدى.

ئۇ ھېچ ئامال قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن 1969 - يىلى 12 - ئايدا بىزنى تىيانشان مېھمانخانىسىغا يىغىپ ئۆزىنىڭ بىزگە غەمخورلۇق قىلىپ پارتىيە مەكتىۋىدە ئۆگۈنۈش قىلدۇرۇپ قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى، مۇندىن كېيىن يەنە تەرەپپازلىق قىلىپ، ئاممىنى بېسىپ خاتالىق ئۆتكۈزسەك، قىلچە رەھىم شەپقەت قىلمايدىغانلىقىنى، ئۆز ئورنىمىزغا قايتقاندىن كېيىن خىزمەت كۆرسىتىپ «خاتالىق» قىمىزنى يۇيۇشىمىزنى ئېيتىپ بىزنى ئۆز ئورنىمىزغا قايتىپ كېتىشىمىزگە بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆز ئورۇنلىرىمىزغا قايتىپ كەتتۇق.

## 19. «بىرگە زەربە بېرىش، 3 كە قارشى تۇرۇش» ھەركىتىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىم

مەن ليۇداۋانغا قايتىپ چىقىپ 3 كۈندىن كېيىن ليۇداۋان مىكاڭدىكى ھەربىي ئىدارە قىلىش ۋىيىۋەنخۇيىنىڭ جۇرۇن، فۇجۇرۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، سولچىللىقتا داڭ چىقىرىپ لوڭ شۇجىنىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان سوڭ ئىسىملىك بىر ھەربىي جۇرۇن، گو ئىسىملىك بىر ھەربىي فۇجۇرۇنلىككە تەيىنلىنىپ كانغا چىقتى. ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى ئىسيانكار تەشكىلات بىلەن ئوخشاش بولغىنى ئۈچۈن كانغا كېلىپلا كاندىكى ئىسيانكار تەشكىلات باشلىقلىرىنىڭ يالغان - ياۋىداق

گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلمايلا كاندا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ چوڭ يىغىنى ئېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ سولچىللارنى قوللاپ نام چىقارغانلىقىنى،لېۋداۋاندىمۇ سولچىللارنى قوللايدىغانلىقىنى ئاشكارە جاكارلاپ «كاندا ئوت ئېچىپ ياخشى كادىرلارنى تاۋلايدىغانلىقىنى،يامان ئادەملەرنى تارتىپ چىقىپ ئەدىپىنى بېرىدىغانلىقىنى» ئېيتتى. ھەمدە كۆپ سانلىقلار تەشكىلاتىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ھالدا يامان ئىشلارنى قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمىگەندە ياخشى ئادەملەرنى قوغداپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئېيتىپ ئوچۇق ئاشكارا تىخ ئۇچىنى كۆپ سانلىق ئاممىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتىغا قاراتتى. بۇ چاغدا كاندىكى ئىسيانكارلار خوشاللىقىدىن ئۆزىنى باسالماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ چاۋاك چېلىپ قولۇپىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

شۇ كۈندىكى يىغىندىن كېيىن ئىسيانكارلار ئۆي ـ ئۆيلىرىگە يىغىلىشىپ، مەخپى سۇيىقەستلەرنى پىلانلاپ كۆپ سانلىق تەرەپ تەشكىلاتقا قاتناشقان كادىرلار ھەم كۆپ سانلىق تەشكىلاتنىڭ باشلىقلىرى ئىچىدە «ئەكسىلئىنقىلاۋى گۇرۇھ، شىۋجىڭجويىچى گۇرۇھ، قاتىللىق گۇرۇھى» دېگەن «3 گۇرۇھ» نى ئويدۇرۇپ چىقىپ ئۇلار ئۇستىدە قارا ماتېرىيال يېزىپ ھەربى ئىدارە قىلىش ۋىيىۋەنخۇيغا يوللاپ بەردى. ھەمدە ئۇلار ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، يالغاندىن يىغلاپ تۇرۇپ ئاتالمىش سولچى پرولېتارىيات ئىنقىلاپچىلىرىنى باستۇرغان جاللاتلارنى قاتتىق جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن ھەربى ئىدارە قىلىش ۋىيىۋەنخۇينىڭ ھېلىقى «تەجرىبىلىك» جورۇنلىرى ئىسيانكارلارنىڭ قارا ماتېرىيالىنى كۆپ ساندىكى ئاممىنى باستۇرۇشتىكى ئىنتايىن مۇھىم ئەنگۈشتەر دەپ بىلىپ ھەر قايسى رايون ۋە بۆلۈملەرنىڭ باشلىق ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن يوقىرى كادىرلار، ئاممىۋى

تەشكىلاتنىڭ باشلىقلىرى ۋە كۆپ سانلىقلار تەشكىلاتىدىكى «گومانلىق» مەسىلىسى بار دەپ قارالغانلارنى 3 گۇرۇپپىغا ئايرىپ، ئۆگىنىش كۇرسى دېگەن نام بىلەن يىغىۋالدى. ئۇلارنى ئۆيلىرىگىمۇ قايتۇرماي، بالا ـ چاقىلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشتۈرمەي نەزەر بەنت قىلىپ، ئىسيانكارلاردىن بىر تۈركۈم كىشىنى ئىشچىلار ۋەكىلى نامى بىلەن ئۇلارنى بېقىشقا قويدى. لېكىن ئىسيانكارلار تەرەپتىن قاتناشقان كادىرلارنى ئىشچىلارنىڭ كەچكى تاماقتىن كېيىن ئۆيلىرىگە بېرىپ ئىختىيارى ھەرىكەت قىلىشقا روخسەت قىلىسىمۇ، بىز ئۇنداق ئەركىنلىكتىن بەھىرىمەن بولالمايتتۇق. ئۆگىنىشكە رەھبەرلىك قىلغان ھەربىلار ئاغزىدا ئىككى تەرەپكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىمىز دىسىمۇ، ئەمىلىيەتتە ئىسيانكارلارغا ناھايىتى ئوچۇق چىراي مۇئامىلە قىلىپ ئۇلارغا ئالاھىدە ھېسداشلىق قىلاتتى، بۇنى كۆرگەن ئىسيانكارلار ئۇلارغا ئالاھىدە خوشامەت قىلىپ، سۆزلىگەندە شاللاقلىرى ئېقىپ، سالام بەرگەندە بەللىرى ئىگىلىپ خۇددى دومچەكلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا خوشامەت قىلىشىپ ئېغىز يالاشقانلىرىنى كۆرگىنىمىزدە بىزلەرگە كېيىن قانداق كۈنلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش ئانچە قېيىن ئەمەس ئىدى.

بىزلەرنى ئۆگىنىش كۇرسىگە يىغىۋېلىپ بىر ھەپتە ئۆتمەيلا ئىسيانكارلار تەرەپتە تۇرغان كادىرلاردىن كۆپ قىسمىنى ئىشلەپچىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلىدۇ دېگەن باھانە بىلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇپ كەتتى. قالغانلىرى بولسا بىزنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىمىزگە نازارەت قىلىپ «خاتالىق» لىرىمىزنى پاش قىلىشقا قالدۇردى. ئۇلار ئەمىلىيەتتە بىز بىلەن «جان تىكىپ» كۆرەش ، پېپەن قىلىدىغان «ئاكتىپ» لار ئىدى.

كېلەر ھەپتىسى كان قولۇبىدا چوڭ يىغىن ئېچىلىپ ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ جورۇنى سوڭ XX سۆزلەپ ئاممىۋى تەشكىلات ئىچىگە سۇقۇپ كىرىۋالغان ئەكسىل

ئىنقىلاپچى، شۇۋجېڭجۇيىچى قاتىللارنى تارتىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىيۇەنخۇيىنىڭ فۇجۇرنى گو XX دېگەن ھەربى ئىدارە قىلىش ۋېيىيۇەنخۇيىنىڭ ئاتالمىش بىرىنچى بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىپ كان جوجىڭ رايونىنىڭ شۇجىسى چىڭ شىڭشى قاتارلىق 3 نەپەر كىشىنى تارتىپ چىققانلىقىنى ئېلان قىلىپ قوللىرىنى قايرىپ ئايرىپلان شەكلىدە قىلىپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۇلارنىڭ «جىنايەت» لىرىنى ئېلان قىلىپ كاندا ئۆزلىرى قۇرۇۋالغان تورمىغا يالاپ ئاپىرىپ قاماپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر قېتىمدىن 3 قېتىم چوڭ يىغىن ئېچىلىپ كۆپسانلىقلار تەشكىلاتىغا قاتناشقان كادىر، ئىشچىلاردىن 70 نەچچە ئادەمنى تارتىپ چىقىپ ئۇلارنى قاماپ، كېچە ـ كۈندۈز سوراق قىلىپ، ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان جىنايەتكە ئىقرار قىلدۇرالمىسا ئۇرۇپ، ئېسىپ، ئۇستىگە كېسەكلەرنى ئېلىپ قويۇپ قىيناپ، بىر كونا ئىشچىنى ئولتۇرۇپ كۆمۈر قۇدۇقىغا تاشلىۋېتىپ «ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلىۋالدى، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلدى» دەپ جوڭ خەتلىك گېزىتتە ئېلان قىلىپ ئۆلۈكىنى پىپەن قىلدۇردى. يەنە بىر قۇربانجان دېگەن كونا ئىشچى تاياقتا چىدىماي يالغاندىن كاندا «ياسىن كېرەم باشچىلىقىدا ئەكسىل ئىنقىلاۋى تەشكىلات» بارلىقىنى ئىقرار قىلىپ ۋىجدان ئازاۋىغا چىدىماي ئۆزىنى بىر ئۇستىرا بىلەن بوغۇزلاپ ئۆلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ھەم ئالدىدا ئۆزلىرى ئولتۇرگەن ئىشچىنىڭ ئۆلۈكىنى بالا ـ چاقىسىنىڭ مۇسۇلمانلار قايدىسى بويىچە نامىزىنى ئوقۇپ يەرلىكتە قويۇشىغىمۇ بەرمىدى. شامال كانىيىنىڭ ئىچىگە تىقىپ كۆمۈرنى ئېلىپ بولغان ئازگالغا كۆمۈۋەتتى. قۇربانجان تاياقتا چىدىماي يالغاندىن پاش قىلغانلەرنىمۇ تەكشۇرمەيلا كىچىلىرى تۇتۇپ ھېلىقى ئاتالمىش گۇندىخانىغا قاماپ ئۇلارنىمۇ ئۇرۇپ، ئازاپلاپ ئېغىر ھالدا زەھمىلەندۇردى. بەزىلىرىنى مېيىپ قىلىپ قويدى. شۇنداق ناھەق قامالغانلارنىڭ سانى 150 دىن ئېشىپ

كەتتى، گومانلىق ئۇنسورلار ياكى كىچىكتۇرۇپ قاملىدىغانلار دەپ نەزەر بەنىت قىلىپ قويغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

كاندا كۆپ سانلىق تەشكىلاتقا قاتناشقان كادىر، ئىشچىلاردىن 80% كىشىنى ئەكسىل ئىنقىلاۋى تەشكىلاتقا قاتناشقان دەپ تىزىملاپ، شۇ قاتاردا مېنىمۇ ئەكسىل ئىنقىلاۋى تەشكىلاتقا قاتناشقان دەپ ئالاھىدە زەربە بېرىش نىشانىسى قىلىنىۋالدى.

بىز ئىلگىرى كان قولۇبىنىڭ بىر ئېتىز ئۆيىدە تۇرغان بولساقمۇ، بىزنى تېخىمۇ قاتتىق ئىدارە قىلىش ئۈچۈن كان خەنزۇ ئاشخانىسىنىڭ مەنقۇلات قويىدىغان ئۆيىگە يۆتكەپ، دەزىرىلىرىنى قەغەز بىلەن چاپلانغان قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ، ئىشچىلار جۇسادۇي (ئەمىلىيەتتە گوندىپاي) لارنىڭ نازارەت قىلىپ بېقىشىغا تاپشۇردى. ئۇلار بىزنى سىرتتا ئاچچىقاندا ياكى تەرەتكە ئاچىققاندا يالاڭباشتاق قىلىپ يالىلاپ ئېلىپ ماڭاتتى. ئائىلەمىزدىن بالا ـ چاقىلىرىمىز تاماق ئەكەلسە ياكى كىيىم ـ كېچەك ئەكەلسە تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن بىزگە بېرەتتى. كىنو ياكى يىغىنلارغا ياللاپ ئېلىپ بارسا ھېلىقى گوندىپايلار بىزگە نازارەت قىلىپ ئەركىن يورۇق تۇرۇشىمىزغا روخسەت قىلمايتتى. بالا ـ چاقىلىرىمىزنى يىراقتىن كۆرسەكمۇ، قېشىغا بېرىپ سۆزلىشەلمەيتتۇق. بىز ياتقان ئۆي خۇددى تۈرمىنىڭ ئۆزى بولۇپ، سىرتتىكى ئادەملەرنى كۆرەلمەيتتۇق. بىز ئەتىگەندە سائەت 6 دە تۇرۇپ 8 گىچە ئۆزىمىزنىڭ «گۇنايىمىز» نى يازاتتۇق، تاماق يېگەندىن كېيىن ئاخشىمى سائەت 6 گىچە كېسەك قوياتتۇق. چۈشلۈك تاماقتىمۇ ئىش ئورنىمىزدا يەپ بىرەر سائەتمۇ دەم ئالالمايتتۇق.

2، 3 كۈندە بىر قېتىم مەسىلە تاپشۇرىسەن دەپ بىزنىڭ ئاتالمىش جىنايىتىمىزنى سۆزلىتەتتى. ئەمەلىيەتتىكى ھەقىقى ئەھۋالنى سۆزلىسەك قالايمىقان سۇئال سوراپ ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە يالغان ئىقرار قىلىشقا قىستايتتى، ئۇلار كۈندۈزى ئەمگەككە سالسا كېچىسى خالىغان جايلارغا بېرىپ

ھاراق ئىچىپ مەس ھالدا كېلىپ كېچىسى سوراققا ئېلىپ چىقىپ سوراق قىلىپ، قالايمىقان سوئاللارنى قويۇپ تىللاپ ھاقارەتلەيتتى، بەزىدە ئايرۇپىلان شەكلىدە قىلىپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆزلىرى ئۇخلاپ قالاتتى.

بىر كۈنى ئۇلار مېنى سوراق قىلىپ«سەۋەت شۇيجىڭجۇيىچىلارنىڭ ئىشپىيونى قەلەندەر شەكلىكىگە كىرىۋېلىپ سەن تەۋەككۇلنىڭ ئۆيىدە ھاۋاق ئىچىۋاتقاندا يالغاندىن ئىشىك تۇۋىدە ھەق ...... ئاللا دەپ توۋلىغاندا سەنلەر ئۇنى ئۆيگە چاقىرىپ كىرىپ بىرگە ھاۋاق ئىچىپ ئۇنىڭدىن ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالغان ئۇ ئىشپىيون سەنلەرگە نىمە ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرغان سۆزلىگىن» دەپ تۇرىۋالدى. مەن ئۇ ئىشپىيون ئەمەس قەلەندەر بولۇپ تەۋەككۇل ئۇنى ئۆيگە چاقىرىپ نان بېرىش ئورنىغا ھاراق بەرگەندە ئۇ قەلەندەر بىر رومكا ھاراقنى ئىچىپ چىقىپ كەتكەن دەپ بىز بىلەن بىرگە ئولتۇرغان ئابلىمىت دىگەننى گۇۋالىققا تارتسام،ساڭا ئۇلار ئىسپات بولالمايدۇ، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى دەپ مېنى ئايرۇپىلان شەكلىدە دوڭغا يېتىپ تۇرغۇزۇپ قويدى. بۇ ئاھانەتكە، تۆھمەتكە چىدىيالماي كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى. ئۇلار سەن نىمە ئۈچۈن جىنايىتىڭنى تاپشۇرماي يىغلايسەن، سەن ھازىر نىملەرنى ئويلاپ يىغلىدىڭ جانلىق ئىدىيەڭنى ئېيتقىن دەپ چىڭ تۇرىۋالدى، مەن گەپ قىلغىلى ئۇنىماي جىم تۇرىۋالدىم.

يەنە بىر كۈنى ئۇلار ـ 1968 يىلى كاندا بولغان ئەلەم كۆرۈشىنى سەن پىلانلىغان ھەم ئورۇنلاشتۇرغان، سەن كۆپ سانلىقلار تەشكىلاتىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى، بۇ چاغدىكى جىنايەتلىرىڭنى تولۇق تاپشۇرسەن، بولمىسا سېنىمۇ كاندا ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىللار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىمىز دەپ قىستىغاندا مەن ئۇ چاغدىكى ئەلەم كۆرۈشىدىن قىلچە خەۋىرىم يوقلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىڭغا پاكىت كۆرسىتىپ سۆزلەۋاتسام، بىز بىلەن

بىرگە ئۆگۈنۈشكە قاتنىشىۋاتقان قاتناش رايونىنىڭ شۇجىسى شاۋاماۋت (ئەسلى خەنزۇ بولۇپ مىللىتىنى يوشۇرۇپ ئۇيغۇر بولىۋالغان) دېگەن قاراپ تۇرۇپ يالغان گۇۋالىق قىلىپ ئەلەم كۆرۈشنى بەكرى ھاشىمنىڭ ئۆيىدە يىغىن ئېچىپ مەھەممەت نىياز ئورۇنلاشتۇرغان شۇ كۈندىكى يىغىنغا مەنمۇ قاتناشقان دەپ تۆھمەت قىلدى. مەن ئۇنىڭ تۆھمەت قىلغانلىقىنى ئۇ چاغدا مەن كان ئوت ئۆچۈرۈش بۆلۈمىدە ئاچقان شۇشى بەندە ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى ئىلتىماس قىلدىم، ئۇلار مېنى داۋاملىق ئويلىنىشقا قالدۇرۇپ باشقىلارنى سوراق قىلىشقا باشلىدى.

شۇ كۈنى كەچتە بىزنى بېقىۋاتقان گۇندىپايلار بىزنى يالاپ يالاڭ باشلىق ھالدا ھەيدەپ كان قولۇبىدا قويۇلغان كىنوغا ئېلىپ باردى. كىنو قويۇلۇش ئالدىدا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن ئورۇندا ھېچ كىمگىمۇ گەپ ـ سۆز قىلماي ئولتۇردۇق، كىنو تۈگەپ ياتىقىمىزغا قايتىش ئۈچۈن ئورنىمىزدىن تۇرىۋاتقاندا ئەمدىلا 4 ياشقا كىرگەن ئەڭ كىچىك ئوغلۇم ئەركىن «دادا ..... دادا» دەپ قېشىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى، مەن ئۇنى قۇچۇقۇمغا ئالاي دەپ تۇرسام ھېلىقى بىزنى بېقىۋاتقان گۇندىپايدىن بىرسى يۈگۈرۈپ كېلىپ بالامنى دۈشكەللەپ ھەيدىۋېتىپ مېنى سەن «ئىنتىزام» نى ئۇقامسەن دەپ تىللاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بالامغا قىلغان بۇ ئەسكىلىكىگە قوسقىم كۆپۈپ مەن زادى نىمە ئىش قىلغان ئادەم، بۇنداق دەرت تارتقۇچە ئۆلۈپلا تۈگەشسەم بولىمامدۇ دەپ قاتتىق ئويلاپ ئۆزۈمنىڭ ياتاققا قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلمەي قاپتىمەن، ياتقان بولساممۇ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم، ئاخىرى كىچە سائەت ئون بولغاندا ا سىرتقا چىقىشقا روخسەت سوريدىم، مەن بىلەن يەنە ئىككى كىشىمۇ بىرگە چىقماقچى بولدى، بىزنى بېقىۋاتقان «گۇندىپايدىن» بىرسى بىزنى ئوبۇرنىغا يالاپ بىرگە ئاچىقتى، مەن بىلەن بىرگە چىققان ھېلىقى ئىككى كىشى

تاھارەت قىلىپ سىرتقا چىققاندىن كېيىن ھېلىقى گۆندىپاي مېنى چاقىردى، مەن قەستەنگەقوسىقىم ئاغرىپ كەتتى دەپ تۇرىۋالدىم. ئۇلارنىڭ ئاياق تاۋۇشى ئاڭلانمىغاندىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىختىيارسىز چوڭ يولغا چىقىپ قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي بىردەم تۇرغاندىن كېيىن «مەن بۇدۇنيادىكى تۇرمۇشتا نىمە خولۇق كۆردۇم كىچىك ۋاقتىمدا ئاچ زرارلىقنىڭ دەردىنى تارتتىم ، ئەمدى ئەقلىمنى تېپىپ ئوقۇۋاتقىنىمدا ئانامدىن ئايرىلىپ ئۆگەيلەرنىڭ خورلىشىغا ئۇچرىدىم، دۆلىتىمىز قۇرۇلۇپ ئەمدىلا يېڭى ھاياتقا ئېرىشىپ بىر نەچچە يىل بولالمايلا مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى دېگەن بۇ ئاپەت مېنى جازالاۋاتىدۇ، بۇ دۇنيادا مۇشۇنداق ئازاپ چېكىش زادى مېنىڭ پىشانەمگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ، پىشانەمگە بىسىلغان بۇ لەنتى تامغا ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە مېنى مۇشۇنداق قىينارمۇ؟ بۇ كىچىككىنە يۈرۈگىم ئۇزۇن يىللاردىن بىرى قان ـ زەرداپقا تۇشۇپ كەتتى، ئۇ مۇندىن كېيىنكى دەرت ـ ھەسرەتنى قانداقمۇ كۆتۈرەلەيدۇ، تەقدىرگە تەن بىرىپ ماڭا چىراي ئاچمىغان ۋاپاسىز دۇنيادىن خوشلاشقىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ» دېگەن خىياللار بېشىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ماشىنىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ ئۆلىۋېلىش قارارىغا كەلدىمدە يولدىن ئۆتىدىغان ماشىنىلارنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم، شۇ ئارىلىقتا بىر ـ ئىككى ماشىنا ئالدىمدىن تىزلا ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن جان دېگەن شۇنداق تاتلىق نەرسىكەن، ھەر قېتىم شۇنداق قارارغا كېلىپ يولدىن ئۆتىۋاتقان ماشىنىلارنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىمدا، گويا ئاخىرقى قېتىم ئاسماندا يالتىراپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلارغا، يىراقلارغا سوزۇلغان ۋادىلارغا، قاتار ـ قاتار سېلىنغان پاكار ـ پاكار ئىمارەتلەرگە، كانغا يېڭى بارغاندا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن بىرگە سالغان دەرەخزارلىقلارغا نەزەر تاشلايتتىم، سۈزۈك ئاسمان زۇمرەتتەك پاقىرايتتى. مىچىر ـ مىچىر يۇلتۇزلار بوسا كۆزلىرىمنى چاقنىتاتتى.

ئاسماندىكى تولۇن ئاي گويا «ھەي .....! ئىنسان مەن پارچە ئىنسانلارنىڭ كىچىدىكى قاراڭغۇ يولىنى يورۇتقۇنۇمدەك سېنىڭمۇ ماڭىدىغان يولۇڭنى يورۇتۇپ بېرىمەنغۇ» دېگەندەك ماڭا مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بولسا ھەي ئىنسان ھايات ئۇلۇق، مەنسىز ئۆلۈم ئەخمەقلىق! ياشا ...... ھاياتلىقنىڭ پەيزىنى سۈر» دېگەندەك ئاگاھلاندۇرۇشلەرنى بېرەتتى. يۇلتۇزلارنىڭ بەزىلىرى بولسا نەلەرگىدۇر ئېقىپ چۈشۈپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرەكلىرىم دۈپۈلدىگەن، پۈت ـ قوللىرىم تىترىگەن ھالدا ئۆزۈمنى ماشىنا ئاستىغا ئېتىشقا جۈرئەت قىلالماي نەچچە ماشىنىنى ئۆتكۈزىۋەتتىم. قەلبىمدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىق ھېسسىياتلار كۆزلىرىمدىن ياش بولۇپ ئوخچۇپ چىقىۋاتاتتى. بىردىنلا «ياشا! دۈشمەنلىرىڭدىن ئىنتىقام ئال، بۇ قاراڭشۇلۇق ھەممىشە تۇرىۋەرمەيدۇ، ئاينىڭمۇ 15 شى قاراڭغۇ بولسا، 15 شى ئايدىڭ بولىدۇ. پات يېقىندا يورۇق كۈنلەرمۇ كېلىدۇ، ئۈمۈتۋار بول، سەن ھېچ نىمىنى ئويلىمىساڭمۇ 6 بالاڭنىڭ ئىستىقبالىنىمۇ ئويلىمامسەن؟ سەن ئۆلىۋېلىپ دەرت ـ ئەلەمدىن قۇتۇلغىنىڭ بىلەن، پەرزەنتلىرىڭ ئۆمۈر بويى دەرت ـ ئەلەمدىن قۇتۇلالمايدۇ » دېگەندەك سادالار قولاق تۈۋۈمدە جاراڭلايتتى. شۇنداق تۈگىمەس خىياللار بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم ھېلىقى كوندىپاينىڭ «ھەي داڭچەنپەي (ھوقوقدار) سەن نىمە ئىشقا يولغا چىقىۋالدىڭ، قاچاي دەمسەن؟ دېگەن زەھەرلىك تىللاشلىرى مېنى چۆچىتىۋاتتى. مەن ياق ـ ياق! دەپ كەينىمگە يېنىپ ياتاققا قاراپ ماڭدىم، ياتاققا كىرە ـ كىرمەيلا ھېلىقى گوندىپاي ئۆز جوجايىنىغا چىقىشتۇرۇپ «قېچىپ كېتىشكە يولغا چىقىۋاپتىكەن، تۇتىۋالدىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى خوجايىنىمۇ مېنى بىر مۇنچە تىللاپ ئاغزى تالغاندىن كېيىن ئەتە ھېساۋاتىنى يىراق ئالماقچى بولۇپ مېنى يېتىشقا بويرۇق قىلدى. مەن ياتقان بولسامۇ پەقەت ئۇخلىيالمىدىم. ئەتىسى

ئەتىگەندە كۆڭلۈم ئېلىشىپ، تاماقمۇ يېيەلمەي ئاشخانا ئالدىغا چىقىپ قۇرۇق ھۆ قىلىپ ئولتۇرسام يولدۇشۇم كېچە بەنزىسىدىن قايتىشتا مېنى كۆرگەن بولسىمۇ، قېشىمغا كېلىپ ئىككى ئېغىز ئەھۋال سوراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ئۆي تەرەپكە كېتىپ قالدى.

يۈرۈكىمدىكى بۇ جاراھەتنى ساقايتىش قولىدىن كەلمىسە، ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ دەپ ئۆزۈن ئويلاپ شۇنداق بىر قارارغا كەلدىم. دۈشمەن ئالدىدا تىز پۈكۈپ يالغان ئېيتىپ ئاما ئالدىدا شەرمەندە بولۇپ ئۆلگەندىن كۆرە، راس سۆزلەپ، دەلمۇ ـ دەل تاقابىل تۇرۇپ مەرتلەرچە ئۆلگەن ياخشى دەپ ئويلۇدۇمدە شۇ كۈندىكى مەندىن ئومۇمى يۈزلۈك ھىساۋات ئالماقچى بولغان گۇندىپايلارنىڭ تەلۋىلەرچە ماڭا قويغان سۇئال ـ سوراقلىرىغا پاكىت ـ ئىسپاتلار بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ رەدىيە بەردىم. ئۇلار مېنى تىللاپ ھاقارەتلەپ ئايرۇپىلان شەكلىدە تۇرغۇزۇپ ئازاپلىغان بولسىمۇ ھېچ قانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى، ئاخىرى چۈشلۈك تاماق ۋاختى بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن مېنىڭ داۋاملىق ئويلۇنۇپ جىنايىتىمنى تولۇپ تاپشۇرۇشىمغا بويرۇق قىلىپ تاماققا كېتىشتى. بىزمۇ تاماققا كىردۇق. لېكىن گىلىمدىن تاماق ئۆتمەيتتى. شۇنداقتىمۇ باشقىلارنىڭ زورلىشى بىلەن ئازراق تاماق يىدىم.

شۇ كۈنى كېچىسى يەنىلا ئۇخلىيالمىدىم، سەھەر پەسلىدە كۆزۈم ئۇيقىغا بېرىپ قاباھەت بىر چۈش كۆرۈپ چۆچۈپ ئويغۇنۇپ كېتىمەن، چۈشۈمدە:«بىر چار يىلان پەيدا بولۇپ ھېچ كىمگە خىرىس قىلماي مېنىڭ قېشىمغا ئېتىلىپ كېلىپ زەھەرلىك تىللىرىنى چىقارغان ھالدا پۇتۇمغا يۆگۈشۈپ ئالدى، شۇ ئارىلىقتا بىر قىزىل خوراز پەيدا بولۇپ يىلاننى چوقۇپ بىر باشتىن ئۇنى يەۋاتقۇدەك، يىلاننىڭ يېرىمى قالغاندا يىلاننىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان قويرۇغى پۇتۇمغا يۆگۈشىپ ئالغۇدەك، مەن ئۇنىڭدىن پۇتۇمنى ئاجرىتالماي ۋايجان دەپ ئويغۇنۇپ كەتتىم».

كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام باشقىلار ئۇخلاۋېتىپتۇ، گەرچە مەن پارتىيە ئەزاسى بولسامۇ چۈشكە ئىشىنەتتىم، شۇڭا مەن تېخىمۇ قورقۇنچ ۋە دەھشەتتە، مېنىڭ بېشىمغا كېلىدىغان يەنە بىر بالايى ـ ئاپەت بار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە تاڭ ئاتقۇزدۇم، ئەمما بۇ چۈشۈمنى ھېچ كىشىگە ئېيتمىدىم. دىگەندەك ئىككى كۈندىن كېيىن كانىنىڭ مىللى ئاشخانىسىدا كاندىكى مىللى ئىشچى خىزمەتچىلەر قاتناشقان يىپەن قىلىش چوڭ يىغىنى ئېچىلدى، بۇ يىغىنغا ئۆگۈنۈش كۇرسىغا قاتنىشىۋاتقان كادىرلارنى ئەكىرىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويدى. مەجلىس باشقۇرغان ئىسيانكارلارنىڭ باشلىقى مەجلىسنىڭ مەخسىدىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ياسىن كېرەمنى ئوتتۇرىغا چىقىپ كاندا قۇرۇلغان«شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋاقىئەلىكىنى» سۆزلەشكە بويرۇق قىلدى، ياسىم كېرەم خىزمەت جەريانىدىكى ئادەتتىكى كەمچىلىكلىرىنى سۆزلەپ تەشكىلات توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىغانلىقى ئۈچۈن «كاندا سېنىڭ باشلامچىلىقىڭدا قۇرۇلغان تەشكىلات» نى سۆزلە دەپ ئىسيانكارلارنىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا قاتتىق بۇيرۇق قىلغاندىن كېيىن ئۇ «مەن تەشكىلات قۇرمىدىم، ئۇنداق ئىشنىمۇ ئۇقمايمەن، لېكىن كاندا ئابدۇجېلىل، بەكرى ھاشىم، مەھەممەت نىياز باشچىلىقىدا بىر گۇرۇھ بار» دەپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالماقچى بولدى. ئاندىن ئىسيانكارلار ماڭا ئېسىلىپ مېنى سۆزلەشكە قىستىدى. مەن ئوتتۇرىغا چىقىپ «ئۇنداق گۇرۇھ دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس،ئەگەر گۇرۇھ مەۋجۇت دىيىلسە، ئۇ گۇرۇھنى گۇرۇھنىڭ باشلىقى بىلىشى مۇمكىن، ئۇنداق گۇرۇھ بەكمۇ مەخپى بولۇپ ئۇنىڭ تەشكىلى ۋە ھەرىكەت پروگراممىسى بولىدۇ. ئۇنى گۇرۇھنىڭ باشلىقلىرى، مۇھىم تايانچلىرى ياكى گۇرۇھ ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ مۇھىم ھوقوقنى ئىگەللىۋالغانلار بىلىدۇ، ياسىن كېرەم شۇ گۇرۇھنىڭ باشلىقى ياكى تايانچىسى بولمىغان بولسا ئۇنى قانداق بىلىدۇ؟

ئۇنىڭ پاكىتلىرىنى سۆزلەپ بەرسۇن» دەپ تۇرىۋالسام مەجلىسكە قاتناشقانلار ياسىن كېرەم سۆزلىسۇن دەپ ۋارقىراشتى، ئۇ سۆزلىگىلى ئۇنىمىغاندا ئىسيانكارلار ئۇنى سۆزلەشكە قىستىدى، گەپ قىلغىلى ئۇنىمىغاندا ئۇردى، تەپتى، ئۇ ۋايجان دەپ تولاپ تۇرۇپ، ئۇنى كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېيتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنى يېزىپ تاپشۇرۇشنى ئېيتتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭ گۇرۇھ مەسىلىسى توغرىلىق يازغان پاش قىلىش ماتېرىيالىنى سۇرۇشتۇرۇپ قوغداش بۆلۈمىنىڭ كادىرى كېرەم قادىر ياتاققا كىرگەندە ئۇ تېخى يازمىدىم، ھازىر يېزىپ بېرەي دەپ بىزنىڭ كارۋىتىمىز ئايىغىغا قويۇلغان جوزىدا بىر نىمىلەرنى يېزىپ«مانا مەن ھازىرچە 5 ماددىلىق قىلىپ قىسقا يازدىم، كېيىن تەپسىلىي يېزىپ تاپشۇرىمەن» دەپ قولىنى قويۇپ كېرەم قادىرغا بەردى. مەن شۇ چاغدا ياتقان بولساممۇ ئۇخلىمىغان ئىدىم، ياسىم كېرەم بىلەن مېنىڭ ھېچ قانداق زىددىيىتىمىز يوق ئىدى. بىراق بېيجىڭغا ئۆگىنىش كۇرسىغا ئۇنى ئەۋەتمەي، مېنى ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن مەن ئۆگىنىشكە مېڭىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ يالاقچىلىرى ئارقىلىق ماڭا خېلى بېسىم ئىشلەتكەن بولسىمۇ، مەخسىدىگە يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ قېتىم مېنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولغان بولىشى كېرەك دەپ ئويلىدىم بىراق بەكرى ھاشىمنى ماڭا چېتىپ قويغانلىقىغا بەك ھەيران قالدىم. چۈنكى مەن بېيجىڭغا ئۆگىنىشكە بارماقچى بولغاندا ياسىن كېرەمنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ مەن بىلەن ئېلىشقان ئىدى. ئابدۇجېلىل بىلەن ياسىن كېرەم ئەزەلدىن چىقىشالمايتتى. ياسىن كېرەمنىڭ ئۈستۈمدىن «5 ماددىلىق» پاش قىلىش خېتى يېزىپ ئىسيانكارلارغا تاپشۇرغان بولسىمۇ، كېيىن ئىسيانكارلار ئۇ توغرۇلۇق مەندىن سۇرۇشتە قىلمىدى، لېكىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە كان قولۇبىدا چوڭ يىغىن ئېچىپ «ياسىن كېرەم بورھاننىڭ كاندىكى گوماشتىسى، ياڭ شەنجىننىڭ مۇرىدى، كاندىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى»

دېگەن ئاتالمىش جىنايەتلەر بىلەن تارتىپ چىقىرىلىپ كاندىكى ھەربى ئىدارە قىلىش ۋىييۇەنخۇيىنىڭ تۈرمىسىغا قامالدى.

گۇمانلىق كىشىلەر قاتناشقان ئۆگۈنۈش كۇرسىدا قۇربانجان دېگەن كىشى ئۇرۇش، قېيىناشقا چىدىيالماي كاندا شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتىنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ باشلىقى ياسىم كېرەم، ئۇنىڭ تەشكىلات بوجىگى (مىنىستىرى) ئابدۇلئەھەد مەخسۇم، تەشۋىقات مىنىستىرى ئابابەكرى، مۇھىم ئادەملىرى ئابدۇجېلىل قاتارلىق بىر نەچچە كىشىنى يالغان پاش قىلىپ ئۆز بېشىدىن قۇرقانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بوغۇزلاپ ئۆلىۋالغاندىن كېيىن باشقىلارنى كېچىدە ئائىلىسىدىن تۇتۇپ ئاپىرىپ قامىغان ئىدى. مەن بىر تەرەپنىڭ تەشۋىقات گۇرۇپپىسىدا تۇرغان چاغلىرىمدا ئۇلار يىغىلغان ئولتۇران ھاراق ئىچىش سورۇنلىرىغا بەزىدە قاتنىشىپمۇ قالغان ئىدىم. ياسىم كېرەمنى تۈرمىغا قامىغاندىن كېيىن ئىسيانكارلار تېخ ئۈچىنى ماڭا قارىتىپ سەن كاندىكى شۇيجىڭجويىچىلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ ھاراق ئىچىشنى بانا قىلىپ قانداق يىغىنلارنى ئاچتىڭ، نىملەرنى مۇزاكىرە قىلدىڭ؟ پاش قىلىسەن دەپ كۈنىگە سوراق، سۇئال قىلىپ قىستاپ، ئايرۇپىلان شەكلىدە تۇرغۇزۇپ قىلمىغان ئېزا - ئاھانەتلىرى قالمىدى. لېكىن مەن ئۇلار بىلەن ھاراق سورۇنلىرىدا بىرگە بولغانلىقىمنى، ئادەتتىكى چاقچاق - پاراڭلارنى قىلىپ ئولتۇرغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بەردىم. لېكىن ئىسيانكارلار بىز ئولتۇرغان جاينى ئەكسىل ئىنقىلاۋى يىغىن ئاچقان ئورۇن، قىلىشقان پاراڭلارنى ئەكسىل ئىنقىلاۋى سۆز دەپ، بۇرمىلاپ مېنىمۇ ئاتالمىش ئەكسىل ئىنقىلاۋى شۇيجىڭجۇيى تەشكىلاتقا چېتىپ بىر قانچە قېتىم قېيىن قىستاقتا ئالغان بولسىمۇ مەن ئىقرار قىلمىدىم.

يەنە مېنى بىر نەچچە يىل سىياسى قانۇن خىزمىتىنى ئىشلەپسەن، شۇ جەرياندا ياخشى ئادەملەردىن كىملەرنى قامىدىڭ، يامان ئادەملەردىن كىملەرنى قانات ئاستىغا ئېلىپ جازادىن

قۇتۇلدۇردۇڭ دەپ قىستىغانلىقى ئۈچۈن مەن ياخشى ئادەملەرگە جاپا قىلمىغانلىقىمنى، يامان ئادەملەرنى قانات ئاستىغا ئالمىغانلىقىمنى سۆزلىدىم. ئۇلارنىڭ بىرگە زەربە بېرىش، 3 كە قارشى تۇرۇش ئىشخانىسى، پوسكام ناھىيىسىگە 3 قېتىم ئالاقە ئەۋەتىپ، ئىككى قېتىم ئادەم ئىۋەتىپ تەكشۈرگەن بولسىمۇ، ھېچ نىمىگە ئېرىشەلمەي دەككىسىنى يەپ قايتىپ كەلدى. پوسكام ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ كادىرى ئابلىمىت ياقۇپىنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدە پاش قىلىپ «چۈشۈپ قالغان پومىشىك، يەرلىك مىللەتچى، توردىن چۈشۈپ قالغان ئوغچى» دېگەن قالپاقلىرىغىمۇ ھېچ قانداق پاكىت تاپالمىدى، شۇڭا مېنىڭ مەسىلەمنى ئۆزۈنغىچە بىر تەرەپ قىلالماي مېنى يالغان ئىقرار قىلىشقا زورلىغان بولسىمۇ مەن بۇرۇنقى سۆزلىرىمدە چىڭ تۇرۇپ داۋاملىق تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالدىم.

بىر كۈنى كان قولۇبىنىڭ مىللىي ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قاتناشقان يىغىن زالىدا چوڭ يىغىن ئېچىلىپ مېنىڭ ئاتالمىش جىنايىتىمنى سۆزلىتىپ ئىپادەم ياخشى بولسا مېنى «ئازات » قىلماقچى بولۇشتى. بۇ يىغىننى ئىسيانكارلارنىڭ كاتىۋاشلىرى باشقۇرغان بولۇپ ھەربى ئىدارە قىلىش ۋىيىۋەنخۇيىدىن ئادەم قاتناشتى؛ مەن كاننىڭ رادىئوسىدا مىكرافون ئارقىلىق توپ ـ توغرا 3 سائەت سۆزلىدىم. قولۇپتىكى مەجلىسكە قاتناشقۇچىلار ئەمەس پۈتۈن كاندىكى ئىشچى ـخىزمەتچى، ئائىلە تاۋاباتلىرىمۇ ئاڭلىدى. بۇنى ئاڭلىغانلاردىن خېلى كۆپ ساندىكىلىرى ياخشى سۆزلىدى دەپ ماختاشقان بولسىمۇ، مەن ئىلگىرى قاتناشقان كۆپ سانلىق تەشكىلاتنىڭ كاتىۋاشلىرى مەھەممەت نىياز بىزنىڭ تەشكىلاتىمىزغا قاتناشقانلىقىنى خاتا دەپ سۆزلىدى، بىزنىڭ تەشكىلاتىمىز ئەكسىلئىنقىلاۋى تەشكىلاتمىكەن. بىزگە «خائىنلىق قىلدى» دەپ جار سېلىشتى. ئەمەلىيەتتە شۇ چاغدا مەركىزى كومىتېتنىڭ ھۆججەتلىرىدە رەھبىرى كادىرلارنىڭ بىر تەشكىلاتقا قاتنىشىپ، يەنە بىر تەشكىلاتنى بېشى خاتا دەپ

ئاللىقاچان بىكىتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسيانكارلار مېنى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دەپ تىللاشتى. مەن چوڭ يىغىندا سۆزلىگەندىن كېيىن «ئازات» قىلىنغانلىقىمنى لېكىن ماۋجۇشۇنىڭ ئىنقىلاۋى لۇشيەنىگە ئىدىيە جەھەتتىن تېخى قايتىپ كەلمىگەنلىكىمنى شۇڭا بىر تەرەپتىن تۆۋەنگە چۈشۈپ ئەمگەككە قاتنىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزەمنى ئىدىيە جەھەتتە داۋاملىق ئۆزگەرتىشىم لازىملىقىمنى ئۇختۇرۇپ 9 ئاي نەزەربەنت قىلىنغان ئۆگۈنۈش كۇرسىدىن چىقىرىلىپ ئەمگەككە قاتنىشىشىمنى ئۇختۇردى.

مەن ئۆگۈنۈش كۇرسىدىن چىقىپ قاتناش رايونىدا ۋاگون ھەيدىدىم، خۇسەي (كۆمۈر ئېلىش) بىرىنچى، ئىككىنچى رايوندا كۆمۈر قاچىلىدىم. ئىش ئورنىدا ئىشلىدىم، كان ۋە شەھەردە دىدو كولىدىم. شۇنداق قىلىپ 70 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 73 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئەمگەككە قاتناشتىم. بۇ جەرياندا قايەردە ئېغىر ئەمگەك بولسا شۇنى قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم، باشقىلار دەم ئالسا مېنىڭ دەم ئېلىشىمغا رۇخسەت قىلىنمىدى. مەن كۆمۈر ئېلىش قانۇنىيەتلىرىنى بىلمىگەنلىكىم، بەزى سايمان ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىسمى خەنزۇچە بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئىسيانكارلار ۋە ئادەتتىكى كادىرلاردىن تىل ھاقارەتلەرنى ئاڭلىدىم ئىككى قېتىم ئېغىر ھالدا خەتەرگە ئۇچراپ زەخمىلەندىم، تېخى «ئۇرغاننىڭ ئۈستىگە تەنمەك» دىگەندەك مېنىڭدىن ھال ئەھۋال سوراش ئۇياقتا تۇرسۇن«ئەمگەك قىلماق تەس كېلىپ ئۆزىنى زەھمىلەندۈۋالدى» دەپ تەنقىت قىلىندىم. شۇ جەرياندا بەكمۇ خارلاندىم، ئازاپ چەكتىم، كادىر بولغانغا بولۇپمۇ رەھبىرى كادىر بولغانغا تېخىمۇ پۇشايمان قىلدىم. دەم ئېلىش كۈنلىرى ياكى ئىشتىن چۈشكەن چاغلىرىمدا ئۆيدىن سىرتقىمۇ چىقالماي جىم ئولتۇرسام بىچارە بالىلىرىم مېنىڭدىن نىمە بولدىڭىز كىمدىن خاپا بولدىڭىز دەپ ئەھۋال سوراپ ماڭا تەسەللى بېرەتتى. شۇ

ۋاقىتتا جان ـ جىگەر پەرزەنتلىرىمدىن باشقا ھېچكىمدىن كۆڭلۈم سۇ ئىچمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 72 ـ يىلى دادام ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ يۇرتقا بارالمىدىم.

ئىنساننىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە دوست ـ دۈشمەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئاشكارىلايدىكەن. مەن تۆۋەنگە چۈشۈپ ئەمگەككە قاتنىشىۋاتقان كۈنلەردە كاندا قاماپ قويۇلغانلارنىڭ مەسىلىسىنى ئىنقىلاش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئېغىر سانائەت نازارىتىدىن خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىپ بىر نەچچە كۈن ئەھۋال ئۇققاندىن كېيىن كاندىكى ئىسيانكارلار ئويدۇرۇپ چىققان «3 ئەكسىل ئىنقىلاۋىي جىنايەت» گە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاماپ قويۇلغانلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن كاندا ياسىن كېرەم كان ئىنقىلاۋى ۋەييۇەنجۇيىنىڭ پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولىدىكەن دېگەن گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئىلگىرى ياسىن كېرەمنى تىللاپ يۈرگەنلەرمۇ ئۇنىڭغا ناماقۇل بولۇپ خۇشامەت قىلىپ قىلمىغان پەسكەشتىلىكلىرى قالمىدى. ھەتتا مېنى ئەڭ ساداقەت ئۆمۈرلۈك دوستۇم دەپ ماختاپ يۈرگەن كىشىلەرمۇ 180 گىرادۇس بۇرۇلۇپ «ياسىن كېرەمنى كاندىكى ئاتالمىش ئىسلام جۇمھۇرىتىيىنىڭ باشلىقى قىلىپ ماتېرىيال بەرگەن كىشى مەھەممەت نىياز» دەپ يوقىرىدىن كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىغا دوكلات قىلدى. ھەتتا يېرىم كېچىلەردە ئۆيۈمگە زورلۇق بىلەن كىرىپ ھاراق ئىچىپ مەس بولىۋېلىپ، «سەن ياسىن كېرەم ئۈستىدە ماتېرىيال بېرىپ قاماتتىڭ» دەپ تۆھمەت قىلدى. مەن ئۇلارغا ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلارغا ياسىن كېرەمنىڭ كېرەم قادىرغا يېزىپ بەرگەن «5 ماددىلىق ماتېرىيالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر مەندىن ئۇ ھەقتە گەپ سورىمىدى. ھېلىقى 2 يۈزلىمچى دوستلىرىممۇ 2 ـ ئېغىز ئاچالمايدىغان بولدى.

مەن شۇ چاغلاردا ئىلگىركى ساۋاقلارنى ئويلاپ ھېچ قانداق ئادەمگىمۇ ئارىلاشمىدىم، ھېيت ـ بايراملاردا ھېچ كىمنىڭ ئۆيىگىمۇ بارمىدىم، شۇ چاغدىكى تۇرمۇش ۋە ھاياتىم ئېغىر ھالدىكى ۋىجدان ئازابىدا ئۆتتى. مەن سەيپىدىن ئېزىزنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇپ چوڭقۇر ساۋاق ئالدىم.

ئېگىلىپ قىلسا سالام مەككار ئىكەن بىلمەپتىمەن،
قاش ئېتىپ ئويناتسا كۆز ھەييار ئىكەن دەپتىمەن.
قەدىردانىم ئۇلپىتىم، جان ـ جىگەر دوستۇم دىسە،
يەڭ ئىچىدە خەنجىرى تەييار ئىكەن بىلمەپتىمەن.
گايىدا بازغانمۇ ئۇردۇم، گايىدا باستىم كۆيەك،
ئوتتا تاۋلاپ كۆرمىگەچكە قويۇپمۇ ـ تۆمۈر بىلمەپتىمەن.
ئايلىنىپ باغلار ئارا قازدىم باھاسىز تاشنى مەن،
ئۇستا زەرگەر بولمىغاچ ئالتۇنمۇ ـ مىس بىلمەپتىمەن.
ئەي رەشىدە ئېچىمگىل بىخوت شارابىن ئەمدى بەس،
جامىدا مەي بارمىكىن ياكى زەھەر بىلمەپتىمەن.

دېگەن شېئىرلىرىنى ۋە باشقىلارنىڭ يازغان شېئىرلىرىدىكى
«خوشامەت قىلسا ئۇ، مەي قويماساقى،
ئۇنىڭدا قىلچە يوق ئادەم سىياقى.
قىلمىشى ئۇياتسىز، ئالدامچى ھەييار،
تىلى قەن دىلىدا باردۇر تۇزاقى.
بى ۋاپا قويسا مەيزاپ ئىچمە ھەرگىز ئالدىراپ
گۆشۇڭنى زىققا ئۆتكۈزمەي قىلور ئۇ، شۇنداق كاۋاپ .

دېگەن شېئىرلىرىنى ئوقۇپ كۆپ ساۋاقلارغا ئىگە بولدۇم. كىشىلەر ئۆز بېشىغا كەلمىگۈچە تۇرمۇشتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگىلى بولمايدىكەن، مەن ئىلگىرى يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ھەمدە سەيپىدىن ئېزىزنىڭ يوقارقى شېئىرلىرىنى ئوقۇغان بولسامۇ، ئۆز تۇرمۇش ھاياتىمدا ئۇنىڭغا سەل قارىغان ئىكەنمەن. بېشىمغا يۇقارقىدەك ئېغىر كۈنلەر كەلگەندىن كېيىن ئۇ جەھەتتىكى بايان ۋە مىسرالارنى قايتا

ئوقۇغىنىمدا شۇ چاغدا دۇشمەنلىرىمنىڭ ماڭا قىلغان زورلۇق ـ زومبۇلۇقى، «دوستلىرىم» نىڭ ماڭا قورغان تۇزىقى مېنى چوڭقۇر ساۋاققا ئىگە قىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئىنسان ئۈچۈن ھاياتلىق ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىكەن، ئەنە شۇ قىممەتلىك نەرسىگە جۇدالىق، ئازاپ، ھەسرەت، غېرىپلىق، مىسكىنلىك يەنە تۈرلۈك ئېغىر قىسمەتلەر يوشۇرۇنغان بولىدىكەن. بۇنى ئۆز ۋاقتىدا بىلىپ كېتەلمەيدىكەنمىز، ئۇنى چۈشەنگەن ۋە بىلگەن چېغىمىزدا ھەسرەت نادامەت چېكىپ ياشىماقتىن باشقا ئامال يوقكەن، دۇنيادا ھەممە كېسەلگە دورا تېپىلىدىكەن ئەمما پۇشايمانغا ھېچ قانداق دورا تېپىلمايدىكەن، ھەسرەت، نادامەت، پۇشايمەن، ۋىجدان ئازابىدا ئۆتكەن بۇ ھاياتلىقنىڭ بىر كۈنى بىر يىلدەك بىلىنىدىكەن، ھەمدە كىشىنى ئاسان قېرىتىپ ھالىدىن كەتكۈزىۋېتىدىكەن. 1973 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مەن ئەمدىلا ئەمگەكتىن قايتىپ كېلىپ تاماق يەۋاتسام ياسىن كېرەم ناھايىتى خوشال بولغان ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭغا چاي قويۇپ تاماققا تەكلىپ قىلدىم، ئۇ ئالدىغا قويغان بىر پىيالە چاينى ئېلىپ بىر ئوتلاپلا داستىخانغا قويغاندىن كېيىن ماڭا سىز ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا بارماڭ، 8 قەۋەتكە مەجلىسكە كىرىمىز دىدى، مەن ئۇنىڭدىن نىمە مەجلىس ئىكەنلىگىنى سورىسام، ئۇ ھازىر شىنجاڭغا جوڭيادىن ۋاڭ خۇڭۋېن بىلەن لى دىشىڭلار كەلدى، شىنجاڭنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ جايلاردىكى ئىنقىلاۋى ۋېيىۋەنخۇيلارنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنى قۇرماقچى ئىكەن، شۇڭا كاندىكى بىر قانچە كان دەرىجىلىك كادىرلارنى 8 قەۋەتكە يىغىنغا چاقىرىپتۇ، شۇڭا ئەتە بىرگە مەجلىسكە كىرىمىز دىدى. مەن باشقا گەپ قىلماي ماقۇل دىدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە ياسىن كېرەم بىلەن يىغىنغا كىردۇق. مەن يىغىنغا كىرسەم كاننىڭ بۇرۇنقى شۇجى، فۇشۇجى ۋە مۇئاۋىن كان باشلىقلىرىمۇ يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ئىكەن. بىز 3 كۈن يىغىنغا قاتناشقاندىن كېيىن بىر كۈنى ئەتىگەندە بىزلەرنى

ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا ئاپىرىپ يوقىرىنىڭ خىزمەتكە تەيىنلەش ئۇختۇرۇشىنى يەتكۈزدى. مېنى كان پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، كان ئىنقىلاۋى ۋىيىۋەنخۇيىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىمنى ئۇختۇردى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خىزمەت تەقسىماتىنى ئېلان قىلىپ مېنىڭ كان ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرى، كان قوغداش بۆلۈم، قوراللىق بۆلۈم، ئىستېپاق كومىتېتى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ھەمدە كاننىڭ سانجىدىكى دېھقانچىلىق ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىگەمەسئۇل بولىدىغانلىقىمنى ئۇختۇردى. بىر يىلدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە بېرىپ قايتا تەربىيە ئېلىش ئىشلىرىغىمۇ مەسئۇل بولدۇم. ماڭا تەقسىم قىلىنغان خىزمەتلەرنىڭ دائىرىسى كەڭ، مۇرەككەپ، جاپالىق ئىشلار بولغانلىقى ئۈچۈن كۈندۈزى كاننىڭ ۋە مەن مەسئۇل بولغان ئورۇنلارنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ھېرىپ - ئېچىپ ئۆيگە كەلسەم ئۆيدىمۇ خاتىرجەم ئولتۇرغۇزمايتتى. كاندا كېسەل بولۇپ قالغان، خەتەرگە ئۇچرىغان ۋە باشقا قىيىنچىلىقى بارلار ئۆيگە كېلىۋېلىپ، تۈزۈمگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەلەپلەرنى قويۇپ ئۆيدە ئولتۇرىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ تەلىۋىنىڭ ھەل بولمايدىغانلىقىنى ئېيتسام ھەر خىل يامان سۆزلەرنى قىلىپ جەدەل قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەپتىدە ئىككى كۈن كېچە - كۈندۈز 48 سائەت كاننىڭ قۇدۇق ئاستى ۋە ئۈستىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ دىجورنى ئىشخانىسىدا ئولتۇراتتىم. بۇ جەرياندا خەتەرلىك چىقىپ قالسا ئۇنىڭغا مەن مەسئۇل بولغانىنىڭ سىرتىدا باشقىلار دىژورنىلىك قىلغاندا خەتەرلىككە ئۇچرىغان مىللىيلارنىڭ ئۆلۈم ۋە ئېغىر زەخىملەنگەنلەرنىڭ ئىشىغىمۇ مەن مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلاتتىم. چۈنكى مەن كان ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا مەسئۇل بولغانلىقىم ، كاننىڭ مىللى باشلىقى بولغانلىقىم ئۈچۈن باشقىلار ماڭا ئىتتىرىپ قوياتتى. خەتەرلىك

بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ بالا ـ چاقىلىرى، ئۇرۇق تۇغقانلىرى تۇزۇمگە ئۇيغۇن بولمىغان تەلەپلەرنى (بالا- چاقىسىنى ئۆلگەنلەرنىڭ ئورنىغا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىش، ھەتتا يېزا ئىگىلىكىدىكى ئاتا ـ ئانىلارنى شەھەر نوپۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق) قويۇپ ئۆلگۈچىنى كۆمۈشكە ئۇنىماي تۇرىۋالغاندا ئۇنىڭغا قوشۇلمىسام ئاغرىغا نىمە كەلسە شۇنى دەپ تىللايتتى، بەزىدە كاندا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققانلار ئاغرىپ دوختۇردا يېتىپ قالسا ياكى ئۆلۈپ كەتسە يېرىم كېچىلەردىمۇ مېنى چاقىرىپ بىر تەرەپ قىلىشىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغاندا ئىقتىسادى جەھەتتە ياردەم قىلماقچى بولۇپ پۇل تەستىقلاپ بەرسەم مالىيەگە مەسئۇل باشلىقلار قوشۇلغىلى ئۇنىماي ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ كاننىڭ خەنزۇ شۇجى ۋە كان باشلىقلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپمۇ قالاتتىم، ئۇندىن باشقا قوغداش بۆلۈمىدىكى جېدەل ـ ماجرا قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ سانجىدىكى قوشۇمچە دىخانچىلىق قىلىۋاتقان نوپۇسىزلارنىڭ ئىشلىرى، پىلانلىق تۇغۇت مەسىلىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنىڭ ھەممىسىنى مېنى بەك ئاۋارە قىلاتتى.

مەن يوقارقى ئىشلارنى تۇگۇتەلمەي ئالدىراش ئىشلەۋتقاندا 75 ـ يىلى ئۇرۇمچى شەھەر بويىچە قانۇنسىز سېلىۋالغان ئۆي قورۇلۇشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇختۇرۇشىغا ئاساسەن كاندىكى قانۇنسىز سېلىۋالغان ئۆي قورۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇچۇن كاندا بىر تەشكىل قورۇلۇپ ئۇنىڭغا مېنى باشلىق يەنە بىر خەنزۇ كادىرنى مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى، كاندا يىغىدىن ئىشچىلىققا تىزىملىغان 30 نەپەر خەنزۇ، 12 نەپەر ئۇيغۇر بالىنى بىر ئەترەت قىلىپ مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا تاپشۇرۇلدى. باشقا كان باشلىقلىرى كاندىكى كىچىك يوللاردىكى قانۇنسىز ئۆي ، قورۇلۇشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولدى، لېكىن مەن مەسئۇل بولغان جاي چوڭ يول ئەتراپىغا سېلىۋالغان هويلا قورۇسى، مەسجىد قورۇسى قاتارلىق جايلار

بولۇپ، ئۇ جايلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن تەس ئىسى. بىز دەسلەپ مەسجىتنىڭ يول ياقىسىغا سېلىنغان قورۇنى چاقماقچى بولدۇق، بۇ مەسجىتتە پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ناماز ئوقۇيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار مەسجىت ئىچىدە جاي ناماز، تەرەت ئالىدىغان چۆگۈن، ئېۋرىق قاتارلىق نەرسىلەر بار، ھازىر مەسچىت تېمىنى چاقساڭلار يوقىرقى نەرسىلەر توپا ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالىدۇ. شۇڭا بىز ئۇ نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋېلىپ ئۆزىمىز چىقىپ بېرەيلى دىدى، مەسچىت تېمىنى چېقىشتىن ئىللگىرى پېنسىگە ئۆتكەنلەرنىڭ ۋەكىللىرى كان ئىنقىلاۋى ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ قانۇنسىز ئۆيلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىلىق ئېچىلغان يىغىنىدا قوشۇلغان ئىدى. شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ پىكىرىگەقوشۇلۇپ مەسچىتنىڭ تېمىنى چاقماي، كېتىپ قالدۇق، چۈشتىن كېيىن تۇرسام مەسچىتتىكى جامائەت ئىككى ئادەمنى ئۆزلىرىگە ۋەكىل قىلىپ ئېۋەتىپتۇ، ئۇلار: «بىزنىڭ مەسچىت تېمىنى چېقىشقا قولىمىز بارمىدى(جۈرئەت قىلالمىدۇق) شۇڭا ئۆزلىرى كېلىپ چاقسۇن» دىگەنلىكى ئۈچۈن چۈشتىن كېيىن مەسچىتنىڭ يول تەرەپتىكى تېمىنى چاقماقچى بولۇپ ئادەملەرنى باشلاپ مەسچىتقا بارسام، جامائەت مەسچىت ئىچىدە ناماز ئوقۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن بىر سائەتتىن ئارتۇق ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرساق، جامائەت مەسچىتتىن چىقماي ئولتۇرىۋالدى، مەن مەسچىت ئىچىگە كىرىپ ئۇلارغا يوقىرىنىڭ قانۇنسىز سېلىنغان ئۆي، قورۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى يوليورۇقىنى، پېنسىگە چىققانلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ئىنقىلاۋى ۋېيىۋەنخۇينىڭ يىغىنىدا مەسچىتنىڭ چوڭ يول تەرەپتىكى تېمىنى چېقىشقا قوشۇلغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارغا پارتىيەنىڭ مىللى، دىنى سىياسەتلىرىنى چۈشەندۈرسەم ئۇلار چوڭ يولنى كېڭەيتكەندە مەسچىتنىڭ تېمى تاقاشسا بىز شۇ چاغدا ئۆزۈمىز چېقىپ بېرەيلى، ھازىر چېقىشقا بولمايدۇ، سىلەر ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى، بىزنىڭمۇ باشلىغىمىز، شۇڭا

بىزنىڭ پىكىرىمىزنى كان ئىنقىلاۋى ۋىيىۋەنخۇي ھەم يوقىرىغا يەتكۈزۈپ قويىسىلا دەپ قوشۇلمىدى، قارىسام بىر مۇنچە كىشىلەر مەسچىتىنىڭ تېمىنى ساقلاپ تۇرىۋاپتۇ، ئۇلار ئەگەر مەسچىت تېمىنى چاقماقچى بولساڭلار ئالدى بىلەن بىزنى ئۆلتۈرىۋېتىپ ئاندىن چېقىڭلار، بىز بۈگۈن جېنىمىزنى تىكىپ قويدۇق دەپ چىڭ تۇرىۋالغانلىقى ئۈچۈن مەن بۇ ئىشنىڭ كەلتۈرىدىغان يامان ئاقىۋىتىنى ئويلاپ كان ئىنقىلاۋى ۋىيىۋەنخۇيىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېقىشنى ئويلاپ ئۇلارنى ئىستەپ تاپالمىدىم، ئاخىرى بۈگۈنچە قالدۇرۇپ قويۇپ كېيىن بىر تەرەپ قىلىشنى ئىيتسام مەن بىلەن بىرگە بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولغان كادىر «بۇ لۇشىيەن مەسىلىسى، مەيدان مەسىلىسى، ئىنقىلاۋى ۋىيىۋەنخۇيىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلمىساق بىز باشلىقلارغا نىمە دەپ جاۋاپ بېرىمىز» دەپ تۇرىۋالدى، مەن تام چېقىشقا ئاجىرىتىلغانلاردىن ھېلىقى 12 نەپەر ئىشچىنى ئايرىپ ئۇلار بىلەن يىغىن ئېچىپ ئالدى بىلەن مىللىيلار قول سېلىشنى ئېيتسام، ئۇلار بىز دېگەن مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتى، بىز مەسچىتقا قول سالمايمىز، ئەگەر خەنزۇلار مەسچىتقا قول سالىدىكەن بىز جان تىكىپ ئۇلار بىلەن قەتئىي ئېلىشىمىز دەپ مېنىڭ پىكىرىمگە قوشۇلمىدى. مەن كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن ئەگەر قارامىلىق قىلىپ مەسچىت تېمىنى چاققاندا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ، ئۇ چاغدا ئىنقىلاۋى ۋىيىۋەنخۇيغا، يوقىرىغا جاۋاپ بېرىش تېخىمۇ تەسكە چۈشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەسچىتكە قول سېلىشقا بولمايدۇ دەپ ئىشچىلارنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىشقا قويۇۋەتتىم.

ئەتىسى يوقارقى ئەھۋاللارنى كان ئىنقىلاۋى ۋىيىۋەنخۇيىدىكى باشلىقلارغا دوكلات قىلدىم، ئۇلار مېنىڭ يۇقارقى ئىشىمنى قوللىغان بولسىمۇ، مەن بىلەن يەنە بىر جۈرۈن ئابدۇجېلىل دىگەننى ئېغىر سانائەت نازارىتىگە كىرىپ يولىيورۇق سوراپ كۆرۈشنى تاپىلىغانلىقى ئۈچۈن ئىككىمىز

ئىغىر سانائەت نەزارىتىگە كىرىپ مۇناسىۋەتلىك باشلىقلارغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ، يولىيورۇق سورىساق، ئۇلار پارتىيە ئەزالىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشما ئەزالىرىگە چوڭ يىغىن ئېچىپ پارتىيەنىڭ مىللىي، دىن سىياسەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىشنى ئېيتتى. بىز ئۇلارغا مەسچىت مەسىلىسى توغرۇلۇق يىغىن ئېچىش ئەمەس، جوڭگىياڭنىڭ يولىيورۇقىنى يەتكۈزمىز دەپ ئۇختۇرۇش قىلساقمۇ يىغىنغا ئادەم كەلمىسە ناۋادا، ئۇلارنى مەجىلىسكە چاقىرىپ چۈشەندۈرسەك ئۇلار قوشۇلمىسا قانداق قىلىمىز دىسەك، بۇ ئىشنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، قارامىلىق قىلىشقا بولمايدۇ، سىلەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈم رەھبەرلىرى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىڭلار دىدى، بىز بىرلىكسەپ بۆلۈم رەھبەرلىرىگە ئەھۋالنى دوكلات قىلساق، ئۇلار ھازىر ئامما تەستىقىسىز سېلىنۋالغان مەسچىتلار كۆپ، بۇنى بىزمۇ بىر تەرەپ قىلالمايۋاتىمىز، شۇڭا سىلەر ئاممىغا ئەتراپلىق، كۆپ خىزمەت ئىشلەپ بىر تەرەپ قىلىڭلار، ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ دىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەھۋالنى كاننىڭ ئىنقىلاۋى ۋىيىۋەنخۇي جۇرىنى بارات ئىسمايىلغا ئېيتتۇق. ئۇ ئادەم كاندىكى ھېلىقى مەسچىتنىڭ ئاچقۇسىنى ئېلىۋالغان بولسىمۇ مەسچىت جامائەتلىرى ئۆزلىرى ئاچقۇچ ياسىتىپ دىنىي پائالىيەتلىرىنى توسالغۇسىز داۋاملاشتۇرىۋەردى، لېكىن مېنىڭدىن مەسىلە تاپالماي يۈرگەن بىر قەنچە زىيالى ئىسيانكارلار مېنى «تەسلىمچىلىك قىلدى، ئوڭچىلىق قىلدى، مەيدانى يوق، ئىنقىلاۋى ۋىيىۋەنخۇينىڭ قارارىغا خىلاپلىق قىلدى» دەپ ئاغزىغا كەلگىنىچە سۆزلەپ يۈردى.

1976– يىلى ئۆكتەبىردە ئېغىر يېزىدىن ئىشتىن قىلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇنى چەتنىڭ ئىشپيونى، يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ ئارقا تېرىگى دىگەنگە ئوخشاش بىر

مۇنچە تۆھمەتلەر بىلەن پىپەن قىلىش شىنجاڭدا خىلى يوقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، مەن بۇ چاغدا كان دوختۇرخانا بالىنىسىدا داۋالىنىۋاتاتتىم، بىر كۈنى تۇرسام كان پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ XX دېگەن سەن كان پارتكوم ئورۇنلاشتۇرغان بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىدا سەيپىدىننى پىپەن قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ ئۆزۈڭنى تەكشۈرىسەن دېدى، مەن نىمە ئۈچۈن، نىمە مەزمۇندا ئۆزۈمنى تەكشۈرىمەن دەپ سورىسام، سەيپىدىننىڭ ئاپتونۇم رايون، كاندىكى ئۆزۈڭدىكى زەھىرىنى ئاساس قىلىپ ئۆزۈمنى تەكشۈرىدىكەنمەن دەپ ئېيتتى. مەن كىچىك بىر كادىر تۇرسام، ئۇنى ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ يىغىنلىرىدا بىر ئىككى قېتىم كۆرگەن تۇرسام مەن ئۇنىڭ ئاپتونوم رايون ۋە كاندىكى زەھەرلىرىنى قانداق بىلەي دەپ ئۇنىمىسام ئۇ ئامىمىنىڭ ساڭا پىكرى كۆپ، سەن ئۇنىڭ خاتا يولىيورۇقلىرىنى ئىجرا قىلغانلىقىڭنى سۆزلەپ پاش قىلىپ ئۆزۈڭنى پىپەن قىلىسەن دەپ، چىڭ تۇرىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئامالسىز دوختۇردىن چىقىش رەسمىيىتىمنى ئورۇنلاپ يىغىنغا قاتناشتىم، يىغىندا بەزىلەر ماڭا دارتمىلاپ ھۇجۇم قىلدى. كاننىڭ شۇجىسى مېنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. مەن سەيپىدىن ئېزىز توغرىسىدا ھېچ نىمە بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆز خىزمىتىمدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەرنى ئوتتۇرىغا قويسام، بەزىلەر مېنىڭ مەسچىتنىڭ تېمىنى چاقتۇرمىغانلىقىمنىڭ يوقىرىدا يۆلەنچۈكى، تۆۋەندە يىلتىزى بارلىقى، بۇ ئىشنىڭ سەيپىدىن ئەزىزنىڭ كاندىكى زەھىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئۆز ئىدىيىگە بىرلەشتۈرۈپ سۆزلىشىمنى تەلەپ قىلدى، مەن بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ھېچ كىمنىڭ يوليورۇقىنى ئالمىغانلىقىمنى، مېنىڭ شۇ كۈندىكى قوللانغان تەدبىرىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكى، پارتىيەنىڭ مىللى سىياسىتىگە، دىنى سىياسىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ خاتالىق دەپ ئېتىراپ قىلمىدىم، ئاخىرىدا كاننىڭ شۇجىسى مېنى ئۆزىنى تەكشۈرۈشى ياخشى بولمىدى،

قايتا تەكشۈرىدۇ دەپ ئاما ئوتتۇرىسىدا ئېلان قىلدى. لېكىن مەن قايتا تەكشۈرۈپ بولغۇچە سەيپىدىننى پىپەن قىلىش تەتۈر قويۇنى ئۆتۈپ كەتتى.

مەن ليۇداۋان مېكاگغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن خىزمەت تارىخىمدا ھېچ قاچان، ھېچ قانداق يەردە تارتمىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتتىم، ئاڭلىمىغان تىل ـ ئاھانەتلەرنى ئاڭلىدىم، نەچچە قېتىم قۇدۇق ئاستى ۋە ئۈستىدە چوڭ ـ كىچىك خەتەرلىكلەرگە ئۇچراپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدىم، ۋىژدان ئازابىنى تارتىپ تولا ھەسرەت ـ نادامەت چەككەنلىكىم ئۈچۈن بىر نەچچە خىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ تېزلا قېرىپ تۈگىشىپ كېتەيلا دەپ قالدىم، شۇڭا مەن بۇ جايدىكى ئادەملەرنىڭ يامان قىلىقلىرىدىن سەسكىنىپ بۇ كاندىن يۆتكىلىپ كېتىش ئۈچۈن ئاز بولمىغان يوللارنى ماڭدىم. شۇنىڭ بىلەن 1979 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىگە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە ئىلتىماس يېزىپ كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مېنىڭ بىر نەچچە يىل تەپتىش خىزمىتىنى ئىشلىگەنلىكىمنى نەزەرگە ئېلىپ شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىگە يۆتكىلىپ ئىقتىسادى تەپتىش باشقارمىسىدا، ئەرزىيەت باشقارمىسىدا مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىق دەرىجىدە خىزمەت ئىشلەپ 89 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پېنسىيىگە چىقتىم.

## 12 . 20 ـ ئايدا مەن ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسگە يۆتكىلىپ كېلىشىم

مەن 1979 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇختۇرۇشىغا ئاساسەن ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، مەن بىلەن بىرگە ھەر قايسى نازارەت، ئىدارە، كان ، كارخانىلاردىن يۆتكىلىپ كەلگەن 20 دىن ئارتۇق كادىرلار

بىلەن بىر ئاي تەپتىش كەسپىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئىقتىسادى تەپتىش باشقارمىسىغا تەخسىم قىلىندىم.

شۇ چاغدا تەپتىش مەھكىمىسىدە ئىككى ئىشخانا (كاتىبات، تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى 5) باشقارما بار ئىدى. بىز يېڭى كەلگەن كادىرلار قوشۇلۇپ 90 دىن ئارتۇق كادىر (بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە ئەزەلىرى 60 تىن ئارتۇق بولۇپ) بىر باش ياچېيكا قۇرۇلغان ئىدى.

مەن ئۆگۈنۈش ئاياقلاشقاندىن كېيىن تەقسىم قىلىنغان باشقارمىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلىمەيلا قەشقەر ۋىلايىتىگە ئېۋەتىلدىغان خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىكتە قەشقەرغا باردىم، قەشقەر ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، قەشقەر شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىپ بىر نەچچە مۇرەككەپ ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلدۇق. خىزمەت ئاخىرلىشاي دىگەندە رۇخسەت ئېلىپ پوسكام ناھىيىسىگە بېرىپ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىمنى كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار بىلەن ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىپ ئىقتىسادى تەپتىش باشقارمىسىدا ئىشلىدىم، ئۇ چاغدا قانۇن ئىنتىزام تەپتىش بىلەن ئىقتىسادى تەپتىش بىر باشقارما ئىدى. مەن بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن 1980 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن ماڭا «تەپتىشلىك» ئۇنۇۋانى بېرىلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقىغا ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمىلىيەتتە كەسپى ئۇنۋان بولۇپ باشقارمىنىڭ مەمۇرى ئىشلىرىگە ئارلاشالمايتتى. باشقارما باشلىقلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە كەسپى خىزمەت ئىشلەيتتى. مەن ئىلگىرى مۇئاۋىن باشقارما باشلىق دەرىجىلىك كادىر بولساممۇ تەشكىل تەخسىم قىلىپ بەرگەن خىزمەتكە قىلچە نارازى بولماي ئۆز كەسپىمنى تىرىشىپ ئۆگۈنۈپ خىزمەتنى ئاكتىپ ھەم

ئەستايىدىل ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن 3 قېتىم «3 دە ياخشى خىزمەتچى ھەم پارتىيە ئەزاسى» دەپ باھالىنىپ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتە مۇكاپاتلاندىم.

كېيىن تەپتىش مەھكىمىسىدە ئەرزىيەت باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەرزىيەت خىزمىتىگە يۆتكىلىپ ئۇ يەردىمۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن 2 قېتىم «3 تە ياخشى خىزمەتچى» باھالىنىپ ماددى جەھەتتە مۇكاپاتلاندىم. بۇ جەرياندا باشلىقلارنىڭ يۇرتداشلىرى، ساۋاقداشلىرى، خىزمەتداشلىرىدىن ئىلگىرى ئادەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بۆلۈم دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلاردىن بىر قانچىسى باشقارما ماشلىقلىق ۋە مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك خىزمەتلەرگە ئۆستۈرۈلدى، لېكىن مەن ئۆزۈمگە ھېچ قانداق تەمەننا قويماي، تەشكىل تەقسىم قىلىپ بەرگەن خىزمەتنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئىشلەۋەردىم.

مېنىڭ 5 ئوغۇل بىر قىزىم مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە يېزىغا قايتا تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن بولۇپ ھەممىسى كان، كارخانىلارغا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغان ئىدى، ـ 3 ئوغلۇم پەرھاتجاننىڭ خىزمەت ئورنى بەك جاپالىق ھەم ئارىلىقى بەك يىراق بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈم ۋە يولدۇشۇم كېسەلچان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بالامنى يۆتكەپ تەپتىش ساھەسىگە ئەكىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسام ئۇلار شىتات يوقلۇقىنى ئېيتتى. مەن ئامالسىز پېنسىيىگە چىقىپ ئورۇن بىكارلاپ بېرىشنى ئېيتىپ قايتا ئىلتىماس قىلسام، ئىلتىماس يېزىپ تاپشۇرۇشنى، تەشكىل مۇزاكىرە قىلىپ مۇۋاپىق تاپسا يۆتكەپ قويۇشنى ئېيتتى. مەن ئىلتىماس يازسام مېنىڭ پېنسىيىگە ئۆتۈشىمنى تەستىقلاپ بالامنى يۆتكەپ بەرمىسە قانداق قىلىمەن دىسەم، باشقارما، ئىدارە يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىمىز، ئەگەر ئۇلار بالىڭىزنى يۆتكەپ بېرىشكە قوشۇلمىسا، ئىلتىماسنى قايتۇرۇپ ئالىسىڭىز بولىدۇ

دىگەنلىكى ئۈچۈن ئىلتىماس يېزىپ بەردىم. ئۇلار باشقارما، ئىدارە يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلغاندا بالامنى يۆتكەپ بېرىش توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ياكى مېنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قويماي ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتيى دائىمىي كومىتېتقا يوللاپ تەستىقلىتىپ شىنجاڭ گېزىتىدە، ھەم ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى قانۇن كادىرلارىيغىنىدا ئېلان قىپتۇ. مەن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ تەپتىش مەھكىمە باشلىقىغا ئېيتىپ نىمە ئۈچۈن بالامنى يۆتكىمەي مېنىڭ پېنسىيىگە چىقىشىمنى تەستىقلىغانلىقىنى سورۇشتۇرسەم باشلىق مېنىڭ سەۋرى قىلىپ تۇرۇشۇمنى كېيىن بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن خېلى ئۇزۇن كۈتۈپ تۇرۇپ ھەل قىلىپ بېرىشنى ئېيتسام بالىغىز ئامانلىق بۆلۈمىنىڭ كادىرلىق خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان بولسىمۇ، دەرىجىسى ئىشچى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇمكىن بولمىدى دەپ جاۋاپ بەردى. مەن ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىگە ئالدىنىپ قالغانلىقىمنى بىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا لەنەت ـ نەپرەتلەرنى ئوقۇدۇم.

شۇ يەيتتە ئەڭ كىچىك ئوغلۇم شىنجاڭ داشۆنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سىنىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ دىپلوم ئالغان ئىدى. مەن كىچىك ئوغلۇمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلسام ئىداردا شتات يوق، شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويايلى دەپ ئېيتتى. مەن شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىگە بىر ئايدەك يول ماڭغان بولسامۇ ئۇلارمۇ ئامال قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن پېنسىيىگە يېشىم توشقىچە ئىشلەيمەن دەپ پېنسىيىگە چىقىشقا ئۇنىماي يەنە بىر يىل ئىشلىدىم، بۇ بىر يىل ئىچىدە يەنە بىر نەچچە كادىرلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ھەتتا توققانلىرىنى يۆتكەپ ئەكەلدى، مەن كىچىك ئوغلۇمنى ئورۇنلاشتۇرالماي ئاخىرى ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن رەئىسى توختى سابىر (ساۋاقدىشىم) نىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ تەقسىمات

ئىشخانىسىغا قىلىپ بەرگەن خېتى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى كادىرلار مەكتىۋىنىڭ مۇئەللىملىكىگە ئورۇنلاشتۇردۇم.

مەن ئىدارە سىياسى باشقارمىسىنىڭ ماڭا قىلغان يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىقىغا بەكمۇ غەزەپلەنگەنلىكىم ئۈچۈن يەنە بىر يىل ئىشلىگەن بولساممۇ، مېنىڭ تەپتىشلىك ئۈنۈملىنىم ئېلىپ تاشلانغانلىقى ئۈچۈن ماڭا ئادەتتىكى كادىر قاتارىدا مۇئامىلە قىلدى. ھەمدە يوقىرىقىدەك ناھەقچىلىق ئىچىدە 1989 - يىلى 10 - ئايدا پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتىمنى ئورۇنلاپ پېنسىيىگە چىقتىم. مېنىڭ ئورنۇمغا ئۆزلىرىنىڭ يېقىن بىر ئايال تونۇشىنى يۆتكەپ كەلدى.

مېنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىگە يۆتكۈلۈشتىكى مەخسىدىم ھەرگىزمۇ دەرىجەمنى ئۆستۈرۈۋېلىش، يوقىرىغا يامىشىپ مەنسەپدار بولۇش ئەمەس بەلكى ئاخىرقى ئۆمۈرۈمنى خاتىرجەم كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا بولغانلىقتىن مەن دەرىجەمنى ئۆستۈرمىگەنلىكىگە قىلچە نارازى بولماي ياخشى ئىشلىگەن بولسامۇ، لېكىن مېنىڭ بالامنى يۆتكەپ بېرىش توغرىسىدىكى كىچىككىنە ئىلتىماسىمنىمۇ ھەل قىلماي ماڭا ھىيلە - مىكرى ئىشلىتىپ مېنى پېنسىيىگە چىقىرىپ مېنىڭ ئورنۇمغا ئۆزلىرىنىڭ يېقىن ئادىمىنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى مېنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈردى. يوقىرىقىدەك يۈرتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق، ئالدامچىلىق، ھىيلىگەرلىك قاتارلىق يامان مىساللار يالغۇز كان، كارخانا ئورۇنلىرىدا ئەمەس يوقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلاردىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئېچىندىم. چۈنكى مەن 40 يىللىق خىزمەت ھاياتىمدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە پاك - دىيانەتلىك بىلەن ئىشلەپ ھەرگىزمۇ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلمىغان ئىدىم .

مەن پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ئەمدى بۇندىن كېيىنكى

ھاياتىمنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم دەپ تۇرغىنىمدا، ـ 1993 يىلى ئۇكام مەخمۇتخاننىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاڭلاپ يۇرتقا ئۇكامنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ كېلىشكە بېرىپ ئۇنىڭ بەزى قېيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەرگەندىن كېيىن ئۇكامنىڭ كېسىلى خېلى ياخشى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆيگە قايتىپ كەلسەم بالام ئابلىمىتجاننىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇرۇش ـ ماجىراسىنى ھەل قىلىمەن دەپ ئېغىر ھالدا زەخمىلىنىپ چوڭ ئوپېراتسىيە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ خاتىرجەمسىزلەندىم.

«بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دەپ شۇ يىلى ئوغلۇم پەرھاتجان باگاڭغا خىزمەتكە كېتىۋېتىپ ماشىنا ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەنلىكتىن ھادىسىگە ئۇچراپ ئېغىر زەخمىلىنىپ دوختۇردا داۋالىنىپ تېخى تەلتۆكۈس ساقىيىپ كەتمىگەن بىر پەيتتە، يولدۇشۇم ئېغىر كېسەل بولۇپ ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز ئۆزۈم ۋە بالىلىرىم خەۋەر ئالدۇق، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ كېسىلى بەكمۇ ئېغىر بولغىنى ئۈچۈن ھەممىمىز بەكمۇ قورققان بولساقمۇ، ئۇزۇن مۇددەت داۋالىنىپ خېلى ياخشى بولۇپ تۇرۇشىغا ئاكام سايىم ئاخۇننىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك ھەققىدىكى شۇم خەۋەر ھەم نەۋرەم ئارىسلاننىڭ يوقۇلۇپ كەتكەنلىكى بىزنى تېخىمۇ بىئارام قىلدى. بۇ چاغدا يولدۇشۇم دوختۇردا يېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئاكامنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ بارالمىدىم. بالا ـ چاقىلىرىمدىن خەت ئارقىلىق ھال سورىغان بولساممۇ ئىقتىسادى جەھەتتىن ياردەم بېرەلمىدىم. يولدۇشۇمنىڭ كېسىلى بىر ئاز ياخشى بولۇپ، نەۋرەممۇ تېنچ ئامان ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەمدى خېلى خاتىرجەم بولدۇم دەپ تۇرسام، ئوغلۇم پەرھاتجان ئۆيىنىڭ لەگتىيىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ تېببى ئىنىستىتوت دوختۇرخانىسىدا ئوپېراتسىيە قىلىنىپ 6 ئايدەك ياتقان بولسىمۇ ساقىيالماي، ئىچكىرىگە ئاپىرىپ داۋالىتىشقا ئىقتىسادى جەھەتتە يېتىشەلمەي ھازىرغىچە ئورنىدىن تۇرالماي ئائىلىسىدە يېتىۋاتىدۇ. يوقىرقى تارتقان دەرت ـ ئەلەملىرىمىز

يەتمىگەندەك 95 - يىلى ئۇكام مەخمۇتخان ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ بىر نەچچە كۈنگىچە كۆزۈمدىن ياش قۇرىمىغان بولسىمۇ، ئائىلىمىزدە يولدۇشۇمنىڭ كېسىلى تەلتۆكۈس ساقىيىپ كەتمىگەنلىكى، بالامنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى تۇپەيلىدىن ئۇكامنىڭ بالا - چاقىلىرىدىن ھال سوراپمۇ بارالمىدىم.

مېنىڭ بۇ ھاياتىم زىددىيەتلەر قايىنىمىدا پۇچۇلىنىپ، كېچە - كۈندۈز غەم - ئەندىشە، ھەسرەت - نادامەت بىلەن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزۈممۇ تېزلا قېرىپ كەتتىم، سالامەتلىكىممۇ كۈندىن - كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

مەن ئۆزۈمنىڭ قىسقىغىنا ھاياتلىق تۇرمۇشۇمدىن شۇنى تونۇپ يەتتىمكى: ھاياتلىق بولسا، دوس بىلەن دۈشمەننىڭ كۆرىشى، بەخىت، بىلەن پالاكەتنىڭ بىر - بىرىگە قەست قىلىپ تۇرۇشى، خاپىلىق بىلەن خوشاللىقنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ زىددىيەتتىن ھېچ كىم ئۆزىنى قاچۇرۇپ قۇتۇلالمايدىكەن.

بىر چاغلاردا ساڭا سىن بېرىپ ياراشقان كېيىملەرنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يىرگىنىشلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالغىنىغا ئوخشاش، سېنىڭ بەدەن - بەدەنلىرىڭنى ئېرىتىۋەتكەن خوشاللىقىڭمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە پىشانە تەرلىرىڭدەك قۇرۇپ تۈگەيدىكەن، ئۇنىڭ تۈگىگەن كۈنى خاپىلىقنىڭ باشلانغان كۈنى بولىدىكەن، سەلتەنەتلىك تاج ئىگىلىرىمۇ، كولا-جەندەيگەن غەمسىز دىۋانىلارمۇ شۇنداق ياشايدىكەن. ھاياتلىقنىڭ بۇ قانۇنىيىتىنى خۇدا بەندە كېرىمىدىن باشقا ھېچ كىم ئۆزگەرتەلمەيدىكەن. ھاياتلىق دېگەن بىر كۆرەش بولۇپ، بۇ كۆرەشنىڭ يوللىرى بەكمۇ ئەگرى - توقاي، مۇرەككەپ بولىدىكەن، گايىدا سەن تۈز يولدا ماڭساڭ گاھىدە داۋانلار ئېشىپ شەھەردە بولىدىكەنسەن، گاھىدا چۆل - جەزىرىلەردە بولىدىكەنسەن، ئۇ يەرلەردە يولۋاسمۇ، تۈلكىمۇ، قاۋانمۇ، تارانمۇ،

قىلىتاقمۇ، سىرتماقمۇ بولىدىكەن، قىسقىسى ھاياتلىق جەريانىدىكى كۆرەشتە ئاشۇ تىپتىكى ھەر خىل ئادەملەر ئۇچرايدىكەن. لېكىن ئادەم سورەتلىك ھايۋاننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بىلىۋالغىلى بولمىغانلىقى، ئۇلارنىڭ قاش، كۆزى، بوي تۇرقى ساڭا ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى كۆرگەندە خۇددى ئۆزەڭنى كۆرگەندەك ھېس قىلىدىكەنسەن، ئۇ «يامانلىق» توغرىسىدا سۆز ئاچسا سەن ئۇنى «ۋىژدانلىق ئىكەن» دەپ ھېس قىلىدىكەنسەن، ئۇ سېنى ماختىغاندا «كۆيۈمچان ئىكەن» دەپ قارايدىكەنسەن، ئۇنىڭ دوستىخىنى كەڭ بولغان چاغدا ئۇنى «سېخى، مەرت» ئىكەن دەپ ئويلايدىكەنسەن.

ئەمما ئۇ ساڭا ياخشىچاق بولىۋېلىپ سېنىڭ سىرىڭنى ئېلىپ، رەقىپلىرىڭ بىلەن بىرلىشىپ بالا قازاغا ئىتتىرگەندە بولسا، كۆپ پۇشايمان قىلساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن پۇشايمان، ھەسرەت، نادامەت ئىچىدە دۇنيادىن ئۆتىدىكەنسەن. مانا بۇ مېنىڭ ھاياتلىق تۇرمۇشۇمدىن ئالغان ئاچچىق ساۋاقلىرىمنىڭ بىر قىسمىدۇر.

بىر يېتىم بالا ئىدىم باش ـ پاناسىز ئەسلىدە،
بىر نىنىم ئىككى ئەمەستى لالما ئىتلار دەستىدە.
خار ـ زار ئۆتكەن ئىدىم يىللارنىڭ ھەممە پەسلىدە،
يايرىدىم ـ كۆلدۈم بۈگۈن باھار ـ ياز ۋەسلىدە

## 21. دادام ، ئاكام ۋە ئىنىمنى مەڭگۈ ئەسلەيمەن

دادام بوۋام موسائاخۇننىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ، ئائىلىسىدە ناھايىتى ئەركىن، چوڭ بولغان بولسىمۇ بوۋام 97 يېشىدا باقى ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن چوڭ ئانام بەيىنخان بىلەن قېپ قالغان دادامنىڭ ھەدىلىرى رەۋەخان ئاچام بىلەن سانىخان ئاچام خېلى بۇرۇنلا ياتلىق قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى دادامنىڭ باشقۇرۇشىغا قېپ قالغان، بۇ چاغدا دادام

ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي بىر تەرەپتىن ئائىلە ئىشىنى قىلىپ يەنە بىر تەرەپتىن باپكارلىق ھۆنەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھېرىپ چارچاشتىن قورقماي تىرىشىپ ياخشى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ئائىلىسىنى ياخشى باشقۇرۇپ ئەل ـ جامائەتنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن ھەمدە چوڭ ئانامنىڭ رازىلىقى ۋە دۇئاسىنى ئالغان ئىكەن. دادامنىڭ يۇرت ئىچىدىكى ئابرويى ئۆسۈپ ئۆزى تۇرۇشلۇق كەنتىنىڭ كوڭ بېشى (سوتەقسىم قىلغۇچى) لىققا سايلىنىپ پاك ـ دىيانەتلىك بىلەن ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئاما دادامنى ھىمايە قىلغان بولسىمۇ، ئاز ساندىكى كىشىلەر ھەسەتخورلۇق قىلىپ دادامغا ئورا كولاپ يۇرگەن پەيتتە دادام قۇرۇق تۆھمەتكە يولۇقۇپ تۈرمىغا كىرىپ يېتىپ قاپتۇ، دادامنىڭ بۇ جەرياندا تارتقان زۇلۇم كۈلپەتلىرىنى دادامنىڭ ئەسلىمىسىدە بايان قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنى قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن.

ـ دىيانەتلىك، ئۈمىۋتۋار، ۋىجدانلىق ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، تۈرمۇشتا ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىقلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىپ، قىلچە مەيۈسلەنمەي ئۈمىۋدۋارلىق بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، رەقىپلىرىنىڭ بېسىمى ئالدىدا تېز پۈكمەي، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قۇرغان تۈزاق، قىلتاقلىرىغا ئالدانماي پاك ـ دىيانەتلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ 114 يىللىق ھاياتىنى ياخشى ئۆتكۈزگەن. دادام بەكمۇ كۆيۈمچان، ۋاپادار ئادەم بولغىنى ئۈچۈن ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بىزگە ھەم دادا ھەم ئانا بولۇپ بىزنى يېتىملىك دەردىنى تارتقۇزماي بىزنى ناھايىتى ياخشى باقتى. سىڭلىم ئاينىيازخان ئانامدىن 8 ئايلىقتا ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ بېقىپ چوڭ قىلدى. دادام بەك جۇشقۇن، روھلۇق ئادەم بولغىنى ئۈچۈن داۋاملىق ئەل ـ جامائەتتىن ئايرىلماي، 5 ۋاق نامازنى تەرك قىلماي، تائەت ئىبادەت بىلەن ئۆز ھاياتىنى ئۆتكۈزدى. شۇڭا خۇدايىم ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىپ، كۆپ نەۋرە كۆرۈشكە نىسىپ

قىلدى. ھەمدە ھېچ قانداق خارۇ ـ زارلىق تارتماي ئاكام ۋە سىڭلىمدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ قارىغان بولسىمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ـ 1972 يىلى ـ 4 ئاينىڭ ـ 14 كۈنى ئالەمگە سەپەر قىلدى.

1971 ـ يىلى مەن ليۇداۋان مىكاڭدا نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلىۋاتقان پەيتتە دادامنىڭ كېسەللىكىنى ئاڭلاپ بالا ـ چاقىلىرىم بىلەن دادامنى يوقلاپ بارغان ئىدىم، دادام مېنى ۋە بالىلىرىمنى كۆرگەندىن كېيىن روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن كېسىلى خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. ماڭا بېرىلگەن رۇخسەت ۋاقتى توشۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن دادامنىڭ قېشىدا ئۇزۇن تۇرالماي قايتىپ كەلگەن ئىدىم.

بەختكە قارشى 1972 ـ يىلى 4 ـ ئايدا دادامنىڭ ۋاپات بولغانلىق ھەققىدە تىلگىراما ئارقىلىق بىر شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدىم، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ماڭا خۇددى ............

قاراسلاپ پەلەكتە چاقماق چاقىقاندەك،
دەرياغا سەل كېلىپ تەتۈر ئاققاندەك.
مۇجىدى يۈرۈكۈمنى بۇ شۇم خەۋەر،
كۆكسۈمگە تويۇقسىز چوغنى ياققاندەك.
تىتىردى يۈرىكىم مىسالى ياپراق،
ھۆرپىيىپ ئەزرائىل ماڭا باققاندەك.
ئىشەنمەي ئۆزەمگە تىڭشىشام يەنە،
شۇم خەۋەر ئاڭلىنار چايان چاققاندەك.
بوران قايرىپ سۇندۇردى بىر بولۇق شاخنى،
مىۋىلىك دەرەخنى دەرتتە قويغاندەك.
كېتىپ قاپتۇ جان ئاتام باقى ئالەمگە،
گوياكى ياۋۇزلۇق گوردىن قوپقاندەك.
يىغلىدىممەن بىر نەچچە كۈن كېچە ـ كېچە ئۇخلىماي،
تەقدىرنىڭ ئىرادىسى ئىكەن قانداق قىلىمىز چىدىماي.

ئامال يوقكەن بەندىگە ئاخىر ئۆلىمىڭغا بوي سۇنماي،
ئاتا، ئانامدىن ئايرىلدىم ئۇلۇق باغرىغا قانماي.
ھەر بىر ئويلاپ ئەسلىسەم ئاتام بىلەن ئانامنى،
باقمىز بىزلەرنى دەپ دەرت ـ ئەلەملەر تارتقاننى.
ئۆتمۈشنىڭ ئازابىدا زۇلۇم ـ كۈلپەت چەككەننى،
ھەسرەت بىلەن ئويلىسام تۆلىيەلمىدىم باققاننى.
ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ.
كىشى يۇرتىدا مۇساپىرمەن،
يىغلاپ مەڭگۈ زارلىنىپ .

سايىم ئاكام مېنىڭدىن 12 ياش چوڭ بولۇپ ئۆز ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئانامنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن بىزگە ئىنتايىن كۆيۈنەتتى. ئۆزى ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، ساداقەتمەن بولغىنى ئۈچۈن ئۇرۇق ـ تۇققان ۋە ئەھلى ـ جامائەت بەك ياخشى كۆرۈنەتتى. بىز كىچىك بولغانلىقىمىز ئۈچۈن دادامنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ ھېرىپ چارچاشتىن قورقماي كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەيتتى، ھەتتا پومىشىكلارنىڭ مال قوتانلىرىدا يېتىپ مېلىنى بېقىپ ئاچ قالسىمۇ قىلچە زالانمايتتى. ئۆز تۇرمۇشىنى ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئاددى ـ ساددا ئۆتكۈزۈپ دادام ھايات ۋاختىدا ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولۇپ ئۆزىنى تۇتىۋالغان ئىدى. ماڭا ۋە ئۇكىلىرىمغا ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتە ياردەم بېرىپ تۇراتتى. شۇڭا ھەممىمىز ئۇكامنى بەك ھۆرمەت قىلاتتۇق.

مەن ئاپتونوم رايونلۇق تىببى مەكتەپ دوختۇرخانىسىنىڭ بالىنىسدا يولدۇشۇمنىڭ كېسىلىگە قاراۋاتقاندا (1995 ـ يىلى ـ 4 ئاينىڭ ـ 3 كۈنى) ئاكامنىڭ ۋاپات بولغانلىقى خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. بۇ شۇم خەۋەرنى مەخپى ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن يولدۇشۇمنىڭ قېشىدىن سىرتقا چىقىپ بىر ھازا يىغلىدىم. ئارقا ـ ئارقىدىن ماڭا كەلگەن بۇ بالايى ـ قازالار مېنى بەكمۇ

چۆچىتىۋەتتى. مەن ئاكامنىڭ يۈزىنى كۆزگەن بولسام ھېچ بولمىغاندا نەزىر - چىرىقىغا قاتنىشىپ ئاكامنىڭ تۇپرىقىنى زىيارەت قىلىپ بېشىدا ئولتۇرۇپ ئايەت ئوقۇپ روھىغا دۇئا قىلالمىغانلىقىم بالا - چاقلىرىدىن ھال سوراپ 4 ئېغىز تەسەللى بېرىشكە قادىر بولالمىغانلىقىمغا بەكمۇ ئېچىندىم. ئامال يوق دوختۇرخانىدا ئولتۇرۇپ داد - پەريات،ئېيتىپ ھەسرەت نادامەت ئىچىدە ئاكامنى ئەسلەپ قاملاشمىسىمۇ مۇنۇ شېرىنى يازدىم.

ئەجەپ تۇيۇقسىز كېتىپسىز بىزنى تاشلاپ جانىم ئاكا،
بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ كۆزلىرىم تولدى ياشقا.
ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلىدىم بىر ھازا سىرتتا،
تەقدىر قويماس ئىكەن ھېچ كىمنىمۇ ئامان ئاكا .
ئويلۇدۇم شۇ ئان سىزنىڭ شانلىق ھاياتىڭىزنى،
باقىمىز بىزنى دەپ دەرت - ئەلەملەر تارتقىنىڭىزنى.
پومىشچىقلارغا تۇتۇلۇپ مال قوتىنىدا ياتقىنىڭىزنى،
ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قارا ئۆيلەردا ياتقىنىڭىزنى.
كىچىكىمىزدە دەرت - ئەلەمدە بىرگە ئىدۇق ئىككىمىز ،
سىز بىلەن كۆرۈشكەندە تۈگىمەيتتى گېپىمىز.
ۋاي ئېسىت ھاياتلىقتا قەدرىڭىزنى بىلمەپتىمىز ،
يېتەيلى دىسەك قەدرىڭىزگە ئۇ ئالەمگە كېتىپسىز.
دائىم ئارزۇ قىلاتتىڭىز گوڭ - موڭ بوللۇپ ياشاشنى،
لېكىن ئاقلانماي ئۈمىدىڭىز تاشلاپ كەتتىڭىز بىزنى.
تەقدىر شۇنداق ئىكەن ئايرىۋەتتى ئىككىمىزنى،
نامىزىمدا قۇرئان ئوقۇپ ياد ئېتىمەن مەڭگۈ سىزنى.
ھاياتلىقتا بىر كۈنمۇ راھەت كۆرۈپ باقمىدىڭىز ،
كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ شاد خورام بولۇپ ئۆتمىدىڭىز.
مىڭ جاپادا بېقىپ بىزنى راھىتىمىزنى كۆرمىدىڭىز ،
بۇنىڭ بىلەن بىزنى ھەسرەت ئىچىدە قالدۇردىڭىز.
ئاتا دىسەم قايار باشىم، ئانا دىسەم ئاقار ياشىم،

كەتتىڭىز سىزمۇ مانا، توختىماس مېنىڭ ياشىم.
كېچە ـ كۈندۈز ھەسرەت چېكىپ ئاقاردى مېنىڭ باشىم،
ئەمدى يوقتۇر مېنىڭ سىزدەك مېھرىبان قېرىنداشىم.
قالدۇق ئەمدى ئۈچىمىز،
ئىككى ئوغۇل، بىرسىمىز قىز.
تۈگىمەيدۇ غېمىمىز،
مەڭگۇ ئاقار يېشىمىز.
باشقىلار چاقىرسا ئاكام دەپ ،
يېشىم تاراملاپ تۆكۈلەر.
شۇ زامان روھىڭىز كېلىپ،
بېشىمنى سىلاپ ئۆتەر.
بىللە ئۆتكەن مويسىپىتالار، كەلسە سىزنى دەپ يىغلىپ،
سىزنى ئىزدەپ كۆزلىرىم تۇكمەكتە ياشلار سىغىنىپ.

## 22. ئۇكام مەخمۇتخاننىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلايمەن

ئىستىقناجان ئۇكام ـ يۈرەك باغرى قان ئۇكام،
بىر كۈنمۇ خولۇق كۆرمەي ئۆتتى ئۆمرىڭ جان ئۇكام.
مېھرىڭ ئىللىق خوش چىراي، ئۆزى ئوڭلۇق گۈل ئۇكام،
يېتىمچىلىك دەردىدە بولدۇڭ كۆيۈپ كۈل ئۇكام.
ئاڭلىيالمىدىم سۆزۈڭنى، ئەپۇ قىلغىن جان ئۇكام،
ھەسرەتتە قويۇپ بىزلەرنى، كەتتىڭ ئەجەپ جان ئۇكام.
گۈل رەناسى گۈل ئىدىڭ، غۇنچە ئىدىڭ ئېچىلمىغان،
سەن ئۆزۈڭ بىر دەريا ئىدىڭ، بىر ئېقىپ جىچىلمىغان.
مەن ئاكاڭنى كىمگە قويدۇڭ، ئۇكىلىرىڭنى كىمگە قويدۇڭ،
باللىرىڭنى كىمگە قويدۇڭ، بۇلبۇل سۆزلۈك جان ئۇكام.
قويدۇڭ بىزنى زەپمۇ داغدا، تاشلاپ كەتتىڭ ئەجەپ چاغدا،
ئاڭاڭ ئەمدى قانداق قىلار، غېرىپلىقتا بۇ جاھاندا.
يىغلاپ ئاكاڭ ئەمدى يېتەر، سەن يوق بىزدىن دۆلەت كېتەر،

كۈندىن ـ كۈنگە بولدۇق بىتەر، ئەلۋىدا ـ ئەلۋىدا جانىم ئۇكام.

ئەمدى ئۇكام جۇدا بولدۇق سىزدىن بى مەھەل،
ئۇ ئالەم ھەسرىتىدە كۆزۈمدىن ئاقتى ياش، دەريا بوپ سەل.
يۈزىڭنى كۆرەلمەي بولدى كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم،
كۆز يۇمۇپسىز ئەپسۇسكى مەن يىراقتا بارالمىدىم.
سىز كېتىپمۇ بالىلىرىڭىزگە قارالمىدىم.
مەن خىجىل ئالدىڭىزدا تۇققانچىلىققا يارالمىدىم.
كەتتىڭىز ئۇ دۇنياغا بىزنى قالدۇرۇپ دەرتتە،
تاشلاپ كەتتىڭىز پەرزەنتلىرىڭىزنى ھىجرانى كۈلپەتتە.
پىغانلىق ياش تۆكتۇق بىز ئاھۇ ـ نادامەتتە،
ياد ئېتىمەن سىزنى دائىم دۇئايى ـ تىلاۋەتتە.
چىداش بەرمەك تەس ئىكەن، بۇ دەرتلىك ھەسرەتكە ئەلۋەتتە،
ھاياتىڭىز ئۆتتى سىزنىڭ پاك مېھنەت ـ قانائەتتە.
بولغاي سىزنىڭ ياتقان يېرىڭىز جەننەتتە،
كۆرۈشكەيمىز ئاخىرى باقى ئالەم قىيامەتتە.

## 23. ۋەھىملىك خەۋەر

دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئۆلۈمدەك ۋەھىملىك خەۋەر بولماس، كىشىلەر مۇنداق ۋەھىملىك خەۋەرنى ئاڭلىغاندا پۇت ـ قولىدا ماغدۇرى قالماي، ئوتتەك يېنىۋاتقان كۆڭلى چىلەكلەپ سۇ قويغاندەك لەسسىدە بولىدىكەن، كىرپىكلىرى ئىختىيارسىز نەملىشىدىكەن، يۈرۈكىمۇ چىدىغۇسىز ئازاپلىنىپ ۋۇجۇدى خۇددى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغۇنىدىكەن، ئۆلۈم دۇنيادا ھېچ بىر ئىنساننى ئامان قويمايدىكەن.

بۇ ئۆلۈم ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئەجدادى ـ ئانا ـ ئانىسى ئادەم ئەلەيسلام بىلەن ھاۋا ئانىمنى، خۇدانىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ۋە بىز بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى مۇھەممەت ئەلەيسلامدەك

ئۇلۇغ زاتلارنى؛

خۇدا بىلەن سۆزلەشكەن مۇسا ئەلەيھسلامدەك پەيغەمبەرلارنى؛

سۇلايمان ئەلەيسلامدەك 7 ئىقلىم، 18 مىڭ ئالەمنىڭ پادىشاھسىنى؛ كىشىلەر مىڭ ياشقا كىرگەن دەپ رىۋايەت قىلغان تىبابەت ئىلىمىنىڭ پىر ئۇستازى لوقمانى ھېكىمنى، بايلىقنىڭ كۆپلىگى ۋە قۇدرەتلىكى بىلەن خۇدالىق داۋاسى قىلغان، شەددات، پىرئەۋن، نەمروت لەردەك جاھىل تەنتەكلەرنى؛

بىخىللىغى بىلەن خۇدانىڭ قەھرى غەزىبىگە دۇچار بولۇپ يەر يۇتقان قارونىدەك ئاچكۆزلەرنى؛ دۇنيانىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى زەپتە قىلىپ، ئۆزىگە بوي سۇندۇرغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندەك قەھرىمانلارنى؛

ئاپراپسىياپ، تۇمەن تەڭرىقۇت، باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) روستىمى ـ داستان، زالىم، جەمشىتەك پەھلىۋانلارنى؛

كەيئاۋۇس،كەيخوسراۋ، كەيقۇبات، ئىسكەندەردەك زالىم پادىشاھلارنى؛ ھاتەمدەك سىخىلارنى؛ نۇشىرىۋاندەك ئادىللارنى؛ چىڭگىزخاندەك تەكەببۇر مەنمەنچىلارنى بۇ ئۆلۈم ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىپ ئاچ بۆرىدەك يۇتىۋەتتى، ئۇلارنىڭ تارىخ سەھنىسىدىكى بىر مەزگىللىك بايلىق، ئۇلۇغلۇق، قەھرىمانلىق، سېخىلىق، مەرتلىك ھەققىدىكى دەپدىبىلىك دەۋراڭلىرى خۇددى سايىدەك غىل ـ پال كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئادەم ئاتام، ھاۋا ئانام، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھسلام قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنى، ھەم ئۇلۇق زاتلارنى قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلىماقتىمىز، ئۇلارنىڭ نام ـ شەرىپى بۇ دۇنيا ھەم ئۇ دۇنيادا مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. شۇڭا تەقدىرنىڭ بۇ قىسمىتىدىن ھېچ كىم قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن. ئاھ ...... خۇدا ھايات قالغان بىزگە ئوخشاش مۆمىن بەندىلىرىگىنى ئۆز دەرگاھىڭدا ئامان ـ ئېسەن ساقلىغايسەن.

# ئۈچىنچى قىسىم

# ئائىلە ۋە بالا ـ چاقىلىرىمدىن پەخىرلىنىمەن

## 24. ۋاپادارلىق قەسىدىسى ــ رەپىقەم ۋە مەڭگۈلۈك ھەمرا جۈپتۈم زەينەپخانغا بېغىشلايمەن



بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن
ئىككىمىز، مۇھەببەت پىرىنى
ئەيلىگەن تاۋاپ،
بىزگە بەخت تىلىگەن ئىدى
ئاتا ـ ئانىمىز، يۇرت ـ جامائەتمۇ
دۇئا قىلغان بىزگە ئاتاپ.
ھالقىدۇق يىقىلساق ئۆز ـ
ئارا يۆلەپ، ھاياتنىڭ جاپالىق
داۋانلىرىدىن،
جان تىكىپ ئاسرىدۇق سۆيگۈ
گۈلىنى، تەقدىرنىڭ شىددەتلىك
بورانلىرىدىن.
مۇھەببەت ۋاپانىڭ مەنىسى نىمە، باشقا چۈشكەندە كۈن،
چۈشەندۇق ئوبدان،
كۆيۈنۈپ ئۆز ـ ئارا بەرگەندە مەدەت، ھەسەلدەك تىتىدى
ئىچسەكمۇ يوپدان(قوناقئۇمىچى.)
مەڭگۈلۈك باغلاندى كۆڭۈل رىشتىمىز، بىرىمىز پەرۋانە ـ
بىرىمىز چىراغ،
بولسىمۇ يوڭ ئېغىر ،مۇساپە يىراق، چوغ كەبى يالقۇنجاپ

تۇرغان ئىشقىمىز.

جۇت قىشىمۇ باھاردەك ئىللىق تويۇلدى، ئۆز- ئارا ھۆرمەتتىن، مېھرى- ۋاپادىن،

يالقۇنلۇق يۈرەككە ساپ قان قويۇلدى قېنىمىز، بەش شوڭقار، بىرسى ھەم بولبۇل.

ئىشقىمىز ئوچىقى قىلدى تەۋەللوت، بار يەنە ئون ئىككى ئۇماق نەۋرىمىز،

دىللارغا سىغمايدۇ ئىپتىخارىمىز، شان قوچۇپ شوڭقارلار يارغاندا بولۇت.

بۇلبۇللار كۈيىدىن سۆيۈنگەندە دىل، دىدۇق بىز ئەجرىمىز كەتمەپتۇ بىكار،

شادلىقتا ئۇنتۇلۇپ چەككەن جاپالار، يايرايمىز گوياكى شاھ قىلغاندەك شىكار.

تەۋرەنمەي ۋاپادىن ياشىدۇق مەغرۇر، ھەقىقى ئىنسانى پەزىلەت



بىلەن،
ئادەمگە ياراشماس ئۆزمە كۆڭۈللۈك، تۇرمۇشىمۇ گۈزەل چىن مۇھەببەت بىلەن.
بۇندىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن ئىدۇق تۇنجى تويىمىزنى،
بىز قىلغاندا توي،چىرايىمىزنى باسمىغان ئىدى قورۇق،ئەسلىتىپ تۇراتتى چاپمۇ سىياھىنى
ئەسىرنىڭ يېرىمى ئۆتۈپتۇ مانا، مۇھەببەت قوينىدا ساداقەتتە ھەم،
ھايات زەپمۇ لەززەتلىك بىلىنەر ئىكەن، چىن سۆيگۈ قەدرىگە يەتكەندە ئادەم.
بۈگۈن مانا ئالىۋان تويىنى ئۆتكۈزمەكتىمىز ،ئالەمچە شادلىققا چۆمۈلۈپ يايراپ،
بېشىمىز ئۇستىگەقونسىمۇ ئاق قار، ئىشقىمىز ئولغۇيۇپ يەنە لاۋۇلداپ.
دىلىمىزدا يالقۇنجاپ يەنە بىر ئارزۇ،نەۋرىلەرنىڭ تويىنى كۆرسەك پاتراق،
يېتەتتۇق ئاخىردا مەخسەت- مۇرادقا ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ۋاپادار شۇنداق.
قالسىكەن دەپ تىلەيمەن دائىم، ئەۋلاتمۇ - ئەۋلات،
خۇدايىم يەتكۈزگەي بىزنى مىرادقا، خوشال ئۆتسۇن باللىرىم،ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا.

## 25. خوشاللىقىم تاغدەك مېنىڭ (1994 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.)

كۆڭلۈم گۈلشەن باغدەك مېنىڭ، يېنىپ تۇرغان چوغدەك مېنىڭ،
گۈلباغ ھايات، گۈلخان ھايات، خوشاللىقىم تاغدەك مېنىڭ.



ئەجەپ ئوبدان بالىلىرىم بار، گۈلدەك ئوماق نەۋرىلىرىم بار،
ئۇلار بولغاچ توق مېنىڭ كۆڭلۈم، يايرايدۇ مېنىڭ يۈرەك باغرىم.
سىزلەرسىز ئۆتسە كۈنلىرىم، ئۈيغۇسىز ئۆتەر تۈنلىرىم،
ئېچىلماس مېنىڭ بەخىت گۈللىرىم، سىلەر بولمىساڭلار بالىلىرىم.
گۈلدەك چىرايىڭلار مەن ئۈچۈن جەننەت، ئوماق كۈلكەڭلار جېنىمغا راھەت،
ئازاپتور ماڭا بارچە راھەت، سىلەر بولمىساڭلار بالىلىرىم.
ئوخلىساممۇ كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ، پىغانلىرىم بېسىلمايدۇ،
ھايات گۈلۈم ئېچىلمايدۇ، سىلەر بولمىساڭلار بالىلىرىم.
شۇڭا مەن بەختىياز ئېزىز ئاتىمەن،
ئىلھامىم قاينىمى تاشماقتا بۈگۈن، ئۆركەشلەپ پەلەكتىن ئاشماقتا بۈگۈن.
ياشلىقىم تولپاردەك شاشلىماقتا بۈگۈن، شۇڭلاشقا چىن دىلىمدىن قوشاق قاتىمەن،

چۈنكى مەن بەختىيار ئىزىز ئاتامەن.

ئۇلاشتى بۇ ئۆمرۈم 65 ياشقا، ئويلىسام ئۇ كۈنلەر چۈشمىدى باشقا،

يەتتىم ئاخىرى نۇرلۇق قوياشقا، قوياشنى ئۇلۇقلاپ قوشاق قاتىمەن.

چۈنكى مەن بەختىيار ئىزىز ئاتىمەن،

بەش ئوغۇل، بىر قىزىم، 11 نەۋرەم بار، يىغىلىپ ئۆيۈمگە بولغان كۈنى جەم.

گوياكى بولىدۇ ماڭا بىر چوڭ ئايەم، شۇ بايرام شەنىگەقوشاق قاتىمەن،

چۈنكى مەن بەختىيار ئىزىز ئاتىمەن.

ئوغۇللار ئوچارغا مىنىڭ قاناتىم، نەۋرىلەر كەلگۈسى ھاياتىم مىنىڭ،

ئۇلاردىن ھەل بولۇر مۇرادىم مىنىڭ، ئەۋلاتلار شەنىگەقوشاق قاتىمەن.



چۈنكى مەن بەختىيار ئىزىز ئاتىمەن،
ئۇلاردۇر ئۆمرۈمنىڭ شىخى- بايرىغى، ئۇلاردۇر قەلبىمنىڭ جەننىتى بېغى.
بۇ مەجرۇھ تېنىمنىڭ يۆلەنچۈك، تېغى، ئاشۇ تاغ شەنىگەقوشاق قاتىمەن،
چۈنكى مەن بەختىيار ئىزىز ئاتىمەن.
بولغاچقا ئىز - باسار ئەۋلادىم چەندان، يۈرىكىم ھەرزامان تېپىدۇ خەندان،



ئۈمىدىم ئۇلارغا باغلانغان ھامان، كەلگۈسى ھەققىدە قوشاق قاتىمەن.
چۈنكى مەن بەختىيار ئىزىز ئاتىمەن،
ئىشەنچىم كامىلى مەن يېتەلمىگەن، پەللىگە ئوغۇللار يېتىدۇ ھامان.
نەۋرىلەر ئىشىمۇ كېتىدۇ جەزمەن، شۇ ئارزۇ- ئۈمۈدتە قوشاق قاتىمەن،

چۈنكى مەن بەختىيار ئېزىز ئاتىمەن. 94 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.

مېنىڭ بالىلىرىم بەك ئوبدان، بىزلەر ئۈچۈنمۇ بەك قەدىردان،

ئۆز ئاراھەم بەك مېھرىبان، بۇنداق ئىناق ئائىلە ئاز تېپىلار ھەر قاچان.

بېسىپ ئۆتكەن مېنىڭ كۈنلىرىم، بۇگۈن بولار سىلەرگە ساۋاق ئەينىگى،

ئاسان ئەمەس تالاي ـ تالاي ئىنسانىنىڭ، بىزگە ئوخشاش ئىناق ـ ياخشى ئۆتمىگى.

توغۇلۇپ ھازىرغىچە نى ئىشلار ئۆتتى بېشىمدىن، ماگا كەلگەندە ئامەت دوستلىرىم كەتمەي قېشىمدىن،

پەرۋانىدەك ئايلاندى دائىم مېنىڭ بېشىمدىن، كەلگەندە بېشىمغا كۈلپەت تاپالمىدىم بىرنى قېشىمدىن.

يىللار ئۆتۈپ يېشىغا يېتىپ ئۆزگىرىدىكەن ھەممىلا ئىنسان، بالىلىقتا تاتلىق بولسا جان،

قېرىغاندا شېرىن بولاركەن بۇ جان، غېمىڭ بولمىسا سېنىڭ ئارام تاپار تەنمۇ بۇ جان.

قەلبىم كۆتۈرەلمەس ئارتۇق جاپانى، ئۇ ئۇنتالماس ئازاپنى ھامان،

70 ياشقا يېتەي دىدى ھېساپتا مېنىڭ يېشىم، كۆزلىرىم تورلىشىپ قايىدۇ بېشىم.

بىلمەيمەن قالدىكى ئۆمۈرۈمدە يەنە، قانچە ياز، قانچە كۈز، باھار ۋە قىشىم،

ھەسەت قىلمايمەن شۇڭا قېرىلىقتا مەن پەقەت، بۇ جاھان كىشىلەرگە ئەمەس ئىكەن باقىۋەندە.

كېتەر ئىكەن ئېلىپ بۇ دۇنيادىن ھەممىنى، كۈنلەر ئۆتۈپ ئەجەل يەتسە مەنمۇ كېرەرمەن ئاقىۋەت، روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان. .1998 1ـ ئاينىڭ ـ 30 كۈنى.

**26. تۇنجى ئوغلۇم ئابدۇلئەھەتكە بېغىشلايمەن. (1985 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)**

(ئوغلۇمنىڭ 30 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەپ)



يەر يۈزىنى يورۇتۇپ بەخىت تېڭى ئاتقاندا،
ئوكتا بىرىنىڭ دولقۇنى قايناپ تېشىپ يانغاندا.
كونا دۇنيا ئۆزگۈرۈپ يېڭى دۇنيا بولغاندا،
قارا كۈنلەر كۆل بولۇپ ئىگىز كۆككە ئۇچقاندا.
پارتىيىمىز يول باشلاپ يورۇق كۈنگە ماڭغاندا،
ئەزگۈچىلار يوقۇلۇپ گۆرگە بېشى پاتقاندا.

سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ دولقۇن يېرىپ ماڭغاندا،
سەن تۇغۇلغان جان ئوغلۇم ئەنە شۇنداق كۈنلەردە.






ئەسلە بالام ئۆتمۈشتىكى زۇلمەتنى،
ئۇنۇتمىغىن ئاتاڭ تارتقان كۈلپەتنى.
ئېسىڭدە ساقلىغىن مەھكەم،
مەن قىلغان شۇ نەسىھەتنى.

ئۆتتۇم مەن دۇنيادا غەم بىلەن دەتتە،
مەنمۇ كېتەر مەن ئۇ ئالەمگە بۈگۈن يا ئەتە.
ساقلىسىڭىز نەسىھىتىمنى مەڭگۈگە ئەستە،
قويمىغاي خۇدا سىزنى ماڭا ئوخشاش نادامەتتە.



**27. بالام ئابلىمت شاڭخەيگە ئۆگىنىشكە بارغاندا خوشلىشىش ھارپىسىدە قالدۇرغان خاتىرە**

بۈندىن كېتەر بولدۇڭ سەن شاڭخەي شەھىرىگە،
جېنىم بالام تاپشۇردۇم سېنى بىر ئاللاغا.
قانداق قىلاي ئەمدى بۇ جۇدالىق دەردىگە،
شۇڭا ئوغلۇم خەت يېزىپ تۇرغىن دائىم بىزلەرگە.
قاچانمۇ كېلەرسەن يۈرىكىمنىڭ پارىسى،
ئېلىپ قىلىشقا ھېچ بولمىدى چارىسى.
يولۇڭغا قاراپ ئاقار كۆزۈمنىڭ قارىسى،



## 28. ئوغلۇم ئابلىمىتتىن كەلگەن بىرىنچى قېتىملىق خەتنى كۆرگەندە. (9 . 1984)

پوچتالىيون ئېلىپ كەلدى شاڭخەيدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى،
ئەھۋالنى يېزىپتۇ ئېنىق سالامدىن سوڭ توشقۇزۇپ بەتنى.
چىن دىلىمدىن سۆيۈندۈم ئوقۇپ قايتا ـ قايتا ئۇ يازغان خەتنى،
يەتتى بېشىم پەلەككە سېزىپ ئۇنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتىنى.

## 29. ئابلىمىت بالامدىن كەلگەن خەتنىڭ مەزمۇنى.

ئەنسىرەپتىمەن ياشاندى ئاتا ـ ئانام قالامىكىن بىتاپلىق يېتىپ،
قىلار قانداق ئىش ـ كۈشلىرىنى يۈرەمدىكىن قايغۇغا پېتىپ.
ماڭا قىلغان نەسىھىتىڭنى يۈرىكىمدە ساقلايمەن ئاتا،
ئىرادەم شۇ كۈتكىن خوشخەۋەر، ئۈمىدىڭنى ئاقلايمەن ئاتا.

## 30. بالام ئابلىمىتنىڭ خېتىگە جاۋابەن يازغان خېتىمنىڭ كوپىيەسى.

سېغىندىم مەن سېنى ئوغلۇم، ساڭا چىن دىلىمدىن سالام دەيمەن،
جان جىگەر پەرزەنتىم سەن، سېنى ئوبدان بالام دەيمەن.
يېزىپ تۇرغىن سالامىتىڭنى، بايان ئەيلەپ ماڭا ئەھۋال،
سېنىڭ خەت ھەم سۆزلىرىڭنى، ۋۇجۇدۇمغا ئارام دەيمەن.
ئۇزاتقىنىم سېنى ئوغلۇم، يارامىلىق ئەزىمەت بول دەپ،

ئۈمىدىمنى، تىلىگىمنى ئىسىڭدە چىڭ تۇتار بولساڭ.
يىرىپ تەنگە شىرىن لەززەت، سىڭەرىگەن تائام دەيمەن،
ئىشىمغا سەن بولۇپ ۋارىس، ئىلىم - پەن كۆكىدە ئۇچقىن.
ئۇلۇق ئەۋلات ئىزىنى باس، ئىشنى قىل داۋام دەيمەن،
بىلىم ئىزدەش گويا يىڭنە بىلەن قۇدۇق قىزىشتەك ئىش.
تىرىشچان بول، بۇ شاڭلىقتا قىلما ئۆزۈڭنى رام دەيمەن،

## 31. ئوغلۇم ئابلىمىتقا 2 - قېتىم يازغان سالام خەتنىڭ كوپىيەسى



سېغىنىدۇق ئەجەپمۇ بالام سىزنى، سىزمۇ ئەسلەپ تۇرامسىز بىزنى،

بىز قالدۇق سىزدىن بەكمۇ يىراقتا، قانداق چىدايمىز بۇ جۇدالىقتا.

جەم بولغاندا ھەممىمىز قەدىرگاھقا، ئەسلەيمىز سىزنى دايىم كۆرەلمەيمىز يىراقتا،

تۇردۇق ھەممەمىز سالامەت، يوق ھېچ غېمىمىز تۇرمۇشىمىز پاراغەت.



جەم بولغاندا تىلغا ئالساق سىزنى بىز، تەرىپلەيمىز سىزنى
ھەممىمىز كارامەت،
گەر بولسىمۇ قېشىمىزدا بەش بالا، ھەر قايسىنىڭ مېھرى
دىمەك باشقا ـ باشقا.
كۆزۈمگە كۆرۈنسىمۇ ھەممىسى ئوخشاش ماڭا، تەلپۈنەر
دائىم يۈرىكىم ساڭا،
بالا دېگەن جاندىن ئېزىز ئاتا ـ ئانىغا، ئاتا ـ ئانامۇ شۇنداق
قىممەت ھەم بالىغا.
بالىسى يوق ئاتا ـ ئانىلار ئوخشار خۇددى مۇۋىسىز بىر
گىياغا،
ئىرادەڭ قەتئىي بالام،بۇ بىرسىنىڭ خىسلىتىڭ،
ئاشتى ئەمەلگە شۇڭا ئاخىر ئۈمىدىڭ.
سۆزلىسەك تارىخنى سۆيۈنەر دىلىڭ، ياۋلار قىلسىمۇ ھۇجۇم
ئىگىلمەس بىلىڭ،
بىلىم دېگەن ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ بالام، غەيرەت ـ
شىجائەتنى قىلغىن داۋام.

غەلىبە بىلەن ئۆگۈنىشىڭنى قىلغىن سەن تامام.
بالام ساڭا مەن قىلاي نەسىھەت، ياشلىق ئالتۇن چاغ بۇ بىر ھەقىقەت،
گۈزەل ياشلىقىنىڭ قەدرىگە يەتكىن، ھالال تەر تۆكۈپ باغ بىنا ئەتكىن.
بېغىڭدا پىشسۇن مىۋىلەر مەي باغلاپ، يېسۇن ئەل ئۇنى چىن دىلىدىن داملاپ،
ئالدىڭدا بار تېخى ھەر خىل ئىمتىھان، تەييار تۇرغايسەن ئۇنىڭغا ھەر زامان.
ئۆگەنگىن ھارماي ھەردەم تىرىشىپ، يۈكسەلگىن ئالغا نىشانىڭغا ئېرىشىپ،
مەغرۇرلانمىغىن شۆھرەت تاپساڭمۇ، ئاسماندا ئەركىن قانات قاقساڭمۇ،
بەرداشلىق بەرگىن تۇرلۇك سىناقتا، غەيرى ئىللەتتىن قاچقىن يىراقتا.
چۈشمىگەيسەن ھەرگىز، دۈشمەن قورغان قىلتاقتا.



## 32. بالام ئابلىمىتنىڭ 2 ـ قېتىملىق بىزگە يازغان جاۋاپ سالام خېتى
(1984 ـ يىلى ـ 10 ئاي شاڭخەي)

ئەسلىدىم مەن قىسقىغىنا ئاشۇ ئۆمرۈمنى،كېزىپ ئۆتكەن تاغۇ ـ دەريالىرىمنى،

ئاپا سېنىڭ ئوغلۇڭ مەن دەيمەن ھەر قاچان، سېغىنىپ دادام ھەم جىگەرلىرىمنى.

كۆز ئېچىپ دۇنياغا تۇغۇلغاندامەن، ئەمدىمەن تونجى رەت ئانا سۈتىنى،



كەتسەممۇ دۇنيادىن مەلۇم بىر كۈنى، ئاقلىدىم دەرمەنمۇ ئانا سۈتىنى.

يۇرتىدىن ئايرىلغان ئاشۇ يىگىتكە، كۆرۈنەر ئانا يۇرت بىر جەننەت بولۇپ،

ئەجدات ئىزىدىن ماڭغان يىگىتنى،ئالالماس يولىدىن ھېچكىممۇ توسۇپ.

كۆرۈنسە ئەل ۋەتەن گويا بىر جەننەت،ئانىدۇر نۇر چېچىپ چاقنىغان گۆھەر،

سېغىنسا ۋەتەننى بۇ يالغۇز يىگىت، تەلپۈنەر غەربكە ھەر بىر تاڭ سەھەر.

ۋەتەندە، گۈلباغدا، ئاشۇ ئۆيۈمدە، تاغدەك ئاكامبار، گۈلدەك سىڭلىم بار،

مېھرىبان خوشاقچاق ئۇكاملار بىلەن، ئارسلان باتۇرۇم، باھار گۈلۈم بار.

بىلەمسەن ئەي ئۇكام ئەجدادىڭنى سەن، مېھرىبان بوۋاڭنى، ئېزىز موماڭنى،

3 - ئەۋلادىمىزسەن، بىزنىڭ ئۈمىدىمىزسەن، رازى قىل ئاتاڭنى، مەسۇم ئاناڭنى.

## 33. ئوغلۇمغا نەسىھەت

چىققىنىڭدا مەنسەپكە ئۆلپەت كۆپىيدۇ، خوشامەت باش ئېگىش ھۆرمەت كۆپىيدۇ،

كەتسەگەر قولۇڭدىن مەنسەپ ۋە ھوقوق، ھەممىسى يۈز ئۆرۈپ تۆھمەت كۆپىيدۇ.

بەزىلەرنىڭ تىلى يۇمشاق مىسالى پىلە، قوسىقىدا باردۇر تۈمەن مىڭ ھىيلە،

قەدىردان ئۆلپىتىم جان دوستۇم دىسە، ئالدىراپ ئۈنىڭغا سىرىڭنى بەرمە.

بى ۋاپا كەلتۈرسە مەيزاپ، ئىچمە ھەرگىز ئالدىراپ، زىققا ئۆتكۈزمەي گۆشىڭنى، قىلار شۇنداق كاۋاپ،

ھەزەر قىل بەزىلەر شاراپ كەلتۈرەر، شاراپقا قوشۇپ كاۋاپ كەلتۈرەر، بولمىسا نومۇستىن سىنى ئۆلتۈرەر.

ئادەمنىڭ بويىندا بولمىغاچ سۆڭەك، ئىگىلىش مەنىدىن بىر دىرەك، بەزىلەر ئىگىلەر ھەقىقەت ئۈچۈن بەزىلەر ئىگىلەر مەخسىدى بۆلەك.

## 34. قىزىم دىلبەرگە بېغىشلاپ



ئاتا ـ ئانىغا ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ ئوخشاشلا قەدىرلىك ئوخشاشلا پەرزەنت،

ئوغۇلنى ئارزۇلاپ قىزنى ـ خارلىغان، بەرھەقكى بىز ئۈچۈن رەزىل بىر ئادەت.

كۆز ئاچتىڭ دۇنياغا توغۇلدۇڭ تىمەن، ئارزۇلاپ باقتۇق بىز قۇتلىدۇق چىمەن،

يار بولدى ئەي قىزىم بۇگۈن ساڭا بەخىت، سەن ئىقبال



ئىگىسى سەن ئېزىز پەرزەنت.

يۈزلىرىڭ تولۇن ئاي كۆزلىرىڭ بۇلاق، ۋىلقلاپ كۈلىسەن شۇ قەدەر ئوماق،

دۇلقۇنلاپ قەلبىمدە ئاتىلىق مېھرى،تىكلىسەم ھۆسنىڭگە ئۇزاقتىن- ئۇزاق.

ھە رئاخشام ئۇيغۇغا كەتكۈچە كۆزۈڭ، چۆگۈلەيمەن قېشىڭدا پەرۋانە بولۇپ،

يۆلىنىپ بۆشۈكىڭگە ئېيتىمەر ئاناڭ، تاكى تاڭ ئاتقۇچە غەم - خانىڭ بولۇپ.

كۈن ئۆتۈپ،ئاي ئۆتۈپ يىللار ئۆتكەندە، تىلىڭمۇ چىقتى راۋان، ماڭدىڭ سەن قىزىم،

چىرايلىق سومكاڭنى بوينۇڭغا ئېسىپ، ئوقۇشقا - مەكتەپكە باردىڭ سەن قىزىم.

ئۇستازلار ئەجرىدىن بىلىم بېغىدا، كۆكلىدىڭ- چېچەكلەر ئاچتىڭ سەن قىزىم،

ئەل ئۈچۈن لەززەتلىك مىۋەلەر بېرىپ، ئىپاردەك خۇشبۇراق چاچتىڭ سەن قىزىم.

## 35. قىزىمغا قاراپ

دادا دەپ يۇمران تىلىڭ مىدىرلىدى، ئايلىناي قىزىم ئومان



تىلىلىرىڭدىن،

ئايلىناي پەرۋىش قىلىپ تەربىيلىگەن، بەختىيار بۇ ئارزۇلۇق يىلىلىرىڭدىن.

ۋىلىقلاپ ماڭا قاراپ تەلپۈنگەندە، باھارنى ئەسلىتىدۇ كۆلۈشلىرىڭ،

مېھرىڭدىن ھاسىل بولار ئېزىز دەريا، ئەركىلەپ شوخلۇق قىلىپ سۆيۈشلىرىڭ.

ئاتىلىق سۆيگۈم شۇنداق داۋالغۇدى، قانماستىن قارايتىم جامالىڭغا ،

شادلىقىم دولقۇنلىدى دېڭىز بولۇپ، ئۆمۈرۈڭدە تۇنجى قىز كۆرگىنىمدە.

قىز دەپ ئارزۇلاپ ئۆتتۇم شۇنداق، قىزىمغا باغرىم قانماي قېرىسامىمۇ،

چوڭلارنىڭ ئېيتقانلىرى كەلدى مانا، يامان ئىكەن بىر قىز

ئۆتى دىمىسىمۇ.
مېنى ئۆستۈرگەنتى ئانام شۇنداق ـ ئويلايمەن تاڭ ئاتقۇچە ئەللەي ئېتىپ،
ئانامۇ ھاپاش قىلىپ ئويناتقانتى، كەلسىمۇ ئىشتىن يېنىپ ھالى كېتىپ.
ئەمدى مەن نىمە قىلارمەن قىزىم ئۈچۈن، ئويلىسام بۇ تەقدىرنىڭ نۆۋىتى كەن،
چۈشەندىم ئاتا- ئانا قەدرىنى مەن ـ بالا دادىنىڭ تاجى ـ تەختى دۆلىتىكەن.

## 36. قىزىم دىلبەرنىڭ تويىغا بېغىشلاپ

تويۇڭغا مۇبارەك جان ـ جىگەر قىزىم، ئەسلىسەم باققانىنى



يايرايدۇ دىلىم،

10 يىل ئوقۇپ ئالدىڭ سەن بىلىم، ھاياتىم، يۈرىكىم، قەلبىم سەن قىزىم.

كۆز تىكسەم قىزىم گۈزەل ھۆسنىڭگە، مېھرىم گۈلخان كەبى يالقۇنلىنىدۇ،

خوشاللىقىم سىغماي كۆكسۈمگە، ھەيۋەتلىك دېڭىزدەك دولقۇنلىنىدۇ.

بۈگۈن مۇبارەك تويۇڭغا ئاتاپ، يازدىم مەن شەنىڭگە مەدھىيە- ناخشا،

ئۇرغۇيدۇ قەلبىمدىن شۇنداق بىر خىتاپ ، جان قىزىم قوياشنىڭ ئۆمۈرچە ياشا.

يار بولسۇن تا ئەبەت، بەخت- سائادەت، گۈللىگىن تېخىمۇ تاپقىن كامالەت،

بۈگۈنكى تويۇڭغا بولسۇن مۇبارەك، خوش بالام خۇدايىمنىڭ ئۆزىگە ئامانەت.



## 37. ئوغلۇم پەرھاتجانغا بېغىشلاپ





جىنىم پەرھاتجان توغۇلغانتىڭ تومۇزدا، ئوخشار ئىدى كۆزىڭىز ئاسماندىكى يۇلتۇزغا،
چاچلىرىڭىز بۇدۇر - بۇدۇر ئوخشاش ئىدى قۇندۇزغا،
چىداملىق سىز ھەر ۋاقىت زارلانمايسىز ھېچ ئىشقا.





ئېغىر ـ بېسىق ئىدىڭىز، ھەممە ۋاقىت تىرىشچان،دىلىڭىز بەكمۇ يۇمشاق ھەممىمىزگە كۆيۈمچان،

مەكتەپتىمۇ تىرىشىپ خېلى ياخشى ئوقۇغان،ياخشى ئىشلەپ يېزىدا ماختاشلارغا ئېرىشكەن.

جاپالىق ئىشلاردىمۇ ھاردىم ـ تالدىم دىمىگەن، ئادىل ئىشلەپ خىزمەتنى كىشىنى بوزەك قىلمىغان،

قىلىسىڭىزمۇ ئۆزگە ياخشىلىق ھەرگىز مىننەت قىلمىغان.

ھەممە ئىشتا ھە ردائىم ئەستايىدىل ئويلايتتى، دۇچ كەلگەندە قىيىنغا ئۆزى چارە تاپاتتى،

تۇرمۇشتىمۇ ئۆزگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى، شۇڭا قىلغان ئىشىدىن چوڭ چاتاقمۇ چىقمايتتى.

كۆز تەگدىمۇ نىمە بولدى، ئىگىز جايدىن يىقىلدى، داۋالاشمۇ ئۇنىڭغا ھېچ بىر ئۈنۈم بولمىدى،

شۇنچە كۆپ دەرت تارتىسىمۇ زارى پەريات چەكمىدى، ھەر ئۆيلىسام بالامنى بېشىممۇ تازا قاتتى.

نەچچە يىل كېسەل يېتىش نىمە دېگەن جاپالىق، بۇنى ئويلاپ كېچىسى ئوخلىمايمەن داۋاملىق،

ئۆيلىسام كېسىلىڭىزنى قايىدۇ باشىم توختىماي ئاقىدۇ كۆزۈمدىن ياشىم.

تاپالمىسا شىپالىق كېسىلىڭىز ئەگەر، ئۆلسەممۇ يۇمۇلماس مېنىڭ بۇ كۆزەم.





## 38. ئوغلۇم ئەنۋەرجانغا بېغىشلايمەن



4 ـ ئوغلۇم ئەنۋەرجان، 7 ـ ئايدا تۇغۇلغان،
روخسارىمۇ چىرايلىق ئۆزى يۇۋاش بەك ئوبدان،
ھەممە ئىشتا تىرىشچان، تۇرمۇشتىمۇ سەۋرچان.
بوزەك قىلسا باشقىلار زارلانمايدۇ ھېچ قاچان،
ئۆزى بەكمۇ كۆيۈمچان، كۆڭلى يۇمشاق مېھرىبان.



شۇڭا ئۇنى ھەممىمىز ياخشى كۆرىمىز ھەر قاچان،
بولسىمۇ خىزمىتى مۇرەككەپ ھەم جاپالىق.
ئەستايىدىل ئىشلىگەچ، ئۆتكۈزمىدى خاتالىق،
خىزمەتتە بولغاچ ئادىل،قىلمىدى ھېچ كىشىگە يامانلىق.
بىزگىمۇ قىلمىدى ھېچ قاچان بىۋاپالىق،
شۇڭا ماختايدۇ ئۇنى ئاۋام دائىم، مەنمۇ قىلمايمەن ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ ۋاھىم.
ئېرىشسە ئەلنىڭ رەھمىتىگە دائىم، خار قىلماس ئۇنى ھېچ قاچان ئۇلۇغ خۇدايىم،
خۇدايىم قىلسۇن سىزنى ھەر ۋاقىت تىنچ ـ ئامان.



ساقلىغاي پاناھىدا يامانلارنىڭ كۆزىدىن ئامان،
ئۆمرىڭىز ئۇچۇن بولغاي، بەختىڭىز گۇللەپ پاراۋان.
ئەل جامائەت قىلدى رەھبەر ئەل ئۇچۇن سۆزلەك بالام،
ئۆمۈرىڭدە ئەل ۋەتەنىنىڭ بەختىنى كۆزلەك بالام.
ھاجىتى چۇشسە بىراۋنىڭ نائۇمىد قويماڭ پەقەت،
كۆرسىتىپ بانا - سەۋەپلەر ھەم قاپاق تۇرمەڭ بالام.
ئەل گويادەريا-دېڭىز دۇرسىز ئۇنىڭدا بىر قېيىق،



غەرق بولۇپ كەتمەي ھامان دولقۇن يېرىپ ئۆزلەڭ بالام.
يۇكسىلىشكە ئالدىرار ئەل مىسلىسىز سۈرئەت بىلەن.
ياخشىلارنىڭ ئىشىنى ھەرگىز ئارقىغا سۆرمەڭ بالام،
تۆھپىكار مۇنبىرىدە گۈل تاقاڭ چولپان بولۇپ،
شان قوچۇشتىن باشقا ئىشنى سىز مۇھىم بىلمەڭ بالام.

## 39. كەنجى ئوغلۇم ئەركىنجانغا بېغىشلايمەن

ئوغۇللارنىڭ كەنجىسى ئىسمى ئۇنىڭ ئەركىنجان،
دىلى يۇمشاق ئۇنىڭ ھەم مىجەزىمۇ بەك ئوبدان.
ھەممە ئىشتا سەممى، كىچىك پېئىل، كۆيۈمچان،
ئۇچرىسا ناھاق ئىشقا چىدىمايدۇ ھېچ قاچان.
ئۆزىنى دەپ ئۆزگىمۇ سالمايدۇ قىلچە زىيان،
ئۆگۈنۈشىمۇ بەك ياخشى خىزمەتتىمۇ تىرىشچان.
ئۇنىڭ بىر ئېسىل خىسلىتى، ھەممىمىزگە بەك ئايان،
شۇڭا سازاۋەر ئۇ ، ئەلنىڭ ماختىشىغا ھامان.
خۇدايىم قىلغاي سىزنى مەڭگۈگە تىنچ ئامان،







تۇرمۇشىڭىز باياشات، بەختىڭىز پاراۋان.
ئىشلىرىڭىز بوپ توسقۇنسىز راۋان،
دۈشمىنىڭىزنى خۇدا قىلباي گۇمران،
بالا- چاقىڭىز بولسۇن تېنچ ئامان،
ئۆمۈر بويى ياشاڭ شادىمان.



1997 - يىلى 12 - ئاي

سىلەردەك مەنمۇ بالا ئىدىم، 67 يىل ئىلگىرى،
مېنى تۇققان ئانامنىڭ دىل ـ پارىسى جىگىرى.
مانا ئەمدى ياشىنىپ بولدۇم نەۋرىلىك بوۋا ،
ئۆمۈر«ئاتقانئوق» دىسە، چۈشەنمەپتىمەن توۋا.



ئۆمۈر يولى راست قىسقا ـ ئىكەن كۆپكەن داۋىنى،
ئۇچرايدىكەن شۇ يولدا ئىپتى، قويى، قاۋىنى..
مەنمۇ شۇنداق داۋاندىن، بېسىپ ئۆتتۇم نەچچىنى،
بەزىسىدىن بۆسۈپ ئۆتتۇم، بەزىسى توستى مېنى.



توسقانلىرى دۈشكۈشلەپ ئىتلىرىغا تالاتتى،
تېخى ئۆتكەن چاغلاردا، ئاق يول تىلەپ ئۇزاتتى.
كۆرۈپ ئۆتتۇم ھەممىنى، كۆرمىگىنىم گۆر قالدى،
ماڭا دەپ گۆر قازغانلار، «ىنجاتچىڭ بىز» داۋالدى.



سورىدىم مەن ئاتامدىن، ھاياتلىق دېگەن دەرتمۇ دەپ،
توغۇلماقلىق جىنايەت، ياشىماقلىق قىسمەتمۇ؟
ئالالمىدىم دادامدىن سۇئالىمغا نەق جاۋاپ،
«ىندا كەلدى بىر چاغدا، جاۋابىنى ئۆزەڭ تاپ».
ئۇزاق - ئۇزاق ئويلىدىم تاڭغا ئۇلاپ كېچىنى،
يىڭنە چۇشكەن قۇدۇقتەك، ئاختۇرغاندەك ئىچىنى.
بىردىن دىلىم يورىدى، تۇندە چىراق ياندۇرغاندەك،
يېگىلىدىم سۇئالىنىڭ جاۋابىنى تاپقاندەك.
مۇنداق ئىكەن جاۋابى - ئۆزى كېلەر بەخىت يوق،
قاچان قورۇق ئارزۇغا، بولغان ئىدى قوشاق توق.
ھايات دېگەن ئۆتكۈنچى، كۆرەش ئۇنىڭ جەريانى،
كۆرەشكەنلەر ياشايدۇ، يىغلىغانلار قۇربانى.

چۈشىنىسەن چوڭ بولۇپ، سەنمۇ تۇرمۇش زامانىنى،
سەنمۇ يىگىت بولىسەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە.
بەلكىم بۇلار تۇرمۇشقا، كۆز قارىشىڭ باشقىچە،
شۇڭا بالام قۇلاق سال، ساڭا ئېيتار سۆزۈم بار.
بولىشىڭنى تىلەيمەن ئاتا ـ ئاناڭغا غەمگۇزار،
ئېسىڭدە تۇت خەلقىڭنى مەيلى ئوت يا سۇغا كىر.
ئەل كۇتكەندەك ئادەم بول، تىلى بىلەن دىلى بىر،
ئاچ قالساڭمۇ ئۆزگىنىڭ رىزقىنى سەن قاتلىما.
تىرناق تىرەپ ئۆمىلەپ يوقىرىغا ياماشما،
شۆھرەت ئۈچۈن ئۆزگىنى ئىشتىرىشتىن ھەزەر قىل.
تاپان يالاپ ياشاشتىن ، مەرد ئۆلۈمنى ئەۋزەل بىل.
سەن ئۇيغۇرنىڭ بالىسى، مەڭگۇ شۇنداق بولۇپ قال،
مەيلى يىغلاپ ـ مەيلى كۈل، ۋىجدانىڭنى ساقلاپ قال.
كەلگۈسىڭگە ، بەختىڭگە ئىشەنچىڭنى سوۋۇتما،
سېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئەجدادىڭنى ئۇنۇتما.
مېنىڭ بالىلىرىم بەك ئوبدان، بىزلەر ئۈچۈن قەدىردان،
بىزلەرگە شۇنداق كۆيۈمچان، ئۆز ئارا ھەم مېھرىبان.
بالا بولسا ئاتا ـ ئانىسىغا قىلسا ۋاپا، بالىسى ئۇنىڭغىمۇ سالماس جاپا،
ھاياتلىقتا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئالسا دۇا، خۇدا قىلغاي مېھرى شەپقەت مەڭگۇ ئاڭا.
ھۆل يېغىنىدىن كۆلەر گۈل، شاخ ـ شېخىدا چېچەك جۇلاسى،
پەرزەنت ئۈچۈن ياغدۇرار دۇر ئامەت.
ئاتا ـ ئانىنىڭ تەلەپ دۇئاسى، رىزالىق ئال ئاتا ـ ئاناڭدىن،
مېھرى ئاتەش بۇيۇك ئىنساندىن .
توزۇندىدەك توزۇيدۇ دۇنيا، توپلىساڭمۇ مىڭ زەر،
گۆھەر، دوللار، «ئاتا ـ ئاناڭدىن دۇنيا قالغۇچە.)
«دۇئا قالسۇن دەيدۇ ـ كونىلار» رىزالىق ئال ـ ئاتا ـ

ئاناڭدىن،
مېھرى ئاتەش بۈيۈك ئىنساندىن .
ھوزۇر ئالار ھەر يۈرەك، ھەرجان، گۈل غۇنچىسىدىن،
نۇرانە تاڭدىن، ئىككى ئالەم خوش ئۆتەي دىسەڭ.
رىزالىق ئال، ئاتا ـ ئاناڭدىن،
مېھرى ئاتەش بۈيۈك ئىنساندىن.
ئۇلار باققان سېنى ئەزىزلەپ، يۈرىكىگە تېڭىپ قوچاقلاپ،
نىمە قىلساڭ ئەرزىيدۇ بەلكى.
ئاتا ـ ئاناڭغا ئاتاپ بېغىشلاپ، رىزالىق ئال ئاتا ـ ئاناڭدىن،
مېھرى ئاتەش بۈيۈك ئىنساندىن .

## 40. نەۋرىلىرىم



ھاياتىمنىڭ ئۈنچى ـ مارجان گۆھىرى سىز نەۋرىلىرىم،
نەسلىمىزنىڭ ھايات بەختى، جەۋھىرى سىز نەۋرىلىرىم.
بۇ ئۆمرۈمنىڭ گۈلىستانى، باھارىمنىڭ گۈل بوستانى،
ئەجدادىمنىڭ شەرەپ ـ شانى، نەۋكىرىم سىز نەۋرىلىرىم.

تومۇرۇمدا ئوخچۇپ تۇرغان، قانلىرىم سىز نەۋرىلىرىم،
ئەل كۆكىنىڭ ئۇچۇپ تۇرغان، كەپتىرى سىز نەۋرىلىرىم.
دىل ئۆيۈمنىڭ نۇر چىراغى، كۆزلىرىم نۇر-قاراسى،
جەننىتىمنىڭ ھۆر-غۇلمانى، پەيكىرى سىز نەۋرىلىرىم.
چاچلىرىمنىڭ ئاقلىقى سىز، يۈرىكىمنىڭ پاكلىقى سىز،
ھاياتىمنىڭ شېرىن - شېكەر، كەۋسىرى سىز نەۋرىلىرىم.
تىلەك ئارزۇ- ئارمانىمسىز ، كۈچ قۇۋۋىتىم دەرمانىم سىز،
تارىخىمنىڭ شەجەرىسى، دەپتىرى سىز نەۋرىلىرىم.
ئوغۇل، قىزىمنىڭ شانى - شەۋكىتى،ئىپتىخارى ھەم ئىززىتى،
جەمەتىمنىڭ يېڭى بېتى - شەمشىرى سىز نەۋرىلىرىم.
سىلەر بولغاچ ئۆچمەس ئىزىم، كۆكلەپ تۇرار شاخ - يىلتىزىم،
كەلگۈسىنىڭ پارلاپ تۇرغان، ئەخترى سىز نەۋرىلىرىم.
ئالتۇن بۆشۈك جەننەت دىيار، سىزگە خوشتار مەڭگۈلۈك يار،
بولۇڭ ساغلام ھەم بەختىيار،ئۈمىد گۈلۈم نەۋرىلىرىم.

## 41. ئارزۇ قىلدىم نەۋرە كۆرسەم دەپ .

ئارزۇ قىلدىم نەۋرە كۆرسەم دەپ، نەۋرى كۆردۈم - چەۋرى كۆرسەم دەپ،

يەنە تېخى قىلىمەن ئۈمىد، 100 يىلغىچە ئۆمۈر كۆرسەم دەپ.

ئوغۇل قىزلىرىمنىڭ خوشاللىقىدىن، مەنمۇ تاپىمەن ئوخشاش خوشاللىق،

نەۋرىلەرنىڭ شاد غەلىبىسىدە، كىسلىمگە باردۇر شىپالىق.

نەۋرىلەرنىڭ قىقاشلىرى، ئەسلىتىدۇ بالىلىقىمنى،

شۇلار بولغاچ خوشال ئۈمىدلىك، ئۆتكۈزىمەن قالغان ئۆمۈرۈمنى.

توسىماڭلار مېنى ئۇلاردىن ئۆچەر- ھاياتىمنىڭ نۇرلۇق چىراغى،
بىللە بولاي توختىماس مەڭگۈ، بىل بوۋاڭنىڭ ھايات تىغىنى.
1987 ـ يىلى ـ 10 سىنتەبىر.

## 42. ئەرسلانغا بېغىشلايمەن.

شۇنداق بىر ياخشى زاماندا تۇغۇلغانتىڭ جان بالام،
قول ـ قولغا تىگىشمەي چوڭ بولغانتىڭ جان بالام.
ئاتاڭنىڭ ئىزىنى باسار دەپ جان تىكىپ سۆيۈنۈپ،
ساقلاپ سېنى خەتەردىن چوڭ قىلغانتىم كۆيۈنۈپ.
جان ـ جىگەر جېنىم ئوغلۇم قىلاي نەسىھەت سىزگە،
ئىلىك ئېلىڭ سۆزۈمنى، رەنجىمىگىن ھەم بىزگە.
مېنىڭ قىلغان ھەر بىر سۆزۈم، سىزگە بەكمۇ پايدىلىق،
تۇتسىڭىز ئۇنى قۇلاقتا، بىشىڭىزغا كەلمەس خاپىلىق.
ئويلاپ كۆرگىن جان ئوغلۇم، ئۆمرۈڭ بىكار ئۆتمەكتە،
لېكىن سەندىن كېلەچەك ياخشى ئۈمىت كۈتمەكتە.
چۈنكى سەن بىر كېلەچەكنىڭ ئىگىسى،
راۋاج تاپار ئىشىڭىز، چەكسىز پارلاق كەلگۈسى.
بۇنى بىلىڭ غەنىمەت، تىز ئۈيغۇنۇڭ ئۇيقۇدىن،
ئالغا قاراپ ئىلگىرلەپ، قىچىڭ غەيرى تۇيغۇدىن.
غەپلەتتىن تىز ئۈيغۇنۇپ، تېزدىن تۈزەت ئۆزۈڭنى،
ئۆز يولىڭنى تېپىۋال، چوڭراق ئېچىپ كۆزۈڭنى.
جېنىم بالام سۆزۈمنى ئاڭلا، كۆزۈڭنى ئېچىپ ئۆزۈڭنى ئوڭلا،
كۆرسەم سېنىڭ ئوڭلانغىنىڭنى، زامانغا لايىق بولغانلىقىڭنى.

كۆرسەم سېنىڭ تۈزەلگىنىڭنى، ئىشنىڭ بېشىنى تۇتقانلىقىڭنى،
بېشىم كۆككە يەتمەسمۇ مېنىڭ، ئۆمرۈم گۈلدەك ئۆتمەسمۇ مېنىڭ .
يېتەر ئەمدى ئازراق ئوينا، جېنىمنى ئېلىپ يېنىمدا قويما!
ئاڭلا بالام نەسىھىتىمنى، ئاقلاي دىسەڭ بەرگەن تۇزۇمنى.
ئورۇن ئالسۇن قەلبىڭدە گۈزەل ئەخلاق، پەزىلەت،
مۇشۇ بەرسۇن چېچەكلەپ ساڭا قىلغان نەسىھىتىم.
1993 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

## 43 . سېغىندىم ئەجەپ مەن سېنى

(ئەرسلان يوقاپ كەتكەندە يازغان. ـ 4 . 9 .1993 كۈنى)
تاقەتسىز تەلمۈرۈش زارىقىپ كۈتۈش،قالدۇرغان سوغاڭمۇ ئېيتقىنا بالام،
گەر نىسىپ بولساقايتا بىر كۆرۈش، رازىدىم قوينىغا ئالسىمۇ ئۆلۈم.
تاڭلارنى كۈتىمەن تۈندە ئۇخلىماي، تاڭ ئاتسا تىلەيمەن تۈنلەرنى يەنە،
كەل بالام بىر كۆرۈپ كەتكىن مېنى، سېنىڭسىز بىلىنەر ھايات بىمەنە.
سېغىندىم مەن سېنى، سېغىندىم ئەجەپ، ھەر دەقىق مىڭ يىلدەك بىلىنەر گويا،
تاقەتنى تۈگەتتىم سېنى كۆپ ئويلاپ، سېنىڭسىز تار ئىكەن ماڭا بۇ دۇنيا.
ئازاپلىق بولسىمۇ تەلمۈرۈش- كۈتۈش، ئۈمىدىم روھىمغا بېرىدۇ مەدەت،
سېنى ئويلاپ داۋاملىق كۈتۈش،مەن ئۇچۇن شەرەپتۇر ئەبەدىلئەبەت.

## 44. سالام خەت: ئەرسلان يوپۇرغىغا كەتكەندە يازغان سالام خەت

1993 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى
خەت يېزىپ نامەئىبەردىم جان جىگەر ئوغلۇم ساڭا،
ئوقۇساڭ مەلۇم بولۇر بارلىقىم ھالىم ساڭا.
كېچە ـ كۈندۈز يىغلىماقتىن ئۆزگە ئىش يوقتۇر ماڭا،
بۇ مېنىڭ يىغلىغىمنى كىم بېرىپ ئېيتۇر ساڭا.
ئاي بىلە كۈننى قوشۇپ ئەلچى ئىۋەتتىم مەن ساڭا،
ئايمۇ ياندى،كۈنمۇ ياندى ھېچ بىر خەۋەر يوقتۇر ماڭا.
دىلىمدىن چىقمىدىڭ ھەر گىز، ھەر كۈنى سەن ئېسىمدە،
كېچە ياتسام كۆرەر مەن دائىم سېنى چۈشۈمدە.
ئالدىمدا كۈن ئاي كەينىمدە ھەسرەت ئىچىدە،
تۈگىمەس مېھرىڭنى سالدىڭ ماڭا،دەردىم ئىچىمدە.
مەن سېنى يار ئېتىپ دائىم، گېلىمدىن ئۆتمىدى ئاش،
كېچە ـ كۈندۈز ئاقتى كۆزۈمدىن قان بىلەن ياش.
كېچە ـ كۈندۈز ئەسلىدىم دائىم سېنى مەن،
ھەم ھەر كۈندىكى نامىزىمدا ساڭا ئىنساپ تىلەيمەن.
كېلەركىن قاياقتىن دەپ يولىڭغا قارايمەن،
تېنچ ئامان قايتىپ كېلىشىڭنى ئۇلۇغ خۇدادىن تىلەيمەن.
ئازدۇرۇپ ئېلىپ كەتتى سېنى قايسى جىن ـ شەيتان بالام،
قېنى سەندىكى ئىستەك ئەقىل، ۋىژدان بالام.
بىزنىمۇ،ئۆزۈڭنىمۇ قىلدىڭ ئەجەپ ۋەيران بالام،
بىر كۆزۈمدىن ئاقمۇ ياش، بىر كۆزۈمدىن قان بالام.
سۆيۈنۈپ باققان ئىدىم تۈنجى نەۋرەم دەپ سېنى،
جان ئاناڭ تۇققاندا بىر كۈن تولغاق يەپ سېنى.
قىلمىدۇقمۇ تەستە چوڭ ۋاي دەپ سېنى، پۇدەپ سېنى،
تويۇقسىز قېچىپ كېتىپ داغدا قويدۇڭ ئەمدى بىزنى.

چىقسا لوق توغرام گۆش قاچامغا گەر سىنىڭ ئىدى،
يۇمشىقى نانىنىڭ سىنىڭ، قاتتىغى مىنىڭ ئىدى.
مېھرىم بىلەن ئىسسىتقىنىم يۇمران سەبى تېنىڭ ئىدى.
سالغۇچى قورۇق يۈزۈمگە بىر سىنىڭ غېمىڭ ئىدى.
يازدا بولغانتىم سايە، قىشتا چوغ ـ گۈلخان بالام،
ئايلىنىپ قالدى كۆپۈككە دىلىمدىكى ئارمان بالام.
قىلساڭمۇ ئەمدى پۇشايمەن ئورنىغا كەلمەس بالام،
بۇ ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ يامان يولغا ماڭما بالام.
شۇنچە يالۋۇردۇم، سالمىدىڭ قۇلاق چوڭ ئاتاڭنىڭ سۆزىگە،
باقمىدىڭ يىغلاپ ئاغرىق ياتقان چوڭ ئاناڭنىڭ كۆزىگە.
قۇندۇرۇپ داغ بىر ئۆمۈرلۈك ئائىلەڭنىڭ يۈزىگە،
كىرىپ قالدىڭ ئەجەپ سەن يامانلارنىڭ سۆزىگە.
لال تىلىم قىلمىشلىرىڭدىن مەن ئەجەپ ھەيران بالام،
بىز ئۆلگەندە بىلەرسەن قەدرىمىزنى جان بالام.
پۇشايمانغا قاچا يوق ھەسرەت چېكىپ قالىسەن،
ئەمدى سەن ھۇشىڭنى تاپ، توغرا يولغا ماڭ بالام.
ھېلىھەم بۇ بەدخويۇڭنى تاشلاشقا تىرىشساڭ،
كۈلسەن ئەلدەك يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشىپ.
بەلنى باغلاپ پاك ھالال بىر كەسىپكە كىرىشىپ ،
قالمىسۇن مېنى دىسەڭ بۇ دەرد تۇپەيلى ئېلىشىپ.
سەن ئۈچۈن قىلماسمىدىم بارىمنى مەن قۇربان بالام.

## 45. نەۋرەم باتۇرغا بېغىشلاپ

تۇغۇلغانتىڭىز بەك ئوماق، كۆزلىرىڭىز خۇددى بولاق،
كىرپىكىڭىز بوستان كەبى، روخسارىڭىز بەك ئوماق.
ئۆزىڭىزمۇ بەك ياۋاش، قولىقىڭىز بەك يۇمشاق،
ئىدۇق ھەممىمىز سىزگە، ئەزەلدىنمۇ بەك ئامراق.
يېشىڭىز توشماي تۇرۇپ ئوتتا كۆيدى يۈزىڭىز،

بۇ تېخى يەتمىگەندەك بىمار بولدى قولىڭىز.
بۇنى كۆرۈپ ھەممىمىز، يېرىم بولدى كۆڭلىمىز،
بۇنىڭ ۋەجىدىن دوختۇردا 5 قېتىم ئوپېراسىيە قىلدىڭىز.
مەيۇسلەنمەڭ جان بالام، شۇنداق ئوماق چوڭ بولدىڭىز،
يەنە شۇنداق چىرايلىق بەكمۇ يۇمشاق دىلىڭىز.
شۇنداق كۆپتور بىزلەرنىڭ سىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىمىز،
سىزدىن رازى بولىمىز ئۈمىدىمىزنى ئاقلىسىڭىز.
سىزگە باردۇر بىزنىڭ شۇنداق چوڭ ئىشەنچىمىز.

## 3.46 ـ نەۋرەم گۈزەلنۇرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە بېغىشلاپ

ئىسمىڭىز سىزنىڭ گۈزەل قىز ، رۇخسارىڭىز ئاندىن ئۈز،
چوڭ بولدىڭىز بەكمۇ تېز، مىجەزىڭىز بەكمۇ ئۈز.
تاڭدىن نۇر ئېلىپ ئۆسكەن غۇنچەسىز،
ئائىلىمىزنىڭ تۇنجى گۈلى سىز.
شادلىققا تولغان سىزنىڭ كۆڭلىڭىز،
شەرەپ بىلسىڭىز ئەلا ئوقۇشنى.
ئەلگە يارامىلىق ئەۋلات بولۇشنى،
كۆرەلەيسىز يىراق نىشاننى .
يارىتالايسىز گۈزەل تۇرمۇشنى ،
قىلالايسىز رازى ئەجدادىڭىزنى.
ئاقلىيالايسىز ئۈمىد لىرىمىزنى،
ئۆزۈن قىلغاي خۇدايىم ئۆمرىڭىزنى .
ھاسىل قىلغاي سىزنىڭ مۇرادىڭىزنى،
ئاتا ـ ئانىڭىز بىر قىز دەپ سىزنى ئارزۇلاپ باقتى.
ئەتراپىڭىزدا پەرۋانىدەك قاناتلار قاقتى،
گەر قىلسىڭىز ئاتا ـ ئانىڭىزنى رازى.
كۆرمىگەيسىز خار ـ زارلىق تۇرمۇشنى زادى.

## 4 .47 ـ نەۋرەم دىلدارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە بېغىشلاپ

نەۋرى كۆرۈپ ـ نەۋرەمنى كۆرۈپ، يەتتى ئاغزىم قۇلاقلىرىمغا،
خۇشاللىقىم چىقتى جۇش ئۇرۇپ، كۆزلىرىمنىڭ چاناقلىرىغا.
قورچاقچىلىك يۇمران قىز بوۋاق، ھۆسنى گۈلگە ئوخشاش ئىللىق ۋە ئوماق،
تۇغۇلۇپتۇ چىرايداش بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا.
قارىدى ئۇ ماڭا لەپپىدە، تونۇشتۇق شۇ چاغ ئېپتىدا،
ئوت تۇتاشتى ئەشۇ قاراشتىن يۈزلىرىمگە ياڭاقلىرىمگە.
سالاملاشتۇق شۇنداق قارىشىپ، ئەھۋاللاشتۇق نۆۋەت تالىشىپ.
يامراپ كەتتى مېھرى ـ مۇھەببەت، باشلىرىمدىن ئاياغلىرىمغا.
ئىسمىڭىزنى نىمە دەپ ئاتاي، ئېيتىڭ قىزىم قوشاقچا قاتاي،
دىلدار دەپ چاقىرىڭ دىدى ئۇ ، جۇۋاپ بېرىپ سۇئالىمغا.
نەۋرى دېگەن شادلىق دەيدىكەن، بالىدىنمۇ تاتلىق دەيدىكەن،
يېڭى لەززەت قوشۇلار ئەمدى، تۇرمۇشۇمغا ، تاماقلىرىمغا.
نەزاكەتلىك نەۋرە قىزىمنى،قۇتلۇق نەسەپ ئۆچمەس ئىزىمنى،
يېقىپ قويدۇم شام چىراق قىلىپ،ئائىلەمگە،ئىشخانالىرىمگە.
ئارزۇ قىلىپ بولدۇم نەۋرىلىك، نەۋرەم بولسۇن نەۋرەچەۋرىلىك،
يورغا يىللار ئىماكان بېرىڭلار، كۆڭلۈمدىكى ئارزۇلىرىمغا.
(1987 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاقسۇ )

## 48. دىلدار قىزنىڭ 8 ياشقا كىرگەنلىكىگە بېغىشلاپ

ئاي قىزىم، ئاپپاق قىزىم، كۆزلىرى چولپان قىزىم،
چاچلىرى سۇمبۇل كەبى،كىرپىكى بوستان قىزىم.
يۈزلىرى قىزىل ئالما، سۆزلىرى چاقماق قىزىم،
چىشلىرى ئۈنچى كەبى، ئېغىزلىرى ئوماق قىزىم.
بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنىڭىز، جەم بولدۇق بىز ھەممىمىز،
تەبرىكلەيمىز سىزنى بىز، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز.
8 ياشقا كىردىڭىز، 2 ـ سىنىپقا كۆچتىڭىز،
ياخشى ئوقۇپ مەكتەپتە 3 دە ياخشى بولدىڭىز.
ئۇزۇپ قويماي خىسلەتنى مەڭگۈ داۋام قىلدىڭىز،
مەخسىدىڭىزگە يېتىسىز، بىزنى رازى قىلسىڭىز.
سىزگە باردۇر ئىشەنچىمىز، ھەم بىزنىڭ ئۈمىدىمىز.

## 49. قىزىم دىلدارنىڭ مەكتەپكە كىرگەنلىكىگە بېغىشلاپ

مېنىڭ قىزىم جىلتا ئېسىپ تاڭ سەھەردە ماڭدى مەكتەپكە،
شادلاندىم مەن يەتكەن كەبى بۈيۈك مەخسەتكە.
دىدىم مەكتەپ ساخاۋەتلىك بىلىم ئوچىغى،
بالا ئۈچۈن خۇددى ئىللىق ئانا قوچىغى.
قىزىم بۈگۈن قەدەم قويدۇڭ بەخىت يولىغا،
پۇختا ئاساس سالغىن ئەقىل ـ ئىدرەك ئۈلىغا.
ئىخلاس قىلىپ ئۇستازىڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلا!
ئىلىم ـ پەنگە چىن دىلىڭدىن ئىشتىياق باغلا!
ئۈمىدىمنى يەردە قويماي ئەلا ئوقىغىن،
سېنىپىڭدا نۇرلۇق چولپان كەبى چاقنىغىن.
ئەدەپ ـ ئەخلاق، سەممىلىك يار بولسۇن ساڭا،
ئاتا ـ ئاناڭ، توققانلىرىڭ ياغدۇرسۇن تەشەككۈر ساڭا.

## 50. دىلدار قىزنىڭ 10 ياشقا كىرگەنلىكىگە بېغىشلايمەن

جېنىم قىزىم دىلدارخان بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنىڭىز،
بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ 10 ياشقىمۇ توشتىڭىز.
شۇڭا ھەممە جەم بولۇپ تەبرىكلىدۇق سىزنى بىز،
ساغلام بولسۇن تېنىڭىز ئۇزۇن بولسۇن ئۆمۈرىڭىز.
كۈلسىڭىز ئاغزىڭىزدىن گۈللەر ئېچىلسۇن،
ماڭسىڭىز تاپىنىڭىزدىن تىللا تۆكۈلسۇن.
يىغلىسىڭىز كۆزلىرىڭىزدىن ئۈنچە چېچىلسۇن،
نىگاھى ئالدىڭىزدا قوزغۇن تىترىسۇن.

## 51. نەۋرەم جۇشقۇنجاننىڭ 8 ياشقا توشقان كۈنگە بېغىشلاپ



8 يىل بۇرۇن بۈگۈنكى كۈندە، سەن كۆلۈپ دۇنياغا كۆز ئاچقان ئىدىڭ،

بىر تاتلىق ئىڭەلەپ بىر ئاچچىق تۈندە، كۆڭلۈمنى ئۈپۈققا ئەپقاچقان ئىدىڭ.

تۇغۇلغان كۈنىڭىزدۇربۈگۈن خاس ئەييام، تاپقايسەن بەخىت ۋە كامال،

تۇغۇلغان كۈنىڭگە مۇبارەك. ئامان تېنىڭ بولسۇن سالامەت ھامان.

گۈلدەك ئۆت، گۈلدەك ئۆس، گۈلدەك يان، بەختىڭ بولغاي پاراۋان،

ئۆمۈرۈڭ بولسۇن بەك ئۇزۇن، تىترىسۇن سىنىڭ ئالدىڭدا قوزغۇن.

تۇرمۇشىڭدا جۇشقۇن بول، ئۆگۈنۈشتە ئۇچقۇن بول،
ياخشى ئوقۇپ بىلىم ئال - چېچەكلىتىپ مېۋە ئال.
توختاپ قالماي ئالغا باس، ئاتا - ئانانىڭ ئىزىنى باس.



## 52. نەۋرەم پەرۋەنىڭ 7 ياشقا كىرگەن كۈنىگە بېغىشلاپ

قىلىقلىرىڭ بەك تاتلىق، ئۆزى ئوماق جان ئوغلۇم،
نۇرچاقنايدۇ چېھرىڭدىن، كۆزى بولاق جان ئوغلۇم.
دوستلىرىڭ بىلەن ھەمىشە ئىناق ئۆتىسەن جان ئوغلۇم،
كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى بەختىڭ پارلاق جان ئوغلۇم.
يۇرىكىدە ئاتا ـ ئانىسىغا، مېھرى قايناق جان ئوغلۇم،
خۇدا بەرسۇن كۈچ ـ قۇۋەت، روناق تاپقىن جان ئوغلۇم.
سېنىڭ خەتمە تويۇڭدۇر موسۇلمان بولدۇڭ جان ئوغلۇم،
53. تەكلىپنامە.
يەتتى بۈگۈن نەۋرەم پەرروۋە ئۆسمۈر يېشىغا،
سۈننەت قىلىش مەجبۇرىيەتتۇر ئاتا ـ ئانىغا .
مەرىكە بەردۇق تۇققان، دوست قېرىنداشلىرىغا،
خوشال ئويناپ يايرىغايسىز بۇ سورۇندا.

## 54. پەرۋەنىڭ خەتمە تويىغا بېغشلاپ

(پەرۋەنىڭ قەلىپ سۆزى ئابلىمىت ئوقىدى)
بولدى مانا خەتمە تويۇم، 7 ياشقا تولغان كۈنۈم،
كەلدى تويغا مېھمانلىرىم، شۇڭا خوشال بۇ كۈنۈم.
خەتمە تويلۇق كېيىمىم مېنىڭ ، بەك ياراشتى بويۇمغا،
سالام ئېزىز مېھمانلار، خوش كەپسىلەر تويۇمغا.
ئاق تاش، كۆك تاش، يېشىل تاش، ئاتا ـ ئانام تويۇمغا باش،
خوش كېلىپسىز تويۇمغا،ياخشى مېھمان جان ئاداش.
مېھرى ـ شەپقەت بابىدا، تەڭ دىشى يوق ئانامنىڭ،
مەڭگۈ باھارمەن ئۈچۈن، يورەك باغرى دادامنىڭ .
ئاتا ـ ئانام قوياشىم، مەن شۇ قوياشىنىڭ نۇرى مەن،
ئۇلار باغرى جەننەت باغ، مەن شۇ باغىنىڭ گۈلى مەن.
بۇ تويۇمدا چىن دىلىمدىن دەيمەن ئانا مىڭ ياشا،

ناۋا ئەيلەپ تىلىمدىن، دەيمەن دادا مىڭ ياشا.
ئانام مەمنۇن مەن مەمنۇن، دادام مەغرۇر مەن مەغرۇر،
نازۇ ـ نىمەت يەتكۈچە يەپ ئىچىڭلار بى ھوزور.
ئاتام بىلەن ئانامغا مەڭگۈ رەھمەت ئېيتىمەن،
ياخشى ئوقۇپ داۋاملىق مەڭگۈ ئالغا باسىمەن.
دادام بىلەن ئانامغا تېنچ ـ ئامانلىق تىلەيمەن،
مەندىن كۆنكەن ئۈمىدىنى جان دىلىمدىن ئاقلايمەن.

## 55. نەۋرە قىزىم ئەقىدەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە بېغىشلاپ (95.8.14)

قىزىم بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنىڭ، جەم بولۇشتۇق ئۇرۇق ـ تۇققانلار،
ھەر بىر چىرايدىن پارلاق مىڭ قوياش، يىلىنچايدۇ دىلدا ئارمانلار.
قىزىم بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنىڭ ، جۇش ئۇرىدۇ قەلبىمىدە شادلىق،
شادلىقىڭغا بولدۇق بىز شېرىك، بۈمىنوتلار بىز ئۈچۈن نەقەدەر تاتلىق!؟
قىزىم بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنىڭ، سەن يېتىلدىڭ بولۇپ بىر ئوماق قىز،
ئارزۇ قىلساڭ مەڭگۈ ياشاشنى،ياخشى ئوقۇپ قالدۇرغايسەن ئىز.
بۇ كۈنىڭنى قۇتلۇقلايمىز ھەممىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز،
ھور ئائىلىدە تۇغۇلدۇڭ، ئادەم بولۇپ يارىلىپ.
تاپاي دىسەڭ بەختىڭنى، قالما ئۇندىن ئايرىلىپ،
كىچىكىڭدىن تارتىپلا گەپ ئاڭلىساڭ داۋاملىق.
كەتمەس بوران چاپقۇندا قاناتلىرىڭ قايرىلىپ،

نۇرغا چۆمۈلگەن قەلبىڭ چىرايلىق، گۈلدەك ئېچىلغان
ھۆسنۈڭ چىرايلىق.
ھاياتلىق بەرگەن ئاناڭ چىرايلىق، سېنى ئۆستۈرگەن داداڭ
چىرايلىق.



## 56. نەۋرە قىزىم ئەلنۇرغا بېغىشلايمەن

زەپمۇ ئامراق ساڭا مەن، ئاھ مېھرىبان پەرزەنتىم،
ئەكىلىتىپ قانمايمەن، مېھرى ئوتلۇق پەرزەنتىم.
قىزنقارلىق سۆزلىرىڭ، كۈلدۈرسەن پەرزەنتىم،
سېنى باقتۇق ئارزۇلاپ، ئۈمىدىمىز زور پەرزەنتىم.
ئۆرلىشىڭگە ھەر كۈنى ئىلھامچىڭ بىز پەرزەنتىم،
ئۆتكۈزمەي ۋاقىتنى بىكار ياخشى ئۆگەنسەڭ پەرزەنتىم.
بەختىڭ گۈلدەك ئېچىلىپ، ئېزىز ئۆتەر پەرزەنتىم،
ياخشى بالام گۈل بالام، مۆجىز خولقۇڭ ئۆز بالام،
دىلى ئاپپاق پاختىدەك، بالدەك شېرىن سۆز بالام.

ئانا تۇپراق باغىدا مېۋە بەرسەڭ چىچەكلەپ،
جان تىكىپ بىز قوغدايمىز، تەگسە يامان كۆز بالام.
تاڭدا تۇغۇلغان تاڭنىڭ قىزى سىز،
تاڭدىن نۇر ئېلىپ ئۆسكەن غۇنچە سىز.
تاڭنىڭ قىزى سىز، تاڭغا نەسەپداش،
تاڭنى كۆرگەندە خوشال بولىسىز.
بەختلىك سىز، غەمسىز ئۆتكەيسىز،
ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ غۇنچە گۈلى سىز.

## 57. نەۋرە قىزىم گۈلبانۇنىڭ يەسلىگە كىرگەنلىكىگە بېغىشلاپ

ئاق توشقاندەك ئاق بالام قەلبى سۈتتەك پاك بالام،
ئاتا ـ ئانا مېھرى دەرياسى، دۆلقۇنىدا ئاق بالام.
سەن بۆشۈككە يۆلەندىڭ، ئالتۇن تاقىا بۆلەندىڭ،
نۇرلۇق تاڭغا كۆز ئېچىپ، بەخىت ئىچىدە تۆرەلدىڭ.
ئەللەي بالام ئەللىيا، ئاناڭ ساڭا مەھلىيا،
ماموق كۆرپە ئاستىڭدا، ئەتراپىڭدا گۈل ـ گىياھ.
ئەرتە تاڭدا ئۈيغۇتار، بۇلبۇل قونۇپ بېشىڭغا،
تۇنجى كىردىڭ يەسلىگە، ئۆسىنىڭكى ئۆز ئويۇڭ.
ئۇنىڭ ئىللىق قوينىدا، ئۆسكىن ساغلام شات بالام،
ئاداشلىرىڭ بەك تولا، يوقتۇر ساڭا يات بالام.
مەرىپەتنىڭ قوينىغا، سەن ئۆزۈڭنى ئات بالام،
كۆتەر سېنى مەكتىۋىڭ، ئىتتىك چوڭ بول جان بالام.
ئەللەي بالام ئاق بالام، ئەتراپىڭغا باق بالام،
كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇساڭ، بەختىڭ بولار گۈل بالام.
كۈندە دائىم چېنىقساڭ، تېنىڭ بولار ساق بالام،
ئائىلىمىزنىڭ غۇنچىسىز بالام، شادلىققا تولدۇق بۈگۈن ھەممىمىز بالام.
ئوبدان ئوقۇسىڭىز شەرەپتۇر بالام، رازى بولار ئەل سىزدىن بالام.

## 58. نەۋرىلىرىم دىلشات ، دىلنارلارنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى خاتىرلەپ

(1994 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)

خانىمىزدىكى قوياش ئىدىڭىز يالغۇز قىزىم دىلبەرخان،
ئەمدى يالغۇز ئەمەس سىز باردۇر يېنىڭىزدا ئۈچ چولپان.
ئۆيىمىزنىڭ چىرىغى ئۇنىڭ ئىسمى دىلدارخان،
يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان دىلنار بىلەن دىلشاتجان.
ئەجداتلار ئىچىدە مەرھۇم ئانام قوش كېزەك تۇققان،
ئۇلارنىڭ ئىسمى ئىدى ئەمەتخان بىلەن يۇسۇپخان.
تۇغۇلۇپ بولماي تېخى ئۈچ ئايلىق كېسەلگە مۇپتىلا بولغان،
داۋالاپ شىپا تاپماي بىز بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالاشقان.
12 نەۋرەمنىڭ ھەممىسىمۇ بەك ئوماق،
ئۇلارنىڭ ئىچىدە دىلشات بىلەن دىلنارلار قوش كېرەك بوۋاق.
ئەكىلەتسە ئۇلارنى كۈلۈشلىرى ئاندىن ئوماق،
يىغلىغاندا دىلشاتنىڭ ئەۋازىمۇ بەك ياڭراق.
ئۇرۇشسىمۇ بەزىدە ئايرىلمايدۇ بەك ئىناق،
قاشلىرى قەلەم كەبى، كۆزلىرى خۇددى بولاق.
چىشلىرى مارجانكەبى، روخسارى شۇنداق ئوماق،
سۆزلىرى چاقماق كەبى، دىللىرى شۇنداق يۇمشاق.
كۆرمىسەك چىدالمايمىز، بىزگىمۇ شۇنداق ئامراق.

## 59. نەۋرىلىرىم دىلشات، دىلنارلارنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىغا بېغىشلاپ.

(1995 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ـ 6 ـ كۈنى)

قوچىقىدا ئاناڭلارنىڭ پىلتىڭلايسىلەر شوخلۇقتىن،
تولۇن ئايدەك تولۇپسىلەر، شېرىن ـ شەربەت توخلۇقتىن.



زوقلىنىمەن ھۆسنۈڭلەرگە، چۆمۈپ شادلىق تۇيغۇغا،
كۆزۈڭىزلاردىن بالىلىرىم ئەقىللىقلىغىڭلار كۆرۈنەر.
پارلاق گۈزەل كەلگۈسىڭلار پىشانەڭلاردىن بىلىنەر،
جان جىگەر پەرزەنتلىرىم، ئۆيىمىزنىڭ گۈلى سىزلەر.
بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈڭلار، تازا ئويناپ كۈلۈڭلار،
يىغاڭلارنى توختۇتۇپ بىزنى خوشال قىلىڭلار.
ساغلام بولسۇن تېنىڭلار، ئامان بولسۇن جېنىڭلار،
تېزراق ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ، بىزنى رازى قىلىڭلار.
ئۆستۈردى ئاناڭلار مېھرى بىلەن قوينىدا سىلەرنى پەپىلەپ،
ئەمدىلا تەم ـ تەم ماڭغىنىڭلاردا ئاناڭلار ئېزىدىن تەمترەپ.
تالىشىپ ئاناڭلارنى قولۇڭلارنى بوينىغا سالدىڭلار ئەركىلەپ،

ئوينۇتۇپ قوشتى قاتارغا سىلەرنى ھايات يولىدا يۆتىلەپ.
بالىلىغىڭلار ئۆتتى ئاناڭلارنىڭ قوينىدا،
تومار ئىدىڭلار گويا ئۇنىڭ بوينىدا.
ئەللەي ئېتىپ كۆز يۇمايتتى كېچىسى،
گىرەسىلىپ بۆشۈكىڭلارغا ئۇيغۇدا.
سىلەرگە تۆكەتتى ئۇ مېھرىنى زەر قوياشتەك،
ياتاتتىڭلار جىسمىڭلار ئاڭا تۇتاشتەك.
يىغلىساڭلار يىغلار ئىدى قوشۇلۇپ،
كۈلسەڭلار تەڭ كۈلەتتى سۆيۈنۈپ.

## 60. كەنجى نەۋرەم ئەنھارجاننىڭ تۇغۇلغانلىقىغا بېغىشلاپ

كەنجى نەۋرىمىز ئەنھار، ئوخشاپسىز ھەدىڭىزگە زىنھار،
قاشلىرىڭىز قەلەم كەبى، مەڭزىڭىز قىزىل ئانار.
كۆزىڭىز ئاندىن خۇمار، ئاغزىڭىزدىن بال تامار،
مېھرىڭىز ئاتەش كەبى، چىشلىرىڭىز ئوخشاش زۇننار.



تۇغۇلدىڭىز سىز ياخشى زاماندا،
كۆز ئاچتىڭىز سىز ھۆر ماكاندا.
ئىسمىڭىز باردۇر قۇرئاندا،
قويماس خۇدايىم سىزنى ئارماندا.

كەنجى ئوغلۇمنىڭ تۇنجى ئوغلى سىز،
ئائىلىمىزنىڭ گۈل ـ غۇنچىسى سىز.
ساغلام بولسۇن مەڭگۇ تېنىڭىز،
ئۇزۇن بولسۇن سىزنىڭ ئۆمۈرىڭىز.

نەۋرىلىرىم بار مېنىڭ ئۆسۈۋاتقان غۇنچىدەك ،
بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، بەكمۇ خۇشخۇي شوخ تىمەن.
سۆزى تاتلىق يېقىملىق سۆيۈندۇرەر دىللارنى،
جەم بولغاندا چوڭ ئۆيگە كۈلدۈرىدۇ بىزلەرنى.

ئائىلە تارىخىمدىكى ئەسلىمىلىرىمنى دادامنىڭ ۋاپات بولغانلىغى مۇناسىۋىتى بىلەن شېئىر ئارقىلىق يېزىپ چىققان ئىدىم، بۇ گەرچە كەچۈرمىشلىرىمنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمىسىمۇ ياكى ئۇنى شېئىردىيىشكە بولمىسىمۇ ئۇزۇمنىڭ ئاددى ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەپ بېرەر دەپ ئويلايمەن. 1973 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

9 ئاي 9 كۈن قوساق كۆتۈرۈپ، ئارزۇلاپ تۇغۇپسەن جان ئانا،

3 كۈنمۇ دەم ئالماي ئورنىڭدىن تۇرۇپ، بايلارغا ئىشلەپسەن تەر تۆكۈپ يانا.

مەن ئاددى بىر دېھقان ئوغلىمەن، ئېتىزلىقتا ئايغىم چىققان،

مايسىلەر ئارا ـ مايسىدەك ئۆسۈپ، دەسلەپ ئانا! ئانا! دەپ تىلىم چىققان.

تەلمۈرۈپ ئانا دەپ چاقىرسام سېنى، قولۇڭدا ئىش قىلىپ

يۈتكەيتتىڭ مېنى،

مېنىڭ بىر جاپادا بېقىپ چوڭ قىلىپ، كىشىلەر ئارىسىغا قاتقانتىڭ مېنى.

قىشىڭدا ئەكىلەپ سۆزلىسەم سېنىڭ، ئالدىڭدا پىلدىرلاپ ئوينىسام سېنىڭ،

ئۆزۈڭنى باسالماي خوشاللىقىڭدىن، سۆيۈنۈپ سۆيەتتىڭ مەڭزىمگە مېنىڭ.

ئېلىپ باراتتىڭ ئىشقىمۇ مېنى، كۆتۈرۈۋالاتتىڭ ھاپاشلاپ مېنى،

ئۆزۈڭمۇ يىمەي يېگۈزۈپ ماڭا، ئارزۇلاپ ـ ئارمانلاپ باقاتتىڭ مېنى.

تۇتتىڭىز ئاتام بىلەن سىز مېنىڭ قولۇمنى، ئالدىڭىز ئاخونغا ئاتاپ بىر نەچچە ناننى،

تۇتقۇزۇپ ئاخۇنغا مېنىڭ قولۇمنى تىلىدىڭىز ئاخۇندىن ياخشى ئوقۇشۇمنى.

6 ياشقا توشماي تۇرۇپ ئوقۇش باشلىدىم، گۈدەكلەرچە ئەركىلەشنى ئەمدى تاشلىدىم،

ئەدەپ۔ئەخلاق،پەزىلەتنى ياخشى ئۆگۈنۈپ، مەرىپەتنىڭ يولىغاقەدەم تاشلىدىم.

بولسامۇ كىچىك سەھەردە تۇرۇپ،ئاخۇن بەرگەن ساۋاقنى جاراڭلىق ئوقۇپ،

ماڭسام مەكتەپكە جىلتامنى ئېسىپ،ئاتا ـ ئانام قارايتتى بەكمۇ زوقلىنىپ.

باراتتىم مەكتەپكە قويۇندەك ئۇچۇپ،سۈرۈشتۈرەتتى تىزمىنى ئوقۇپ،

كېلەلمىسەڭ ئۇنىڭغا دەل ئۇلگۇرۇپ، ئۇراتتى شۇ ھامان خەلپەت يۈتكۈزۈپ.

ئۇلتۇراتتۇق ھەممىمىز تىزلىپ ژىكتەك (يىپ ئىگىرگەندە

ئىشلىتىدىغان سايمان )،

ئاخشىمى ئۇقۇيتتۇق ھەممىمىز خەندەك. (شۇ كۈندىكى بىرىلگەن ساۋاقنى ئەۋازلىق ئوقۇش.)

يۈتكۈزۈپ بىزنى بىر - بىرىمىزگە ،ئەدەپ بىرەتتى ھەممىگە بىر دەك،

كىرسە ئاخۇنۇم تىزىلىپ تۇرۇپ، سالام قىلاتتۇق ئىگىلىپ تۇرۇپ.

روخسەت قىلغاندا ئاران ئولتۇرۇپ، بىرەتتۇق جاۋاپ ئەيمىنىپ تۇرۇپ،

بىرەتتى كەچتە بىزلەرگە ساۋاق، ئالاتتى بىزدىن ئەتىسى جاۋاپ.

بىرەلمىسەك ساۋاقنى ئاخۇنغا يادلاپ، تىگەتتى شۇئان بەدەنگە تاياق،

داۋاملىق شۇنداق ئوقۇدۇم بىر يىل، ياخشى ئوقۇدۇم ئاڭلىمىدىم تىل.

ۋاقتىنى زايا ئۆتكۈزمىدىم قىل، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاغرىمىدى دىل،

تۇرسا ئانام زولۇقتا مەنمۇ تۇراتتىم ئانام ئۈچۈن مەن روزا تۇتاتتىم.

دادام بىلەن مەسچىتكە بىرلىكتە بىرىپ، بامدات نامىزىنى بىرگە ئوقاتتىم،

نامىزىدا ئاتا -ئانام دۇئا قىلاتتى،ئەۋلىيالاردىن مەدەت تىلەيتتى.

بىزلەرگە«بەخىت بەر» دەپ زارلىنىپ تۇرۇپ، خۇدايىمدىن - ئۈزۈن ئۆمۈر تىلەيتتى.

كىلىپ ماخۇسەنلەر يۇرتىمىزغا،ئاپەت ياغدۇردى بىشىمىزغا،

ئاتا - ئانامنۇ چىقالمىدى ئىتىز بىشىغا،بىزگىمۇ قويمىدى يول ئوقۇشىمىزغا.

ئۇرۇپ، ئازاپلاپ،قىيناپ دادامنى، باغلاپ كەتتى مىنىڭ

ئاكامنى،

تۇتتى ھەم باشقا كەمبەغەللەرنى، يىغلاپقالدۇق بىز تۆكۈپ ياشلارنى.

37 ـ يىلى پەنى مەكتەپ ئېچىلدى، ئۇنىڭغىمۇ مەجبۇرى كەمبەغەللەر تۇتۇلدى،

شۇ قاتاردا مېنىمۇ تۇتقۇن قىلىپ سولىدى، بايلار بولسا پارا بېرىپ قۇتۇلدى.

شۇ چاغلاردا ئۇ مەكتەپنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەيتتۇق، مەشىق ئۆگۈتۈپ تەربىيىلەپ ئەسكەر قىلىدۇ دەپ ئاڭلايتتۇق. شۇنىڭ ئۇچۈن ئاتا ـ بالا رازىلىشىپ يىغلاشتۇق.

ئاتام بىلەن ئانىلار يوقلايتتى مېنى كۈندە، كۈندۈزى ئېتىزدا، ئاخشىمى ئۆيدە،

چارچىسىمۇ ئىشلەيتتى دائىم تۇندە، يىغلىساقمۇ ئامال يوق زادى شۇكۈندە.

باقمىز بىزنى دەپقالمىدى ھالى، يوقسۇللۇق ئازاۋىدىن كەتتى دەرمانى،

دوغا-يايى قامچىسىدا قىينالدى جانى«پۇلى يوقنىڭ گېپى توك» يوقتۇر ئامالى.

يەيلى دىسەك ئۆيىمىزد ەبىر تال ئاشمۇ يوق، داۋالاشقا ئانامنى مۇچەن پۇلمۇ يوق،

قىلاتتى بايلار شۇ چاغدا جازانخورلۇق، قەرىز ئالمىساق ئۇلاردىن ھېچ بىر چارا يوق.

يەيدىغىنىمىز شۇ چاغلاردا ئىككى ۋاخ تاماق، ئۇمۇ تېخى قەرىزگە ئالغان زەھەردەك قوناق،

قېيىن بولدى شۇ چاغدا بۇ جاننى باقماق،كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپمۇ تاپمىدۇق روناق.

جاھاننى تۇتەك بىلەن باستى تومان، تۆكۈۋەتتى ئۆزمەنىمۇ دەھشەتلىك بوران،

قالمىدى بىرمۇ كىشى بۇ ئاپەتتىن ئامان، چىرايلىرىمىز

بولدى سارغايغان سامان.

سورىدىم مەن بىر كۆنى سەۋەبىنى دادامدىن؟پۇتۇلگەنمۇ پېشانىمىزغا ياكى ئەزەلدىن؟

نامراتلىقتا ئۆتكەن ئىدۇق بىز قاچاندىن؟ تۇيغۇدەكمىز شۇنداق ئوتسەك بۇ ئېزىز جاندىن.

باي ئىشلىمىسىمۇ ئىشى باركەن، كېيەي دىسە ساندۇغىدا تونى ئىكەن،

خەجلەي دىسە يانچۇقىدا پۇلى باركەن،ئۆلتۇرۇشكە قوتىنىدا قويى ئىكەن.

ھەممىمىز ئوخشاش يارالغان ئىنسان ئەمەسمۇ، نىمە ئۇچۇن ئۇلاپ ئۆتىدۇ باياشاتلىقتا؟

ياكى بىز يەردىكى ئەرزىمەس خەسمۇ؟ بىز ئۆتىمىز نىمە ئۇچۇن قوللۇق ـ گادايلىقتا؟

بىزنى ئەزگەن مۇشۇ يۇرتتىكى بايلار ئەمەسمۇ؟ باشقا جايدا ياخشى كىشلەر تېپىلماسمۇ؟

دادام ماڭا قاراپ ئېغىر بىر تىنىپ، قول ئۇزۇتۇپ باغرىغا مېنى مەھكەم بېسىپ،

كۆزلىرىگە مەرۋايىتتەك ياشلار ئېلىپ، يىغلاپ كەتتى ئاھ ! خۇدا دەپ ھەسرەتلىنىپ.

جېنىم بالام ئىشنى مۇنداق ئاددى ئويلىما، بۇ ئىشلارنىڭ يىلتىزى يوق دەپ قارىما،

داداڭنىڭ يۈرەك يارىسىنى قوزغىما، ئەمدى بەس باشقا ئىشنى سورىما.

دادام قايتىدىن سۆز باشلىدى، ئانامۇ ئىشنى قويۇپ سۆز تىڭشىدى،

بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىدى، بىزگە قاراپ ئۆكسۈپ تۇرۇپ گەپ باشلىدى.

ئەسلىسەم مەن ئاتامنىڭ گۇلدەك يۈزىنى،
سۆزلىگەندە كۆزلىرىدىن ئاققان يېشىنى.

ئۆتمۈشنى ئەسلەپ قىلغان سۆزىنى،
بايان قىلاي سىزلەرگە باشتىن ئۆتكەن ئىشنى.

## 61. دادام ۋە ئانام توغرىسىدا داستانلار

بالام بىز بۇ دۇنياغا يارالغان ھەممىمىز ئوخشاش، ئەمەس ئىدۇق بىزلەرمۇ خەس بىلەن ئوخشاش، پۈتۈلمىگەن پىشانىمىزگە زار ـ زار قاقشاش،
ئەمەس ئىدى بايلارمۇ ئاسماندىكى قوياش.
لېكىن بايلار ئىگەللىدى يەر سۇ بايلىقنى، قالدۇردى بىزلەرگە چۆلدىكى ئەسكى زەيلىكنى،
تەر تۆكۈپ ئىشلىسەكمۇ باقالماي گالنى، ئاخىرى بىر ـ بىرلەپ بايلارغا ساتتۇق بۇ جاننى.
داۋام قىلىپ ئەتتى دادام شۇنداق بىر ئىشنى، تۇتالمىدۇق بىزلەرمۇ كۆزدىكى ياشنى،
غەزەپ بىلەن تۇگدۇق بىز پولاتتەك مۇشنى، نىيەت قىلىپ شۇ ھامان ئەنتە ئېلىشنى.
زالىملارنىڭ زۇلمىدىن جانىمىزمۇ باقالماپتۇ، بېشى قېتىپ تۇرغاندا ئاتامغا تۆھمەت چاپلاپتۇ،
قاتىل دەپ قارىلاپ گۇندىخانىغا سولاپتۇ، ئۆيدە قالغان مۇلۇكنى پومىشىكلار بۇلاپتۇ.
ئاتاڭ قەرىزدار ماڭا دەپ ئاكامنى ھەم قىستاپتۇ، ئىلاج يوق ئاكامۇ پومىشىككە ئىشلەپتۇ،
بۇنىڭ بىلەن ئانامۇ ئۆي- ماكانىنى تاشلاپتۇ،يوقسۇللۇقنىڭ دەردىدەقۇلغائوخشاش ئىشلەپتۇ.
شۇنداق قىلىپ كۇنلەردە دادام قاماقتىن چىقىپتۇ، دادام بىلەن ئانىلار بىزنى يۆتىلەپ مېڭىپتۇ،
يورۇغلۇق كۇننى ئىزدەپ قارغىلىقتا بېرىپتۇ، زىنداندىن قۇتۇلدۇم دەپ دوزاقتا بېرىپ تۇتۇلۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ تەقدىرىگە تەن بېرىپتۇ، ئىنساپسىز بايلار يەنە ئاكامغا چاڭگال سېلىپتۇ،

ئاپىرىپلا ئاكامنى قوي پادىسىغا قېتىپتۇ، ئىشلىگەنگە ھەق بەرمەي ئىجارىگە سوقۇپتۇ.

ئۇ،ئاكام بىچارىنىڭ ياتقان يېرى قوتاندا، كىيىمى يوق ئۇچچىسىدا، شىرە چورۇق پۇتىدا،

ئاچ زارلىقتىن ئورۇقلاپ گۆش قالماپتۇ ئېتىدا، تارتقان ئىكەن ئازاپنى تېخى باللىق چېغىدا.

ئاتام بىلەن ئاناممۇ ئىشلەيدىكەن ئېتىزدا، ھالسىزلىنىپ كەتسىمۇ تازا ئىسسىق تۆمۈزدا،

دەم ئېلىشقا ئامال يوق قاتتىق قامچا بېشىدا، تۆكۈلسىمۇ قان ـ تەرى قورۇق قالىدىكەن كۆزدە.

ئاشلىقمۇ يېتىشمەي، كىيىم ـ كېچەك ئەسلى يوق، يىغلاپ ـ قاقشاپ يۈرسىمۇ تىڭشىغىلى ئادەم يوق،

نالە قىلسا نامراتلار پامىشكىنىڭ كارى يوق، قانداق قىلسۇن ئۇ يەنە ئىشلىمەسكە چارە يوق.

ئامالسىز قالغان ئاتامنىڭ بېشى تازا قېتىپتۇ، كۈندۈزى ئېتىزدا ئاخشىمى خام توقۇپتۇ،

بونى كۆرگەن ئانامـمۇ چاقـقا كـىرىشىپ كېتىپتۇ،شۇنداق قىلىپ بىزلەرگە ئاز تولا نان تېپىپتۇ.

مەرھۇم ئانام تاپماق ئۈچۈن بىر پارچە نان بىز بالىسىغا، كېتەركەن بىزنى تاشلاپ ئۆي ماكانىغا،

باغرىم قېنىپ چوڭ بولمىدىم سەن ئانامغا، نەپرەت بىلەن خىيال سۈرسەم شۇ زامانغا.

يوقسۇللۇقنىڭ دەردىدە ئاپام چېچىنى كېسىپتۇ، قەرزىنى قىستاپ كەلگەندە پومىشككە سېتىپتۇ،

شۇنداق قىلىپ بىزلەرنى يەمەي ـ ئىچمەي بېقىپتۇ، ئاچ ـ زارلىق ئازابىدە كېسەل بولۇپ يېتىپتۇ.

بىزلەر ئۈچۈن قىممەت ئىدى بىر پارچە نان، دوزاخ ئىدى

كەمبەغەللەگە قىش زىمىستان،

ياش ئورنىدا ئاقار ئىدى كۆزىمىزدىن قان، چىقماس ئىدى تېنىمىزدىن بۇ ئېزىز جان.

ئۇ زاماندا "ياخشى ئادەم بايلا" ئىدى، پۇلى بارلار سەيلە قىلىپ ئوينار ئىدى،

دوغا- يايى كەمبەغەلنى باغلار ئىدى، قەلبىمىزنى ھەر تەرەپتىن داغلار ئىدى.

## 62. مۇسبەت

ئانام كېسەل ياتقان چاغ دەل ئەتىياز پەسلى ئىدى، شىڭشىسەي ھۆكۈم سۈرگەن زالىملارنىڭ دەۋرى ئىدى،

ئۆلۈم - يېتىم كۆپىيىپ قان يىغلاشقان چاغلار ئىدى، يوقسۇللار ئۈچۈن قىيامەت قەييۇم ۋاختى ئىدى.

قاراپ ئانامنىڭ ھالىغا، چىدالمايتتۇق زارىغا، كېسەللىك ئازابىدىن سارغايغان چىرايىغا،

شۇنچە قاراپمۇ يەنە تويمايتتۇق دىدارىغا، ئارزۇلاپ بېقىپ بىزنى، يەتمىدى مىرادىغا.

ئاپام يېتىپ ئويلايتتى، بىزگە قاراپ يىغلايتتى،ئۆگەي ئالدىدا قالدى 5 بالام دەپ زارلايتتى،

ئاخىرى يېتىپ كەلدى قايغۇلۇق ماتەم كەنلەر، ئېچىلماي تۈزۈپ كەتتى ئەمدى غۇنچىلىغان گۈللەر.

مەرھۇم ئانام قاراپ بىزلەرگە،لىققىدە ياش ئالدى تەلمۈرگەن كۆزگە،

قىشىغا چاقىرىپ مەرھۇم ئاتامنى، دىدى باللارنى تاپشۇردۇم سىزگە.

ئانىسى يوق دەپ ئاراز قىلمىسۇن! قارا كۆزلىرىگە توپا قونمىسۇن!

يېتىملارنىڭ بويىنى قىسىلىپ قالمىسۇن، بالا - قازادىن

خۇدا ساقلىسۇن.

دىدى ئاتامۇ شۇ ھامان يىغلاپ، بوۋاق ئۇكامنى بىردىن قۇچاقلاپ،

ئۇمىدىڭىزنى يەردە قويمايمەن، سۆزلىمەڭ ئەمدى يۈرەكنى داغلاپ.

تېخى تۇگۇمەي ئاتامنىڭ سۆزى، يۇمۇلدى ئانامنىڭ مەڭگۈگە كۆزى،

رازىلىق بەردى چوڭ ئاتام ئۆزى، تۆكۇلدى كۆزىدىن دەريادەك يېشى.

ۋاي ئانام دەپ يىغلاپ ھەممىمىز، ئانامنى ئەسلەپ قىلغان نالىمىز،

پەلەكتىن ئاشتى ئاھۇ زارىمىز، ياپراقتەك تىترەپ سولدى قەلبىمىز.

كەلدى تاۋۇتمۇ ئىشىك ئالدىغا، باغلىدۇق قارىلىق ھەممە بېلىمىزغا،

تۇتتۇق بىردىن ھاسىنى قولىمىزغا، يىغلاشتۇق ئاھۇ ئۇرۇپ ئانىمىزغا.

ۋاپات بولدىڭىز ئەمدى بۇ دۇنيادىن كۆز يۇمۇپ،
بىزلەر قالدۇق ئاھ ئۇرۇپ 5 بالا يېتىم بولۇپ.
يىغلىساقمۇ ئامال يوق۔ تال چېۋىقتەك تولغۇنۇپ،
تەقدىرنىڭ قارارىغا بوي سۇنماسلىققا چارە يوق.
يىغلاۋېرىپ قالمىدى ھېچ بىر دەرمانىمىز،
قالدى ئەمدى بىزنىڭ ئەركىلىك ھەم كۆلكىمىز.
ئانا دىسە باشقىلار بويۇن قىسىپ قالىمىز،
تۇگىمەس تېخى بىزنىڭ قىلغان نالىمىز.

ئاق كېپەنگە ئالغاندا تەلمۈرەتتۇق ئانامغا،ئۆزىمىزنى ئۇراتتۇق تاۋۇتقا سىلىپ ماڭغاندا،

ئايرىلىشقا قىيماي بوۋاق ئۇكىمىزنى ئالدۇق، ئۇچىمىزدا ئاق كېپەن تاۋۇت ئالدىدا ماڭدۇق.

دەپنەقىلىپ قايتقاندا،ئامال يوق يىغلاپ قالدۇق، مېھر بىلەن ئانام بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالاشتۇق،

قۇرئان ئوقۇغان قارىم بىلەن تۇپراق بېشىدا ياتتۇق. قىرقى توشتى قىرىق كۈندە ئىلاج يوق ئۆيگە قايتتۇق.

بوۋاق ئۇكام ئېڭىرسا ھەممىمىز تەڭ يىغلاشتۇق، تاپالمىغاچ تۇپراقتىن قوچاقلىشىپ يىغلاشتۇق،

يىغلاپ ـ قاقشاپ يۈرگەندە ئۆگەي ئانىمۇ كەلدى.
داغلانغان يۈرەكلەرگە سانجىلغان پىچاق بولدى،
ئالايغاندا كۆزلىرى بېسىلماس ئۇنىڭ ئاغزى.
يۈرۈگۈمدىن چىقمايدۇ زەھەر تامغان سۆزلىرى،
بۇنى كۆرگەن ئاتامۇ ھېچ چىداپ تۇرالمىدى.
يېتىملارنى خارلىغان ئۇ ئەبلەخنى قوغلىدى،

ۋاي ئانام دەپ يىغلىساق، ئاتامۇ تەڭ يىغلايتتى، ئانام بىلەن ئۆتكۈزگەن 20 يىلنى ئەسلەيتتى.

بېسىپ باغرىغا بىزنى يىغلىماڭ دەپ ئالدايتتى، ئۆلۈپ كەتسە ئاناڭلار مەن بارغۇ دەپ بەزلەيتتى،

بىلەر ئىدۇق ھەسرەتكە تولغان يۈرىكىنى، خىيال سۈرۈپ غەم ـ غۇسىغا تولغىنىنى.

باسار ئىدى كوكرىگە بەشىمىزنى، بىز ھەم قوچاقلايتتۇق شۇ ئاتامنى،

يىغلاپ ـ قاقشاپ يۈرگەندە ئۆگەي ئانىمۇ كەلدى.داغلانغان يۈرەكلەرگە سانجىلغان پىچاق بولدى،

ئۆيلىنىشكە ئاتامنى تۇرمۇش يەنە قىستىدى، كېيىن كەلگەن ئۆگەيلەر بۇرۇنقىدىن قالمىدى.

ئۆزى ئوخشاش بورىگە، قىلىقلىرى تۈلكىگە، سورۇنلەردە ماختىنىپ بەك قالاتتى كۈلكىگە،

ئۆي ئىچىدە ئالىيىپ زەھەر چاچاتتى بىزلەرگە، چىدالماي بىز يىغلايتتۇق ئۇنىڭ سالغان زۇلمىگە.

«ۋاي بالام دەپ كۆلىسىمۇ» بالا ئورنىدا كۆرمەيتتى،

ئالدىمىزدا«بالام» دەپ كەينىمىزدە تىللايتتى،

ئۆگەينىڭ ئازابىدىن ئۈچ ئۇكام كېسەل بولدى، ئىككىسى ئامان قېلىپ بىر سىڭلىم ۋاپات بولدى.

بۇنىڭ بىلەن يۈرىكىمىز قاخلانغان كاۋاپ بولدى، يىغىپ ئېيتسام سۆزۈمنى ئۆگەي ئانامنىڭ دەردى،

چىدالماي بىز ئۆگەينىڭ ئازاۋىغا، خارلىسا يېتىملەرنى قالماسمۇ قىساسىغا.

كىممۇ يېتەر يېتىملەرنىڭ زارىغا، يەتسە ئىدى زارىمىز خۇدانىڭ دەرگاھىغا،

ھەر بىر ئويلاپ ئەسلىسەم ئاتام بىلەن ئانامنى، باقىمىز بىزنى دەپ دەرت ئەلەملەر تارتقاننى.

ئۆتمۈشنىڭ ئازابىدا زۇلۇم كۆلپەت چەككەننى، ھەسرەت بىلەن ئويلىسام تۆلىيەلمىدىم باققاننى،

مەن توغۇلغان يىللىرى قاتتىق ئىكەن كۈنلىرى، كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپمۇ تېنىم تاپماي قوللىرى.

ھۆكۈم سۈرگەن شۇ چاغدا ماخوسەننىڭ ئىتلىرى، ئالۋاڭ ـ ياساق دەستىدىن ئاچ زار ئۆتكەن كۈنلىرى،

بىر گاداي ئوغلى ئىدىم ئۇ جەھەننەمدە ، زۇلۇم زەنجىرىدە قولى باغلانغان.

تومۇزدا كەپىدە، قىشتا گەمىدە، ۋەھشىلار ئىلكىدە قەلبى داغلانغان.

بالىلىق چاغلىرىم ئۆتتى خارلىقتا، دەردىمنى سۆزلىسەم چىچىمدىن تولا،

ئۆتتى كۆپ كۈنلىرىم ئاچۇ ـ زارلىقتا، ئىدىم مەن مىڭ ئۆلۈپ تىرىلگەن بالا.

ئېسىت ئۆمرۈم ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەي ئۆتكەن، نانمۇ يوق كېيىممۇ يوق تەمتىرەپ ئۆتكەن،

قاتتىق ئازاپ ـ قايغۇ چاپسان قېرىتقان مېنى، ئۇ كۈنلەر كەتتى يىراققا مېنىڭدىن ھېلى.

مېھرىبان ئاتا سەنمۇ بۇ دۇنيادىن كەتتىڭ، ئانام سەنمۇ بۇ قايغۇلۇق كۇندە يادىمغا يەتتىڭ.

ئازاپ تارتىپ بىزلەرنى خەلقىمگەقوشتۇڭ ئايرىلىپ سىزلەردىن كۆزۈمدىن ئۆچتۇڭ.

ئۇزۇن يىللار دەرت تارتمىدىم سىلەردەك بىراق، سۇرەلمىدى ئۆز ھۆكمىنى زۇلۇممۇ ئۇزاق،

سىلەر كېتىپ ئۇزۇنغا قالماي شەرق تېڭى ئاتتى پارلاپ، يېتىپ كەلدى يەلپۇنگەن قىزىل بايراق.

ھازىر بىزنىڭ بېشىمىزغا نۇر چېچىلدى، زۇلۇم سالغان چىل بۆرىلەر يوقۇتۇلدى،

«4 لىششكە» كەڭ ـ كۇشادە يول ئېچىلدى، قوسىقىمىز توق، ئۇستىمىزگە تون يېپىلدى.

پارتىيىمىز يوقسۇللارنى قىلدى ھۆرمەت، يامانلار بۇۋەتەندىن كەتتى ئامەت،

بېشىمىزدىن ئىرغىتىلدى ئازاپ كۇلپەت، تىكلىدۇق ھەممىمىز قەددى قامەت.

بۇگۇن ئازات ھۆرلىگىمنى مەنمۇ ئالدىم، ئېتىز ھەم كاندا ئىشلەش ئۇچۇن مەنمۇ باردىم،

زالىملاردىن سىلەر ئۇچۇن ھېساپ ئالدىم، سىلەرنى ئويلاپ ئۆتمۇشۇمنى بىر ئەسلىدىم.

سۆزۈمنى باشلىسام بەختىيار تاڭدىن، مەدھىيلەيمەن پارتىيەمنى مەڭگۇگە ھامان،

ماۋجۇشى سىز زۇلمەتلىك تۇننى قوغلاپ، بەختىيا قىلدىڭىز مەندەك يېتىمنى.

يېتەكلەپ ماڭدىڭىز بېشىمنى سىلاپ، يورۇتۇپ نۇر بىلەن سۇلغان دىلىمنى،

يايرايمەن كەڭ تاشا ئازات ـ زاماندا، بەختىمنى قەدىرلەپ شادلىقىنى كۆيلەپ.

سايرايمەن بۇ گۇزەل ـ گۇل گۇلىستاندا،ماۋجۇشى بىر ئۆمۇر سىزنى مەدھىيلەپ،

## 63. «داستان»

مەن ئەسلىدىم ئۆتمۈشنى ئازاپلانغان تۇرمۇشنى،
ئېيتاي يەنە بىر ئىشنى كونا مەكتەپ تۇرمۇشنى :
سەككىز ياشلىق چېغىمدا تۇتۇلدۇم مەن مەكتەپكە، گۇنا كاردەك بىزلەرنى قاماپ قويدى بىر ئۆيگە،
ئوخشاش ئىدى ئۇ خۇددى لوگەيدىكى قارا ئۆيگە، قىلچىمۇ بەرمەس ئىدى ئەركىنلىك يەنە بىزگە.
بۇ مەكتەپكە پەقەتلا كەمبەغەللەر تۇتۇلغان، بەرمىسە پەرزەنتىنى باغلاپ ئېسىپ قىينىغان،
چىدالمىغانلار ئازاپقا بالىسىنى بېرىپ قۇتۇلغان، بايلا بولسا پەقەتلا پارا بېرىپ غادايغان.
ئەپەندى دىگەنلەرنىڭ دىگەنلەرنىڭ كۆپى ئىدى پارىخور، شۇجاڭلىرى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئاچ كۆز،
خالىغانچە بىزلەرگە ھەر خىل سېلىق سالاتتى، تۆلىيەلمىسەك ئۇنى بىز، يانە تېپىپ ئۇراتتى.
كۆزلىرى تويماي يەنە پۇرمۇزلاپ يەر تىرىتتى، تېرىش، ئولاش، يىغىشقا بىزنى ئاپىرىپ سالاتتى،
بۇنى ئاز دەپ تېخى ئۇ، كۆنلىكىمىزنى ساتاتتى، قىلالمىساق ئىشنى بىز، تىل ھاقارەت قىلاتتى.
ئەپەندى دەپ نامى بار، كەسپىدۇر قىمار ئويناش، لوكچەكلىك قىلىشتا ئۇ بۇزۇقلاردىن قېلىشماس،
چېكىشى نەششە دائىم قەستى بىزنى زەھەرلەش، قىلمىشى قەبىھ شۇنچە، ھېچ كىشىدىن ئۇيالماس.
مەخپىدور ئۇنىڭ ئىسمى جىڭساجويگە باغلانغان، پۇلىنى كۆرسە تەلمۈرۈپ ۋىجدانىنى يوقاتقان،
ۋىجدانسىز مۇناپىقلار گومىنداڭغا سېتىلغان، ئىلغارلارنى قارىلاپ بى گۇناھ ھەم قاماتقان.

47 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى غالجىرلاشتى گومىنداڭ، ھەم ئۇنڭغا ماسلاشتى دوغا، يايى، بەگ، بوجاڭ.

ئىشپىيونلار باشقۇردى جىڭساجۇيدە بولۇپ سوجاڭ، جەللاتلارنىڭ باشلىقى قورچاق شەنجاڭ بىلەن جۇجاڭ،

تەشكىللىدى ئۇلار ھەم توخماقچىلار گورۇھى، قاتناشقانلەر ھەممىسى گومىنداڭنىڭ قويرۇغى.

ئۇرۇپ ـ سوقۇپ خەلقنى بى گۇنا ھەم قاممىدى، قارشلاشقان كىشىنى كومموئنىست دەپ ئۆلتۈردى،

بۇنىڭ بىلەن قامالدى ئىشچى، دىھقان، زىيالى، قىيناق، سوراق دەستىدىن قالمىدى ھېچ بىر ھالى.

ھەقىقەتنى سۆزلىسەك يوقتۇر ئۇنىڭ گۇناھى، يېزىپمۇ تۈگىمەيدۇ ناھەق ئۆلگەنلەر سانى،

زۇلمەتلىك قارا ئۆتمۈش دوزاخ ئىدى،گۆر ئىدى، بېشىمىزنى بېسىپ تۇرغان «ئەشۇ ئۈچ چوڭ تاغ » ئىدى.

ھەر جەھەتتىن قىيناپ بىزنى ئەزگەن ئىدى، زۇلۇم ـ كۈلپەت دەستىدىن ھالىمىزمۇ كەتكەن ئىدى،

شەرق قىزاردى كۈن چىقتى جىمى ئالەمنى يورۇتتى، ئۇنىڭ ئۆچمەس نۇرلىرى دىلىمىزنىمۇ يورۇتتى.

بىزنى باسقان«ئۈچ چوڭ تاغ» يەر بىلەن يەكسەن بولدى، بىزنى قىلىپ ھۆرـ ئازات يېڭى يولغا باشلىدى،

ئۇلۇغ ماۋزېدوڭ سىياسىي بىزگە بەردى كۈچ قۇۋۋەت، دۈشمەنگە قارشى كۆرەشتە بىزگە بەردى نۇر مەدەت.

دۈشمەنلەرنىڭ ئۇستىدىن باشلىدۇق كۆرەش ئەبەت، پارتىيىمىز كۆرسەتكەن توغرا يولدۇر پەقەت،

يەر ئىسلاھات ئارقىلىق كۆرەشنى بىز باشلىدۇق، پۈتمىزغا سېلىنغان كىشەننى چېقىپ تاشلىدۇق.

فىئۇدال پومىشچىكنى كۆرەش قىلىپ ئاغدۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز قەددىمىزنى رۇسلىدۇق،

كەمبەغەل ـ ئوتتۇرا دىخقان ھەمكارلىشىپ ئىشلىدۇق،

كوپىراتسىيە يولىغا تەكشى قەدەم تاشلىدۇق.

شەھەرلەردە يەنە بىز«ئۇچ ئۆزگەرتىش» باشلىدۇق. فىئۇداللىق تۈزۈمنى بىت ـ چىت قىلىپ تاشلىدۇق،

سوتسىيالىزىم بىزلەرنىڭ مەڭگۇ پارلاق يولىمىز، ئىشچى ، دېھقان، زىيالى ئاداشمايمىز ، ماڭىمىز.

ئىتتىپاقلىشىپ ھەر مىللەت سوتسىيالىزم قورىمىز، قوغداشقا بىز ئۇنى قەتئىدۇر ئىرادىمىز،

يۇرتىمىزدا ئېچىلدى يېڭى مەكتەپ گۇللىرى، يوقسۇللارغا بىلىمنىڭ يېڭى يولى تېپىلدى.

مائارىپتا قىزىل گۇللەر تەكشى ئېچىلدى، بۇ ئارقىلىق «4 لىشىش»نىڭ يولى تېپىلدى،

يېڭى مەكتەپ پەرزەنتلەر باغچىسى، ئۇستاز بىلەن شاگىرتلار بىر ئاتانىڭ بالسى.

يېڭى مەكتەپ پەرزەنتلەر ئائىلىسى، ئوقۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشار غايىسى،

تەربىيلىنىپ يېتىشتى ھەر مىللەت پەرزەنتىسى، ئوزىقىدۇر ئۇلارنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسى.

چىنىقتۇردى ئۇلارنى رىئال كۆرەش تەربىيىسى، مەدھىيلىسەم تۈگىمەس ۋەتەنگە قوشقان تۆھپىسى،

ئۇنۇتمايلى بىز دائىم دوزاخ كەبى ئۆتمۇشنى، سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى ئىككى خىل مەكتەپ تۇرمۇشنى.

ئۇنۇتمايلى ھەرگىزمۇ پارتىيىنىڭ تەربىيىسىنى، پارتىيىگە ئەگىشىپ كوممۇنىزم قۇرۇشنى،

ئۇرۇمچى ليۇداۋان مېيكاڭ ـ 1973 يىلى ـ 10 ئاينىڭ ـ 1 كۈنى

**64. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى كەچۇرمىشلەر ھەققىدە داستان**

ئېيتاي يەنە بىر ئىشنى تارىختىكى زور ئىشنى ،
ئاتالمىش «باتۇرلار» نىڭ ۋەھشى ياۋۇز قىلمىشىنى.

سىلەرگە ئەسلىتەي دەپ لايىق تاپتىم يېزىشنى،
65 ـ يىلى باشلاندى مەدەنىيەت ئىنقىلاپ، باتۇرلار نەرە تارتىپ كاكىراپ،
«يوقىتىمىز ھەممىسىنى» دەپ شۇئار توۋلاپ جاقىراپ، چېپىشتى جاھان كېزىپ، ھەيۋە قىلىپ غاقىراپ.
ئەمگەكچى خەلق قوزغالدى، بەس مۇنازىرە باشلاندى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ رەددىيىلەر بېرىشتى،
ئامالسىز قالغان باتۇرلار ئاچلىق ئېلان قىلىشتى، ئىشچى، دېھقان، زىيالى تارىخدىن سۆز ئېچىشتى.
پاناھىمىز، باشچىمىز پارتىيىمىز دېيىشتى، قان ئاققۇزۇپ جەڭ قىلىپ خەلق ئازاتلىق ئارمىيە،
«ئۈچ چوڭ تاغ» نى ئاغدۇرۇپ گومران قىلدى پارتىيە، زالىملارنىڭ زۇلۇمىدىن ئازات قىلدى پارتىيە.
پارتىيىمىز بولمىسا بۈگۈنكى كونىمىز بولمايتتى، يوقۇتۇشقا بولمايدۇ بىزگە كېرەك پارتىيە،
بارچە مىللەت ئۇمىلەشكەن ھورۋەتەنمۇ بولمايتتى، قوسىقىمىز كۆنبويى ئاش ـ تانغىمۇ تويمايتتى.
ئەبەدىل ئەبەت قوغدايمىز بۇ ئۇلۇق پارتىيىمىزنى، پارتىيىمىز باشلىغان سوتسىيالىزم يولىنى،
كولىسا كىملەر ئەگەر سوتسىيالىزم ھۇلىنى، پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ كېسىمىز ئۇنىڭ قولىنى.
سۆز تاپالماي باتۇرلار ھەر تەرەپكە قېچىشتى، ماركسىزمنى بۇرمىلاپ يالغان پەلسەپە ئېيتىشتى،
نادانلارنى قايمۇقتۇرۇپ يار ـ يۆلەكمۇ تېپىشتى،پۇرسەت كۈتكەن دۈشمەننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى.
«ئىسيانكار بىز» دەپ توۋلاپ ھەممىگە ئېلان قىلىشتى، بارلىق ھىيلە- نەيرەڭنى ئۇلار ئويلاپ تېپىشتى،
راست گەپ قىلغان كىشىنى تىللاپ ھاقارەت قىلىشتى، شۇنداق قىلىپ ئاممىنى ئىككى گورۇھقا بۆلۈشتى.

سۈيىقەستچىلەر ئۇنى ياخشى پۇرسەت دېيىشتى، ھىيلە ـ مىكرى ئىشلىتىپ ئۆزى باشلىق بولۇشتى،

ھەق سۆزلىگەن كىشىنى قىيناپ سوراق قىلىشتى، ئۇرۇپ ـ چېقىپ پۇت ـ قولنى مەڭگۈ مېيىپ قىلىشتى.

قىلسا نەسىھەت ئۇلارغا بۇدۇشقاقتەك يېپىشتى، تۆھمەت چاپلاپ ئۇنىڭغا سەپسەتىلەر سېتىشتى،

خائىن سەن دەپ قارىلاپ قارا ماتېرىيال يېزىشتى، بالا ـ چاقىسىنىمۇ چېتىپ كۆرەش ـ پىپەن قىلىشتى.

كۇندۇزى قىلسا پىپەن، كېچىسى ئازاپلىدى، قىيناپ ئۇنى ئولتۇرۇپ ئېزىز جېنىدىن ئايرىشتى،

ئۆلۈگىنىمۇ قارىلاپ دازىباۋلار يېزىشتى، ئۇياتماي ئۇنى تېخى ۋەتەن خائىنى دېيىشتى.

قاتىناشتۇردى مېنىمۇ ئاتالمىش شۆشبەنگە①، سولىدى ئۇزۇن ئۆتمەي زىندان كەبى ئۆيلەرگە،

گۇندىپايلار داۋاملىق بىز بىلەن يېتىشتى، سېلىپ كۇندۇزى ئەمگەككە،ئۆزلىرى ئويناپ كۈلۈشتى.

ئاخشاملىرى ياز دەيدۇ جىنايىتىڭنى، بىلمەيمىز ھېچ قانداق گۇناھىمىزنى،

نالە قىلساقمۇ ئاڭلىماس پەريادىمىزنى، كۆرسەتمەيدۇ باللارغىمۇ دىدارىمىزنى.

يەنە تېخى داۋاملىق قىلىدۇ سوراق، بېرەلمىسەك ئۇلارنىڭ سۆزىگە جاۋاپ،

نىمە دېگەن ئازاپ ئۇ ئىگىلىپ تۇرماق، تۆپىلەپ سالىدۇ تىل بىلەن تاياق.

قىيناشلىرى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ قەبىھ، قىلمىشلىرى دەھشەتتۇر ھايۋانلار كەبى،

باغلاش، ئېسىش ئۇلارنىڭ كۈندۈلۈك كەسپى، جاۋاپ ئېلىش يالغاندىن ئۇلارنىڭ قەستى.

ئاچىدۇ بەزىدە «ھەيۋەتلىك » يىغىن ، گۇناھسىزلارنى قىلىدۇ

قىرغىن، [1] ئېيتىدۇ ئۇلار تېخى «سەنلەرمۇ كۆرگىن»
ئېيتمىساڭ قىلمىز سېنىمۇ سۈرگۈن.

شۇنداق قىلىپ قاماپ قويدى 9 ئاي بىزنى، «گۇمانلىق » دەپ يىغىۋالدى

پەرزەنتىمىزنى،

تەھدىت سالدى ئۇلارغا«بىز بىلەن چىگرا ئايرىشنى» پاش قىلىپ ئاتىسىنى قارا چاپلاشنى.

ئەنزە ئويدۇرۇپ يالغاندىن ھەممىنى چاتتى، «تۈركىستانچىلار» توپىغا مېنىمۇ قاتتى،

ئىنكار قىلغان كىشىنى گاڭزىغا باستى، قوللىرىنى باغلاپ تورۇسقا ئاستى.

ھالسىزلىنىپ كىشىلەر كەتسە ھوشىدىن، كەتمەيدۇ دوختۇرى ئۇنىڭ قېشىدىن،

تارتىدۇ ئامبوردا ئۇنىڭ تىلىدىن، بۇنىڭ بىلەن ئايرىدۇ ئېزىز جېنىدىن.

«گۇندىپايلار» باقىدۇ داۋاملىق بىزنى، تونۇشتۇرىدۇ ئۇلار تېخى«ۋەكىل» دەپ ئۆزىنى،

گەپ قىلغاندا باشلايدۇ «يولۇ» [2] دىن سۆزنى، ھەق - ناھەقنى ئايرىماي ئەيىپلەيدۇ بىزلەرنى.

«بوي سۇنساڭ قۇتۇلىسەن» ، «قارشى چىقساڭ تۇتۇلىسەن»،

«دەم ئالمايسەن يازىسەن» ، «ئوبدان ھېساپ بېرىسەن».

كۆرگەنلىرىمۇ سۆزلەيسەن، قىلغانلىرىمۇ ھەم دەيسەن.

پىرىنسىپقا كۆتۈرۈپ، جىنايەت دەپ سۆزلەيسەن،

قىلمىساڭ ئۇنداق ئەگەر، كۆرگىلىكىڭنى كۆرىسەن.

باشلىغىڭغا ئەگىشىپ لاۋگەي دۈيگە بارىسەن،

بۇ سۆز سىزلەرگە بويرۇق، ئىجرا قىلىسىلەر ھەممىنى تولۇق.

---

① «شۆشىبەن» —— مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىكى مەجبۇرى ئۆگىنىش كۇرسى.

② «يولۇ» (毛主席语录) —— «ماۋشۇجى سۆزلىرىدىن ئۈزۈمدە».

ئەگەر قالدۇرساڭلار قويىرۇق، ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق،
سۆزلىدىم مەن داۋاملىق راس گېپىمنى، يازدىم ھەم ئەمەلى
قىلغان ئىشىمنى.
چاپلىمىدىم ھەرگىزمۇ يالغان تۆھمەتنى، نومۇس بىلدىم مەن
ئۇلاردىن پانا تىلەشنى،
شۇڭا ئۇلار مېنى قىلمىدى ئازات، ئەمگەك قىلىپ يەتتە يىل
قىلمىدىم پەريات.
بىراق قىينىدى مېنى ھەر تەرەپتىن، ۋىجدان ئازابى قاتمۇ ـ
قات،
بېشىڭغا چۈشكەندە كۆن ھەقىقى دوستلار ئايرىلىدىكەن.
نەچچە يىل بىرگە بولغان ئائىلەڭمۇ چاندۇرىدىكەن،
مېھرىبان پەرزەنتلەر سەن ئۈچۈن قايغۇرىدىكەن.
بالا دېگەن ئۆز ئاتىسىدىن ھەرگىزمۇ تانمايدىكەن،
مېھرىبان پەرزەنتلىرىم مەن سىلەردىن مىڭ رازى،
مەن تارتقان دەرت ـ ئەلەملەرنى تارتمايلى دىسەڭلار.
كۆڭۈلچەكلىك قىلماڭلار يالغان دوستلارغا زادى،
راست ـ يالغاننى ئايرىدىغان ۋىجدان ئۆزى تارازا.
پەرزەنتلىرىم بۇ ساۋاقنى قوبۇل قىلىڭلار،
دوست تۇتۇشتا ھەر تەرەپكە دىققەت قىلىڭلار.
يۇمشاق ـ قاتتىق ۋاستىلەرگە سەزگۈر بولۇڭلار،
بۇ سۆزۈمنى ھەرگىزمۇ ئۇنۇتماڭلار.
چوڭ بولۇپ تا ئۆلگىچە دوست دېگەن كۆپ نىمىدۇر،
بەزىلىرى يۈز تاپقاندا دوست بولىدۇ، گەر ئۇچرىساڭ بالا ـ
قازاغا ئۇ قاچىدۇ.
مۇنداق كىشىلەر ھەقىقى چىن دوست ئەمەستۇر،سېنى
ماختاپ دوس تۇتسا ھىساپ ئەمەس، تىلى ھەسەل بولغاندىمۇ
نىيىتى دۇرۇس ئەمەس.

ھالاۋەتتە بىرگە بولسا، جاپانى بىرگە چەكمەس،
مۇنداق دوستلار ھەقىقەتەن چىن دوست ئەمەس.
دوست دېمە قايغۇڭغا يار، شادلىققا ھەمدەم بولمىسا،
چاڭقىغاندا سۇ بېرىپ قېشىڭدا بىر دەم بولمىسا.
دوست دېمە پۇل بارىدا ئۇلپەتلىشىپ دەرقەمدە ئىشرەتكە خوپ،
باشقا كۈن چۈشكەندە ئالدىڭغا كېلىپ جەم بولمىسا.
دوست دېمە ئالدىڭدا ماختاپ ئۇچۇرۇپ كۆككە سېنى،
مېھرى دەردىڭگە شىپا، زەخمىتىڭگە مەلھەم بولمىسا.
دوست دېمە راھەت ـ پاراغەت، پۇل ۋە مەنسەپ قوغلۇشۇپ،
گەر پالاكەت باسسا غەمگۇزارىڭ بولمىسا.
نەپسانىيەت شەيتانغا تۇتقۇن بولۇپ،
«شېرىن سۆزلۈك» مەخلۇقلارنى دوستۇم دېمە.
كەتسەڭمۇ مۇھتاجلىقتىن ئەگەر ئۆلۈپ،
ئالدامچىلار قازىنىدىن ئاشمۇ يېمە.
سەن يىغلىساڭ تەڭ قايغۇرۇپ،
شادلانغىنىڭدا سېنىڭ بىلەن بىللە كۈلسە.
خۇشاللىق ـ دەرت ئەلەمنى،
ھاياتلىقتا ئورتاق بىلسە.
سەن ئۆرلىگەندە شوتا بولۇپ، ساداقەتنى قەدىرلىسە،
بۇ ھاياتلىق سەپىرىدە بىللە ئالغا ئىلگىرلىسە.
ياخشى چاقلاردىمۇ، شۇ جاپالىق كۈنلەردىمۇ،
سەن بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ ئۆتسە مانا بۇ ھەقىقى دوستۇر.
1976 ـ يىلى 15 ـ ماي لىيۇداۋان كۆمۈر كاندا يېزىلدى.
ئاتمىشتىن ئاشقىچە يېشىم ئامان ئۆتتى ئېزىز بېشىم،
ئىناقلىقتىن سۆيۈندى كۆڭلۈم، جىمى پەرزەنت

قىرىنداشىم.
قىرىق يىل مەن قەلەم تۇتتۇم، ئاقاردى ئىش بىلە ساچىم،
ئۈمۈر قىسقا ئىكەن ئەپسۇس، كۆپ ئىشقا يەتمىدى چامىم.
ۋاپا بىلەن ئۆمىدىمنى ـ ئادا ئەيلەڭلار ئەۋلادىم،
ئىزىمدىن بېسىپ ماڭساڭلار، يوقتۇر مېنىڭ قىلچە ئارمانىم.

*                *                *

## ئۇلۇغ بوۋىمىز مۇساخۇن تېۋىپ

**بوۋىمىز:** نىياز مۇسا ماڭلاي          مومىمىز: رەۋىخان.
**ئانا تەرەپ بوۋىمىز:** توختاخۇن          مومىمىز: ئىخلىمخان (چاڭگىلار)
**تاغىمىز:** سايىم نىياز — ئايىمنىساخان
**پەرزەنتلىرى:** بۇئايشىخان سايىم، سۇلايمان ئاخۇن سايىم، گۇلنىساخان سايىم.
**ئانا تەرەپ تاغىمىز:** ئابدۇقادىرخان نىياز، داۋۇت ئاخۇن توختى، روزى ئاخۇن توختى.
مۇھەممەت نىياز (ماڭلاي) — زەينەپخان توختى
1. ئابلىھەت مۇھەممەت — تۇرسۇنگۇل قاۋۇل
**پەرزەنتلىرى:** ① ئارسلان ئابلىھەت — ئامىنە
**پەرزەنتلىرى:** ئالمىرە ئارسلان، ئازات ئارسلان
② باتۇر ئابلىھەت — پاتىگۇل
**پەرزەنتلىرى:** بىلال باتۇر
③ گۇزەلنۇر ئابلىھەت — قۇربانجان
**پەرزەنتلىرى:** زىبارە قۇربان، باھادىر قۇربان
2. ئابلىمىت مۇھەممەت (ماڭلاي) — باھارگۇل ئىمىن
**پەرزەنتلىرى:** جۇشقۇن ئابلىمىت، گۇلبانۇم ئابلىمىت
3. دىلبەر مۇھەممەت — ئابباس بايىس
**پەرزەنتلىرى:** دىلدار ئابباس، دىلشات ئابباس، دىلنار ئابباس

4. پەرھات مۇھەممەد ــ تۇرسۇنئاي كامىل
**پەرزەنتلىرى:** پەرۇھ پەرھات
5. ئەنۋەر مۇھەممەت (ماڭلاي) ــ گۈلباھار بەكرى
**پەرزەنتلىرى:** ئەلمىنۇر ئەنۋەر، ئەنسارىدىن ئەنۋەر
6. ئەركىن مۇھەممەت (ماڭلاي) ــ ئارزىگۈل توختى
**پەرزەنتلىرى:** ئەقىدە ئەركىن، ئەنھار ئەركىن
**تاغىمىز:** مەخمۇت نىياز ــ پاشاخان
**پەرزەنتلىرى:** تۇرسۇنئاخۇن مەخمۇت، ياسىن مەخمۇت، تۇرسۇنگۈل مەخمۇت
**تاغىمىز:** تالىپ نىياز ــ تۇردىخان ناسىر
**پەرزەنتلىرى:** ① دىلنۇر تالىپ ــ ئابلىمىت مەخسۇت
**پەرزەنتلىرى:** زۇلھايات ئابلىمىت، زۇلپىيە ئابلىمىت
② گۈلنۇر تالىپ ــ ئەلىجان ئېزىز
**پەرزەنتلىرى:** زۇلپىنۇر ئەلى، زۇلپىقار ئەلى
③ ئاينۇر تالىپ ــ نۇرمۇھەممەت
**پەرزەنتلىرى:** ئېرپانجان نۇرمۇھەممەت، زۇلمىرە نۇرمۇھەممەت
④ ماھنۇر تالىپ
**هاممام:** ئانىيازخان نىياز بۇۋى ــ ئەبەي قارى ھاجىم
**پەرزەنتلىرى:** تۇرسۇن ئاخۇن، ئەخمەت ئاخۇن ئەبەي، مەخمۇت ئاخۇن ئەبەي، ئابدۇللاخان ئەبەي داموللا، بۇسارىخان ئەبەي، بۇزورىخان ئەبەي، بوۋىنىيازخان ئەبەي، ئابدۇل ئېزىزخان ئەبەي.

1999 ـ يىلى ئەتىياز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدە ئىككىنچى قېتىم يېزىلدى.

2012 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مۇھەممەت نىياز ماڭلاي ئوغلى ئابلىمىت مۇھەممەت ماڭلاي قولىيازمىدىن تەھرىرلەپ باستۇردى.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەنۋەر قاسىم